

# بۇرمىلانغان دىنىي چۈشەنچىلەر

## مُصْطَلَحَاتٌ ومَفَاهِيمُ شَرْعِيَّةٌ عَلاهَا غُبَارُ
## تَأوِيلاتِ وَتَحْرِيفَاتِ الْمُبْطِلِين

ئابدۇلمۇنئىم مۇستەفا ھەلىمە
ئەبۇبەسرى تەرتۇسى

مۇندەرىجە


**مۇقەددىمە.....................................................6**

**1–لا اله الا الله............................................9**

**2–مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللهِ –صلى الله عليه وسلم.........................28**

**3 ـ ئىبادەت.................................................42**

**ئىبادەت تېمىسىغا كىرىپ كېتىدىغان ئۇقۇملار ۋە ئەمەللەر.....................57**

1 ـ دۇئا قىلىش (يەنى چاقىرىش) ۋە ياردەم تەلەپ قىلىش..................**57**

2 ـ ئىتائەت......................................................**65**

3 ـ ياخشى كۆرۈش..............................................**75**

**ئىبادەتنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى.....................................80**

**1)** ھەر قانداق بىر ئىبادەت پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن بولىشى لازىم.......**80**

**2)** ئىخلاس.........................................................**83**

**4 ـ دىن.......................................................87**

**5 ـ ئىمان...................................................108**

**ئىماننى تونۇشتۇرۇش.............................................113**

1 ـ ئېتىقادنىڭ ئىماننىڭ شەرتى ئىكەنلىكى...........................**113**

2 ـ تىلدا ئىقرار قىلىشنىڭ ئىماننىڭ شەرتى ئىكەنلىكى.....................**117**

3 ـ ئەمەلنىڭ ئىماننىڭ تەركىبى قسمى ۋە شەرتى ئىكەنلىكى...................**120**

**ئىمان ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن كۈچىيدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىش بىلەن ئاجىزلايدۇ.....................................................140**

**مەسىلە: ئىمان ئىسلامنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟..............................145**

**ئىمانغا ۋە ئىماننىڭ چۈشەندۈرلىشىگە ئائىت بىر قانچە مەسىلىلەر ۋە ئەسكەرتمىلەر..155**

بىرىنچى مەسىلە.................................................**155**

ئىككىنچى مەسىلە................................................**156**

ئۈچىنچى مەسىلە..........................................156
تۆتىنچى مەسىلە..........................................159
بەشىنچى مەسىلە..........................................161
**6 ـ ئىسىم ـ سۈپەتلەر**..........................................164
**بۇ مۇبارەك ئىلىمنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان قائىدىلەر**..........165
بىرىنچى قائىدە: پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەرنىڭ دىن ئېتىقادىغا ئەگىشىش..........165
ئىككىنچى قائىدە: اللهنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىشكە ئالاقىدار بولغان ھەربىر نەرسە كىتاب، سۈننەتنىڭ دەلىللىرىگىلا قاراشلىق بولىدۇ..........168
ئۈچىنچى قائىدە: اللهنى ھەر قانداق بىر تەرەپتە ئوخشاتماسلىق ۋە تەڭ قىلماسلىق....169
تۆتىنچى قائىدە: سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى ئېنىق بولۇپ، بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز ۋە ئۇنى ئىسپاتلايمىز، ئۇنىڭدا شەكلەنمەيمىز..........172
بەشىنچى قائىدە: اللهنىڭ سۈپىتى (ئېنىق) بولغان تېكىستلەر بويىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ...173
ئالتىنچى قائىدە: قۇرئان ـ ھەدىسلەرنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى بايان قىلىشتىكى يولى كونكرېت ئىسپاتلاش، ئابستراكت يوققا چىقىرىش..........178
**بىز بۇ مۇبارەك ئىلىمنى قانداق ئۆگىنەلەيمىز؟**..........181
**7 ـ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش**..........185
**ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ اللهنىڭ دىنى ۋە ئىنسانلار ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى**..........193
1) ئۇممەتتە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋاستىلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ..........193
2) ئۇممەتنىڭ ياخشىلىق پەزىلەتلىرى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى بەرپا قىلىشقا قاراپ تونۇلىدۇ..........197
3) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ـ ياردەمگە ئېرىشىش، قۇدرەت تېپىش، خەلىپە بولۇشنىڭ ئاساسى سەۋەبىدۇر. شۇنداقلا بىردىنبىر نىشاندۇر..........198
4) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مۆئمىننى مۇناپىقتىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتتۇر..200

5) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىسلامنىڭ نىسۋىلىرىدىن بىر نىسۋىدۇر...203

6) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئېتىش ئاقىبەتتە دىنىنىڭ غايە، مەقسەتلىرىنى يوقىتىۋېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ..........................204

**ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھۆكۈمى..........................209**

**ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ شەرتلىرى..........................216**

1) مۇسۇلمان بولۇش..........................216

2) بالاغەتكە يېتىش..........................217

3) ئىقتىدارى، كۈچى بولىشى كېرەك..........................217

4) بىلىش..........................218

5) ياخشىلىققا بۇيرۇش چوڭراق بىر ياخشىلىقنىڭ يوقىلىشىغا، يامانلىقتىن چەكلەش چوڭراق بىر يامانلىققا ئاپىرىپ قويماسلىقى كېرەك..........................219

6) ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقۇچى كىشى گۈزەل ئەخلاق، ئادىللىق، سەۋرچانلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىلىك سۈپىتى مۇجەسسەملەشكەن بولىشى كېرەك..........................223

**يامانلىقنى ئىنكار قىلىشنىڭ تۈرى ۋە دەرىجىسى..........................229**

## 8 ـ جىھاد قىلىش..........................238

**جىھادنىڭ مەنىسى..........................244**

**جىھادنىڭ تۈرلىرى..........................244**

**جىھادنىڭ غايىسى..........................246**

**جىھادنىڭ مەقسىتى..........................247**

**جىھادنىڭ سەۋەبلىرى..........................251**

**جىھادنىڭ شەرتلىرى..........................254**

**جىھادنىڭ قىسىملىرى..........................259**

**بىر مەسىلە: قوغدىنىش جىھادىدا ئايال ئېرى، ئىگىلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز جىھادقا چىقسا بولىدۇ، دېگەن سۆز توغرىسىدا..........................264**

**شۇبھە: ھۇجۇم قىلىش جىھادى بىلەن قوغدىنىش جىھادى ئارىسىنى ئايرىش..........265**

**جىھادنىڭ ھۆكۈمى..........................................269**

**جىھادنىڭ مەيدانلىرى......................................270**

**ئەسكەرتىش..................................................274**

**جىھادنىڭ ئەھمىيتى.......................................274**

**جىھادنى تەرك ئېتىشنىڭ ئاقىۋەتلىرى.....................281**

**جىھاد مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ!.................................284**

**9 ـ شەھىدلىك..............................................288**

**شەھىدنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى.............................289**

**شەھىدنىڭ تۈرلىرى.........................................291**

**الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدكە ئالاقىدار ھۆكۈملەر..........295**

**شەھىدلىكنىڭ شەرتلىرى....................................297**

بىرىنچى: شەھىد ئېتىقادى ساغلام مۇسۇلمان بولىشى كېرەك..........**297**

ئىككىنچى: ئىخلاس..........................................**299**

ئۈچىنچى: ئۇنىڭ ئۇرۇشى ۋە شەھىدلىكى سۈننەت ئۇستىدە بولىشى كېرەك........**301**

تۆتىنچى: ئۇ شەھىد بولىدىغان مەقسەت ئىسلامدا يولغا قويۇلغان ئىش بولىشى كېرەك..**304**

بەشىنچى: كەينىگە قايتماي ئىلگىرىلەپ ئۇرۇش قىلىش كېرەك..............**305**

**شەھىدنى تونۇشتۇرۇش......................................307**

**شەھىدنىڭ پەزىلىتى ۋە شەھىد ئۇچۇن بولغان ھۆرمەت ئەجىر............307**

**ئەسكەرتىش ۋە مۇھىم مەسىلىلەر............................311**

بىرىنچى مەسىلە: بىر ئادەمنى گەرچە كۆرۈنۈشتە الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ چوقۇم شەھىد دېيىشكە بولمايدۇ..........................................**311**

ئىككىنچى مەسىلە..ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە شەھىدلىكنى پۈتۈشى بىلەن ھالاك بولۇش گۇمانى بولغان ئورۇنلارغا كۆز تىكىش ئارىسىدا پەرق بولىدۇ..........................**316**

**10 ـ دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق ،مۇھەببەت ـ نەپرەت.................. 321**

ئۆز زاتىدىن ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغىنى يېگانە اللهتۇر....................325.

دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق ئەقىدىسى ۋە تەۋھىد گۇۋاھلىقى....................336.

چوڭ دوستلۇقنىڭ تۈۋرۈنىدىكى دوستلۇق.................................342.

مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى گۇناھكارلارنى دوست تۇتۇش........................347.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئايرىۋېلىش...................................349.

**11 ـ قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ۋە ئاجىزلىق چۈشەنچىسى......351.**

قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش دىيارى ۋە ئۇنىڭ مۇھىتى.......................356.

قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ شەرت ۋە قائىدىلىرى.......................358.

مەسىلىلەر ۋە ئەسكەرتىش..................................................364.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللەنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

**مۇقەددىمە**

شۈبھىسىزكى، گۈزەل مەدھىيەلەرنىڭ ھەممىسى اللەغا مەنسۇپتۇر. ئۇنى مەدھىيەلەيمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايمىز، ئۇنىڭدىن گۇناھلىرىمىزنى مەغفىرەت قىلىشنى تىلەيمىز. يامان خاھىشلار ۋە ناچار قىلمىشلاردىن اللەغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. الله ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچنىمە ئازدۇرالمايدۇ، الله ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ.

شېرىكى بولمىغان يىگانە اللەدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىمەن.

**﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلاَ تَمُوتُنَّ إِلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴾**

**﴿ ئى مۇئمىنلەر اللەغا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار. ﴾ ( ئالى ئىمران، 102).**

**﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُواْ رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيرًا وَنِسَاء وَاتَّقُواْ اللّهَ الَّذِي تَسَاءلُونَ بِهِ وَالأَرْحَامَ إِنَّ اللّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا ﴾**

**﴿ ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن ( يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن ( يەنى ئۆز جىنسىدىن ) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان اللەدىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. ﴾ (نىسا، 1).**

**﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا*يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَن يُطِعْ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا ﴾**

**﴿ ئى مۆئمىنلەر ! اللهدىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار* الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، كىمىكى اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ. ﴾ (ئەھزاپ، 70 ـ 71).**

مەقسەتكە كەلسەك، ئەڭ توغرا سۆز شۈبھىسىزكى اللهنىڭ كىتابىدۇر، يوللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدۇر، ئىشلارنىڭ يامىنى دىنغا يېڭىدىن قوشۇلغان ئىشلار بولۇپ، دىنغا يېڭىدىن قوشۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىدئەتتۇر، بىدئەت بولسا گۇمراھلىقتۇر، گۇمراھلىقنىڭ ئاقىۋىتى بولسا دوزاختۇر.

جىبرىئىلنىڭ، مىكائىلنىڭ ۋە ئىسراپىللارنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئى الله! ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرغۇچى الله!، بەندىلىرىڭ بىرلىككە كېلەلمىگەن ئىشلاردا پەقەت سەنلا ھۆكۈم چىقىرىسەن. بىزنى ئىختىلاپلىق ئىشلاردا ئۆز ئىزنىڭ بىلەن ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلغىن. سەن خالىغان كىشىنى ھەقىقەتەن توغرا يولغا يېتەكلەيسەن.

ئىنسانىنىڭ تۇرمۇشىغا، ھەرىكىتىگە ۋە چۈشەنچىلىرىگە زىچ ئالاقىدار بولغان شەرئى قائىدىلەر ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ بۇرمىلىنىشى ۋە ئەسلى ھەقىقەتتىن ئۆزگەرتىلىشى ئىنسانىنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشىدىكى ئاساسى سەۋەپ ۋە بىرىنچى قەدەمدۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوخشىمىغان شەكىل، ئېقىم ۋە گوروھلارغا بۆلۈنگەن ھەق دۈشمەنلىرى ۋە ھەقنى بۇرمىلاش، تەۋىل قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى تەجرىبە ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش ۋە ھەق يولدىن توسۇپ قېلىش مەقسىتىدە شەرئىيەتتىكى ئەنە شۇ مۇھىم قائىدە ۋە چۈشەنچىلەرنى نىشانلاشتى. گەرچە ئۇلار مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنىڭ رەزىللىكىدە، قوللانغان ئۇسۇللىرىنىڭ ھېلىگەر ۋە قۇۋلىقىدا بىر ـ بىرىدىن پەرىقلەنسىمۇ، ئەمما ئەنە شۇ دىنى قائىدە ۋە چۈشەنچىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ جاھالەت زەھەرلىرىنى سىڭدۈرۈش، ئۇنى بۇرمىلاش ۋە ئۆز مەقسەتلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ شەرھىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاق يول تۇتتى .

ئۇلار بۇ جەھەتتە زور دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ھازىرغىچە ھەم بۇ رەزىل ھەرىكەتنى توختاتقىنى يوق....بۈگۈنكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىسلامدىن ۋە ئىسلامنىڭ

تەلماتلىرىغا ئەمەل قىلىشتىن زور دەرىجىدە بىزار بولۇشلىرى، ئۇممەت گەۋدىسىنى ۋەيران قىلىۋاتقان ئۆز ـ ئارا قىرغىنچىلىق، ياتلىشىش، بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپلارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەمىلىيەتتە ئاشۇ دىنى پىرىنسىپ ۋە چۈشەنچىلەرگە قارىتا دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇن مەزگىللىك بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش ۋە ئەسلى مەزمۇندىن ياتلاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ دىنى قائىدە ۋە چۈشەنچىلەرنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ئۇنى ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان گۇمراھلارنىڭ بۇرمىلاش ۋە ئىزاھلاش چاڭ ـ توزانلىرىدىن پاكلاش، ئۇنىڭ اللهنىڭ شەرىئىتىدىكى ئەسلى نۇرانە قىياپىتىنى يېڭىلاش ۋە ئۇنى ساھابىلارنىڭ ۋە تابىئىنلارنىڭ چۈشەنچىسىگە ئوخشاش ساپ ۋە ئېنىق بولغان ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇش بىزنىڭ ۋە باشقا اللهنىڭ دىنىغا سادىق بولغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا بۇ شەرئى قائىدە ۋە چۈشەنچىلەر كىشىلەرنى توغرا يولغا قايتۇرۇپ كېلىش، دىنغا قايتۇرۇپ كېلىش ۋە پەرۋەردىگارى تەرەپكە قايتۇرۇپ كېلىش جەھەتتىكى مۇھىم رولىنى قايتىدىن جارى قىلدۇرۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى بۇ اللهغا ناھايىتى ئاساندۇر.

مانا بۇ مېنى بۇ مۇھىم مۇھاكىمە ئەسىرىمنى يېزىشقا ئۈندىگەن بىردىن ـ بىر سەۋەپتۇر. شۇنداقلا بۇنى يېزىشتىكى مەقسىدىمدۇر.

ھەر ھالدا مەن اللهنىڭ ياردەم ۋە مۇۋاپپىقىيەت ئاتا قىلىشىنى، بۇ خىزمىتىمنى قوبۇل قىلىشىنى ۋە بۇ ئەمگىكىمنى ياخشىلىق ئۈچۈن ئاچقۇچ، يامانلىق ئۈچۈن قۇلۇپ قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. الله ھەقىقەتەن ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە يېقىندۇر ۋە بەندىلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋە ساھابىلىرىگە اللهنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى بولسۇن!.

**ئابدۇلمۇنئىم مۇستەفا ھەلىمە**

**﴿ ئەبۇبەسىرى تەرتۇسى ﴾**

ھىجرىيە: **1428 ـ 8 ـ 29**

مىلادى: **2007 ـ 9 ـ 11**

# 1-لا اله الا الله
# (اللهدىن باشقا ھەقىقى مەئبۇد يوق)

الله ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئەلچىلىرىگە ۋەھيي قىلغان كەلىمىلەرئىچىدىكى ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ كەلىمە تەۋھىد كەلىمىسى ﴿ لا اله الا الله ﴾ دۇر.

الله ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن تارتىپ بۈگۈنكى قەدەر ۋە تاكى قىيامەتكە قەدەر ئىنسانلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۆز يەنىلا تەۋھىد كەلىمىسى ﴿ لا اله الا الله ﴾ دۇر. زىكرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ﴿ لا اله الا الله ﴾ دۇر.

الله پەقەت مۇشۇ كەلىمە ئۈچۈنلا پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتقان، مۇشۇ كەلىمە ئۈچۈنلا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ۋە مۇشۇ كەلىمە ئۈچۈنلا پۈتۈن كىتابلارنى نازىل قىلغان. مۇشۇ كەلىمە ئۈچۈنلا جەننەتلەر زىننەتلەر بىلەن تولۇقلىنىپ ۋە دوزاخلەرگە ئوت يېقىلغان. پەقەت مۇشۇ كەلىمە ئۈچۈنلا الله جىھادنى، ئۇرۇشنى، جەڭ ۋە تېنچلىقنى، دوسلۇق ۋە دۈشمەنلىكنى يولغا قويغان. بۇ كەلىمە يولىدا جىھاد ۋە ئازاتلىق قوشۇنلىرى ماگدۇرۇلغان، بۇ كەلىمە يولىدا ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ ئەتىۋارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان.

بۇ كەلىمە غايىلەرنىڭ غايىسى ۋە غايىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەمەس، بەلكى بۇنىڭغا تەڭلىشەلەيدىغان بىرەر غايە ياكى مەنپەئەت مەۋجۇت ئەمەس...ئەڭ ئۇلۇغ غايىلەر، ئەڭ زور مەنپەئەتلەر ۋە چوڭ مەقسەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇلۇغ غايە يولىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

بۇ كەلىمە ئىنساننىڭ ئىسلامغا باسقان قەدىمىنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ، بۇنىڭسىز ئۇنىڭ ئىسلامى ۋە ھېچقانداق ئەملى قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنداقلا بۇ كەلىمە ئىنساننىڭ دۇنيادىن ئايرىلىشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى چۈشكىنى بولۇپ، ئەگەر ئۇ ھاياتىنى تەۋھىد كەلىمىسى ۋە تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرمىسا، ئۇنىڭ ھاياتىدا قىلغان ھېچقانداق ئەملى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ مەڭگۈلۈك زىيان تارتقان بولىدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قەۋملىرىگە ئېلىپ بارغان دەۋەتلىرىنى مۇشۇ تەۋھىد شاھادىتى بىلەن باشلىغان بولۇپ، ھېچقانداق بىر تەلەپنى تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ ئۈستىگە قويغان ئەمەس ۋە قانچىلىك زور مەنپەئەتلەر بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئۇنى ھەرگىزمۇ تەۋھىد مەنپەئەتىنىڭ ئالدىغا قويمىغان.

پەيغەمبەر ﷺنىڭ تەۋھىدكە دەۋەت قىلىشتىن ۋازكېچىشى ياكى سۈكۈت قىلىشى شەرتى بىلەن پۇتۇن دۇنيا ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلدى، ئەمما پەيغەمبەر ﷺ بۇ شەرتنى كەسكىن رەت قىلدى ۋە ئىنسانلارنى تەۋھىدكە چاقىرىشتىن ئىبارەت بۇ يولنى كەسكىن داۋاملاشتۇردى، چۈنكى مۇئمىنىنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى ئۈستىدە سودىلىشىش، مۇرەسسەلىشىش ۋە تاللاش ئىختىيارلىقى يوق ئىدى.

بۇ تەۋھىد كەلىمىسى شۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدىكى ئىنساننىڭ قەدىمى توغرا يولدىن تېيىپ كەتكەندە، ياكى ئۇ گۇمانلىق بولۇپ قالغاندا پەقەت مۇشۇ كەلىمە ئارقىلىقلا ئۇنىڭ ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ كەلىمە ئىنسانلارنىڭ جەننەتكە كىرىشنى ياكى دوزاخقا كىرىشنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ۋە بىردىن ــ بىر ئاساستۇر. دېمەك، بۇ كەلىمىنىڭ ھەققىگە تولۇق رىئايە قىلىپ، ئۇنىڭ شەرتلىرىنى ئىخلاس ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئورۇندىغان كىشى قانچىلىك يامان ئەمەللەرنى قىلىپ قويغان بولىشىدىن قەتئىنەزەر چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ. ئەمما بۇ كەلىمىدىن يۈز ئۆرىگەن، ئۇنىڭ ھەقلىرىگە رىئايە قىلمىغان ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇندىمىغان كىشى قانچىلىك ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولۇشىدىن قەتئىنەزەر يەنىلا دوزاخقا مەھكۇمدۇر.

ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدِ افْتَرَى إِثْمًا عَظِيمًا ﴾**

**﴿ ﷲ ھەقىقەتەن ﷲغا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغفىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ. كىمكى ﷲغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ. ﴾ (نىسا، 48).**

ﷲتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أُولَئِكَ الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ وَالْحُكْمَ وَالنُّبُوَّةَ فَإِنْ يَكْفُرْ بِهَا هَؤُلَاءِ فَقَدْ وَكَّلْنَا بِهَا قَوْمًا لَيْسُوا بِهَا بِكَافِرِينَ ﴾

**﴿ ئەگەر ئۇلار شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرى ئەلبەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى. ﴾ (ئەنئام، 89).**

بۇ كەلىمىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. **نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ مەن ساڭا ﴿ لا اله الا الله ﴾ نى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى، يەتتە ئاسمان ۋە يەتتە زېمىن تارازىنىڭ بىر تەخسىسىگە قويۇلۇپ ﴿ لا اله الا الله ﴾ تارازىنىڭ يەنە بىر تەخسىسىگە قويۇلسا، ﴿ لا اله الا الله ﴾ بېسىپ كەتكەن بولاتتى، ئەگەر يەتتە ئاسمان ۋە يەتتە زېمىن بىر ھالقا بولغىنىدا ﴿ لا اله الا الله ﴾ ئۇنى سۇندۇرۇپ تاشلىغان بولاتتى. »**[1]

﴿ لا اله الا الله ﴾ دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ تەۋھىد كەلىمىسى ئەنە شۇنداق مۇقەددەس ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما تارىختىن تاكى بۈگۈنگە قەدەر ھېچقانداق بىر سۆز بۇنىڭدەك كۆپ ۋە قاتتىق بۇرمىلاشقا، ئۆزگەرتىشكە ۋە خاتا شەرھلەشكە ئۇچرىغان ئەمەس!!.

دەرۋەقە زىندىق، ئىلمانىزىمچىلاردىن تارتىپ ئازغۇن سوفىلارغا قەدەر، جۇھەمىيلەر ۋە مۇرجىئىلاردىن تارتىپ ھاياتنى، ئىلىملىرىنى ۋە قەلەملىرىنى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى جىنايەتكار تاغۇتلارنى قوغداشقا بېغىشلىغان زامانىمىزدىكى بىر قىسىم «سەلەفىلەر»گە قەدەر نەپسى خاھىشلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئازغۇن گورۇھلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇلۇغ تەۋھىد كەلىمىسىنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ماسلاشتۇرۇپ شەرھلەش جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن قېلىشمىدى.

ئۇلار تۈرلۈك ھىلە ـ نەيرەڭلىرى ۋە باتىل ئىزاھاتلىرى بىلەن بۇ ئۇلۇغ كەلىمىنى ئەسلى مەزمۇنىدىن، مەنىسىدىن ۋە مەقسەتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت مەسجىدنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدا تەسپى ساناپ تەكرارلىنىدىغان، ئەمما قەلب ھارارىتى بىلەن

---

[1] ئەبۇلمۇپرەد سەھىھ ھەدىسلىرى، **426** ـ بەت

تۆتاشمايدىغان، كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا ۋە ھەرىكىتىگە ئەمىلى تەسىر كۆرسەتمەيدىغان مەنىسىز جۈملە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشتى.

شۇنداق، ئۇلار بۇ تەۋھىد كەلىمىسىگە ھاياتلىق پىرىنسىپى، شەخسىلەرنى ۋە جەمىيەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇكەممەل يولى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلمىدى.

ئۇلار بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئەسلى ھەقىقىتىدىن، مەنىسىدىن ۋە غايىسىدىن چەتلەشتۈرۈپ، كىشىلەرگە ئۇنى زىكرى ۋە تىلاۋەت سورۇنلىرىدا ۋەزىپە قىلىپ يادقا ئوقۇپ قويىدىغان، رېئاللىق بىلەن، تۇرمۇش بىلەن، ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن ۋە ئىجتىمائى ئالاقىلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان مەنىسىز ھەرىپلەر قىلىپ كۆرسەتتى.

ھەق كەلىمىسىنى ۋە تەۋھىد كەلىمىسىنى بۇرمىلىغۇچى بۇ ئازغۇنلارنىڭ قارىشىچە، سىز ئۆمرىڭىزدە بىرەر قېتىم بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتىپ قويسىڭىز، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسىڭىزمۇ، ئۇنىڭ شەرتلىرى ۋە تەلەپلىرىدىن ھېچنەرسىنى ئورۇندىمىسىڭىزمۇ، سىز يەنىلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىقىقا ئېرىشكۈچى ئىمان ئەھلىدىن ھېساپلىنىسىز.

سىز ئۆمرىڭىزدە بىر قېتىم بۇ كەلىمىنى تىلغا ئېلىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىز خالىغان باتىل ئىلاھلارغا، بۇتلارغا ۋە جىنايەتچى تاغۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ ياشىسىڭىز، سىز يەنىلا ئەھلى جەننىتى، سىز يەنىلا ئەيىپلىك ئەمەس!!.

بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى بۇرمىلىغۇچى گۇمراھلارنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، سىز بۇ كەلىمىنى ئۆمرىڭىزدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ دېگەنلا بولسىڭىز سىز ئۆزىڭىزنى مەڭگۈلۈك قورغان ئىچىگە ئالغان، مۇستەھكەم قالقانغا ئىگە بولغان بولىسىز، باشقىلارنىڭ سىزنى كافىر دېيىشىدىن، سىزدىن گەپ سورىشىدىن ۋە ھەتتا دوزاخقا كىرىشتىنمۇ ئەنسىرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. سىز مۇسۇلمانلار بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىسىز. سىزنىڭ ھەرىكەت ۋە قىلمىشلىرىڭىزنىڭ قانچىلىك قەبىھ ۋە يىرگىنىشلىك بولىشىدىن قەتئىنەزەر، ھېچكىم سىزدىن گۇمانلىنىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. سىزنىڭ دىنىڭىز ۋە ئىمانىڭىزغا شەك كەلتۈرۈشكە پېتىنالمايدۇ.

ئۇلار كىشىلەرگە ئىزچىل ھالدا شۇنداق دەپ كەلدى ۋە شۇنداق دەپ كېلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ يوقۇرىدىكى باتىل سۆزلىرى كافىر ۋە زالىم تاغۇتلار تەرىپىدىن كەڭ قوبۇل قىلىندى ۋە ئالقىش ــ مەدھىيەلەرگە ئېرىشتى. شۇڭا ئۇلار تاغۇتلار تەرىپىدىن كەڭ ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلىندى، دىنى، سىياسى، ئىجتىمائى، مائارىپ ۋە تەشۋىقات مۇنبەرلىرىدىن ئۇلارغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلدى. بۇ ھال اللهنىڭ بەندىلىرىگە، ئۇلارنىڭ دىنىغا ۋە تۇرمۇشىغا ۋەيرانچىلىق، بۇزۇلۇش ۋە چېكىنىش ئېلىپ كەلدى.

شۇڭا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ دىننىڭ ھەقىقتى بىلەن بۇ دىنغا ئەگەشكۈچى كىشىلەرنىڭ رېئال ھاياتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شەرق بىلەن غەربتەك يىراقلاپ كەتتى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئەنە شۇ شاياتۇنلارنىڭ قايمۇقتۇرىشى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنى توغرا يولدا ماڭغۇچىلار دەپ ئويلايدۇ.

ئۇلارنىڭ دىن بىلەن ۋە تەۋھىد بىلەن بولغان ئالاقىسى پەقەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنغاندا ياكى مۇناسىۋتى كەلگەندە تەۋھىد كەلىمىسىنى پەقەت ئېغىزدىلا دەپ بېرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەنىلىرى ياكى شەرتلىرى ۋە ياكى تەلەپلىرى ھەققىدە ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ. رېئال تۇرمۇشلىرىدا ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە قىلچىلىك رېئايە قىلمايدۇ...!.

قىسقىسى، ﴿ لا اله الا الله ﴾ دىن ئىبارەت بۇ تەۋھىد كەلىمىسىگە ئەنە شۇنداق كۆڭۈل بەرمەسلىك بىلەن، چاقچاق بىلەن ۋە پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئومۇمى كەيپىياتقا ئايلانغان، ئۇنى پەقەت ئېغىزدا دەپ بېرىشلا تەلەپ قىلىنىپ ئۇنىڭغا رېئايە قىلىش ياكى جاۋاپكار بولۇش ۋەياكى ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنمايدىغان بولغانلىقتىن، بۇ سۆزنى تەلەپ قىلسا دەپ بېرىش ۋە بۇنى قالقان قىلىش ھەممە كىشى ئۈچۈن شۇنچىلىك ئاسان ۋە شۇنچىلىك ئاددى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. قارىسىڭىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى تاغۇتلار ۋە زوراۋانلارنىڭمۇ، زىندىقلارنىڭمۇ، ئىلمانىزىمچىلارنىڭمۇ، بۇتقا چوقۇنىدىغان مۇشرىكلارنىڭمۇ، ھەتتا دىننى بىر پۈتۈن ئىنكار قىلىدىغان كوممۇنىستلار ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭمۇ ﴿ لا اله الا الله ﴾ دەۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. بەلكى ئىككى پاسىق جېدەللىشىپ قالسا مۇشۇ كەلىمە بىلەن بىر ــ بىرىنى چۈشۈرۈپ تىللىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەجەپلىنەرلىكى ئۇلار ئۆزلىرى تىلغا ئېلىۋاتقان بۇ كەلىمە بىلەن

ئۆزلىرىنىڭ گۇمراھلىق ۋە كۇفرى بىلەن توشقان رىئاللىقى ئارىسىدا قىلچىلىك زىددىيەت ھىس قىلمايدۇ.

ئەجىبا پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەردىن تەلەپ قىلغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەب ۋە ئەجەملەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋە ئۇنى دەپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئەسكەر ۋە قوشۇنلارنى ئەۋەتكەن تەۋھىد شاھادىتى بۇ ئازغۇنلار تەلەپ قىلغاندەك بۇرمىلانغان مەنىدىكى، ئەمەلىيەت ۋە ھايات بىلەن مۇناسىۋىتى يوق نەزىرىيە جەھەتتىكى تەۋھىد شاھادىتىمىدى؟!

ئەجىبا؟! قېنى دەپ بېقىڭچۇ؟ ئەينى چاغدىكى قۇرەيش مۇشرىكلىرى بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى ھازىرقى بۇرمىلاش ئۇستىلىرى چۈشەنگەندەك چۈشەنگەن بولسا، ئۇلار بۇ تەۋھىد شاھادىتىنى تىلغا ئېلىشنى شۇنچە جاھىللىق بىلەن رەت قىلارمىدى؟ ياكى پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاردىن مۇشۇنداق تەۋھىدنى تەلەپ قىلارمىدى؟ بىز پەيغەمبەر ﷺ نى بۇنداق بىمەنىلىكتىن يىراق دەپ ئېتىقاد قىلىمىز.

لېكىن ھەقىقەت دەل ئەكسىچە ئىدى. ﴿لا اله الا الله﴾ دىن ئىبارەت بۇ تەۋھىد شاھادىتىنى ئىقرار قىلىشنىڭ مەنىسى بارچە بۇتلارنى ۋە باتىل مەئبۇدلارنى پاچاقلاپ تاشلاش دېگەنلىك ئىدى...ئۇنىڭ مەنىسى يەنە تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ، اللهغا ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك ئىدى...ئۇنىڭ مەنىسى بەندىگە چوقۇنۇش ۋە قۇل بولۇشتىن ئازات بولۇپ، بىر پۈتۈن قۇللۇقنى پەقەت اللهغىلا قىلىش دېگەنلىك ئىدى...ئۇنىڭ مەنىسى جاھىلىيەتنىڭ زۇلۇمىدىن، قاراڭغۇلۇقىدىن ۋە ئەنئەنىلىرىدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ ۋە چەك ـ چېگرانى ئايرىپ ئىسلامنىڭ نۇرى ۋە ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە يۈزلىنىش دېگەنلىك ئىدى.

﴿لا اله الا الله﴾ دىن ئىبارەت تەۋھىد شاھادىتىنى ئىقرار قىلىش يېڭى بىر ئىنساننىڭ، يېڭى بىر جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن، ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ نۇرى بىلەن چاقنىغان يېڭى بىر دەۋرنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ يەنە ھاكىمىيەت بېشىدىكى تاغۇتلارنىڭ، ھۆكمرانلارنىڭ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ كۇفرى قانۇن ۋە باتىل تۈزۈملەر ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىمتىيازلىرىنى، ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئورۇنلىرىنى يوقۇتۇپ قويۇشلىرىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ يەنە اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇش ۋە ئىتائەت قىلىشتىن، بۇ دىنىنىڭ

تەلەپلىرىنى ۋە ئاساسى شەرتلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئورۇنداشتىن دېرەك بېرەتتى...ئۇ جېنىڭنى، بارلىقىڭنى ۋە بارچە قىممەتلىك نەرسىلىرىڭنى اللەنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا قۇربان قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى...ئۇ يەنە ئىنسانلار ئارىسىدا تۈرلۈك پەرىقلەرنىڭ، سىنىپلارنىڭ، تەڭسىزلىكلەرنىڭ ۋە سىنىپى پەرىقلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۈرلۈك ئىمتىيازلارنىڭ يوقىلىشىدىن، اللەنىڭ شەرىئىتى ۋە ھۆكمى ئالدىدا ئاجىز بىلەن كۈچلۈكنىڭ، باي بىلەن كەمبەغەلنىڭ، ئەمەلدار بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەڭ ـ باراۋەر بولۇشلىرىدىن دېرەك بېرەتتى.

شۇنداق، ﴿ لا اله الا الله ﴾ دىن ئىبارەت تەۋھىد شاھادىتىنى ئېيتقانلىق يۇقۇرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىن دېرەك بېرىدىغان بولغاچقا ئەينى زاماننىڭ مۇشرىكلىرى بۇ شاھادەتنى ئىقرار قىلىشنى رەت قىلىپ بۇنىڭغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. ئۇلاردىكى ھاكاۋۇرلۇق مەنمەنچىلىك ۋە شۆھرەتپەرەسلىكلەر ئۇلارنىڭ بۇ ھەق گۇۋاھلىقنى ئىقرار قىلىشىغا يول قويمىغاندى. اللەتەئالا ئۇلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:

﴿ أَجَعَلَ الْآلِهَةَ إِلَهًا وَاحِدًا إِنَّ هَذَا لَشَيْءٌ عُجَابٌ ﴾

**﴿ ئۇ نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلماقچىمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش ﴾ (ساد. 5).**

﴿ إِنَّهُمْ كَانُوا إِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ يَسْتَكْبِرُونَ ﴾

**﴿ ئۇلار ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىدىكى، ئۇلارغا: ‹ لا اله الا الله › (دەڭلار) دېيىلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىپ باش تارتاتتى ﴾ (سافغات، 35).**

ئەمدى بىزنىڭ كىشىلەرنى دىنى ئىشلىرىدا، مېڭىۋاتقان يوللىرىدا ۋە ﴿ لا اله الا الله ﴾ كەلىمىسى ھەققىدە، ئۇلارنىڭ بۇ كەلىمە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ئېنىق بىر چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ﴿ لا اله الا الله ﴾ دىن ئىبارەت تەۋھىد كەلىمىسى ئۇقۇمىنىڭ اللەنىڭ دىنىدىكى ئەسلى مەنىسى، الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇ كەلىمىدە كۆزدە تۇتقان مەقسىدى ھەققىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

**﴿ لا اله الا الله ﴾ نىڭ مەنىسى «اللەدىن باشقا بىرمۇ ھەقىقى ئىلاھ ۋە ھەقىقى مەئبۇد يوق»** دېگەنلىك بولۇپ، بەندىلەرنىڭ قەلبلىرىدە، تىللىرىدا، ئەمەل ـ ھەرىكەتلىرىدە ۋە قانۇن ـ

تۈزۈملىرىدە ئىپادىلىنىدىغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قۇلچىلىقلىرىغا پەقەت اﷲغىنا ھەقلىقتۇر. بۇجەھەتتە ھېچقانداق بىر كۈچ اﷲغا شېرىك بولالمايدۇ.

﴿ لا اله الا اللہ ﴾ دىن تەۋھىد شاھادىتى ﴿ لا اله ﴾ ۋە ﴿ الا اللہ ﴾ دىن ئىبارەت ئىككى ئاساسى قائىدىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ئىككى ئاساس ياكى ئۇنىڭ بىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغاندا تەۋھىد ۋە ئىمان مەۋجۇد بولمايدۇ.

بۇ ئىككى ئاساسى قائىدىنىڭ ئالدىنقىسى بولغان«لا اله » تەۋھىد شاھادىتىنىڭ ئىنكار قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇشېرىكتىن، مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ ئايرىلىپ چىقىشنى، تاغۇتنى ۋە بارچە ساختا ئىلاھلارنى ئىنكارقىلىپ، ئۇلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، مەيدانى ئېنىق ھالدا ئۇلارغا قارشى تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ھالبۇكى شېرىكتىن ۋە مۇشرىكلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش، تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىش قەلبتە، ئېتىقادتا، ئېغىزدا، ئەمەل ـ ھەرىكەتتە بىردەك ئىپادىلىنىشى شەرت بولۇپ بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. دېمەك، بىر كىشى تاغۇتنى ئېغىزىدىكى سۆزىدە ۋە ئېتىقادىدا ئىنكار قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ۋە ئىجتىمائى ئالاقىلىرىدا ئىنكار قىلمىسا، ياكى ئېتىقادىدا ئىنكار قىلىپ، سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئىنكار قىلمىسا، ئۇنداقتا تەۋھىد شاھادىتىنى ئىشقا ئاشۇرمىغان بولىدۇ. چۈنكى ئىمان ئېتىقاد، ئىقرار ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت بولغاندەك، ئىماننىڭ ئالدىنقى مۇھىم شەرتى بولغان تاغۇتنى ئىنكار قىلىشمۇ ئېتىقادتا، سۆزدە ۋە ئەمەلدە بىردەك ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى شەرتتۇر.

**اﷲتەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:**

**﴿ قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي إِبْرَاهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ إِذْ قَالُوا لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَآءُ مِنْكُمْ وَمِمَّا تَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاءُ أَبَدًا حَتَّى تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ وَحْدَهُ إِلَّا قَوْلَ إِبْرَاهِيمَ لِأَبِيهِ لَأَسْتَغْفِرَنَّ لَكَ وَمَا أَمْلِكُ لَكَ مِنَ اللَّهِ مِنْ شَيْءٍ رَبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ ﴾**

**﴿ ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان (مۇئمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئۆز قەۋمىگە:«ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر اﷲنى قويۇپ**

**ئىبادەت قىلىشۋاتقان مەئبۇدلىرىڭلاردىن ئادا ــ جۇدامىز ، بىز سىلەرنى ئىنكار قىلدۇق(يەنى بىز سىلەرنى تونۇمايمىز) ، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدى داۋام قىلىدۇ› دېدى . ﴾ (مۇمتەھىنە ، 4) .**

بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسى ھەققىدە سورىغاندا پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن: **«ئۆزۈمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، شېرىكتىن ۋە مۇشرىكلاردىن ئالاقىنى ئۈزدۇم، دەيسەن، ناماز ئوقۇيسەن ۋە زاكاتنى بېرىسەن»**[1]

پەيغەمبەر ﷺنىڭ بۇ ھەدىستىكى: **«شېرىكتىن ۋە مۇشرىكلاردىن ئالاقەمنى ئۈزدۇم، دەيسەن»** دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: قەلبىڭدە ۋە تىلىڭدا شېرىكتىن ، مۇشرىكلاردىن ، ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىۋاتقان ياكى ئاللاھ بىلەن بىرگە ئىبادەت قىلىنىۋاتقان تاغۇتلاردىن ، جاھىلىيەتتىكى ئۆتمۈشۈڭدىن ۋە ئۆتمۈشۈڭدىكى ئىسلامغا ئۇيغۇن بولمىغان پۈتۈن ئالاقىلىرىڭدىن ئادا ــ جۇدا بولدۇم ، دەيسەن دېگەنلىكتۇر .

﴿ لا اله الا الله ﴾ دىن ئىبارەت تەۋھىد شاھادىتىدىكى ئىككى ئاساسى قائىدىنىڭ ئىككىنچىسى بولغان «الا الله » غا كەلسەك ، ئۇ تەۋھىد شاھادىتىنىڭ ئىبادەت قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ ، ئىنكار قىلىنىدىغان ئىلاھلار ئىچىدىن پەقەت ھەقىقى ئىلاھ ئاللاھنىلا مۇستەسنا قىلىشنى ، پەقەت ئۇنىڭلا ھەقىقى ئىلاھ ۋە ھەقىقى مەئبۇد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشنى كۆرسىتىدۇ .

تاغۇتنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت ﴿ لا اله الا الله ﴾ نىڭ ئالدىنقى شەرتى ئېتىقادتا ، ئېغىزدا ۋە ئەمەلدە بىردەك ئىپادىلىنىشى شەرت بولغاندەك ، ئاللاھنىڭلا ھەقىقى ئىلاھ ۋە ھەقىقى مەئبۇد ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت ﴿ لا اله الا الله ﴾ نىڭ ئىككىنچى مۇھىم شەرتىمۇ چوقۇم ئېتىقادتا ، سۆزدە ۋە ئەمەلدە بىردەك ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك . شۇڭا كىمكى ئاللاھنىڭلا ھەقىقى ئىلاھ ئىكەنلىكىنى پەقەت قەلبىتىلا ئىسپاتلىسا ياكى قەلب بىلەن ئېغىزدىكى ئىقراردىلا ئىسپاتلاپ ، ئەمەلدە ئىسپاتلىمىسا ، ئۇنداقتا ئۇ تەلەپ قىلىنغان تەۋھىدنى ئىشقا ئاشۇرغان بولمايدۇ . شۇنداقلا ئۇ بۇ كەمتۈك تەۋھىدتىن ھېچقانداق نەپكە ئېرىشەلمەيدۇ . ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ ﴿ لا اله الا الله ﴾ دەپ شاھادەت ئېيتقان بولمايدۇ .

[1] نەسەئىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى ، 2285 ــ ھەدىس .

تاغۇتنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد شاھادىتىنىڭ ئالدىنقى ئاساسى قىسمى بولغان «لا اله» نى اللەنىڭلا ھەقىقى ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتىن تەۋھىد شاھادىتىنىڭ كېيىنكى ئاساسى قىسمى بولغان «الا الله» نىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈشتىن ھېكمەت شۇنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنكى، تاغۇتنى ئىنكار قىلماي تۇرۇپ ئېيتىلغان ئىمان ۋە قىلىنغان ئىبادەت ئىنسانغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇنداق كىشىنىڭ ئىبادىتى ۋە تەۋھىدى شېرىك بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەكسىچە تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ، قەلبىنى تازىلاپ، ئاندىن ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ئۆزىنىڭ ئىمانىدىن ۋە ئىبادەتلىرىدىن نەپكە ئېرىشەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تەۋھىدى شېرىكتىن پاك ۋە ساپ بولغان بولىدۇ.

تەۋھىد شاھادىتىدىكى بۇ مۇھىم ۋە نازۇك نۇقتا قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچىلىغان ئايەتلىرىدە ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

**الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:**

**﴿ فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِنْ بِاللَّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى ﴾**

**﴿ كىمكى تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ، اللەغا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى (يەنى لا اله الا الله نى) تۇتقان بولىدۇ. ﴾ (بەقەرە، 256).**

يۇقىرىقى ئايەتتىكى ﴿ **فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ** ﴾ ﴿ **كىمكى تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ** ﴾ دېگەن جۈملە تەۋھىد شاھادىتىدىكى ئىككى مۇھىم شەرتنىڭ بىرىنچىسى بولغان تاغۇتنى ئىنكار قىلىش، شېرىكتىن ۋە مۇشرىكلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈشنى كۆرسەتسە، ﴿ **وَيُؤْمِنْ بِاللَّهِ** ﴾ ﴿ **اللەغا ئىمان ئېيتىدىكەن** ﴾ دېگەن ئىككىنچى جۈملە تەۋھىد شاھادىتىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم شەرتى بولغان اللەنىڭلا ھەقىقى ئىلاھلىقىنى ئىسپاتلاشنى كۆرسىتىدۇ. ﴿ **فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى** ﴾ ﴿ **ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ** ﴾ دېگەن جۈملە يۇقىرىدىكى ئىككى شەرتنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتتە ئېيادىلەنگەن قارشى ئۇقۇم شۇنى كۆرسىتىدۇكى، كىمكى ئۆزىدە تەۋھىد شاھادىتىنىڭ ئىنكار ۋە ئىسپات تەرىپىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرمىسا ياكى ئىككىدىن بىرىنى كەم قىلسا، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تاغۇتنى ئىنكار قىلماستىن، شېرىك ۋە مۇشرىكلاردىن

ئادا ـ جۇدا بولماستىن اﷲغا ئىمان كەلتۈرسە ، ئۇ سۇنماس ، مەھكەم تۇتقىنى تۇتمىغان ، يەنى ﴿ لا اله الا اﷲ ﴾ دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتمىغان بولىدۇ .

**اﷲتەئالا قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دەيدۇ:**

**﴿ وَإِذِ اعْتَزَلْتُمُوهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ إِلَّا اللَّهَ فَأْوُوا إِلَى الْكَهْفِ ﴾**

**﴿ (ئى يىگىتلەر!) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ اﷲدىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان مەئبۇدلىرىدىن چەك ـ چېگرانى ئايرىغانىكەنسىلەر ، غارنى پاناھ جاي قىلىڭلار . ﴾ (كەھف ، 16) .**

يۇقىرىدىكى ئايەتتىمۇ تەۋھىد شاھادىتىنىڭ بىرىنچى ئاساسى شەرتى بولغان شېرىكتىن ۋە مۇشرىكلاردىن چەك ـ چېگرانى ئايرىش تەۋھىد شاھادىتىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى قىسمى بولغان اﷲنىڭلا ئىلاھلىقىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ ، بۇ ئىككى شەرت ئوتتۇرىسى ئىستىسنا قوشۇمچىسى ۋە چەكلەش قوشۇمچىسى بولغان «الا» بىلەن ئايرىلغان .

**اﷲتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:**

**﴿ وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ لِأَبِيهِ وَقَوْمِهِ إِنَّنِي بَرَاءٌ مِمَّا تَعْبُدُونَ*إِلَّا الَّذِي فَطَرَنِي فَإِنَّهُ سَيَهْدِينِ ﴾**

**﴿ ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى: سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەئبۇدلاردىن مەن راستىنلا ئادا ـ جۇدامەن . پەقەت مېنى ياراتقان اﷲ بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر( يەنى مەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايمەن ، بەلكى ھەممە ئىبادەتنى شۇنىڭغىلا قىلىمەن) ئۇ مېنى (توغرا يولغا) باشلايدۇ ﴾ (زۇخرۇف ، 26 ـ 27) .**

**اﷲتەئالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى ھەم بۇ نۇقتىنى كۆرستىپ بېرىدۇ:**

**﴿ قَالَ أَفَرَأَيْتُمْ مَا كُنْتُمْ تَعْبُدُونَ*أَنْتُمْ وَآبَاؤُكُمُ الْأَقْدَمُونَ*فَإِنَّهُمْ عَدُوٌّ لِي إِلَّا رَبَّ الْعَالَمِينَ ﴾**

**﴿ ئىبراھىم ئېيتتى: ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭلار نىمە؟* سىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنى نىمە؟* ئۇلار (يەنى مەئبۇدلار) مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر ، پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلاردىن مۇستەسنادۇر(يەنى ئۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر) . ﴾ (شۇئەرا ، 75~77) .**

بىز يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن ﴿ لا اله الا الله ﴾ دىن ئىبارەت بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ ئالدىنقى ئاساسى قىسمى بولغان تاغۇتنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن چەك ـ چېگرانى ئايرىشنىڭ ئۇنىڭ كېيىنكى ئاساسى قىسمى بولغان اللەنىڭلا ئىلاھلىقىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئالدىغا قويۇلۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر پاكىتنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، يەنە ئەينى دەۋردىكى مۇشرىكلارنىڭ اللەنىڭ رۇبۇبىيىتىنى(يەنى يەككە ـ يىگانە رەب ئىكەنلىكىنى) ئىقرار قىلىدىغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە اللەغا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. **اللەتەئالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ:**

**﴿ وَمَا يُؤْمِنُ أَكْثَرُهُمْ بِاللَّهِ إِلَّا وَهُمْ مُشْرِكُونَ ﴾**

**﴿ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى اللەغا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىمان كەلتۈرىدۇ(يەنى اللەنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ، ئەمما اللەنىڭ ئىلاھلىقىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ) ﴾ (يۇسۇف، 106).**

**اللەتەئالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:**

**﴿ وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَسَخَّرَ الشَّمْسَ وَالْقَمَرَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ فَأَنَّى يُؤْفَكُونَ ﴾**

**﴿ ئەگەر سەن ئۇلاردىن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلارنى كىم ياراتتى، كۈننى ۋە ئاينى كىم (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن) بويسۇندۇردى؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: ‹الله› دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇلار قانداقمۇ (اللەنىڭ ئىبادىتىدىن) باش تارتىدۇ! ﴾ (ئەنكەبۇت، 61).**

**﴿ وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ اللَّهُ قُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴾**

**﴿ ئەگەر سەن ئۇلاردىن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟ دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم، الله دەپ جاۋاپ بېرىدۇ، ئېيتقىنكى، جىمى ھەمدۇ ـ سانا اللەغا خاستۇر! بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ. ﴾ (لوقمان، 25).**

دېمەك، ئەينى زامانىنىڭ مۇشرىكلىرى اللەنىڭ بۇ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىنى خالىغانچە ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشاتتى. لېكىن ئۇلار

ئۇلۇھىيەت (ئىبادەت) جەھەتتە الله بىلەن قوشۇپ يەنە باشقا باتىل ئىلاھلارغىمۇ ئىبادەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يوقىرىدىكى ئايەتلەردە ئۇلار ئىبادەت قىلىۋاتقان ئىلاھلار ئىچىدىن بىردىنبىر ھەق بولغان يېگانە ئىلاھ اللهنى مۇستەسنا قىلىندى.

بىز يەنە شۇنىڭدەك، بەزىلەرنىڭ ﴿ لا اله الا الله ﴾ نى «**اللهدىن باشقا ياراتقۇچى، پايدا ـ زىيان يەتكۈزگۈچى ۋە كائىناتنى ئىدارە قىلغۇچى يوق.**» دەپ چۈشەندۈرگىنىگە ئوخشاش تەۋھىد كەلىمىسى بولغان بۇ كەلىمىنى پەقەت تەۋھىدى رۇبۇبىيەت (يەنى اللهنىلا پەرۋەردىگار دەپ ئېتىقاد قىلىش) بىلەنلا ئىزاھلاشنىڭ تولىمۇ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. چۈنكى، بۇ تەۋھىد كەلىمىسىگە قارشى تۇرغان ئەينى زامان مۇشرىكلىرىمۇ اللهنى يېگانە پەرۋەردىگار، يېگانە ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىشاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلاردىن ھېساپلىنىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر تەۋھىد كەلىمىسى بولغان ﴿ لا اله الا الله ﴾ نى يوقۇرقىدەك مەنىلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەلدى ۋە ئۆزلىرىنى ھەق يولدا ماڭغۇچىلار ۋە ھەقنى چۈشەنگەنلەر دەپ ھېساپلاشتى.

پەيغەمبەر ﷺنىڭ بىر سەھىھ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «**كىمكى ‹ لا اله الا الله › نى دىسە ۋە اللهدىن باشقا مەبۇدلارنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ قېنى ۋە مېلى ھارام بولىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇنىڭدىن قانداق ھېساپ ئېلىش اللهنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر.** » (**مۇسلىم**).

بۇ ھەدىستىكى «الله دىن باشقا مەبۇدلارنى ئىنكار قىلسا » دىگەن شەرت ئالدىدىكى ﴿ لا اله الا الله ﴾ نى دېسە› دىگەن شەرتنىڭ مەزمۇنىدىن تاشقىرى بىر شەرت بولماستىن، بەلكى ﴿ لا اله الا الله ﴾ دېگەن شەرتنى تەكىتلىگەنلىكتۇر. چۈنكى، ﴿ لا اله الا الله ﴾ دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ ئالدىنقى ئاساسى بۆلىكى بولغان ﴿ لا اله ﴾ نىڭ مەنىسى الله دىن باشقا جىمى مەبۇدلارنى ۋە تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇلاردىن چەك ـ چېگرىنى ئايرىشنى كۆرسىتىدۇ.

بىلىش كېرەككى، تەۋھىد شاھادىتى بولغان ﴿ لا اله الا الله ﴾ نىڭ بىر قانچە شەرتلىرى بولۇپ، بۇ شەرتلەردىن بىرى كەم بولسا، ئۇنداقتا بۇ كەلىمىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى ۋە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئۇ شەرتلەرنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېغىزدا سۆزلەش، ئىقرار قىلىش، تاغۇتنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بىلىش،

راستچىللىق، ئىخلاس، قەتئىي ئىشىنىش، ئەمەل قىلىش، بۇ كەلىمىنى ۋە بۇ كەلىمىنىڭ ئەھلىنى ياخشى كۆرۈش، شېرىك ۋە شېرىك ئەھلىنى يامان كۆرۈش، ئۇنىڭغا رازى بولۇش، باش ئېگىش،تەسلىم بولۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ۋاپات بولۇش.. .قاتارلىقلار.

يەنە شۇنىڭدەك، بۇ تەۋھىد شاھادىتى بەلگىلىگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر بولۇپ، بۇ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرگە ياخشى ئەمەل قىلىش بىلەن ئىنساننىڭ تەۋھىدى كۈچىيىدۇ، ياخشى ئەمەل قىلماسلىق بىلەن ئىنساننىڭ تەۋھىدى ئاجىزلايدۇ. بۇ مەجبۇرىيەتلەر ناماز، زاكات، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، بەيتۇللانى زىيارەت قىلىش ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىش.... قاتارلىقلارغا ئوخشاش الله بەندىلىرىگە پەرز قىلغان ئىبادەتلەر ۋە ئىتائەتلەردۇر. ئەمما ناماز بولسا تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ شەرتلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «**كىشىلەر‹ لا اله الا الله محمد رسول الله › دەپ شاھادەت ئېيتقان، ناماز ئۆتىگەن ۋە زاكاتنى بەرگەنگە قەدەر، مەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار يوقۇرقىلارنى ئىشقا ئاشۇرسىلا، قانلىرى ۋە ماللىرىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ، ئىسلامنىڭ ھەققىگە چېتىلىپ قالغانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاخىرەتتە ئۇلاردىن ھېساپ ئېلىش اللهنىڭ ئىشىدۇر.» (بۇخارى ۋە مۇسلىم).**

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «**كىشىلەر ‹ لا اله الا الله › دەپ شاھادەت ئېيتقان، ماڭا ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىمان كەلتۈرگەن، ناماز ئۆتىگەن ۋە زاكاتنى بەرگەنلىرىگە قەدەر مەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرسىلا، مەندىن قانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالالايدۇ. لېكىن ئىسلامنىڭ ھەققىگە چېتىلىپ قالغاندا ساقلاپ قالالمايدۇ. ئاخىرەتتە ئۇلاردىن قانداق ھېساپ ئېلىش اللهنىڭ ئىشىدۇر.» (مۇسلىم)**

**ئىبنى خەساسىيە سەدۇسى** رضي الله عنه**دىن رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن** پەيغەمبەر ﷺ**غا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم، پەيغەمبەر** ﷺ **ماڭا: ‹** لا اله الا الله محمد رسول الله **› دەپ شاھادەت ئېيتىسەن، بەش ۋاقىت نامازنى ئۆتەيسەن رامىزان روزىسىنى تۇتىسەن، زاكاتنى ئادا قىلىسەن، بەيتۇللانى زىيارەت قىلىسەن، الله يولىدا جىھاد قىلىسەن، دەپ شەرت قويدى. مەن ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! مەن بۇ شەرتلەرنىڭ ئىچىدىن ئىككىنى ئورۇندىيالمايمەن،**

**بۇنىڭ بىرى زاكات بىرىش، چۈنكى، مېنىڭ ئاران ئون تۆگەم بار. بۇ تۆگىلەر مېنىڭ ئائىلەمنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاران چىقىدۇ. ئەمما جىھاد قىلىشقا كەلسەك، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىچە، جەڭ كۈنىسى جەڭدىن قاچقان ئادەم اللهنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىكەن، مەن بىر قورقۇنچاق ئادەم، شۇڭا جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈمدىن قورقۇپ، جەڭدىن قېچىپ اللهنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇشتىن ئەندىشە قىلىمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ شۇئان قولىنى تارتىۋالدى، ئاندىن قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ: سەدىقە بەرمىسەڭ، جىھادمۇ قىلمىساڭ، نېمە بىلەن جەننەتكە كىرمەكچى سەن؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ھەممە شەرتلىرىنى ئورۇنداشقا بەيئەت قىلدىم »[1]**

**پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «دۇنيالىق سودىنى دىنىنىڭ ئۈستىگە قويماسلىق شەرتى بىلەن (يەنى، دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى دىنى مەنپەئەتلىرىنىڭ ئۈستىگە قويماسلىق شەرتى بىلەن » ‹ لا اله الا الله › دېسە، ئۇ ئۇلارنى اللهنىڭ نارازىلىقىدىن ساقلايدۇ. ئەمما ئۇلار دۇنيالىق سودىلىرىنى دىنىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئاندىن ‹ لا اله الا الله › دېسە، الله ئۇلارغا: ـ يالغان ئېيتتىڭلار، دەيدۇ.»[2]**

ئى اللهنىڭ بەندىسى! تەۋھىد شاھادىتى مانا شۇلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئەمدى سىز ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە يېقىنلاشقان ياكى يېقىنلىشالمىغانلىقىڭىزغا ئوبدان قاراپ بېقىڭ !. ﴿ لا اله الا الله ﴾ بىلەن سىزنىڭ ئارلىقىڭىزنىڭ قانچىلىكلىكىنى تونۇۋېلىشىڭىز ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىڭىزدىن تۆۋەندىكى سوئاللارنى سوراپ، ئۇنىڭغا راستچىللىق بىلەن جاۋاپ بېرىپ بېقىڭ: تۇرمۇشىڭىزدا سىزنى ھەرىكەتلەندۈرىۋاتقان، سىزگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان، سىزگە نىشان بەلگىلەپ بېرىۋاتقىنى پەقەت ﴿ لا اله الا الله ﴾ ئاساسىدىكى تەۋھىد ئەقىدىسى ۋە تەۋھىد ئەھدىسىمۇ؟ ۋەياكى باشقا ئامىللار بارمۇ؟ تۇرمۇشتا سىزنىڭ شەيئىلەرگە، ھادىسىلەرگە، شەخسىلەرگە جەمئىيەتلەرگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىڭىز ۋە مەيدانىڭىزنى نېمە بەلگىلىگەن؟ ﴿ لا اله الا الله ﴾ دېگەن تەۋھىد گۇۋاھلىقى ۋە تەۋھىد ئەھدىسىمۇ ياكى باشقا ئامىللارمۇ؟ سىزنىڭ تۇرمۇشتىكى پىلانىڭىزغا، تۇرمۇش ئۇسۇلىڭىزغا ۋە نىشانلىرىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئامىل

---

[1] ھەيسەمى، ئەھمەد ۋە تىبرانىلار رىۋايەت قىلغان ھەدىس.
[2] ھەيسەمى رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

زادى نېمە؟ تەۋھىد ئەھدىنامىسى بولغان ﴿ لا اله الا الله ﴾ مۇ ياكى باشقا ماددى مەنپەئەت ئامىللىرىمۇ؟

سىز يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىڭىزدا، ئولتۇرۇش ـ قوپۇشلىرىڭىزدا، ھەرخىل ھالەتلىرىڭىزدە، جىم تۇرۇشلىرىڭىزدا، ھەتتا ھەربىر نەپەسلىرىڭىزدە، ئۆزىڭىز ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە ـ مۇئامىلىرىڭىزدە تەۋھىد شاھادىتى بىلەن رىئاكسىيەلىشىپ ۋە سىڭىشىپ ياشىيالىدىڭىزمۇ؟ ياكى باشقا ئىدىيە بىلەن ياشىدىڭىزمۇ؟

تالاش ـ تارتىش ۋە ئىختىلاپلار يۈز بەرگەندە سىز ﴿ لا اله الا الله ﴾ نىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلدىڭىزمۇ ياكى ھۆكۈمنى باشقا يەردىن ئىزدىدىڭىزمۇ؟

سىز شەيئىلەرنى نېمە ئاساسىدا چۈشەندۈرىسىز ۋە نېمە ئاساسىدا چۈشىنىسىز؟ سىز شەيئىلەرگە تۇتقان ئىجابى ۋە سەلبى مەيدانىڭىزنى نېمىگە ئاساسەن بەلگىلەيسىز؟ ﴿ لا اله الا الله ﴾ نى مەركەز قىلغان تەۋھىدكە ئاساسەنمۇ ياكى باشقا نەرسىلەرگە ئاساسەنمۇ؟

سىز ﴿ لا اله الا الله ﴾ دىن ئىبارەت تەۋھىد كەلىمىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھلىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەمسىز؟ ياكى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ياخشى كۆرۈپ يالغاندىن تەۋھىدنى ۋە تەۋھىد ئەھلىنى ياخشى كۆرىمەن، دەپ ئۆزىڭىزنى ۋە باشقىلارنى ئالداپ يۈردىڭىزمۇ؟

سىز تەۋھىد كەلىمىسى بولغان ﴿ لا اله الا الله ﴾ نىڭ شىرىن مېۋىلىرىدىن مول ئۈزۈۋېلىشقا بەھرىمەن بولالىدىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئېسىل مېۋىلىرىنىڭ تەمىنى تېتىيالىدىڭىزمۇ ياكى ئۇنىڭدىن بىخەۋەر غاپىللىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈردىڭىزمۇ؟

تەۋھىد شىرىن ـ شەربەتلىرىنى ئىچىپ تۈگىتىش مۇمكىن بولمايدىغان خاسىيەتلىك بۇلاقتۇر. **اللهتەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:**

**﴿ أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ اللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ* تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا وَيَضْرِبُ اللَّهُ الْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴾**

**﴿ اللهنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە( يەنى ياخشى سۆز لا اله الا الله) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدىن قارار ئالغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان* پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ھەرۋاقىت مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. الله**

**كىشىلەرنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ﴾ (ئىبراھىم ، 24 ـ 25) .**

يۇقىرىدىكى ئايەتتە اللهتەئالا كەلىمە تەييىبە(يەنى ياخشى كەلىمە) بولغان ﴿لا اله الا الله﴾ نى يىلتىزى يەرنىڭ قەرىدىن ئورۇن ئالغان شېخى ئاسمانغا تاقاشقان بىر ئېسىل دەرەخكە ئوخشىتىدۇ. مەلۇمكى دەرەخنىڭ يىلتىزى قانچە چوڭقۇر بولسا، ئۇ دەرەخ بوران ـ چاپقۇنلارغا ۋە تەبىئى ئاپەتلەرگە شۇنچە چىدامىلىق بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش تەۋھىد ئەقىدىسى ئىنسان قەلبىدە قانچە چوڭقۇر ئورۇن ئالسا، ئۇ ئىنسان قىيىنچىلىقلارغا، تەھدىدلەرگە، بېسىملارغا، شەھۋەتلەرگە ۋە ئېزىقتۇرۇشلارغا قارشى شۇنچە قەيسەر، شۇنچە چىدامىلىق بولىدۇ. دەرەخنىڭ يىلتىزى قانچە چوڭقۇر بولسا، ئۇ ئۇسسۇزلۇققا، قۇرغاقچىلىققا شۇنچە چىدامىلىق بولىدۇ.

چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى ئۇنى يەر تېگىدىكى نەملىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا تەۋھىد ئەقىدىسى ئىنسان قەلبىدە قانچە چوڭقۇر بولسا، ئۇ ئىنسان ئىمان ۋە دەۋەت يولىدىكى مەھرۇملۇقلارغا قارىتا شۇنچە چىدامىلىق ۋە سەۋىرچان بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئەقىدىسى ئۇنى روھى ئوزۇقلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن دەرەخنىڭ يىلتىزى بىلەن دەرەخنىڭ شېخى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ كۈچلۈك ۋە ئىنچىكە بولغان تەبىئى باغلىنىش ۋە مۇۋازىنەت بار بولۇپ، يىلتىز قانچە تەرەققى قىلغانسېرى ئۇنىڭ يەردىن سۈمۈرىدىغان ئوزۇقلۇق مىقدارى شۇنچە ئېشىپ، دەرەخ شېخىنىڭ شۇنىڭغا مۇناسىپ تەرەققى قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداقلا دەرەخنىڭ شېخىمۇ كۈن نۇرىدىن ۋە ھاۋادىن ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق يىلتىزنىڭ تەرەققى قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا تەۋھىد ئەقىدىسى ئىماننىڭ شەرتلىرى بولغان قەلب ئەمەللىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، تەن بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمەللەرگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. قەلبتە تەۋھىد ئەقىدىسى قانچە كۈچلۈك بولسا، قانچە چوڭقۇر بولسا، ئۇنىڭ ئىنساننىڭ ئەمەلىيىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەمەل ئىنساننىڭ قەلبىدىكى ئەقىدىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ ئەقىدىسى پەقەت ئەمەل ۋە ھەرىكەت ئارقىلىقلا ھەقىقى قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەمەلنىڭ توغرا ياكى خاتا، تولۇق ياكى كەم بولىشى تەۋھىدنىڭ ۋە ئىماننىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. دەرەخنىڭ

مۇسى شىخىدا بولىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاشلا تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ مىۋىسى ئىنساننىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرۈلىدۇ. شىخى يوق دەرەختە مىۋە بولمىغاندەك، ئەمەلسىز تەۋھىدنىڭمۇ ھىچقانداق قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى ھەم بۇ نۇقتىنى تەستىقلايدۇ: «**بىلىشىڭلار كېرەككى، ئىنساننىڭ تېنىدە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ ياخشى بولسا، پۈتۈن بەدەن ياخشى بولىدۇ. ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ.** » (بۇخارى).

مەلۇمكى قەلب پەقەت تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن ياخشى بولىدۇ، شىرىك ۋە كۇفرى بىلەن بۇزۇلىدۇ. دېمەك، قەلبىنىڭ ساغلاملىقى تەننىڭ ساغلاملىقىغا، تەننىڭ ساغلاملىقى قەلبىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسەتكەندەك، ئەقىدە بىلەن ئەمەل ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭدەك تەۋھىد ئەقىدىسى قىش ـ ياز، كېچە ـ كۈندۈز مىۋە بېرىپ تۇرىدىغان خاسىيەتلىك دەرەخكە ئوخشايدۇ. شۇڭا تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ۋە قىممىتى بولغان ئەمەل ـ ئىبادەت مەلۇم ۋاقىت ۋە ئورۇن بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئەمما بۇ دەرەخ مىۋىنى پەقەت پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن بېرىدۇ. شۇڭا تەۋھىد، ئىمان ۋە ھىدايەت مەسىلىسى بىۋاستە اللهنىڭ خالىشى ۋە مەرھەمىتىگە باغلىق ئىشتۇر. بۇ نۇقتا تەۋھىدنى ۋە ئىماننى تەڭداشسىز يۇقىرى قىممەتكە ئىگە قىلغان. **اللهتەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:**

﴿ **يُثَبِّتُ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَيُضِلُّ اللَّهُ الظَّالِمِينَ وَيَفْعَلُ اللَّهُ مَا يَشَاءُ** ﴾

﴿ **الله مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم سۆز (يەنى** لا اله الا الله محمد رسول الله **) بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. الله زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ.** ﴾ **(ئىبراھىم، 27).**

ئى اللهنىڭ بەندىسى! سىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سوئاللارغا راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەرگىنىڭىزدە، ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى ۋە ھەقىقى تەۋھىد ئەھلى بىلەن بولغان ئارىلىقىڭىزنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيسىز. ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقى تەۋھىد ئەھلىگە

تەۋە ئىكەنلىكىڭىزنى ياكى ئىسمىڭىز ۋە دەۋايىڭىز تەۋە بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ تەۋەھىد ئەھلىگە تەۋە ئەمەسلىكىڭىزنى تونۇپ يېتەلەيسىز.

*　　*　　*　　*　　*

## 2- محمد رسول الله

### ( مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر)

كۆپلىگەن كىشىلەر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دىن ۋە ئۈممەت ئۈچۈن پەقەت بىر بەلگە ۋە سىمۋۇل خاراكتېرلىق شەخس دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە مۇئامىلە قىلىشىدۇ. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمى ۋە نامىدىن ئۇلۇغلۇق ئىزدەيدۇ. يىلدا بىر قېتىم توپلىشىپ پەيغەمبەر ﷺنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرلەپ قويۇپ، قالغان چاغلاردا ئۇنى تامامەن ئەستىن چىقىرىدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى **«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى»**، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى دەپ شاھادەت ئېيتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ شاھادىتى پەقەت دىلدا تەستىق قىلىش ۋە ئېغىزدا ئېتىراپ قىلىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، رېئال تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھۆرمەت قىلمايدۇ. ئۇ رۇخسەت قىلغانىنى ھالال، ئۇ مەنئى قىلغانىنى ھارام دەپ تونىمايدۇ. ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئۆزلىرىنىڭ شەخسى رەئىيلىرىنى ئىلاۋە قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. تاغۇتنىڭ قانۇنىنى، تاغۇتنىڭ ھۆكمىنى، تاغۇتنىڭ ئىرادىسىنى، ئاتالمىش «ئاقىلانىلىق» ۋە «سىياسىئونلۇقلىرى»نى ئۇنىڭ ھۆكمىنىڭ، سۈننىتىنىڭ ۋە شەرىئىتىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى، ئۇنىڭ دىنىنىڭ دۈشمەنلىرىنى، ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ.

ئۇلار ئەنە شۇنداق زور گۇناھلىرى ۋە قەبىھ سۈپەتلىرى بىلەن خىجىل بولماستىن، ئۆزلىرىنى «محمد رسول الله» دەپ شاھادەت ئېيتقانلار ۋە پەيغەمبەر ﷺغا ئەگەشكۈچىلىرى قاتارىدىن ھېساپلايدۇ، ئۆزلىرىنى توغرا يولدا ماڭغان، ياخشى ئىشلارنى قىلغۇاتقان كىشىلەر دەپ ئويلايدۇ. «محمد رسول الله» دەپ ئېيتقان شاھادەتلىرىمىز قىيامەت كۈنى بىزگە نەپ بېرىدۇ دەپ خام ـ خىيال قىلىشىدۇ.

ئۇلار ئېغىزلىرىدا **«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى»** دەپ ئېيتىدۇ... لېكىن رېئاللىقتا ئۇنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلمايدۇ، تالاش ـ تارتىش بولغان، بىرلىككە كېلەلمىگەن

ئىشلاردا ئۇنىڭ شەرىئىتىگە مۇراجىئەت قىلمايدۇ، ئەگەر شەرىئەتنىڭ ئالدىغا بارغان تەقدىردىمۇ، شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە مەمنۇنلۇق بىلەن قائىل بولمايدۇ!.

ئۇلار «**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى** » دەپ شاھادەت ئېيتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ دىنىغا، ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەن مۇئمىن ، مۇۋەھھىد، مۇجاھىدلارغا قارشى ئارقا ـ ئارقىدىن جەڭ ئېلان قىلىدۇ!.

ئۇلار«**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى**» دەپ شاھادەت ئېيتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۈلگىسى ۋە نەمۇنىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەس!.

ئۇلار«**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى**» دەپ شاھادەت ئېيتىدۇ، ئەمما نۇرغۇن نەرسىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ، مۇبادا شۇ نەرسىلەر بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىسىدا ئىككىنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئۇلار ئىككىلەنمەستىن شۇ نەرسىلەرنى تاللايدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ دىنى يولىدا شۇ نەرسىلەرگە قىيالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا، مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، تۇمۇشىغا بىرەر مەسئۇلىيەت ئېلىپ كەلمەيدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىدۇ. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمى ياكى سۈننىتىگە ئەگىشىش ئۇنىڭ ئىرادىسىگە، ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلمىسە، ياكى ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ئۇنىڭغا بىر قاتار مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلەيدىغان، ئۇنىڭدىن شېرىكتىن، مۇشرىكلاردىن چەك ـ چېگرانى ئايرىشنى، اللەنىڭ دۈشمەنلىرگە قارشى دۈشمەنلىك مەيدانىدا تۇرۇشنى، اللەنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولۇشنى، الله يولىدا قۇربان بېرىشنى ۋە بەدەل تۆلەشنى تەلەپ قىلىدىغان بولسا ئۇ چاغدا ئۇ ئۆمرىدە بىرەر قېتىم «**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسى**» دەپ شاھادەت ئېيتىپ باقمىغاندەك، ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغاندەك پوزىتسىيە تۇتىدۇ.

بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىككىلەنمەستىن ناھايىتى ئېنىق قىلىپ شۇنداق ئېيتىمىزكى: يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان قەبىھ سۈپەت سىلەردە مەۋجۇتلا بولىدىكەن، «محمد رسول الله» نى

تىلىڭلاردا، تەسپىلىرىڭلاردا قانچىلىك تەكرارلىشىڭلاردىن ياكى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئىسمداش بولۇشۇڭلاردىن قەتئىنەزەر، سىلەرنىڭ ئىمان داۋايىڭلار، ئەمەللىرىڭلار ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ...سىلەر تېخى مۇئمىن بولمىدىڭلار...سىلەر تېخى ئۇلار«**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى**» دەپ دەپ شاھادەت ئېيتمىدىڭلار، سىلەر تېخى «**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى**»دېگەن كەلىمىنىڭ مەنىسىنى تونىمىدىڭلار!.

سىلەرنىڭ باتىل رىئاللىقىڭلارنى سىلەرگە پەدازلاپ كۆرسىتىدىغان، سىلەرگە ئۆزەڭلارنى تەلەپكە لايىق مۇسۇلمان قىلىپ كۆرستىپ بېرىدىغان جۇھەمى ۋە مۇرجىئى ئىدىيىسىدىكى مەلئۇن شەيخلەرنىڭ ۋە ئىپلاس «ئۆلىما» لىرىڭلارنىڭ شېرىن ـ شىكەر سۆزلىرى سىلەرنى مەغرۇرلاندۇرۇپ قويمىسۇن!. چۈنكى ئۇلار سىلەرگە راست گەپ قىلمايدۇ، ئەكسىچە يالغان گەپ قىلىدۇ.

**﴿ مَا لَهُمْ بِهِ مِنْ عِلْمٍ وَلَا لِآَبَائِهِمْ كَبُرَتْ كَلِمَةً تَخْرُجُ مِنْ أَفْوَاهِهِمْ إِنْ يَقُولُونَ إِلَّا كَذِبًا ﴾**

**﴿ ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ ! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ ﴾(كەھف، 5).**

«محمد رسول الله » (**يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللهنىڭ ئەلچىسى**) دەپ شاھادەت ئېيتىشنىڭ مەنىسى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى، مەخلۇقتا ئىتائەت قىلىشنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئالدىغا قويماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آَمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ ﴾**

**﴿ ئى مۇئمىنلەر، اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾ (نىسا، 59).**

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ قُلْ أَطِيعُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَإِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْكَافِرِينَ ﴾**

**﴿ ئېيتقىنكى، اللهغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار( ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، الله كافىرلارنى (يەنى اللهنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ﴾ (ئال ئىمران، 32).**

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴾

**﴿ پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار(دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن ياكى (ئاخىرەتكە بارماي تۇرۇپ) قاتتىق بىر ئازاپقا دۇچار بولۇشتىن قورىقسۇن ﴾(نۇر، 63).**

ئىبنى تەيمىيەنىڭ «ئۈتكۈر شەمشەر» ناملىق ئەسرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن: «مەن قۇرئان كەرىمگە نەزەر سېلىش جەريانىدا پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ئوتتۇز ئۈچ ئورۇندا ئۇچراتتىم». ئۇ﴿ **فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ** ﴾ **﴿ پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار(دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن ياكى(ئاخىرەتكە بارماي تۇرۇپ) قاتتىق بىر ئازاپقا دۇچار بولۇشتىن قورىقسۇن ﴾** دېگەن ئايەتنى تەكرار ئوقۇغاندىن كېيىن: «بۇ ئايەتتىكى پىتنە شېرىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ پەيغەمبەرنىڭ قىسمەن ئەمرىنى رەت قىلغان سەۋەپتىن ئۇنىڭ قەلبى ئېزىپ كېتىپ، شۇنىڭ بىلەن ھالاك بولۇشى مۇمكىن ﴾، دېگەن. بەزىلەر ئۇنىڭغا: «بىر بۆلۈك كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسىنى تاشلاپ قويۇپ، سفيان سەۋرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بارىدىكەن ﴾، دېگەندە، ئۇ: «پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسىنى ئاڭلاپ ۋە ئۇنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ، سفيان ۋە باشقىلارنىڭ كۆز قارىشىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بارىدىغان كىشىلەرگە ھەيرانمەن! الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

﴿ فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴾

**﴿ پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار(دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن ياكى (ئاخىرەتكە بارماي تۇرۇپ) قاتتىق بىر ئازاپقا دۇچار بولۇشتىن قورىقسۇن ﴾.** بۇ ئايەتتىكى پىتنە كافىرلىقتىن ئىبارەتتۇر. ھالبۇكى الله مۇنداق دىگەن:

﴿ وَالْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ ﴾

**﴿ پىتنە ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر» (بەقەر، 217 ـ ئايەت).**

شۇنداق تۇرۇپ ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسىنى تاشلاپ قويۇپ، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ باشقىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بېرىشامدۇ؟.

پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزىنى تاشلاپ قويۇپ، سفيان سەۋرگە ئوخشاش تابىئىنلارنىڭ زور ئالىمى بولغان بىر مۇجتەھىدنىڭ كۆز قارىشىنى ئاڭلىماقچى بولغانلار ھەققىدە يۇقۇرىقىدەك قورقۇنچلۇق سۆزلەر ئېيتىلغان ئىكەن، ئەمدى پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، كافىر تاغۇتلارنىڭ قانۇنىنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلار، تاغۇتنىڭ ساھىرلىرى ۋە يالاقچىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە پەتىۋالىرىنى ئاڭلاشقا بارىدىغانلار ھەققىدە نىمە دىيىلىش كېرەك. شۈبھىسىزكى بۇلار شېرىككە ۋە كۇفرغا چۈشۈپ قېلىشقا تېخىمۇ مۇناسىپتۇر.

ﷲ تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَوْمَ تُقَلَّبُ وُجُوهُهُمْ فِي النَّارِ يَقُولُونَ يَا لَيْتَنَا أَطَعْنَا اللَّهَ وَأَطَعْنَا الرَّسُولَا ﴾

**﴿ دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى تۈرۈلۈپ كېتىدىغان كۈندە ئۇلار: كاشكى بىز ﷲغا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! دەيدۇ﴾ (ئەھزاب، 66)**

سەھىھ ھەدىستە بايان قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ﷺ : **«مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ باش تارتقانلىرىدىن باشقا ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن، ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى، باش تارتقۇچىلار كىملەر؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ماڭا ئىتائەت قىلغانلار جەننەتكە كىرىدۇ، ماڭا ئىتائەت قىلمىغانلار باش تارتقان بولىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن.(بۇخارى)**

ئەبى سەلەمەنىڭ رىۋايەت قىلىشچە، ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺ بىر كىشىگە مۇنداق دىگەن: **«ئەي قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى! مەن ساڭا پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسىنى دىسەم، سەن ئۇنىڭغا مىسال كەلتۈرمە (يەنى، پالانىمۇ شۇنداق دېگەن ئىدى، دېگەندەك، ياكى لېكىن پالانى ئۇنداق دېگەن، پۈستانى مۇنداق دېگەن دېگەندەك سۆزلەرنى قىلما)».**[1] بۇنداق سۆزلەرنى قىلىش پەيغەمبەر ﷺغا قىلىنغان ئەدەپسىزلىك ۋە ئىتائەتنىڭ يېتەرسىزلىكى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئاببباس ﷺ مۇنداق دېگەن ئىدى: **«ئۈستۈڭلەرگە ئاسماندىن تاش ياغقىلى ئاز قالدى! مەن سىلەرگە: ﷲنىڭ پەيغەمبىرى دېدى، دېسەم، سىلەر: ئەبۇبەكرى ئۇنداق دېگەن، ئۆمەر مۇنداق دېگەن دەۋەتىسىلەرغۇ؟!.**

---

[1] ئىبنى ماجە رىۋايىتى

«محمد رسول الله» (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسىدۇر) دەپ شاھادەت ئېيتقانلىقىڭ ئەمەلىيەتتە تالاش ــ تارتىش بولغان، بىرلىككە كېلەلمىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھۆكمىگە ۋە سۈننىتىگە مۇراجەت قىلىش، پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھۆكمىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىش، ئۇنىڭغا سەۋەپ كۆرسەتمەستىن، تالاشماستىن باش ئېگىش ھەققىدە الله ئالدىدا ئەھدە بىلدۈرگەنلىكىڭدۇر.

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا ﴾**

**﴿ (ئى مۇھەممەد! )پەرۋاردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دە ــ تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غوم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾ (نىسا، 65)**

ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالار توپلىمىدا مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللانىڭ سۈننىتىدىن ۋە شەرىئىتىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى مۇئمىن ئەمەس، چۈنكى الله مەيلى دىن ياكى دۇنيا ئىشلىرىدا بولمىسۇن، دە ــ تالاش قىلىشقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە رەسۇلۇللانىڭ ھۆكمىگە رازى بولمىغىچە ۋە ھەتتا ئۇنىڭ ھۆكمىگە قارىتا قەلبلىرىدە قىلچىلىك سىقىلىش بولسىمۇ، تۈگىمىگىچە، ھېچكىمنىڭ مۇئمىن بولالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس زاتى بىلەن قەسەم قىلدى.»

ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ: «الله كىشىلەرنىڭ نىگىزلىك مەسىلىلەردە، مەيلى تارماق مەسىلىلەردە، مەيلى دۇنيا ئىشلىرىدا ۋە مەيلى ئاخىرەت ھۆكۈملىرىدە بولمىسۇن، ئۆز ــ ئارا دە تالاش قىلىشقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە رەسۇلۇللانى ھۆكۈمران قىلمىغۇچە ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ قەتئى يوق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس زاتى بىلەن كۈچلۈك قەسەم قىلدى. الله يەنە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى سىقىلىش تۈگىمىگىچە ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللانىڭ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىشى بىلەنلا مۇئمىن بولالمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. شۇنداقلا بۇنىڭغا يەنە تالاشماستىن، سەۋەپ

كۆرسەتمەستىن پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇش قوشۇلمىغۇچە ئۇلارنىڭ يەنىلا مۆئمىن سۈپىتىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدى».

﴿ وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا مُبِينًا ﴾

**﴿ اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ(يەنى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾ (ئەھزاپ، 36).**

دېمەك، مۆئمىن ئەر ـ ئاياللارنىڭ اللەنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىگە رازىمەنلىك بىلەن تەسلىم بولۇشتىن باشقا تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئېنىق ھۆكمى بولغان ئىشلاردا، اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنى بۇگۈنكى كافىر دىمكراتچىلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويۇش ياكى خالايدىغانلارنىڭ قول كۆتىرىشى، خالىمايدىغانلارنىڭ قول كۆتۈرمەسلىكى بىلەن كۆپ سانلىقلارنىڭ خاھىشىغا تاپشۇرۇش يولى بويىچە ھەل قىلماقچى بولغان كىشىلەر قۇرئانى كەرىمنىڭ ئىسپاتى بىلەن ھەرگىزمۇ مۆئمىن ئەمەس.

اللەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَيَقُولُونَ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّى فَرِيقٌ مِنْهُمْ مِنْ بَعْدِ ذَلِكَ وَمَا أُولَئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ ﴾

**﴿ ئۇلار(يەنى مۇناپىقلار) اللەغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق، دېيىشىدۇ، (يەنى ئۇلار بۇنى تىلىدا دەۋا قىلىدۇ، لېكىن ئەمىلى ھاياتىدا) ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن كېيىن (شەرىئەت ھۆكۈمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن مۆئمىن ئەمەس. (يەنى ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىكى دەۋالىرىنى ئۇلارنىڭ ئەملىيتى ئىنكار قىلىدۇ﴾. (نۇر، 47)**

يوقۇرىدىكى ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن قىلمىشلىرى بايان قىلىنغان بولسا، تۆۋەندىكى بۇ ئايەتتە مۆئمىنلەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن قىلمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ:

﴿ إِنَّمَا كَانَ قَوْلَ الْمُؤْمِنِينَ إِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ أَنْ يَقُولُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ﴾

**﴿ (پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار اﷲغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر ﴾ (نۇر، 51).**

«محمد رسول الله» دەپ شاھادەت ئېيتقانلىق ئۆز ـ ئارا دە ـ تالاش قىلىشقان، بىرلىككە كېلەلمىگەن ئىشلارنى خەلقنىڭ تاللىشىغا سۇنۇش ئەمەس، ياكى كۆپ سانلىقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويۇش ئەمەس، ياكى مەلۇم پارتىيە ـ گوروھلارنىڭ قارار چىقىرىشىغا سۇنۇش ئەمەس ۋەياكى باشقا ئىنسانلارنىڭ پىكرىگە مۇراجىئەت قىلىش ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ﷺغا ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە سۇنۇش، پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە مۇراجىئەت قىلىش ھەققىدە اﷲ ئالدىدا ئەھدە بىلدۈرگەنلىكتۇر. اﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا ﴾

**﴿ ئى مۇئمىنلەر! اﷲغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اﷲغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇراجەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر اﷲغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقى ) ئىشىنىدىغان بولساڭلار. بۇ (يەنى اﷲنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر. ﴾ (نىسا، 59).**

بۇ ئايەت شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىختىلاپلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە اﷲنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجەت قىلىش اﷲغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بارلىق ئىشلاردىكى ھۆكۈمنى اﷲنىڭ كىتابىدىن ياكى پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننىتىدىن ئالماي، بەلكى باشقا ياقلاردىن ئالغان كىشىلەرنىڭ ئىمانى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

«محمد رسول الله» دەپ شاھادەت ئېيتقانلىقنىڭ ھېچقانداق بىر سۆزنى ياكى ھۆكۈمنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزىنىڭ ۋە ھۆكمىنىڭ ئۈستىگە قويماسلىق، ھېچقانداق بىر كىشىنى

پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئالدىغا قويماسلىق ھەققىدە الله ئالدىدا ۋەدە بەرگەنلىكىگەدۇر. اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُقَدِّمُوا بَيْنَ يَدَيِ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ * يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَنْ تَحْبَطَ أَعْمَالُكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَ ﴾

**﴿ ئى مۇئمىنلەر! سىلەر اللهنىڭ ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، اللهدىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر* ئى مۇئمىنلەر! (رەسۇلۇللاغا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقۇرى قىلماڭلار. سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقۇرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (توۋلاپ) يۇقۇرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان) ياخشى ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ﴾ (ھۇجۇرات، 1 ـ 2).**

يۇقۇرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، پەيغەمبەر ﷺغا گەپ قىلغاندا پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئاۋازىدىن يوقۇرى ئاۋازدا گەپ قىلغان كىشىلەرنىڭ، پەقەت يوقۇرى ئاۋازدا گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزلىرى سەزمىگەن ھالدا ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىنىڭ خەۋپى بولغانىكەن. ئۇنداقتا ئۆزىنىڭ سۆزىنى، ھۆكمىنى ياكى باشقىلارنىڭ سۆزىنى ۋە ھۆكمىنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزىنىڭ ياكى ھۆكمىنىڭ ئۈستىگە قويغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى نېمە بولار؟!.شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىنىڭ خەۋپى تېخىمۇ چوڭدۇر. ھالبۇكى ئەمەللەرنى شېرىك ۋە كۇفرىلا بىكار قىلىۋېتىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە «ئۆتكۈر شەمشەر» ناملىق كىتاۋىدا يوقۇرىدىكى ئايەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «يوقۇرىدىكى ئايەتتە، سىلەر سەزمىگەن ھالدا ئەمەللىرىڭلارنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يوقۇرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن يوقۇرى ئاۋازدا پاراڭلاشقاندەك، پەيغەمبەرگە يوقۇرى ئاۋازدا گەپ قىلماڭلار، دېيىلگەن. پەقەت كافىر بولغاندىلا، ئاندىن ئەمەللەر بىكار بولىدۇ. چۈنكى ئىمان بىلەن ئۆلۈپ

كەتكەن كىشى مۇقەرەر ھالدا جەننەتكە كىرىدۇ، ئەگەر دوزاخقا كىرىپ قالغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن جەننەتكە چىقىدۇ. مۇبادا ئۇنىڭ ھەممە ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن بولسا ئىدى، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئەسلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەللەرنى پەقەت ئۇنىڭغا بىر پۈتۈن قارىمۇ ـ قارشى بولغان نەرسىلا بىكار قىلىۋېتىدۇ، ھالبۇكى ئەمەللەرگە بىر پۈتۈن قارشى بولغان ئامىل پەقەتلا كۇفرىلىقتۇر. دېمەك، پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئاۋازىدىن ئۈنلۈك ئاۋازدا پاراڭ قىلغان، پەيغەمبەر ﷺغا ئۈنلۈك ۋاقىراپ گەپ قىلغان كىشىنىڭ كافىر بولۇپ كېتىشىنىڭ خەۋپى ۋە ئېھتىماللىقى ناھايىتى كەسكىن تۈردە مۆئەييەنلەشتۈردى. چۈنكى ھەممىگە مەلۇمكى، پەيغەمبەر ﷺ يۈكسەك دەرىجىدە ھۆرمەت قىلىشقا، ئىززەت قىلىشقا، ئۇلۇغلاشقا ۋە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك كىشىدۇر، شۇنداقكەن ئۇنىڭغا يوقۇرى ئاۋازدا گەپ قىلىش گەرچە قەستەن بولمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئازار يەتكۈزۈپ قويۇشى ۋە ئۇنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمدى مەقسەتسىز ھالدا يۈز بەرگەن ئەدەپسىزلىكتىن كېلىپ ئازار يەتكۈزۈش ۋە مەنستىمەسلىك كىشىنى كافىر قىلغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئەتەي ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئازار يەتكۈزۈش ۋە مەنستىمەسلىك تېخىمۇ ئېغىر كافىرلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە! «.

ئىبنى قەييىم «ئەلئەئلام» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدىن ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلىشى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە (يەنى ئۇلارنىڭ كافىر بولۇپ كېتىشىگە ) سەۋەپ بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ شەخسى كۆز قاراشلىرىنى، ئەقلى يەكۈنلىرىنى، شەخسى قىزىقىشلىرىنى، سىياسىئونلىقلىرىنى ۋە بىلىملىرىنى، دانىشمەنلىكلىرىنى پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئۈستىگە، ئەقىدىنىڭ ئۈستىگە قويغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىچۇ؟! ئەجەبا بۇلارنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇشقا (يەنى بۇلار كافىر بولۇشقا) تېخىمۇ مۇناسىپ ئەمەسمۇ؟!».

ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇلۋاھاب (الله بۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر ئادەمنى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويسا، ئۇ كافىر بولۇپ ئۇنىڭ قېنى ۋە مېلى ھالال بولىدۇ، ئىككى شاھادەت بىلەن نامازمۇ ئۇنىڭغا مەنپەئەت قىلمايدۇ».

دېمەك، بىر كىشىنى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويغان ئادەم ھەققىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇلۋەھھاب يوقۇرىدىكى سۆزنى قىلغان ئىكەن، ئۇنداقتا بىر كىشىنى پەيغەمبەر ﷺ دىن يوقۇرى ئورۇنغا قويغان ئادەم ھەققىدە قانداق ھۆكۈم قىلىنىشى ۋە نېمە دېيىلىشى مۇمكىن؟!.

«محمد رسول الله» (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ ئەلچىسىدۇر) دەپ شاھادەت ئېيتقانلىقنىڭ مەنىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا ئەگىشىش ئۇنىڭغىلا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقىغا ئەگەشمەسلىك، باشقىلارغا ئەگىشىشكە توغرا كەلگەندە ئۇنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلىكى ئېنىق بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئەھۋالدا ئاندىن ئەگىشىش ھەققىدە اللەغا ئەھدە بەرگەنلىكتۇر. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان ۋە پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلغان كىشىگە ئىتائەت قىلىشقا قەتئى بولمايدۇ، اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: ئەگەر سىلەر اللەنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، اللە سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، اللە ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇ، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾. (ئالى ئىمران، 31)**

دېمەك، اللەنىڭ بەندىسىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ۋە بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺغا ئەگەشكەنلىكىدۇر، ئەگىشىشكە بېقىپ مۇھەببەت بولىدۇ، مۇھەببەتكە بېقىپ ئەگىشىش بولىدۇ. مۇھەببەت بىلەن ئەگىشىش ئۆز ـ ئارا بىرسى بىرنى شەرت قىلىدۇ...بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەر ﷺغا ئەسلا ئەگەشمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئۆز ياراتقۇچىسىنى قىلچىلىكمۇ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنىڭ ھەمدە ياراتقۇچىسىنىڭمۇ ئۇنى قەتئى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنىڭ روشەن ئىسپاتىدۇر. ھالبۇكى ياراتقۇچىسىغا ھېچقانداق مۇھەببىتى بولمىغان كىشى ھەرگىزمۇ مۇئمىن بولالمايدۇ.

جابىردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: **«ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ** پەيغەمبەر **ﷺنىڭ قېشىغا تەۋراتنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئېلىپ كېلىپ: ‹ئى اللەنىڭ ئەلچىسى!**

**بۇ تەۋراتنىڭ بىر نۇسخىسى ئىكەن›، دېدى. پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي جىم تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئۆمەر ئۇنى ئوقۇشقا باشلىدى، غەزەپتىن پەيغەمبەر ﷺنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئەبۇبەكرى ئۆمەرگە: ‹ئۆلگۈر![1] پەيغەمبەر ﷺنىڭ چىرايىغا قارىمامسەن؟!›، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر پەيغەمبەر ﷺنىڭ چىرايىغا قاراپ (چۆچىگەن ھالدا): ‹اﷲنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ غەزەپ قىلىشىدىن اﷲغا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. اﷲنىڭ پەرۋەردىگارىمىز بولغانلىقىدىن، ئىسلامنىڭ دىنىمىز بولغانلىقىدىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولغانلىقىدىن مەمنۇنمىز!›، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان اﷲ بىلەن قەسەمكى، مۇبادا مۇسا ئاراڭلاردا بولۇپ، سىلەر مېنى قويۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتكىنىڭلاردا، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولاتتىڭلار. مۇبادا مۇسا ھايات بولۇپ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى تاپقان بولسا ئىدى، ئۇ ماڭا ئەگەشكەن بولاتتى›، دېدى﴾.**[2]

مەن دەيمەنكى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قويۇپ اﷲنىڭ پەيغەمبىرى بولغان مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەنلەر ھەققىدە پەيغەمبەر ﷺ يوقۇرىدىكى سۆزنى قىلغان ئىكەن، ئۇنداقتا پەيغەمبەر ﷺ نى ۋە ئۇنىڭ تەلىملىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، گۇللىنىش پارتىيىسىگە ۋە ئۇنىڭ تاغۇتلىرىغا ياكى كومپارتىيەگە ياكى ئۇنىڭ تاغۇتلىرىغا... مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىدا كەڭ تارقالغان سوتسىيالىستلار پارتىيىسى، مىللەتچىلەر پارتىيىسى، دىموكراتچىلار پارتىيىسى، لىبرالىستلار پارتىيىسى ۋە ئىلمانىزىم پارتىيىسى... دىگەندەك پارتىيە، گوروھلارغا ۋە ئۇلارنىڭ تاغۇتلىرىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھۆكمى نېمە بولىشى مۇمكىن؟!. شۈبھىسىزكى، ئۇنداق كىشى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىسمۇ ۋە ئېغىزدا «محمد رسول الله» دەپ شاھادەت ئېيتسىمۇ، ئۇ توغرا يولدىن ئازغان دىگەن ھۆكۈمگە تېخىمۇ مۇناسىپتۇر، ئۇنىڭ ئىسلامدا ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق!.

[1] بۇ ئەرەبلەرنىڭ تىلىغا جارى بولۇپ كەتكەن ئادەت سۆزى بولۇپ قارغىش مەنىسىدە ئەمەس ـ ت.
[2] تەۋھىد توپلىمى، 82 ـ بەت.

«**محمد رسول الله**» دەپ شاھادەت ئېيتقانلىقنىڭ مەنىسى پەيغەمبەر ﷺ نى، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى جېنىڭدىن، مېلىڭدىن، ئاتا ـ ئاناڭدىن، بالىلىرىڭدىن، خوتۇنلىرىڭدىن، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىڭدىن ۋە پۈتۈن دۇنيادىن ئارتۇق ۋە چوڭقۇر ياخشى كۆرۈش ھەققىدە ئەھدە قىلغانلىقىڭدۇر.

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ قُلْ إِنْ كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ ﴾**

**﴿ ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشتىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللهدىن، اللهنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللهنىڭ ئەمرى (يەنى اللهنىڭ ئازابى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى اللهنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ ﴾ (تەۋبە، 24).**

پەيغەمبەر ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنغان بىر سەھىھ ھەدىستە دېيىلىشىچە، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «**سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا مەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن، بالىسىدىن ۋە پۈتۈن كىشىلەردىن سۆيۈملۈك بولمىغۇچە، ئۇ ھەرگىز مۇئمىن بولغان بولمايدۇ ». (بۇخارى ۋە مۇسلىم).**

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە دېيىلىشىچە، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «**ھەر قانداق بىر بەندە ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىنمۇ، مال ـ دۇنياسىدىنمۇ ۋە پۈتۈن ئادەملىرىدىنمۇ سۆيۈملۈكراق بولمىغۇچە، ئۇ مۇئمىن بولمايدۇ».**

ئابدۇللا ئىبنى ھىشامدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «**بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە ئىدۇق، ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قولىنى تۇتىۋالغان ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب:**

**‹ئى اللەنىڭ ئەلچىسى! مەن سېنى جېنىمدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن بەكراق ياخشى كۆرىمەن›، دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: ‹ياق! جېنىم قولىدا بولغان اللە بىلەن قەسەمكى، مەن ساڭا جېنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈكراق بولمىغۇچە ماڭا سادىق بولغان ۋە مۇكەممەل مۇئمىن بولغان بولمايسەن›، دېدى. ئۇمەر ئىبنى خەتتاب: ‹اللە بىلەن قەسەمكى، ئەمدى سەن ماڭا جېنىمدىنمۇ سۆيۈملۈكراق›، دېگەندى. پەيغەمبەر ﷺ : ‹ئەمدى بولدى، ئۇمەر!›، دېدى. ﴾(بۇخارى).**

«لا اله الا الله محمد رسول الله» دېگەن شاھادەتنىڭ مەنىلىرى ئەنە شۇلاردىن ئىبارەتتۇر. ئەمدى سىز شۇ شاھادەتنىڭ مەنىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالاپسىزمۇ؟ ۋە شۇ شاھادەتنىڭ ئەھلىدىن بولالاپسىزمۇ؟ ئۆزىڭىزگە ئەستايىدىل قاراپ بېقىڭ!، اللەنىڭ ھېساپ ئېلىشىغا دۇچ كەلگەندە پۇشايمان قىلىپ، پۇشايمىنىڭىز پايدا بەرمەيدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن ئۆزىڭىزدىن ـ ئۆزىڭىز ئوبدانراق ھىساپ ئېلىپ بېقىڭ!.

*   *   *   *   *

# 3 ـ ئىبادەت
# (قۇلچىلىق قىلىش)

ئى اللهنىڭ بەندىسى! شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، اللهتەئالا ئۆز بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ ياشاش غايىسىنى كۆرسىتىپ بەرمەستىن، ھاياتتا ماڭىدىغان يولىنى يورۇتۇپ بەرمەستىن، ئۇلار ئۇچۇن يول بەلگۈلىرىنى بەلگىلەپ بەرمەستىن، شۇنداقلا ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشى بىلەن يامانىنى پەرىقلەندۈرىدىغان، پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىغا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا يېتەكلەيدىغان ئۆلچەملەرنى تۇرغۇزۇپ بەرمەستىن ئۇلارنى پىلانسىز ۋە مەقسەتسىز ياراتقان ئەمەس. بۇنداق قىلىش اللهنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئالىي سۈپەتلىرىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، ھېچبىر نۇقسانسىز ئىسىم ـ سۈپەتلەرنىڭ ئىگىسى بولغان الله، مەنىسىز ئىش قىلىشتىن ياكى بەندىلىرىنى نىشانسىز يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى نازارەت قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلمايدىغان بىمەنە ئىشلارنى سادىر قىلىشتىن مۇتلەق خالىدۇر ۋە پاكتۇر. اللهتەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ * فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ ﴾

**﴿ ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكارغا ياراتتى، ئۆزەڭلارنى دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟* ھەق پادىشاھ ـ الله ئۇستۇندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ﴾ (مۇئمىنۇن، 115 ـ 116).**

بىلىشىڭىز كېرەككى، الله بەندىلىرىنى پەقەت بىرلا غايە بىلەن ياراتقانكى، ئۇبولسىمۇ: شۇ بەندىلىرىنىڭ اللهنى يەككە ـ يىگانە دەپ ئېتىقاد قىلىشى ۋە بارچە قۇلچىلىقلىرىنى پەقەت شۇ يىگانە اللهغىلا قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. دېمەك، ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى ۋە دۇنياغا كەلتۈرۈلۈشىدىكى بىردىن ـ بىر غايە پەقەت اللهغىلا قۇل بولۇپ ياشاش، ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكتۇر.

ﷲتەئالاغىلا ئىبادەت قىلىش غايىلەرنىڭ غايىسى بولۇپ، بۇ غايە يولىدا باشقا غايە ۋە ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قىممىتىنى يوقىتىدۇ. مەيلى قانچىلىك چوڭ غايىلەر بولمىسۇن، ئۇنى بۇ ئاساسى غايىنىڭ ئالدىغا قويۇشقا ياكى ئۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىپ بۇ ئاساسى غايىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا قەتئى بولمايدۇ.

ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ ﴾

**﴿ جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت (يەنى قۇلچىلىق) قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم ﴾ (زارىيات، 56).**

دېمەك، ﷲنىڭ جىنلار بىلەن ئىنسانلارنى، بەلكى پۈتۈن مەۋجۇداتنى يارىتىشىدىكى ئاساسى نىشانى ئۇلارنى ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلدۇرۇشتۇر.

ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ...وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَهًا وَاحِدًا لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴾

**﴿ ...(ھالبۇكى)ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا(يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ﷲدىن باشقا) ھېچ مەبۇد (يەنى بەندىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا ھەقلىق بەرھەق) يوقتۇر، ﷲ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر﴾ (تەۋبە، 31).**

ﷲتەئالا بۇھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ ﴾

**﴿ ئۇلار ئىبادەتنى (يەنى قۇلچىلىقنى) پەقەت ﷲغىلا قىلغان (تاغۇتتىن، تاغۇتنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ)، پەقەت ھەق دىنغىلا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ﷲغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى، نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە(بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار توغرا دىندۇر ﴾ (بەيىينە، 5).**

ئاللاھ تەئالانىڭ يوقۇرىدىكى ئايەتتىكى ﴿ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلدى، زاكاتنى بېرىشكە بۇيرۇلدى. ﴾ دېگەن سۆزى ناماز ۋە زاكاتنىڭ ئىبادەت مەزمۇنىنىڭ سىرتىدىكى ئايرىم بىر ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئىبادەت مەزمۇنى ئىچىدىكى ئالاھىدە تۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولًا أَنِ اُعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ ﴾

**﴿ بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۇممەتكە: ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن يىراق بولۇڭلار، دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. ﴾ (نەھل، 36).**

ئاللاھ تەئالا مۇشۇ مەزمۇندا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ ﴾

**﴿ ئى مۇھەممەد! سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: مەندىن باشقا ھېچبىر ھەقىقى ئىلاھ يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، دەپ ۋەھيي قىلدۇق. ﴾ (ئەنبىيا، 25).**

دېمەك، ئادەم ئاتىمىزدىن تارتىپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ئارلىقتا ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ بىردىنبىر ئاساسى ۋەزىپىسى كىشىلەرنى ئاللاھنى يەككە ـ يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىشقا ۋە ئىبادەتنى، قۇلچىلىقلىرىنى پەقەت ئاللاھقىلا قىلىشقا دەۋەت قىلىشتۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىن كىمكى ئىبادەت ۋە قۇلچىلىقلىرىنى يىگانە ئاللاھقىلا قىلماي، مەلۇم مەخلۇقاتلارغا قىلسا، ياكى ئاللاھ بىلەن قوشۇپ باشقا باتىل مەئبۇدلارغا ۋە تاغۇتلارغا قىلسا، بۇنداق كىشىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىسى دەپ قاراش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ھەدىس قۇددۇسىدا (يەنى ئاللاھقا نىسبەت بېرىلگەن ھەدىستە) مۇنداق دېيىلگەن: **«ھەقىقەتەنمۇ، ئاللاھ تەئالا مۇنداق دەيدۇ: بىز مال ـ دۇنيانى كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشى ۋە زاكات بېرىشى ئۈچۈن چۈشۈردۇق»** [1].

[1] ئەھمەد ۋە تىبرانىلار رىۋايەت قىلغان.

بۇ ھەدىس شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مال ـ دۇنيا بەندىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسى غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشلىرى، ناماز ئوقۇشلىرى ۋە زاكات بېرىشلىرى ئۈچۈن نازىل قىلىنغان ۋاستىدۇر. ئى ﷲنىڭ بەندىسى! ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، سىز غايىنى ۋاستىگە، ۋاستىنى غايىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن، ياكى ۋاستىلەرگە بېرىلىپ كېتىپ ئاساسى غايىدىن خەۋەرسىز قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ!...غايىلەر ۋە بۈيۈك مەقسەتلەرنى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا ۋاستىلەرگە غەرىق بولۇپ، ئۇنى غايە تىكلەپ ياشاۋاتقان كىشىلەر رىئال ھاياتتا نېمە دېگەن كۆپ ـ ھە!.

ئى ﷲنىڭ بەندىسى! بىلىشىڭىز كېرەككى، ﷲنىڭ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە ئىنتايىن بىر ئۇلۇغ ھەققى بولۇپ، ھېچقانداق بىر ھەققىنى بۇ ھەقنىڭ ئالدىغا قويۇشقا، ئۆزىڭىزنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى دەپ بۇ ھەقنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا قەتئى بولمايدۇ. چۈنكى ﷲنىڭ ھەققى ھەممىدىن ئۈستۈنكى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەق بولمايدۇ، ﷲنىڭ ھەققى ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇكى، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھەق بولمايدۇ. ئۇنداقتا سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىكى ﷲنىڭ ھەققى نېمە؟، ﷲنىڭ سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىكى ھەققى سىزنىڭ پۈتۈن ئىبادەتلەرنى ئۇنىڭغىلا قىلىشىڭىز، ئۇنىڭغىلا قۇل بولۇپ ئۆتىشىڭىز ۋە ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭىز.

ھەدىستە مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: **«ئى مۇئاز، ﷲنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟»** دېگەندە، ئۇ: **«ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ جاۋاپ بېرىپ: «ئىبادەتلەرنى ﷲغىلا قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچنىمىنى شېرىك قىلماسلىق. ئۇنداقتا بەندىلەرنىڭ ﷲ ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟»دېگەندە، ئۇ: «ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ يەنە ئۆزى جاۋاپ بېرىپ: «ئۇلارنى (يەنى ﷲغا شېرىك كەلتۈرمىگەن بەندىلەرنى) ئازاپلىماسلىق» دېگەن[1].**

ئەلۋەتتە بۇ ﷲغا شېرىك كەلتۈرمىگۈچىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىدۇر.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

ئەمما اللەنى يەككە ـ يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلغان، ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىدە اللەغا شېرىك كەلتۈرمىگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: اللەنىڭ ھەققىنى جايىدا ئادا قىلغان كىشىلەرنىڭ دۇنيادىكى مۇكاپاتى ۋە سەمەرىسى بولسا اللەنىڭ ئۇلارنى ھاكىمىيەتكە ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە قىلىشىدۇر. ئۇلارنىڭ ئەنسىز خاتىرجەمسىز ھاياتىنى تېنىچ ۋە خاتىرجەم ھاياتقا ئايلاندۇرۇپ بېرىشىدۇر. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا ﴾**

**﴿ الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ. ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. ﴾ (نۇر، 55).**

دېمەك، اللەنىڭ يۇقۇرىدىكى ۋەدىلىرگە ۋە ئىنئاملىرىغا نائىل بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتى اللەغىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئاشۇ شەرتنى ئىشقا ئاشۇرماي تۇرۇپ ھاكىمىيەتنى قولماقچى ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولماقچى بولغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە چۆلدە كۆرۈنگەن سەرابنى(ئالۋۇننى) سۇ گۇمان قىلىپ ماڭغان تەشنا يولۇچىدەك خام ـ خىيالغا بېرىلگەن كىشىلەردۇر. ئۇنداقتا خەلقنىڭ (يەنى مەخلۇقلارنىڭ) ھۆكۈمرانلىقىنى، خوجايىنلىقىنى خالىقنىڭ (يەنى ياراتقۇچىنىڭ) ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۈستىگە قويىدىغان بۆگۈنكى دېمكراتىيەنىڭ مەسھۇلاتلىرى بولغان شېرىك يوللار ئارقىلىق ئىسلامى ھاكىمىيەت قۇرماقچى، مۇسۇلمانلارنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماقچى بولغان كىشىلەرنى نېمە دېيىش كېرەك؟، تەبىئكى ئۇلار تېخىمۇ ئازغۇن، تېخىمۇ نادان ۋە تېخىمۇ خاتالاشقان كىشىلەردۇر.

الله يولىدىكى ئىسلامى دەۋەت ساھەسىدە ھەرىكەت قىلغۇاتقان دەۋەتچى قېرىنداشلىرىمىز مەيلى دەۋەت ۋەمەيلى باشقا جەريانلاردا بولمىسۇن، بۇ ئاساسلىق غايىدىن غاپىل بولماسلىقى، ھەققانىيەت ۋە ئۆزگەرتىش مىزانىنى ئىلگىرى ـ كېيىن قىلالمايدىغان باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ بۇ ئاساسى نۇقتىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقى لازىم.

تاغۇتلار سىزنىڭ ھەرقانداق بىر تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىزنى، ھەر قانداق بىر تېما ئۈستىدە گەپ قىلىشىڭىزنى، ھەر قانداق تارماق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشىڭىزنى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئەجابى پىكىرلەرگە دەۋەت قىلىشىڭىزنى قۇبۇل قىلالىشى مۇمكىن، ھەتتا بۇ جەھەتتە نەتىجىڭىز كۆرۈنەرلىك بولسا، سىزنى يېقىن ئادەملەردىن قىلىۋېلىشى، سىزگە ئالاھىدە ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلارنى بېرىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار سىزنىڭ راستچىللىق بىلەن: زېمىندا بەندىلەرنىڭ ئىبادەت (يەنى قۇلچىلىق) قىلىشىغا زادى كىم ھەقلىق؟... اللهمۇ، ياكى تاغۇتمۇ؟، دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويىشىڭىزنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ. زېمىندا ھۆكۈم چىقىرىشقا، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە، يەكۈن چىقىرىشقا، قانۇن ـ تۈزۈم بەلگىلەشكە، ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىيدىغان ئۆلچەمنى بىكىتىشكە، رۇخسەت قىلىشقا ۋە چەكلەشكە (ھالال بىلەن ھارامنى بەلگىلەشكە) زادى كىم ھەقلىق؟، اللهمۇ؟ ياكى تاغۇتمۇ؟، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرە تەلەپ قىلىشىڭىزغا ھەرگىزمۇ سۈكۈت قىلمايدۇ.

ئۇلار زېمىندا شەرتسىز ئىتائەت قىلىنىدىغان كۈچ زادى كىم؟ اللهمۇ ياكى تاغۇتمۇ؟!. . . . زېمىندا ئىنسانلار ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قانۇن اللهنىڭ قانۇنىمۇ؟ ياكى تاغۇتنىڭ قانۇنىمۇ؟! دېگەن مەسىلە ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىشىڭىزنى ھەگىز قوبۇل قىلالمايدۇ.

ئۇلار ھەم شەرتسىز ياخشى كۆرۈلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن دوستلىشىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەنلىشىدىغان، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر شۇنىڭ ئۈچۈنلا تەقسىم قىلىنىدىغان كۈچ زادى اللهمۇ؟ ياكى تاغۇتمۇ دىگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشىڭىزنى قەتئى قوبۇل قىلالمايدۇ.

مانا بۇ جىنايەتكار تاغۇتلار قۇبۇل قىلالمايدىغان يۇقۇرىدىكى مەسىلىلەر بولسا ئەمىلىيەتتە زېمىندا ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەقىقى مەئبۇد كىم؟ اللهمۇ ياكى تاغۇتمۇ؟ ھەقىقى ئىلاھ زادى كىم؟ اللهمۇ ياكى تاغۇتمۇ دېگەن سوئالنىڭ ئەينى مەنىلىرى ئىدى. بۇنى تاغۇتلار ھەقىقەتەن قۇبۇل قىلالمايدۇ. ئۇلار ساپ تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەۋەت قىلغۇچىلارنى چەكلەش ۋە يۇقۇرىدىكى سوئاللارنى ئوتتۇرغا قويغۇچىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىتى قۇبۇل قىلالمايدىغان ۋەھشى ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا، ئىنسانىيەتتە چەكلەنگەن قەبىھ جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشقا ۋە قولىدىن كەلگەنلىكى زوراۋانلىقلارنى ئىشقا سېلىشقا ھامان تەيياردۇر. ئۇلارنىڭ تۈرمە ۋە زىندانلىرىنىڭ تەۋھىد دەۋەتچىللىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ پولاتتەك پاكىتىدۇر.

لېكىن پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت يولىغا ئەگەشكەن دەۋەتچىلەرنىڭ بۇ ئاساسى مەسىلىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ ھەققانىيەت، ئادالەت ۋە ئۆزگەرتىش مىزانىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان ئىككىلەمچى مەسىلىلەرگە، تارماق مەسىلىلەرگە ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىختىيارلىقى يوق! يەنە كېلىپ بۇ ئاساسى مەسىلە (يەنى زېمىندا ھەقىقى مەئبۇد كىم؟ اللهمۇ ياكى تاغۇتمۇ؟ دېگەن مەسىلە) ئەڭ ئالدى بىلەن ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىنمىسا، باشقا ئىككىلەمچى مەسىلىلەرنى، تارماق ئەمەللەرنى ساغلام ۋە ئىزچىل ھالدا داۋاملاشتۇرۇشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

شۇ دەۋەتچىلەر ئەڭ مۇھىم بولغان بۇ ئاساسى مەسىلىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىشى، مەيلى قانچە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىشىدىن قەتئىنەزەر بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇكەممەل ۋە يېتەرلىك بولغان ئىجابى جاۋاپقا ئېگە بولغانىغا قەدەر، بۇ مەسىلىدىن باشقا مەسىلىلەرگە ئۆتۈپ كەتمەسلىكى لازىم.

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْا إِلَى كَلِمَةٍ سَوَاءٍ بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلَّا نَعْبُدَ إِلَّا اللَّهَ وَلَا نُشْرِكَ بِهِ شَيْئًا وَلَا يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضًا أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ فَإِنْ تَوَلَّوْا فَقُولُوا اشْهَدُوا بِأَنَّا مُسْلِمُونَ ﴾

**﴿ ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت اللهغىلا ئىبادەت قىلىش، اللهغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، اللهنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك**

**ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى تەۋھىد كەلىمىسىگە) ئەمەل قىلايلى!، دېگىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى قوبۇل قىلمىسا)، سىلەر (ئەھلى كىتاب) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار! دەڭلار.﴾ (ئالى ئىمران، 64).**

مانا بۇ ئايەت مۇئمىنلەرنىڭ يەھۇدى ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلار بىلەن قانداق سۆھبەتلىشىش، نېمە ھەققىدە سۆھبەتلىشىش ۋە قانداق دىئالوگلاردا بولۇش ھەققىدە اللەنىڭ ئۇلارغا بەرگەن روشەن يولىيورۇقىدۇر.

الله بۇ ئايەتتە بىز مۇئمىنلەرگە يولىيورۇق بېرىپ، ئالدى بىلەن بىز ئەھلى كىتابنى ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان (يەنى ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممىمىز باراۋەر بولغان، ھېچقايسىمىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزدىن ئارتۇقچىلىقى بولمىغان بىر كەلىمىگە) كېلىشكە چاقىرىشنى بۇيرۇيدۇ. ئاندىن بۇ كەلىمەنىڭ (يەنى تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ) پەقەت اللەغىلا ئىبادەت قىلىشىمىز، اللەغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىمىز، اللەنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقىمىز (يەنى اللەنىڭ شەرىئىتىنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزگە قانۇن تۈزۈپ بەرمەسلىكىمىز، بىر ـ بىرىمىزنىڭ قىلىدىغان، قىلمايدىغان ئىشلىرىنى بەلگىلەپ بەرمەسلىكىمىز، بۈگۈنكى دېمكراتىيە شۇنداقلا دىكتاتۇرا تۈزۈملىرى سايىسى ئاستىدىكى جەمئىيەتلەرگە ئوخشاش قىممەت قاراشلىرىمىزنى، ئەخلاق ۋە قىممەت ئۆلچەملىرىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە تاڭماسلىقىمىز) دىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاندىن ئەگەر ئەھلى كىتابلار يوقۇرىقى كەلىمىگە كېلىشنى رەت قىلسا، بىزنىڭ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، خىجىل بولماستىن، قورقۇپ قالماستىن، ئاشكارا ھالدا ئۆزىمىزنىڭ «مۇسۇلمان» ئىكەنلىكىمىزنى ئۇلارغا ئېلان قىلىشىمىزنى بۇيرۇيدۇ.

ئەپسۇس! پەرۋەردىگارىمىزنىڭ مۇئمىنلەرگە ئەھلى كىتاپلار بىلەن قانداق سۆھبەتتە بولۇش ھەققىدە شۇنچە ئېنىق كۆرسەتمە بەرگىنىگە ۋە سۆھبەت تېمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەرگىنىگە قارىماي، بىزنىڭ پۈشتىمىزدىن بولغان بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار ئەھلى كىتاپلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت يىغىنلىرىدا، قورۇلتايلاردا، مەجلىس ۋە سورۇنلاردا پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئاشۇ كۆرسەتمىسىگە كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، ئۇنى تىلغا ئېلىشقا ھەتتا

ئىشارەت قىلىشقىمۇ جۇرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ سۆھبەتلەردە تەكرار ـ تەكرار ئوتتۇرغا قويۇلغان، قارشى تەرەپ بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ھەممە سىياسىئونلار ۋە تاغۇتلار تەرىپىدىن ئالدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن مەسىلىلەر ۋە تېمىلار ئۈستىدە توختىماستىن گەپ ساتىدۇ.

مەسىلەن: قىسمەن دەۋەتچىلەر ۋە شەيخلەرنىڭ ئەھلى كىتابلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلىرىدە «ئىسلامدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسى»، «ئىسلام دىنى نىمە ئۈچۈن ئۆيلەردە ئىت بېقىشنى ھارام قىلغان؟»، «ئاياللارنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى»، «ئىسلامدىكى ئىنسان ھوقۇقلىرى ۋە ھايۋانلارنىڭ ھوقۇقلىرى»...دېگەندەك تارماق مەسىلىلەر بىلەن ۋاقىتلىرىنى ئىسراپ قىلىشلىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر. قارشى تەرەپ تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمىگەن، «اللهدىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوق» دىگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىجابى جاۋاپ قايتۇرمىغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ يوقۇرىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشەنىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىجابى جاۋاب قايتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

قىسقىسى، مانا بۇ بىزنىڭ دۇنياغا كېلىشىمىزدىكى ۋە ياشىشىمىزدىكى بىردىنبىر غايە بولغان ـ ئىبادەتتۇر، مانا بۇ ئۇنىڭ اللهنىڭ دىنىدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيتىدۇر. مانا بۇ اللهنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. ئۇنداقتا كۆپ ساندىكى كىشىلەر بۇ غايىگە يېقىنلىشالىدىمۇ؟ ۋە اللهنىڭ بۇ ھەققىگە ۋاپا قىلالىدىمۇ؟!.

نۇرغۇن كىشىلەردىن ئۇلارنىڭ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، بۇ ھاياتتا نېمە ئۈچۈن ئىشلەيدىغانلىقىنى سورىسىڭىز، ئۇلارنىڭ جاۋابى بىر يەردىن چىقمايدۇ. بىرى تاغدىن جاۋاب بەرسە يەنە بىرى باغدىن جاۋاب بېرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى ئاساسەن دۇنيا مەنپەئەتلىرى ۋە دۇنيانىڭ مەئىشەت ۋە زىننەتلىرىدىن نېرى كەتمەيدۇ، بىرى كاتتا بىر داچا سېلىشنى نىشان قىلسا، يەنە بىرى بىر جىلغا ئالتۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن پىلان تۈزىدۇ، مۇبادا بىر جىلغا ئالتۇنغا ئىگە بولسا، يەنە بىر جىلغا ئالتۇن ئۈچۈن پىلان تۈزىدۇ، ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزىنى زېمىننىڭ توپىسى توشقۇزمىغىچە، ئۇنىڭ كۆزى دۇنياغا تويمايدۇ. بىرى دۇنيالىق مەنسەپنى قولغا كەلتۈرۈشنى نىشان قىلسا، يەنە بىرى جەمئىيەتتە ئاتاقلىق شەخس بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، بىرى ئۆزىنىڭ شەھۋەتلىرىنى ھارام يول بىلەن قاندۇرۇشنى نىشان قىلسا، يەنە

بىرى باشقا بىر دۇنيالىق ئارزۇلارنى نىشان قىلىدۇ... قىسقىسى ھەممىسى ئىنساننى ئەسلى دۇنياغا يارىتىلىشتىكى ئاساسى غايىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان جاۋابلاردۇر!.

ئەنە شۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئىچىدىن توغرا جاۋاب بېرىپ: بىز بۇ دۇنياغا اللهغىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلدۇق، دېيەلەيدىغانلىرى تولىمۇ ئاز. بىراق سىز ئۇلارغا تەكرار سوئال قويۇپ، ياخشى جاۋاب بەردىڭىز، لېكىن سىزنىڭ يارىتىلىشتىكى ۋە ياشاشتىكى غايىڭىز بولغان شۇ ئىبادەتنى قانداق چۈشۈنىسىز؟ دېسىڭىز، ئۇ شۇئان ئىبادەت نىمە بولاتتى؟ ئۇ ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش، زاكات بىرىش، قۇربانلىق قىلىش، زىكرى ئېيتىش، مەسجىدلەردە ئېتكاپ قىلىش دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھەتتا كىشىلەر: ﴿ ...اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ ﴾ **﴿ اللهغا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللهدىن باشقا ھەقىقى مەبۇد يوقتۇر. ﴾ (ئەئراپ، 85)** دېگەن ئىلاھى بۇيرۇقنى پەقەت ناماز ئوقۇڭلار، روزا تۇتۇڭلار ۋە ھەج قىلىڭلار... دەپلا چۈشۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، بۇ پەرىزلەر ئىبادەت مەزمۇنى ۋە ئاتالغۇسى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىبادەتلەردۇر، لېكىن ئۇ الله بەندىلىرىدىن تەلەپ قىلغان ئىبادەتنىڭ ياكى ئىبادەت مەزمۇنىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، شۇنداقلا ئىبادەتنىڭ مەزمۇنىنى بۇ مۇھىم پەرىزلەر ۋە دىنى پائالىيەتلەر بىلەنلا چەكلەپ قويۇش ئىنتايىن خاتادۇر.

كىشىلەردىكى ئىبادەتنىڭ مەنىسگە بولغان بۇ خاتا چۈشەنچە ھەرگىزمۇ سەۋەپسىز ياكى تاساددىپى شەكىللىنىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن مەقسەتلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغان خاتا پىكىرلەر ۋە قاتمۇ-قات سۇيىقەستلەرنىڭ نەتىجىلىرىدۇر. اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَمَكَرُوا مَكْرًا كُبَّارًا ﴾**

**﴿ ئۇلار چوڭ ھىلە-سۇيىقەست تۈزدى ﴾ (نوھ، 22).**

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَقَالَ الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا لِلَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا بَلْ مَكْرُ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ إِذْ تَأْمُرُونَنَا أَنْ نَكْفُرَ بِاللَّهِ وَنَجْعَلَ لَهُ أَنْدَادًا وَأَسَرُّوا النَّدَامَةَ لَمَّا رَأَوُا الْعَذَابَ وَجَعَلْنَا الْأَغْلَالَ فِي أَعْنَاقِ الَّذِينَ كَفَرُوا هَلْ يُجْزَوْنَ إِلَّا مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ﴾**

**﴿ بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: ‹ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، (سىلەرنىڭ بىزگە كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكىرىڭلار(بىزنى ئىماندىن توستى). ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اﷲنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتىڭلار›، دەيدۇ. ئازابنى كۆرگەن چاغدا، ئۇلار(يەنى ھەر ئىككى گۇرۇھ ئىمان ئېيتمىغانلىقلىرىغا) ئىچىدە پۇشايمان قىلىدۇ، كافىرلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاقاقلارنى سالىمىز، ئۇلارغا پەقەت قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ ﴾. (سەبەئ، 33).**

كېچە بىلەن كۈندۈزدەك بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن بۇ ھىيلە ـ مىكىر ۋە سۇيىقەستلەر نەچچە ئون يىل ھەتتا نەچچە ئەسىر داۋام قىلدى، نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ ئىبادەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ۋە ئىبادەتكە تۇتقان پوزىتسىيىلىرى بۆگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ھىيلە ـ مىكىر ۋە سۇيىقەستلەرنىڭ پىلانلىغۇچىلىرى ۋە ئىجراچىلىرى بىر تەرەپتىن كافىرلاردىن بولغان ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئازغۇن، بىلىمسىز ۋە قېيىپ كەتكەن مۇسۇلمانلارمۇ بىلىپ ـ بىلمەي بۇ سۇيىقەستنىڭ ئىشتىراكچىللىرىغا ئايلاندى.

ئەلبەتتە، مىسال ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئىچىدىن بۇ ئازغۇن كىشىلەرنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئۈچ تۈركۈم كىشىلەرنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن: بىرىنچىسى، ئىبادەتنى دۆلەتتىن، ھاكىمىيەتتىن ۋە ھاياتنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىن ئايرىپ، ئۇنى پەقەت ئىبادەتخانىلار، مەسجىدلەر ۋە قىسمەن شەخسى دىنى پائالىيەتلەر بىلەنلا چەكلەپ قويىدىغان ئىلمانىزىمچى زىندىقلاردۇر. ئىككىنچىسى، ئىبادەتنى قىسمەن دىنى ـ قائىدە يوسۇنلار، زىكرى ـ تەسبىھلەر ۋە شەخسى ئىبادەت پائالىيەتلىرى بىلەنلا چەكلەپ، ئۇنى شەرىئەتنىڭ سىياسى تەرەپلىرىدىن، خەلقنىڭ رىئاللىقىدىن ۋە ھاياتنىڭ باشقا ساھەلىرىدىن ئايرىۋەتكەن سۇفىزىمچىلاردۇر. «تەبلىغۇلجەمائە» نىمۇ ھەم شۇ قاتاردىن ساناش مۇمكىن. ئۈچىنچىسى، ئەمەلنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرىدىغان، ئەمەلنى ئىماننىڭ مەزمۇنىدىن ۋە شەرتلىرى قاتارىدىن چىقىرىۋېتىدىغان، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەمەلگە سەل قارىشىغا، ئىتائەتتىن باش تارتىشىغا، ئىبادەتكە سەل قارىشىغا، ئىماننىڭ تەستىق ۋە ئىقرار قىسمى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان ئىپلاس جۇھەمىلەر ۋە مۇرجىئىلاردۇر. مانا بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى

بۇرمىلاش ۋە كىشىلەرنى اللهغا مۇناسىپ رەۋىشتە ئىبادەت قىلىشتىن توسۇش جىنايىتىنىڭ شېرىك جاۋابكارلىرىدۇر.

ئىبادەتنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى بۇ خاتا ۋە يېتەرسىز چۈشەنچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپتىن اللهنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى ئۇلار ئۇنى ئىبادەت دەپ چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۆزلىرىنىڭ اللهنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىۋاتقىنىنى بىلمەيتتى. اللهغا پەقەت ناماز بىلەنلا ئىبادەت قىلىدىغان، ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى پەقەت نامازغىلا باغلاپ چۈشىنىدىغان بىر ئادەم ناماز ئۇچۇن سەرپ قىلغان بىر سائەت ۋاقتىدىن باشقا يىگىرمە ئۈچ سائەت ۋاقتىنى كىمگە سەرپ قىلىدۇ؟ ھالبۇكى ئىنسان بەندە (يەنى ئىبادەت قىلغۇچى) سالاھىيەت بىلەن ۋە ئىبادەت قىلىش تەبىئىتى بىلەن يارىتىلغان بولۇپ، اللهغا ئىبادەت قىلمىغان كىشى مەيلى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، مەيلى ئېتراپ قىلسۇن ياكى ئېتراپ قىلمىسۇن ئۇ چوقۇم اللهنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

ئى اللهنىڭ بەندىسى! مەيلى سىز بىلىڭ، مەيلى بىلمەڭ، مەيلى ئېتراپ قىلىڭ، مەيلى ئېتراپ قىلماڭ سىزنىڭ اللهغا ئىبادەت قىلىشتىن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىڭىز ئەمەلىيەتتە اللهنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋاقتىڭىزدۇر.

ئەمدى جاۋاب بېرىش زۆرۈر بولغان ئىنتايىن مۇھىم بىر سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلىشى كېرەك:

ئىبادەت مەسىلىسى ئاشۇنداق جىددى ۋە خەتەرلىك مەسىلە بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئىبادەتنىڭ ئىسلامدىكى ئەسلى مەنىسى، شۇنداقلا بەندىلەر ئېتقاد قىلىشقا ۋە ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك مەزمۇنى نېمىلەردىن ئىبارەت؟.

مەن دەيمەنكى: ئىبادەت (يەنى قۇلچىلىق قىلىش) دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن بويسۇنۇش، ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىش ۋە شەرتسىز ئىتائەت قىلىش...دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. ئادەتتە كىشىلەر تولا دەسسەپ تۈزلىنىپ كەتكەن يولنى «طَرِقٌ مُعَبّدٌ» دەپ ئاتايدۇ. يەنى «ئىبادەت» سۆزىدىن تۈرلەنگەن «مُعَبّدٌ» دېگەن مەجھۇل سۈپەتداش بىلەن «طَرِقٌ» (يەنى يول) دېگەن ئىسىم سۈپەتلىنىپ «تۈپ ـ تۈز يول» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما «ئىبادەت» سۆزىنىڭ شەرئىيەتتىكى مەنىسىگە كەلسەك، ئۇ الله ياخشى كۆرىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى،

الله ياخشى كۆرىدىغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئەمەللەرنىڭ (يەنى تەنىنىڭ ئەمەللىرى ۋە قەلبىنىڭ ئەمەللىرى) ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ مەزمۇنلۇق ئاتالغۇدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىبادەت ئىنسان بۇ ھاياتتا ياشىغان ھەر قانداق ۋاقىت، ھەر قانداق ئورۇننى، ئېتىقادى پائالىيەتلەرنى ۋە باشقا ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبادەت مەلۇم ۋاقىت ۋە مەلۇم ئورۇن بىلەن چەكلەنمەيدۇ. شۇنىڭدەك مەلۇم ئەمەللەر بىلەنمۇ چەكلەنمەيدۇ. بەلكى ئۇ ئىنساننىڭ تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر بىر نەپەسلىرى، ھەرىكەتلىرى ۋە جىم تۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىبادەت پەرز ۋە مۇستەھەپ ئەمەللەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان مۇباھ ئەمەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئادەتتە ياخشى مەقسەت بىلەن قىلىنغان مۇباھ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى الله ئەجىر بېرىدىغان خالىس ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ...ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشى ئىبادەتتۇر...بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى ۋە تائەت ـ ئىبادەتكە ئىقتىدارلىق بولۇش مەقسىتى بىلەن يەپ ـ ئىچىش ۋە ئۇخلىشىمۇ ئىبادەت بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن اللهنىڭ ئەجرىگە ئېرىشەلەيدۇ...بىر ئادەمنىڭ جىھاد تەييارلىقى نىيىتى بىلەن اللهنىڭ دىنىغا ۋە بۇ ھاياتتىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا لايەقەتلىك بولغان بىر تەنگە ئىگە بولۇش نىيىتى بىلەن تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ ئىبادەت بولۇپ، بۇنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، چۈنكى، كۈچلۈك مۇئمىن اللهنىڭ ئالدىدا ئاجىز مۇئمىنگە قارىغاندا ياخشىدۇر ۋە سۆيۈملۈكتۇر...يەنە بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ، بالىلىرىنىڭ ۋە ئائىلىنىڭ خىراجەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇلارنى باشقىلاردىن بىر نەرسە تىلەشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەمگەك ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ ئىبادەت، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەجرگە ئېرىشىدۇ، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە: **«ئائىلىڭغا بەرگەن تامىقىڭ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر، بالاڭغا بەرگەن تامىقىڭ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر، خىزمەتچىڭگە بەرگەن تامىقىڭ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر، ئۆزۈڭگە بەرگەن تامىقىڭ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر»**[1]دېيىلگەن.

[1] ئەھمەد ۋە تىبرانىلار رىۋايەت قىلغان.

ھەتتا بىر كىشىنىڭ ئائىلىسى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشى، ئەۋلاد كۆپەيتىش، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى ھارامغا يېقىنلىشىپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئايالى بىلەن ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشىمۇ ئىبادەت ھېساپلىنىپ، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە، ساھابىلەر: **«ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ جىنسى شەھۋىتىمىزنى قاندۇرغىنىمىزغىمۇ ئەجىر بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ : مۇبادا شەھۋەتنى ھارام يول بىلەن قاندۇرسا گۇناھكار بولاتتىمۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئۇنى ھالال يول بىلەن قاندۇرسا ئەلۋەتتە ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. » (مۇسلىم رىۋايىتى).**

شۇنىڭدەك ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان مۇباھ (شەرئەتتە رۇخسەت قىلىنغان) ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ.

بىر كىشىنىڭ باشقا ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشى، ھەتتا ھايۋاناتلارنىڭ ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىشىمۇ ئىبادەت ھېساپلىنىدۇ.

دىنى ھوقۇق، ھاياتلىق ھوقۇقى، ئەقلىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش ھوقۇقى، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە دەخلى قىلماسلىق ھوقۇقى ۋە ئىقتىسادى ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئىبارەت ئىسلام شەرئىتى قوغداشنى مەقسەد قىلغان بەش خىل ھوقۇققا رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىبادەت مەزمۇنى ئىچىگە كىرىدۇ.

الله ياخشى كۆرىدىغان ئىمان شاخلىرى پەقەت ناماز، روزا، زاكات ياكى ھەج شاخچىسىلا ئەمەس، بەلكى ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاددىسى يولدىكى ئەرزىيەتلەرنى يىراق قىلىش بولسا، ئۇنىڭ يۇقۇرىسى ﴿ لا اله الا الله ﴾دىن ئىبارەت تەۋھىد شاھادىتىدۇر. پەيغەمبەر ﷺنىڭ سەھىھ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: **«ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغى ﴿ لا اله الا الله ﴾ دەپ شاھادەت ئېيتىشتۇر، ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋىنى بولسا يولدىكى ئەرزىيەتنى يىراق قىلىشتۇر، ھالبۇكى ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر»**. ئىبادەت بولسا ئەنە شۇ ئىمان شاخچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ*لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر* اللەنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللەغىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن ﴾ (ئەنئام، 162~163).**

روشەنكى نامىزىڭ ۋە قۇربانلىقىڭلا اللە ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى سېنىڭ پۈتۈن ھاياتىڭ، ھاياتىڭنىڭ سائەتلىرى، مىنۇتلىرى، سېكونتلىرى ۋە بۇ جەرياندا ئېلىپ بېرىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭنىڭ ھەممىسى اللە ئۈچۈنلا بولۇشى لازىم. ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە سېنىڭ ئۆلۈمىڭمۇ اللە يولىدا بولىشى، ھاياتىڭ اللە يولىدا ۋە تەۋھىد ئۇستىدە ئاخىرلىشىشى لازىم...!، مۇبادا سەن تەۋھىد ئۈستىدە ئۆلمىسەڭ، ياكى اللەنىڭ يولىدىن باشقا يوللاردا ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئۇنداقتا شېرىك ئۈستىدە ئىمانسىز ئۆلۈپ كەتكەن بولىسەن. چۈنكى ئەڭ ئاخىرقى ھېساپتا سېنىڭ تەقدىرىڭنى بەلگىلەيدىغىنى سېنىڭ ھاياتىڭنىڭ خاتىمىسىدۇر. شۇڭا ھاياتىڭ تەۋھىد ئۈستىدە ئاخىرلاشمىسا، سەن پۈتۈن ھاياتىڭدا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭدىن بەھرىمەن بولالمايسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىنىڭ خاتىمىسىنىڭ ياخشى ۋە ساغلام ئاخىرلىشىشىغا، ئۆلۈمىڭنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈنلا بولۇشىغا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشىڭ كېرەك!. اللەدىن بىزنى ئىمان ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىشنى، ھاياتىمىزنى ئىمان بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى تىلەيمىز!.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇنداق دەيمىزكى؛ زامانىمىزدىكى تاغۇت يولىدا، تاغۇتنىڭ مەقسەدلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئۆلگۈاتقان، تاغۇتنىڭ تەختىنى، ھاكىمىيەت ۋە باتىل تۈزۈملىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلگۈاتقان، ۋەتەن يولىدا ياكى ئىنسانپەرۋەرلىك يولىدا، مىللەتچىلىك يولىدا ۋە ياكى شۇلارغا ئوخشىغان جاھىلىيەت مەزمۇنلىرى، جاھىلىيەت بايراقلىرى ۋە جاھىلىيەت شوئارلىرى ئاستىدا ئۆلگۈاتقان كىشىلەر قىلچىلىكمۇ ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىلەر ئەمەستۇر. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈن ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كىشى ئۆزى، دىنى ۋە ئاخىرىتى ھەققىدە قاتتىق سەگەك ۋە ئېھتىياتچان بولىشى لازىم. اللە

خالىسا بىز مۇھاكىمىمىزنىڭ ئاخىرىدا «شېھىدلىك» ئاتالغۇسى ۋە ئۇقۇمى ھەققىدە سۆز قىلغىنىمىزدا بۇ ھەقتە قايتىدىن توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈركى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تىلىغا ئۇمۇملىشىپ كەتكەن «بىردەم رەببىڭ ئۈچۈن، بىردەم ئۆزۈڭ ئۈچۈن» دېگەن سۆز شېرىك سۆزدۇر. بۇنىڭدىن ۋاقتىڭنىڭ، ھاياتىڭنىڭ ۋە ئەمەلىڭنىڭ بىر قىسمىنى اللهنىڭ غەيرى ئۈچۈن قىلغىن دېگەن مەزمۇن چىقىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەڭ توغرا سۆز پەيغەمبەر ﷺ ئىپادىلەپ بەرگەندەك: **«سېنىڭ ئۈستۈڭدە پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەققى بار، ئۆزۈڭنىڭ ھەققى بار ۋە ئائىلەڭنىڭمۇ ھەققى بار، ھەر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بەرگىن»** دېيىش كېرەك. ھالبۇكى بۇ ھەقلەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەت سۈپىتىدە ئادا قىلىنىدۇ.

### ئىبادەت تېمىسىغا كىرىپ كېتىدىغان ئۇقۇملار ۋە ئەمەللەر

بۇ مۇھاكىمىمىزنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق بولۇشى ئۈچۈن، تۆۋەندە بىز ئىبادەت مەزمۇنلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن مۇشۇ جەھەتتە شېرىككە چۈشۈپ قېلىۋاتقان بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە تەپسىلى توختۇلۇپ ئۆتمىسەك بولمايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

#### 1 ـ دۇئا قىلىش (يەنى چاقىرىش) ۋە ياردەم تەلەپ قىلىش

ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر مەخلۇقتا سېغىنىپ دۇئا قىلىشنى، مەخلۇقتىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىشنى، ياردەم ۋە مەدەت تىلەشنى ئىبادەت قىلغانلىق ھېساپلانمايدۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇلار مەلۇم مەخلۇقلارغا ۋە ئۆزلىرى ئەۋلىيا، سالىھ دەپ ئېتىقاد قىلغان كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرىگە يۈزلىنىپ، ئۇلارغا سېغىنىپ دۇئا قىلىپ، ئۇلارغا دەرت ئەھۋالىنى تۆكۈپ، ئۇلاردىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەشنى، ئۇلاردىن پايدا يەتكۈزۈشنى ئۆتۈنۈپ، زىياندىن ساقلاپ قېلىشنى سوراشنى گۇناھ ھېس قىلمايدۇ. ئۇلار ئەشۇ مەخلۇقلارنى ياكى «ئەۋلىيا» لارنى اللهنىڭ ئالدىدا ئالاھىدە ھۆرمەتكە ۋە ئىمتىيازغا ئىگە دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن ۋە ھاجەت

تىلەكلەرنى پەقەت شۇلار ئارقىلىقلا ئاندىن اللهغا يەتكۈزىلىدۇ دەپ قارىغانلىقتىن، ئۆزلىرىنى بىز يەنىلا بىز تەۋھىد ئۈستىدە، ئىبادەتنى يەككە ـ يېگانە بىر اللهغىلا قىلىمىز دەپ يۈرىۋېرىدۇ.

بىز ئۇلارغا ئالدى بىلەن شۇنداق دەيمىزكى: دۇئا قىلىش، شۇ جۈملىدىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش، ياردەم ۋە مەدەت بېرىشنى تىلەش... قاتارلىقلار ئىبادەت مەزمۇنى ئىچىدىكى ئالاھىدە ئىبادەتلەردۇر. شۇڭا كىمكى دۇئانى پەقەت اللهغا سېغىنىپلا قىلسا، ياردەم ۋە مەدەتنى پەقەت اللهدىنلا تىلىسە ئۇ بۇ جەھەتتە ئىبادەتنى اللهغىلا قىلغان بولىدۇ، ئەكسىچە كىمكى اللهنىڭ غەيرىگە سېغىنىپ دۇئا قىلسا، ئۇ غەيرىنىڭ كىم بولىشىدىن قەتئىنەزەر ئۇ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان ۋە ئىبادەتتە اللهغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«دۇئانىڭ ئۆزىلا ئىبادەتتۇر، پەرۋەردىگارىڭلار الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ: ‹ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن›.** [1]

ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ : **«ھەقىقەتەن دۇئانىڭ ئۆزى ئىبادەتتۇر» دېگەن، ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿ وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ ﴾ ﴿ ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن. ﴾. (غافىر، 60).**

شۇڭا كىمكى دۇئانى اللهنىڭ غەيرىگە سېغىنىپ قىلسا، ئۇ ئاشۇ غەيرىگە ئىبادەت قىلغان ۋە ئاشۇ غەيرىنى اللهغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ : **«ئىبادەتنىڭ ئەۋزىلى دۇئادۇر» دېگەن.**

دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ دۇئانى ئىبادەت ئائىلىسى ۋە مەزمۇنى ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزىلى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

سىزنىڭ ئىبادەتنى پەقەت اللهغىلا قىلىشىڭىز، دۇئانى پەقەت اللهغىلا سېغىنىپ قىلىشىڭىز، مەدەت ۋە ياردەمنى پەقەت اللهدىنلا تەلەپ قىلىشىڭىز دەل اللهنىڭ پاتىھە سۈرىسىدىكى مۇنۇ سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر: ﴿ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ﴾ **﴿ (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز ﴾.** بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئى رەببىمىز! ساڭىلا

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم سورايمىز... سەندىن باشقىغا ئىبادەت قىلمايمىز، سەندىن باشقىغا دەرت تۆكۈپ ياردەم سورىمايمىز، دېگەنلىكتۇر.

ئەپسۇس، مەن شۇنداق كىشىلەرگە ھەيرانمەنكى، ئۇلار كۈندىلىك نامىزىدا پاتىھە سۈرىسىدىكى يوقۇرقى ئايەتنى نەچچە ئون قېتىم ئوقۇيدۇ ـ يۇ، يەنە اللهنىڭ غەيرىگە سېغىنىپ دۇئا قىلىدۇ، اللهنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىدۇ، اللهنىڭ غەيرىدىن ياردەم ۋە مەدەت تىلەيدۇ. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ باتىل ۋە شېرىك ئىكەنلىكىنى ئېيتسىڭىز، ئۇلار سىزدىن تېخى پاكىت تەلەپ قىلىدۇ!.

ئىبنى ئاببىاس رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئارقىسىدا (يەنى ئۇلاغقا پەيغەمبەر ﷺنىڭ مىنگەن ھالەتتە) ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا مۇنداق دېدى: «ئى يىگىت! الله شۇ ئارقىلىق ساڭا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىر قانچە سۆزنى تەلىم بەرمەيمۇ!، اللهنى ئېسىڭدە ساقلىغىن، الله سېنى (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ساقلايدۇ. اللهنى (خارتىرجەم چېغىڭدا) ئەستىن چىقارمىغىن، سەن ئۇنى قىيىنچىلىقتا يولۇققانداق كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن. سورىماقچى بولساڭ اللهدىن سورىغىن، ياردەم تىلىمەكچى بولساڭ اللهدىن تىلىگىن، بىلىشىڭ كېرەككى، (تەقدىرنى يازىدىغان) قەلەم كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغان. يەنە شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، پۈتۈن مەخلۇقاتلار بىرلىشىپ الله تەقدىردە ساڭا ئىرادە قىلمىغان كىچىككىنە بىر نەرسىنى ساڭا يەتكۈزمەكچى بولۇشسا، بۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ...»**[1]. دېمەك، مەسىلە ئەنە شۇنداق ئېنىق ۋە كەسكىن بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئىنسانىنىڭ ھەممىگە ئىگە بولغان، ھەممىدىن بىھاجەت ۋە ھەممىگە قادىر بولغان، نېمىنى خالىسا شۇنى قىلالايدىغان ياراتقۇچىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىگە پايدا ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان كىشىلەرگە قەلب رىشتىسىنى باغلاپ، ئۇلارغا سېغىنىپ دۇئا قىلىپ، ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئۇلاردىن قورقۇپ ۋە ئۇلاردىن ياردەم تىلەپ يۈرىشى ئاشكارا بىمەنىلىكتۇر،ساراڭلىقتۇر ۋە كاپىرلىقتۇر.

[1] ئىبنى ئەبى ئاسىم رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس.

پەيغەمبەر ﷺ بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: **«كىمكى اﷲغا دۇئا قىلمىسا، اﷲ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ»**.[1] اﷲتەئالاغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلمايدىغان ئادەمگە اﷲ غەزەپ قىلغان يەردە، دۇئانى ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەممىگە قادىر اﷲغا يۈزلەندۈرمەي، باشقا مەخلۇقلارغا يۈزلەندۈرگەن، باشقىلارغا ئەمەس ھەتتا ئۆزىگىمۇ اﷲنىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى قىلچىلىك پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈش قولىدىن كەلمەيدىغان ئاجىز مەخلۇقلارغا سىغىنىپ دۇئا قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى نىچۇك بولار؟!.

اﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَا تَدْعُ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَنْفَعُكَ وَلَا يَضُرُّكَ فَإِنْ فَعَلْتَ فَإِنَّكَ إِذًا مِنَ الظَّالِمِينَ ﴾

**﴿ اﷲنى قويۇپ، ساڭا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە يۈزلىنىپ دۇئا قىلمىغىن، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ، چوقۇم (ئۆزەڭگە) زۇلۇم سالغۇچىلاردىن (يەنى مۇشرىكلاردىن) بولىسەن ﴾. (يۇنۇس، 106).**

اﷲتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَلَا تَدْعُ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ فَتَكُونَ مِنَ الْمُعَذَّبِينَ ﴾

**﴿ اﷲ بىلەن قوشۇپ يەنە باشقا ھېچ بىر ئىلاھقا يۈزلىنىپ دۇئا قىلمىغىن، ئۇنداق قىلساڭ، ئازاب قىلىنغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن ﴾. (شۇئەرا، 213).**

اﷲتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِنْ يَمْسَسْكَ اللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُ إِلَّا هُوَ وَإِنْ يُرِدْكَ بِخَيْرٍ فَلَا رَادَّ لِفَضْلِهِ يُصِيبُ بِهِ مَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَهُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ ﴾

**﴿ ئەگەر اﷲ ساڭا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز اﷲدىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگەر اﷲ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، اﷲنىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ. اﷲ پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ. اﷲ (بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى) مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) مېھرىباندۇر ﴾. (يۇنۇس، 107).**

[1] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس.

ﷲتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنْ يَدْعُو مِنْ دُونِ اللَّهِ مَنْ لَا يَسْتَجِيبُ لَهُ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَهُمْ عَنْ دُعَائِهِمْ غَافِلُونَ ﴾

**﴿ ﷲنى قويۇپ ، قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلالمايدىغان مەخلۇقلارغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلغان (يەنى ئىبادەت قىلغان) ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ ھالبۇكى ئۇ مەخلۇقلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر ﴾. (ئەھقاپ ، 5) .**

ﷲتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَمَّنْ يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ وَيَجْعَلُكُمْ خُلَفَاءَ الْأَرْضِ أَءِلَهٌ مَعَ اللَّهِ قَلِيلًا مَا تَذَكَّرُونَ ﴾

**﴿ بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا ، (ئۇنىڭ دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان ، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتىرىۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىنىنىڭ ئورۇن باسارلىرى قىلغان كىم؟ ﷲدىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز ـ نەسىھەت ئالىسىلەر ﴾. (نەمل ، 62) .**

ﷲتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَالَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِهِ مَا يَمْلِكُونَ مِنْ قِطْمِيرٍ*إِنْ تَدْعُوهُمْ لَا يَسْمَعُوا دُعَاءَكُمْ وَلَوْ سَمِعُوا مَا اسْتَجَابُوا لَكُمْ وَيَوْمَ الْقِيَامَةِ يَكْفُرُونَ بِشِرْكِكُمْ وَلَا يُنَبِّئُكَ مِثْلُ خَبِيرٍ ﴾

**﴿ ...ﷲنى قويۇپ چاقىرىۋاتقان (يەنى ئىبادەت قىلىۋاتقان) بۇتلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس* ئەگەر ئۇلارنى چاقىرساڭلار (يەنى ئۇلارغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلساڭلار) ، سىلەرنىڭ چاقىرغىنىڭلارنى (يەنى دۇئايىڭلارنى) ئاڭلىمايدۇ ، ئاڭلىغان تەقدىردىمۇ سىلەرگە جاۋاب قايتۇرالمايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇلار (ﷲغا ئۇلارنى) شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئىنكار قىلىدۇ ، (مۇشرىكلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ باتىل ئىلاھلىرىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىنى ھېچكىم) ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زاتتەك (يەنى ﷲدەك) ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ ﴾. (فاتىر ، 13 ـ 14) .**

ئۇلار: بىزنىڭ ئۇ مەخلۇقلارغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلغانلىقىمىز ، ئۇلارنى چاقىرغانلىقىمىز ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىقىمىز ئەمەس ، ئۇلار بىزنى ﷲغا يەتكۈزىدىغان ۋاستىلىرىمىز بولغانلىقى

ئۇچۇنلا بىز ئۇلارنى چاقىرىمىز، ئۇلار اللەنىڭ ئالدىدا بىزگە ۋاستە بولىدۇ ۋە بىزگە شاپائەت قىلىدۇ، بىزنى اللەغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ اللەنىڭ ئالدىدىكى ئورنى ۋە مەرتىۋىسى يوقۇرى دىيىشى مۈمكىن، ئەگەر ئۇلار شۇنداق دىسە، بىز ئۇلارغا دەيمىزكى، بۇ دەل ئەينى زاماندىكى ئەرەب مۇشرىكلىرىدا كۆرۈلگەن شىرىكنىڭ ئۆزىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۇلار بىلەن دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلغان! . اللەتەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَيَعْبُدُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنْفَعُهُمْ وَيَقُولُونَ هَؤُلَاءِ شُفَعَاؤُنَا عِنْدَ اللَّهِ قُلْ أَتُنَبِّئُونَ اللَّهَ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِي السَّمَاوَاتِ وَلَا فِي الْأَرْضِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴾

**﴿ ئۇلار اللەنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، بۇلار (يەنى بۇتلار) اللەنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار دىيىشىدۇ. ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا بۇنداق نەرسە (يەنى اللەنىڭ شېرىكى ۋە شاپائەت قىلغۇچى) بولۇپ، ئۇنى الله بىلمەي قېلىپ، سىلەر ئۇنى اللەغا ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر﴾. (يۇنۇس، 18).**

اللەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَلَا لِلَّهِ الدِّينُ الْخَالِصُ وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى اللَّهِ زُلْفَى إِنَّ اللَّهَ يَحْكُمُ بَيْنَهُمْ فِي مَا هُمْ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ كَاذِبٌ كَفَّارٌ ﴾

**﴿ بىلىڭلاركى، ھەقىقى ساپ دىن اللەغا خاستۇر، اللەنى قويۇپ بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار: بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنىشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى اللەغا يېقىنلاشتۇرىشى ئۈچۈندۇر (دەيدۇ)، الله ھەقىقەتەن (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله ھەقىقەتە يالغانچىنى، (اللەنىڭ نېئمىتىگە) كۇفرىلىق قىلغۇچىلارنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾. (زۇمەر، 3).**

ئىبنى كەسىر يوقۇرىدىكى ئايەتنىڭ تەپسىرى ئۈستىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلارنىڭ ئۇ بۇتلارغا چوقۇنۇشلىرىدىكى سەۋەب شۇ ئىدىكى، ئۇلار ئۇ بۇتلارنى ئۆز دەۋالىرىدا اللەنىڭ يېقىن پەرىشتىلىرىنىڭ سۈرەتلىرى بويىچە ياساشقان ئاندىن شۇ بۇتلارغا چوقۇنغانلىقلىرىنى ئاشۇ پەرىشتىلەرگە چوقۇنغانلىق دەپ ھېساپلاشقان، ھەمدە شۇ پەرىشتىلەرنى

ﷲنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىدۇ، ﷲنىڭ ئالدىدا ۋاستە بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ قىينچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشقان.

بەغەۋى ئۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ئۈستىدە توختالغاندا قەتادەدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلارغا: سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار كىم؟ سىلەرنى، ئاسماننى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان دېيىلسە، ئۇلار: ﷲ، دەپ جاۋاب بېرىشەر ئىدى، ئۇنداقتا سىلەرنىڭ بۇتلارغا چوقۇنغىنىڭلار نېمىسى؟ دېيىلسە، ئۇلار: ئۇلار بىزنى ﷲغا يېقىنلاشتۇرىدۇ دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.»

ئىبنى تەيمىيە (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) پەتۋالار توپلىمىدا مۇنداق دەيدۇ: «پەرىشتىلەرگە خىتاب قىلىدىغان، پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھ كىشىلەر ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىگە بېرىپ ئۇلارغا خىتاب قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خىتاب قىلىدىغان قىلمىشلار مۇشرىكلاردا، ئەھلى كىتابلارنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىدئەتچىللىرىدە تېپىلىدىغان شېرىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ قەبىھ شېرىكتۇر. ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ **وَلَا يَأْمُرَكُمْ أَنْ تَتَّخِذُوا الْمَلَائِكَةَ وَالنَّبِيِّينَ أَرْبَابًا أَيَأْمُرُكُمْ بِالْكُفْرِ بَعْدَ إِذْ أَنْتُمْ مُسْلِمُونَ** ﴾ ﴿ **شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پەرىشتىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشقا بۇيرۇشى لايىق بولمايدۇ. مۇسۇلمان بولغىنىڭلاردىن كېيىن پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى كۇفرىغا بۇيرۇمدۇ؟** ﴾**(ئالى ئىمران، 80)**. بۇ ئايەتتە پەرىشتىلەرنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى رەب قىلىۋېلىشنى كافىرلىق دەپ بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كىمكى پەرىشتىلەرنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ۋاستە قىلىپ، ئۇلارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئۇلارنىڭ پايدا يەتكۈزۈشنى، زىياندىن ساقلىشنى تىلىسە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدا ئۇنداق كىشى كافىردۇر. كىمكى ﷲنى دۇنيانىڭ پادىشاھلىرىغا ئوخشۇتۇپ، دۇنيانىڭ پادىشاھلىرى بىلەن خەلقلەر ئارىسىدا ۋاستىلەر بولۇپ، خەلقلەر ئەدەب يۈزىسىدىن پادىشاھلارغا بىۋاستە دېيىشكە پېتىنالمىغان ھاجەتلىرىنى ئەشۇ ۋاستىلەرگە ئېيتقاندەك، ﷲ بىلەن ﷲنىڭ خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستە شەكىللەندۈرۈپ، ئەشۇ ۋاستىلەر بەندىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى ﷲغا يەتكۈزىدۇ، ﷲ ئەشۇ ۋاستىلەر ئارقىلىق بەندىلىرىنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇلارغا رىزىق بېرىدۇ،

بەندىلەر ئەشۇ ۋاستىلەردىن تىلەيدۇ، ئاندىن ئۇ ۋاستىلەر اللەدىن تىلەيدۇ دەپ ئېتىقاد قىلسا، بۇ كىشى مۇشرىكتۇر، كافىردۇر. ئۇ تەۋبىگە بۇيرۇلىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلىشتىن باشتارتسا ئۆلتۈرۈلىدۇ».

ئۇستاز ئىبنى تەيمىيە پەتۋالار توپلىمىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «دۇئا ئىبادەتلەر قاتارىدىندۇر. شۇڭا كىمكى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى يوق بولغان كىشىلەرگە يۈزلىنىپ دۇئا قىلسا، ئۇ دىندا بىدئەت پەيدا قىلغان، اللەغا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقا يوللارغا ئەگەشكەن بولىدۇ...».

ئۇستاز ئىبنى تەيمىيەنىڭ شاگىرتى ئۇستاز ئىبنى قەييۇم (اللە بۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلۈكلەرگە ھاجەت ئېيتىش، ئۇلاردىن ياردەم سوراش ۋە ئۇلارغا يۈزلىنىش...قاتارلىقلار شېرىكنىڭ بىر تۈرى ھېساپلىنىدۇ، دۇنيادىكى شېرىك قىلمىشلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى دەل مۇشۇدۇر. ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئەمەلدىن توختاپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغانلارغا ئەمەس، ھەتتا ئۆزى ئۈچۈنمۇ پايدا ــ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ ھەم ئۇنىڭدىن شاپائەت تىلىگەنلەرگە شاپائەت قىلالمايدۇ. چۈنكى اللەنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم شاپائەت قىلالمايدۇ. ھالبۇكى، اللە بىر ئادەمگە شاپائەتكە ئىزنى بېرىش ئۈچۈن شاپائەت قىلىنغۇچىنىڭ تەۋھىدىنىڭ كامىل بولغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۆلگەن كىشىدىن شاپائەت تەلەپ قىلغان كىشى اللەغا شېرىك كەلتۈرۈپ تەۋھىدنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىدە شاپائەتكە ئىزنى بېرىلىش شەرتىنى يوقاتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلگەن كىشىلەر ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان كىشىلەرگە موھتاجدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ بىزنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلغان چېغىمىزدا ئۇلار ئۈچۈن رەھمەت تەلەپ قىلىشىمىزغا بۇيرۇغان. ئەپسۇسكى، مۇشرىكلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ قەبرىلەرنى ئىبادەت ئۈچۈن زىيارەت قىلىشىپ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ قەبرىلىرىنى بۇتقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتى. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا اللەغا شېرىك كەلتۈرۈش، دىننى ئۆزگەرتىش ۋە تەۋھىد ئەھلى بىلەن دۈشمەنلىشىش جىنايەتلىرىنى سادىر قىلىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شېرىك قىلمىشلىرى بىلەن اللەغا تۆھمەت قىلغۇاتقانلىقى ۋە اللەنىڭ تەۋھىدچى دوستلىرىنى دۈشمەن تۇتۇش بىلەن ئۇلارنىڭ

ئىززىتىگە تېگىۋاتقانلىقلىرىغا قارىماي، تەۋھىد ئەھلىنى ئۆلۈكلەرنى كەمسىتتى دەپ ئەيىپلەشتى. ئەمەلىيەتتە ئەشۇ ئۆلگەن كىشىلەرنى مەئبۇدقا ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇلارنى مۇشۇنىڭدىن رازى دەپ گۇمان قىلىش، ھەتتا ئۇلارنى مۇشۇنىڭغا بۇيرۇغان دەپ قاراشلىرى بىلەن ئۇلارغا ئېغىر دەرىجىدە ھاقارەت كەلتۈرىۋاتقان ۋە ئۇلارنى خورلاۋاتقان كىشىلەر دەل ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىدى. بۇ خىل كىشىلەر قايسى زامان ۋە قايسى ئورۇندا بولىشىدىن قەتئىنەزەر، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇشمەنلىرىدۇر. ئەپسۇسكى، بۇ كىشىلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا ئاۋاز قوشقۇچىلار تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى». [1]

ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى كېچە ـ كۈندۈز اللهغا ئىبادەت قىلىپ، ئاندىن مەلۇم بىر پەيغەمبەرنىڭ ياكى ئەۋلىيانىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ئۇنى چاقىرسا، ئۇ ئىككى ئىلاھقا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ، ئۇ «لا اله الا الله» دەپ شاھادەت ئېيتمىغان بولىدۇ. بۈگۈنكى مۇشرىكلارنىڭ زۇبەيرنىڭ ياكى ئابدۇقادىر جىلانىنىڭ ۋە ياكى باشقىلارنىڭ قەبرىلىرى ئالدىدىكى قىلمىشلىرى دەل بۇنىڭ مىسالىدۇر».

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەلۇم بىر پەيغەمبەرنى ياكى ياخشى كىشىنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ئۇلۇغلاپ، اللهنى قويۇپ ئۇنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: ئى غوجام، مېنىڭ دەردىمگە يەتكەيسەن! ياكى مېنى قۇتقۇزغايسەن! ۋە ياكى سەن ماڭا كۇپايە، مەن سېنىڭ كۇپايەڭدە... دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسا، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شېرىك ۋە ئازغۇنلۇقتۇر. بۇنداق كىشى تەۋبىگە بۇيرۇلىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلمىسا ئۆلتۈرىلىدۇ. ». [2]

### 2 ـ ئىتائەت

اللهغىنا ھەقلىق بولغان ئىتائەت بىلەن اللهنىڭ بەندىلىرى ھەقلىق بولغان ئىتائەتنى پەرىقلەندۈرەلمەيدىغان، شۇنىڭ بىلەن اللهغا خاس بولغان ئىتائەت بىلەن اللهنىڭ بەندىلىرىگە خاس بولغان ئىتائەتنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، اللهغا خاس بولغان قىسمەن ئىتائەتلەرنى اللهنىڭ

[1] «كىتابۇتتەۋھىد»نىڭ شەرھىسى بولغان تەيسىير ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى.
[2] «شەخسى رىسالىلىك» ناملىق كىتاب، 5 ـ قىسىم، 166 ـ بەت.

غەيرىگە قىلىپ، مۇشۇ سەۋەپتىن بىلىپ ـ بىلمەي مۇشرىك بولۇپ كېتىۋاتقان، اﷲنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ياراتقۇچىلا ھەقلىق بولغان ئىتائەت قايسى؟ يارىتىلغۇچى بەندىلەرگە بولغان ئىتائەت قايسى؟ بۇ ئىككى خىل ئىتائەتنىڭ پەرقى نېمە؟ مانا بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

ئى اﷲنىڭ بەندىسى! بىلىشىڭىز كېرەككى، شەرتسىز ئىتائەت قىلىنىدىغان زات پەقەت اﷲدۇر. شەرتسىز ئىتائەت قىلىنىدىغان زات دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى: اﷲ مۇشۇ كائىنات ۋە كائىنات ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى، تەربىيەتچىسى ۋە ئۆزخاھىشى بويىچە ئىش قىلغۇچى بولغانلىقى، ئۇ ئىبادەتكە ھەقلىق بىردىنبىر مەئبۇد بولغانلىقى، گۈزەل ئىسىم ۋە سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن سادىر بولغان ھۆكۈم ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنىڭ مۇتلەق ھەقىقەت، مۇتلەق ئادالەت ۋە مۇتلەق ھىكمەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىنىدۇ. يەنى، مەيلى ئۇنىڭ بۇيرۇغىنى مەيلى ئۇنىڭ چەكلىگىنى، مەيلى ھالال قىلغىنى مەيلى ھارام قىلغىنى، مەيلى ياخشى دەپ مەدھىيلىگىنى ۋە مەيلى يامان دەپ ئەيىپلىگىنى بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىككىلەنمەستىن، سەۋەبىنى ۋە نېمە ئۈچۈنلىگىنى سۈرۈشتە قىلماستىن قەتئى ئىتائەت قىلىنىدۇ. اﷲنىڭ ياخشى دېگىنى مۇتلەق ياخشىدۇر، يامان دېگىنى مۇتلەق ياماندۇر. ئەمما بۇ ئالاھىدىلىك اﷲدىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقتا مەۋجۇت ئەمەس. ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالار توپلىمىدا مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت اﷲنىڭلا ماختىغىنىنىڭ ھەممىسى گۈزەل، سۆككىنىنىڭ ھەممىسى قەبىھتۇر. ئەمما اﷲدىن باشقا ھەرقانداق مەخلۇقتا بۇنداق ئىمتىياز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن **بەنى تەمىم جەمەتىدىن بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺغا: مېنىڭ ماختىغىنىم گۈزەل، ئەيىبلىگىنىم سەت. دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: بۇنداق خاسىيەتكە ئىگە زات پەقەت اﷲدۇر. دەپ رەددىيە بەرگەن. »**

شۈبھىسىزكى، بۇ تۈرلۈك ئىتائەت ئىبادەت بولۇپ، ئۇنى اﷲنىڭ غەيرىگە قىلىشقا قەتئى بولمايدۇ. ئەگەر قايسىبىر كىشى مۇشۇ ئىلاھى خۇسۇسىيەتكە كۆز تىكىپ، باشقىلاردىن ئۆزىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، مەن پالانى بولغانلىقىم ئۈچۈن ھەممە ئادەم ماڭا

شەرتسىز ئىتائەت قىلىشى كېرەك دەپ قارىسا ، ئۇ ئادەم ئۆزى ئۇچۇن ئىلاھلىق خوسۇسىيىتىنى دەۋا قىلغان ۋە ئىلاھلىق ئورنىغا كۆز تىككەن بولىدۇ . ھەمدە ئۇنىڭ مۇشۇ دەۋاسىنى ئېتراپ قىلغان ۋە ئىتائەت قىلغان كىشى ئۇنى اللهغا شېرىك كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ . شۇنىڭدەك ، قايسىبىر بەندە ياكى تەشكىلات ئۆزى ئۇچۇن مۇشۇنداق ئىمتىيازنى دەۋا قىلىپ مېنىڭ بۇيرۇغانلىرىم ياكى توسۇغانلىرىم شەرتسىز ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. مەن چىقارغان قانۇن ـ سىياسەتلەرگە قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ شەرتسىز بويسۇنۇش ۋە ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار ، دەپ دەۋا قىلسا ئۇ فىرئەۋىن ۋە باشقا تاغۇتلارغا ئوخشاش ئۆزى ئۇچۇن ئىلاھلىق ئورنىنى دەۋا قىلغان ئەشەددى تاغۇت بولىدۇ . قايسى بىر شەخس بۇنى ئېتراپ قىلسا ياكى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا ، ئۇ ئاشۇ تاغۇتقا ئىبادەت قىلغان ۋە ئۇنى اللهغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ .

اللهتەئالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آَدَمَ أَنْ لَا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ ﴾

**﴿ سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): ئى ئادەم باللىرى! شەيتانغا ئىبادەت قىلماڭلار ، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر. ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار ، بۇ توغرا يولدۇر ، دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟ ﴾. (ياسىن ، 60) .**

بۇ ئايەتتە الله ﴿ **شەيتانغا ئىبادەت قىلماڭلار** ﴾ دېگەن بولۇپ ، شەيتانغا ئىبادەت قىلىش ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچىسى ، كۇفرى ۋە شېرىك ئىشلاردا شەيتانغا ئىتائەت قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر ، شۇ جۈملىدىن ھالالنى ھارام قىلىشتا ، ھارامنى ھالال قىلىشتا ، الله ئەيىپلىگەننى ياخشى ساناشتا ، الله ياخشى دەپ كۆرسەتكەننى يامان ساناشتا ۋە اللهنىڭ بەندىلىرىنى اللهنىڭ يولىدىن توسۇشتا شەيتانغا ئىتائەت قىلغانلىقمۇ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر .

ئىككىنچىدىن ، شەيتانغا ئىبادەت قىلىش ، ئۇنى مۇقەددەس بىلىش ، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈش ، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھال تارىختا

بەزى نادان مۇشرىكلارنى ئۇنىڭغا بىۋاستە ئىبادەت قىلىشقا، ئۇنىڭغا نەزىر ۋە قۇربانلىقلارنى تەقدىم قىلىشقا ئېلىپ بارغان.

مۇشۇ ھەقتە الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَا تَأْكُلُوا مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ اسْمُ اللَّهِ عَلَيْهِ وَإِنَّهُ لَفِسْقٌ وَإِنَّ الشَّيَاطِينَ لَيُوحُونَ إِلَى أَوْلِيَائِهِمْ لِيُجَادِلُوكُمْ وَإِنْ أَطَعْتُمُوهُمْ إِنَّكُمْ لَمُشْرِكُونَ ﴾

**﴿ (ئى مۇئمىنلەر!) اللهنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھدۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى سىلەر بىلەن دە ـ تالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر ﴾. (ئەنئام، 121).**

بۇ ئايەتتە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ياكى اللهنىڭ غەيرىگە زەبھى قىلىنغان چارۋىلارغا ئوخشاش اللهنىڭ نامى تىلغا ئېلىنماي ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قيماي يېيىش قىلمىشىنى گۇناھ ۋە پاسىقلىق دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما شېرىك دەپ كۆرسىتىلمىدى. لېكىن ئىنسانلاردىن ۋە جىنلاردىن بولغان شەيتانلارنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، بۇنى نېمە ئۈچۈن يېگىلى بولمايدۇ؟ بۇنى الله ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن دېگەندەك ۋەسۋەسە ۋە قايمۇقتۇرۇشلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى (ئۇنى يېمىگەن تەقدىردىمۇ) مۇشرىكلىق ۋە كافىرلىق دەپ كۆرسىتىلدى.

يۇقۇرقى ئايەتتىكى ﴿ **سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر** ﴾ دېگەن كەسكىن شۇنداقلا قورقۇنچلۇق ھۆكۈم گەرچە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى يېيىشنى ھالال قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىغۋاچىلارغا ئىتائەت قىلغۇچىلار ھەققىدە ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھۆكۈم الله ھارام قىلغاننى ھالال سانىغان ۋە الله ھارام قىلغان ئىشلارنى ھالال قىلىپ بەرگۈچى پەتىۋاچىلارغا ئىتائەت قىلغان، الله ھارام قىلغاننى ھالال قىلغان ھەر قانداق «قانۇن»، «سىياسەت»، پىكىر ۋە پەتىۋالارغا ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە تەدبىقلىنىدۇ. شۇڭا جازانىنى، ھاراق ئىچىشنى، زىناخورلۇقنى، ھەرخىل پاھىشە قىلمىشلارنى ھەمدە دىنىمىزدا ئوچۇق ھارام قىلىنغان ئىشلارنى ھالال سانىغان ۋە قانۇنلاشتۇرغان ئىنسانلار ۋە جىنلار ئىچىدىكى شەيتانلارغا ئىتائەت قىلغان

كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە يوقۇرىدىكى ئايەتتىكى: ﴿ **ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر** ﴾ دېگەن ھۆكۈم بېرىلىدۇ.

اللهتەئالا قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ** ﴾

﴿ **ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتابلار) ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئاقساقاللىرىنى ۋە ئالىملىرىنى مەئبۇد قىلىۋالدى** ﴾. **(تەۋبە، 31)**

يەنى ئەھلى كىتابلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئاقساقاللىرى ۋە ئالىملىرىغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلغان ئىشلىرىغا ئەگىشىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانىدى. بۇ ئۇلارنىڭ دىنى ئاقساقاللىرىنى ئىلاھ قىلىۋالغانلىقى ئىدى.

بۇ ھەقتە ئەدى ئىبنى ھاتەم **ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن** پەيغەمبەر ﷺنىڭ **قېشىغا كىرگىنىمدە بوينۇمدا ئالتۇندىن ياسالغان بىر كىرىست بار ئىدى.** پەيغەمبەر ﷺ **ماڭا: ئى ئەدى! بۇ بۇتنى ئېلىۋەتكىن، دېدى. مەن ئۇنىڭ تەۋبە سۈرىسىدىكى: «ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتابلار) ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئاقساقاللىرىنى ۋە ئالىملىرىنى مەئبۇد قىلىۋالدى** ﴾ **دېگەن ئايەتنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلىدىم، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا: ئى رەسۇلۇللا! بىز ئەھلى كىتابلار ئۇلارغا ئىبادەت قىلمىغانىدۇققۇ؟ دېدىم. ئۇماڭا: «شۇنداق، ئۇلار ئىبادەت قىلمىغانىدى(يەنى ناماز، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىشتەك ئىبادەتلەرنى قىلمىغانىدى)، بىراق ئۇلارنىڭ ئالىملىرى ئۇلارغا نېمىنى ھالال دېسە شۇنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلاتتى، نېمىنى ھارام دەپ بەرسە شۇنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىشاتتى. مانا شۇ ئۇلارغا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر** ﴾، **دېدى**.[1]

دېمەك، ئەدى ئىبنى ھاتەم تېخى ئەمدىلا كۇفرىدىن ئايرىلىپ ئىسلام بىلەن ئۇچرىشىۋاتقان بولغاچقا ئىبادەتنى پەقەت ناماز ئوقۇش، رۇكۇ قىلىش، سەجدە قىلىش، نەزىر قىلىش ۋە قۇربانلىق قىلىش دەپلا چۈشىنەتتى. بىراق پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئىبادەت ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىسىنى توغرىلاپ، بىر كىشىنىڭ شەرىئەتتە پاكىتى بولمىغان ئەھۋالدا ھالال ۋە

[1] تىرمىزى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

هارامنى بەلگىلەش قىلمىشلىرىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋە ئەگىشىشنىڭ ئىبادەت بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

هۇزەيفە ﷺ بىر كىشىنىڭ يۇقۇرىدىكى ئايەت ھەققىدە سوئال سوراپ: ئەھلى كىتابلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئاقساقاللىرىغا ۋە موللا ـ ئۆلىمالىرىغا ناماز ئوقىغانمىكەن؟ دېگەن سۆزىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: ياق! بىراق ئۇلارنىڭ دىنى ئاقساقاللىرى ئۇلارغا الله ھارام قىلغان ئىشلارنى ھالال قىلىپ بەرسە، ئۇنى ھالال دەپ تونۇشقان. الله ھالال قىلغان ئىشلارنى ھارام دەپ كۆرسەتسە، ئۇنى ھارام دەپ تونۇشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىنى ئاقساقاللىرى ۋە موللا ـ ئۆلىمالىرى ئۇلار ئۈچۈن مەئبۇدقا ئايلىنىپ قالغان.

ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالار توپلىمىدا يۇقۇرقى ھەدىس ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئەھلى كىتابلارنىڭ دىنى ئۆلىمالىرىغا ئىبادەت قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ ياكى روزا تۇتۇپ ئەمەس، بەلكى ھارامنى ھالال قىلغان، ھالالنى ھارام قىلغان قىلمىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىش بىلەن بولغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن».

ئى اللهنىڭ بەندىسى! سىز يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان پاكىتلارنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسىڭىز، ئەمدى بۈگۈنكى زامانىمىزدا ھەممە كىشىدىن ئۆزىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ياكى تەمە قىلىپ، ياكى ئۆزىنىڭ شەخسى قاراشلىرىنى باشقىلارغا تېڭىپ ئىلاھلىق ئىمتىيازىغا كۆز تىكىۋاتقان، اللهنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆزلىرىچە اللهنىڭ بەندىلىرىگە قانۇن تۈزۈپ بېرىش، ئۆزى چىقارغان قانۇن ـ بەلگۈلىمىلەرنى اللهنىڭ بەندىلىرىگە تېڭىش، ھارام ۋە ھالالنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت ئۆلچىمى بويىچە بەلگىلەش ھوقۇقىنى ۋە ئىمتىيازىنى دەۋا قىلىۋاتقان تاغۇتلارنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاشۇ «ئىمتىيازلىرىنى» ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ، مۇشۇ جەھەتتە ئۇلارغا ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋە قۇلچىلىق قىلىۋاتقان، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنىلا ئۆزلىرىنى ئەركىن دەپ دەۋا قىلىۋاتقان، بىز توغرا يولدا دەپ مەغرۇرلىنىپ كېتىپ بارغان كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمەي قالمىدىڭىز ئەلۋەتتە!.

بۇ تۇرلۇك ئىلاھى ئىمتىيازنى مۇندىن بۇرۇن تاغۇت فىرئەۋنمۇ دەۋا قىلغانىدى. اللهتەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قَالَ فِرْعَوْنُ مَا أُرِيكُمْ إِلَّا مَا أَرَى وَمَا أَهْدِيكُمْ إِلَّا سَبِيلَ الرَّشَادِ ﴾

**﴿ فىرئەۋن ئېيتتى: مەن ئۆزەم نېمىنى توغرا دەپ قارىسام، سىلەرگە شۇنى تەكلىپ بېرىمەن (يەنى مەن بۇيرۇغان ئىشنى قىلماسلىققا، مەن توسقان ئىشنى قىلىشقا ھەققىڭلار يوق)، مەن سىلەرنى پەقەت توغرا يولغىلا باشلايمەن(يەنى مەن باشلىغان يولدىن باشقىسى ھەممىسى باتىل ۋە ئازغۇنلۇق) ﴾. (غافىر، 29)**

اللهتەئالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَقَالَ فِرْعَوْنُ يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ مَا عَلِمْتُ لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرِي فَأَوْقِدْ لِي يَا هَامَانُ عَلَى الطِّينِ فَاجْعَلْ لِي صَرْحًا لَعَلِّي أَطَّلِعُ إِلَى إِلَهِ مُوسَى وَإِنِّي لَأَظُنُّهُ مِنَ الْكَاذِبِينَ ﴾

**﴿ فىرئەۋن ئېيتتى: ئى كاتتىلار! مەن سىلەر ئۈچۈن ئۆزەمدىن باشقا(قانۇن بەلگىلەپ بەرگۈچى، سىلەرگە ھالال ۋە ھارامنى بەلگىلەپ بەرگۈچى ۋە سىلەر شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىغان) بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن ﴾ (قەسەس، 38).**

اللهتەئالا فىرئەۋن ھەققىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَحَشَرَ فَنَادَى* فَقَالَ أَنَا رَبُّكُمُ الْأَعْلَى ﴾

**﴿ (ئۇ سېھىرگەرلەرنى، ئەسكەرلىرىنى ۋە تەۋەلىرىنى) توپلىدى ھەم نىدا قىلىپ*دېدى: مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك رەببىڭلار بولىمەن ﴾ (نازىئات، 23~24).**

يوقۇرىدىكى ئايەت ھەققىدە پىكىر قىلىدىغان بولساق، فىرئەۋنىنىڭ: مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك رەببىڭلار بولىمەن، دېگەن سۆزى ئېنىقكى، ھەرگىزمۇ مەن پۈتۈن كائىناتنى ياراتقان ۋە پۈتۈن جانلىقلارغا رىزىق بېرىدىغان پەرۋەردىگارىڭلار دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى بىر تال پاشىنى يارىتىش قولىدىن كەلمەيدىغان، ھەتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزە ھاسىسىغا تاقابىل قىيىن ئۆتكەلدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سېھىرگەرلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولغان، شۇنداق قىلىپمۇ يەنە مەغلۇپ بولغان بۇ فىرئەۋنىنىڭ ئۇنداق يالغان دەۋانى قىلىپ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى كۈلكىگە قويىشى ئېھتىمالدىن يىراقتۇر. توغرىسى فىرئەۋنىنىڭ: مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك رەببىڭلار بولىمەن

دېگىنى: مەن سىلەرنى خالىغان قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ئادەت بويىچە تەربىيلەيدىغان تەربىيەتچىڭلار بولىمەن، دېگىنى ئىدى.

ئەمدى بۇ يەردە تەبىئى ھالدا مۇنداق بىر سوئال توغۇلىدۇ: بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئۆزىگە شەرتسىز ئىتائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان، ئۆزىنىڭكىنى مۇتلەق ھەقىقەت دەپ قارايدىغان، قەدىمقى فىرئەۋىن دەۋا قىلغاندەك ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىلاھى ئىمتىيازلارنى دەۋا قىلىۋاتقان زامانىۋى فىرئەۋىنلەر زادى قانچىلىك؟ بۇ زامانىمىز فىرئەۋىنلىرىنىڭ ئەشۇ دەۋالىرىنى ۋە ئىمتىيازلىرىنى ئېتراپ قىلىپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ، مۇشۇ جەھەتتە ئۇلارغا ئىبادەت قىلىۋاتقان ۋە ئۆزلىرىنىڭ بىزمۇ مۇسۇلمان دېگەن دەۋاسى بىلەن بۇ شېرىك رىئاللىقى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر زىددىيەتنى ھىس قىلماي ئۆزلىرىنى بىزمۇ مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن كىشىلەر زادى قانچىلىك؟.

ئىسلام ئۇستازى ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالار توپلىمىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاز بولمىغان فىقھشۇناسلار، پادىشالارنىڭ ئەسكەرلىرى، قازىلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە شۇلار ئەگىشىدىغان ئامما ئىتائەت جەھەتتە اللهغا شېرىك كەلتۈرىدۇ...سىز ھەقتىن ئېزىپ كەتكۈچىلەرنىڭ ئۆزى ئەگەشكەن كىشى ئۇنىڭغا نېمىنى ۋاجىپ قىلسا، شۇنى ۋاجىپ بىلىپ، نېمىنى ھارام قىلىپ بەرسە شۇنى ھارام بىلىپ، نېمىنى ھالال قىلىپ بەرسە شۇنى ھالال بىلىپ، مەيلى دۇنياۋى ياكى دىنى ئىشلاردا بولمىسۇن ئۇ يولغا قويغاننى دىن بىلىپ يۈرىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ خىل كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھېچبىر ئاساسسىز اللهغا شېرىك كەلتۈرىۋاتقانلىقلىرىدىن قورقۇشمايدۇ ـ يۇ، ئەمما بۇ خىل شېرىكتىن باشتارتقان كىشىلەرنى قورقۇتۇشقا ئورۇنىدۇ».

ئىبنى تەيمىيە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى پەيغەمبەر ﷺ دىن باشقا ھەر قانداق بىر كىشىنى ئۇنىڭ بۇيرۇغان ئىشى اللهنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋاجىپ دەپ قارىسا ئۇنى اللهغا شېرىك قىلغان بولىدۇ».

شۇ جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلارغا ئىبادەت قىلىپ سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىسلام دىنى مەخلۇقلارنىڭ مەخلۇقلارغا قىلىدىغان ئىتائەتلىرىنىڭ ئېنىق ئۆلچەملىرىنى بېكىتىپ: شەرىئەت يولغا قويغان ۋە ھەققە ئۇيغۇن بولغان ئىشلاردىلا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا

بولىدۇ. . .ياراتقۇچى اللەقا ئاسى بولىدىغان ھەر قانداق ئىشتا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئېلان قىلغان!.

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْنًا وَإِنْ جَاهَدَاكَ لِتُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ ﴾**

**﴿ ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن ﴾ (ئەنكەبۇت، 8).**

اللەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَإِنْ جَاهَدَاكَ عَلى أَنْ تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا ﴾**

**﴿ ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن(يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن) ﴾ (لوقمان، 15).**

مەلۇمكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈستىدىكى ھەققى ھەممىگە مەلۇم بولغان چوڭ ھەقتۇر، لېكىن شېرىك ئىشلاردا ياكى اللەغا ئاسى بولىدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى اللەنىڭ ھەققى مەخلۇقنىڭ ھەققىدىن ئۈستۈندۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«مۇسۇلمان كىشى گۇناھقا بۇيرۇلمىغانلا بولسا، مەيلى خالىغان مەيلى خالىمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى لازىم. گۇناھقا بۇيرۇلغاندا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.»** [1]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«اللهغا ئاسى بولىدىغان ئىشتا ھېچكىمگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. ئىتائەت پەقەت شەرئەت يولىغا قويغان ئىشتىلا بولىدۇ»**. [1]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«ئىش ئۈستىدىكىلەردىن كىمكى سىلەرنى گۇناھقا بۇيرۇسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماڭلار.»**[2]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«ياراتقۇچى اللهغا ئاسى بولىدىغان ئىشتا يارىتىلغۇچى مەخلۇققا ئىتائەت قىلىنمايدۇ.»**[3]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«اللهغا ئاسى بولىدىغان ئىشقا بۇيرۇمىغان ئەھۋالدا يولباشچىغا ئىتائەت قىلىش مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىدىكى چوڭ ھەقتۇر. ئەگەر اللهغا ئاسى بولۇشقا بۇيرۇسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ»**.

يۇقۇرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن شەرئى دەلىللەرنىڭ ھەممىسى مەخلۇقنىڭ مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشىنىڭ شەرتسىز بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت شەرئەت يولىغا قويغان ۋە اللهغا ئاسى بولمايدىغان ئىشلاردىلا چەكلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىرسى سوئال قويۇپ: بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنسانغا گۇناھ بولىدىغان ئىشتا ئىتائەت قىلسا، ئۇنىڭ بۇ خىل ئىتائىتى كۇفرى ۋە شېرىك كاتەگورىيىسىگە قويۇلامدۇ؟ ياكى كۇفرى ۋە شېرىكتىن تۆۋەن بولغان گۇناھ كاتەگورىيىسىگە قويۇلامدۇ؟ دېسە.

مەن دەيمەنكى: بىر ئىنساننىڭ يەنى بىر ئىنسانغا قىلغان خاتا ئىتائىتى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالدا شېرىكنى ۋە ئىنساننىڭ ئىنسانغا ئىبادەت قىلىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ:

**بىرىنچى:** بىر ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنسانغا ئۇنى چوڭ بىلىش يۈزىسىدىن شەرتسىز ئىتائەت قىلىشى، يەنى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىتائەت قىلىنىدىغان كىشى پالان ـ پۇستانى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دىگىنىنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكى بىلەن ھېساپلاشماي شەرتسىز ئىتائەت قىلىشى ۋە ئۇنى خاتالاشمايدىغان كىشى دىگەن تونۇش بىلەن قارىغۇلارچە ئىتائەت

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم.
[2] ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان رىۋايىتى.
[3] شەيخ ناسىر سەھىھ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ھەدىس.

قىلىشى. مانا بۇ خىل ئىتائەت گەرچە توغرا ئىشتا بولسىمۇ يەنىلا كۇفرىنى، شېرىكنى ۋە ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا ئىبادەت قىلىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**ئىككىنچى:** بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنسانغا ئۇنى ئۇلۇغ بىلىپ شەرتسىز ئىتائەت قىلمايدۇ، ئەمما مەلۇم سەۋەپلەردىن ئۇنىڭغا شېرىك ۋە كۇفرى ئىشلاردا ئىتائەت قىلىدۇ، ھالالنى ھارام قىلغان، ھارامنى ھالال قىلغان ئىشلاردا ئۇنىڭغان ئەگىشىدۇ. مانا بۇ خىل ئىتائەتمۇ شېرىكنى ۋە ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا ئىبادەت قىلىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئەمما يۇقۇرىدىكى ئىككى خىل ھالەتلەردىن باشقا ھالەتلەردىكى خاتا ئىتائەت قىلىشلار كۇفرى ۋە شېرىكنى شەكىللەندۈرمەستىن، بەلكى ئىتائەت قىلغان ئىشنىڭ گۇناھى قانچىلىك بولسا ئىتائەت قىلغۇچى شۇ گۇناھنى سادىر قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: ھاراق سورۇنلىرى ۋە باشقا شەرىئەت چەكلىگەن مۇنكەر سورۇنلىرىدا شېرىك ۋە كۇفرىغا يەتمەيدىغان گۇناھلىق ئىشلاردا بىر كىشىنىڭ يەنە بىر ھەمرىيىگە ئىتائەت قىلىش قىلمىشلىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر. مەزكۇر ھارام قىلىنغان نەرسىنى ھالال سانىمىغان ياكى ئۇنىڭ ھاراملىقىنى ئىنكار قىلمىغانلا بولسا، بۇ خىل ئىتائەت چوڭ گۇناھتۇر ۋە پاسىقلىقتۇر. لېكىن اللهغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئىماندىن چىقىرىۋېتىش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارمايدۇ.

ئەلۋەتتە! ئىنساننى كافىر قىلىدىغان ئىتائەت بىلەن كۇفرى دەرىجىسىگە ئېلىپ بارمايدىغان ئىتائەتنى پەرقلەندۈرۈش ئۆلچىمى پەقەت ۋە پەقەتلا شەرئى پاكىت (يەنى ئايەت ۋە ھەدىس) بىلەنلا چەكلىنىدۇ. چۈنكى مەلۇم نەرسىلەر ئۈستىدە شەرئى ھۆكۈم چىقىرىشتا ئەقىلگە ۋە ئىجتىھاتقا ئورۇن يوق. بۇ كۇفرى ۋە شېرىك، ئاۋۇ كۇفرى ۋە شېرىكلىككە ياتمايدىغان پاسىقلىق ۋە زالىملىق دېگەن سۆزنى پەقەت شەرئى پاكىتلا (يەنى قۇرئان ۋە ھەدىسلا) دېيەلەيدۇ. ھەرقانداق شەيئىلەرنىڭ شەرىئەتتىكى ئاتىلىشى قانداق بولسا، بىز ئۇنى كەم ــ زىيادە قىلماستىن ئاشۇ ئاتالغۇ بويىچە ئاتاشتىن ئۆزگە تاللىشىمىز يوق.

**3 ــ ياخشى كۆرۈش**

كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئېنىق بولمىغان ئىبادەتلەرنىڭ يەنە بىرى «ياخشى كۆرۈش» ئىبادىتىدۇر. سىز ئۇلارنىڭ اللهنىڭ مەخلۇقلىرىنى الله بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ھەتتا

ئۇنىڭدىنمۇ يوقىرى دەرىجىدە ياخشى كۆرىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي ئاشۇ مەخلۇقلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى اﷲنىڭ رازىلىقىنىڭ ئالدىغا قويۇش جەھەتلەردە ئاشۇ مەخلۇققا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى، قۇل بولۇپ قالغانلىقىنى، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي يەنە ئۆزلىرىنى تەقۋادار مۇئمىن چاغلاپ يۈرۈشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

ئى اﷲنىڭ بەندىسى! بىلىشىڭىز كېرەككى، شەرتسىز ياخشى كۆرۈلىدىغان، دوستى دوست تۇتۇلۇپ، دۈشمىنى دۈشمەن تۇتۇلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن بېرىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرىشتىن چەكلىنىدىغان ۋە ئۇ بولغىنى ئۈچۈنلا شەرتسىز ھالدا ياخشى كۆرۈلىدىغان زات پەقەتلا اﷲدۇر. ئەمما اﷲدىن باشقىسى پەقەت اﷲ رۇخسەت قىلغان مىقداردا ۋە اﷲ رازى بولىدىغان شەرت ئاستىدىلا ياخشى كۆرۈلىدۇ.

ھەر قانداق بىر كىشى ئۆزىنىڭ پالانى ـ پۇستانى بولغىنى ئۈچۈنلا شەرتسىز ياخشى كۆرۈلۈشنى ئۈمىد قىلسا، ئۆزىنىڭ مەيدانىنىڭ، گەپ ـ سۆزىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىنەزەر ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن ئۆزىنى شەرتسىز ياخشى كۆرۈشنى، ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى دوست تۇتۇپ، دۈشمەنلىرىنى دۈشمەن تۇتۇشنى، ئۆزىنىڭ دوستلىرى بولسا ئۇلارغا بىر نەرسە بېرىپ، دۈشمەنلىرى بولسا ئۇلارغا ھېچنەرسە بەرمەسلىكنى، ئۆزىنىڭ پارتىيىسىگە كىرگەن ۋە چاپىنىنى كۆتۈرگەنلەر ئەگەر پاسىق ۋە ئەگەر كافىر بولسىمۇ ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشنى، ئەمما پارتىيىسىگە كىرمىگەن ۋە چاپىنىنى كۆتۈرمىگەنلەر ئەگەر تەقۋا ۋە ئەگەر ياخشى كىشىلەر بولسىمۇ ئۇلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلسا، ۋە شۇنداق بولۇشنى خالىسا، بۇنداق كىشى ئەگەر چوڭ تاغۇتتۇر. ئۇ ئۆزىنى اﷲغا شېرىك قىلغان، اﷲ بىلەن ئۆزىنى تەگ ئورۇندا قويغان كىشىدۇر. بۇنداق كىشىگە رازى بولغان ۋە ئۇنى ئاشۇنداق ياخشى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى اﷲ بىلەن بىرگە ئىلاھ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغان كىشىلەردۇر.

اﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَتَّخِذُ مِنْ دُونِ اللَّهِ أَنْدَاداً يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللَّهِ وَالَّذِينَ آمَنُوا أَشَدُّ حُبّاً لِلَّهِ ﴾

﴿ بەزى ئادەملەر ئاللاھدىن غەيرىلەرنى ئاللاھغا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى(مۇئمىنلەرنىڭ) ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ. مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر ﴾(بەقەرە، 165)

يوقۇرىدىكى ئايەتتە ئاللاھتەئالا بەزى كىشىلەرنىڭ ئاللاھغا شېرىك كەلتۈرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھغا شېرىك كەلتۈرۈشىنىڭ شەكلى ۋە خاراكتېرى شۇ شېرىكلەرنى گويا ئاللاھنى دوست تۇتقاندەك دوست تۇتۇپ، ئۇلارنى شەرتسىز ياخشى كۆرۈش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ئاللاھتەئالا قۇرئانى كەرىمدە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قَالُوا وَهُمْ فِيهَا يَخْتَصِمُونَ * تَاللَّهِ إِنْ كُنَّا لَفِي ضَلَالٍ مُبِينٍ * إِذْ نُسَوِّيكُمْ بِرَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

﴿ ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچى ۋە ئەگەشىلگۈچىلەر، ياخشى كۆرگۈچى ۋە ياخشى كۆرۈلگۈچىلەر) دوزاختا جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق* ئۆزۋاقتىدا بىز سىلەرنى (دوست تۇتۇش ۋە ئىتائەت قىلىشتا) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قوياتتۇق. ﴾ (شۇئەرا، 96~98).

ئاللاھتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ إِنْ كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ ﴾

﴿ ئېيتقىنكى: ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئورۇق ـ تۇققانلىرىڭلار(ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۇچۇن ئاللاھدىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (ئازابى ۋە ئىنتىقامى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى)ھىدايەت قىلمايدۇ﴾(تەۋبە، 24).

سەھىھ ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىمكى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ، الله ئۈچۈن يامان كۆرسە، الله رازىلىقى ئۈچۈن بېرىپ، الله رازىلىقى ئۈچۈن بېرىشنى رەت قىلسا، ئۇ ئىماننى تولۇقلىغان بولىدۇ»**.[1]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«ئىماننىڭ ئەڭ مەھكەم تۇتقۇسى الله يولىدا دوستلىشىش ۋە الله يولىدا دۈشمەنلىشىش، الله يولىدا ياخشى كۆرۈش ۋە الله يولىدا يامان كۆرۈشتۇر»**.[2]

ئىبنى تەيمىيە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) پەتىۋالار توپلىمىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەۋجۇدات ئىچىدە اللەدىن باشقا ھېچقانداق شەيئىنىڭ شەرتسىز ياخشى كۆرۈلىشى توغرا ئەمەس. دۇنيادا ياخشى كۆرىلىدىغان ئىنسان ۋە شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت شەرتلىك ۋە مەقسەتلىك ياخشى كۆرۈلىدۇ، ھەرگىزمۇ شەرت ۋە سۈپەتتىن ئايرىلغان ھالەتتىكى جىنسى ياخشى كۆرۈلمەيدۇ. پەقەت پەرۋەردىگار اللەتەئالاغىنا شەرتسىز ۋە مەقسەتسىز ھالدا ياخشى كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ دەل ئۇنىڭ ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر...چۈنكى بىر شەيئىنى شەرتسىز ۋە مەقسەتسىز ياخشى كۆرۈش شېرىكتۇر».

ئىبنى قەييىم (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «اللەتەئالا پۈتۈن مەخلۇقاتىنى ياخشى كۆرۈش، باش ئېگىش ۋە ئىتائەت قىلىش...قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەزمۇن قىلغان ئىبادەت ئۈچۈن ياراتقان. ئىبادەتنىڭ يىلتىزى اللەنى ياخشى كۆرۈشتۇر، بەلكى اللەنىلا ياخشى كۆرۈشتۇر. ئىنساندىكى بارچە مۇھەببەتلەر پەقەت الله ئۈچۈن بولىشى، ھېچنەرسىنى الله بىلەن بىر قاتاردا ياخشى كۆرمەسلىكى كېرەك. اللەدىن باشقا شەيئىلەر پەقەت الله ئۈچۈن ۋە الله يولىدا ياخشى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: بىزنىڭ اللەنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى، ئەلچىلىرىنى، پەرىشتىلىرىنى ۋە يېقىن دوستلىرىنى ياخشى كۆرىشىمىز بىزنىڭ اللەنى تولۇق ياخشى كۆرگەنلىكىمىزنىڭ ئىپادىسىدۇركى، ھەرگىزمۇ الله بىلەن بىر قاتاردا ياخشى كۆرگەنلىكىمىز ئەمەس».

---

[1] ئەبۇ داۋۇت ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

[2] ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

بىر بەندىنىڭ اللەنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ھەمدە اللەنىڭ ئۇ بەندىسىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ تۈپ بەلگىلىرىدىن بىرى شۇ بەندىنىڭ پەيغەمبەر ﷺغا ئەگىشىپ ماڭغانلىقىدۇر. اللەتەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ إِنْ كُنْتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد ! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: ئەگەر سىلەر اللەنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، اللە سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۇتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ. اللە ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ (ئالى ئىمران، 31).**

ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالار توپلىمىدا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرگە ئەگەشمەي تۇرۇپ اللەنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى دەۋا قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يالغانچىدۇر، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى اللە ئۇچۇنلا بولمىغان شېرىك مۇھەببەتتۇر. ئۇلار يەھۇدى ۋە ناسارالارنىڭ اللەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغىنىدەك ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ اللەغا بولغان مۇھەببىتى سەمىمى ۋە ساپ بولغان بولسا ئىدى، ئۇلار اللە ياخشى كۆرگەندىن باشقىنى ياخشى كۆرمىگەن، پەيغەمبەر ﷺغا ئەگەشكەن بولاتتى. ئۇلار اللەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ، اللە يامان كۆرگەن نەرسىلەرنى ياخشى كۆرگەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى مۇشرىكلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ جۈملىسىدىندۇر».

شۇنىڭدەك، اللەقا بولغان مۇھەببەتنىڭ راستلىقىنىڭ يەنە بىر بەلگىسى: باشقىلارغا بولغان دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك، مۇھەببەت ۋە نەپرەت شۇلارنىڭ اللەغا ۋە اللەنىڭ دىنىغا بولغان ئالاقىسىنىڭ يېقىن ـ يىراقلىقىغا، ئىسلامغا بولغان مۇھەببەت ياكى نەپرىتىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا قاراپ پەرىقلىق بولىشىدۇر. ئىسلامى دەۋەت ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان، تەقۋادار ۋە يارامىلىق كىشىلەرگە بولغان مۇھەببەت چوقۇم باشقا ئەھلى قىبلىدىن بولغان پاسىق، گۇناھكار مۇسۇلمانلارغا بولغان مۇھەببەتتىن پەرىقلىق بولۇشى لازىم. مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئالىم بىلەن جاھىلنى، تەقۋا بىلەن لەقۋانى، جەڭچى بىلەن رەڭچىنى پەرىقلەندۈرمەي ياخشى كۆرۈش اللەغا بولغان مۇھەببەتنىڭ ساپ بولمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما بۇ بىر قەدەر قېيىن بولغان

تەلەپ بولۇپ، پەقەت ئىمانى كامالەتكە يېقىنلاشقان كىشىلەرلا بۇ جەھەتتە رىقابەتكە چۈشەلەيدۇ.

ئىنسان ئۇچۇن ئۇ ياخشى كۆرمەيدىغان، ئەمما الله ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقىدە بولۇش، ئۇلارغا پايدا يەتكۈزۈش، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەمما الله ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەردىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئۇلارغا قىلىدىغان ياخشىلىقنى توختۇتۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئەمما سىز مۇئمىن ئىكەنسىز سىزگە بۇنىڭدىن باشقا تاللاش يوق. سىز بۇنى پەقەت اللهنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىسىز...ئەپسۇس بۇنداق قىلالايدىغان ھەقىقى مۇئمىنلار نىمدېگەن ئاز ــ ھە!.

## ئىبادەتنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

ھەر قانداق بىر ئىبادەتنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئىككى شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك:

**بىرىنچى: ھەر قانداق بىر ئىبادەت پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن بولىشى لازىم.**

ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قىلماقچى بولغان ئىبادەتنىڭ شەرىئەتتە ئورنى بولىشى، ئۇنىڭ ئورنى، ۋاقتى، شەكلى ۋە ھەجمى پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننەتلىرىدە يول قويۇلمىغان بىر ئىش بىلەن ياكى ئۇسۇل بىلەن اللهغا ئىبادەت قىلسىڭىز، سىزنىڭ بۇ ئىبادىتىڭىز باتىلدۇر. ئەگەر سىز ئۇنىڭ باتىللىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى جاھىللىق بىلەن يەنە داۋام ئەتتۈرسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز دىندا الله رۇخسەت بەرمىگەن نەرسىنى پەيدا قىلغۇچىنىڭ جىنايىتىنى سادىر قىلغان بولىسىز. اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا ﴾

**﴿ سىلەرگە ــ اللهنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللهنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇل الله ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾(ئەھزاپ، 21).**

شۇڭا سىز اﷲنىڭ سىزدىن رازى بولۇشىنى، قىيامەت كۈنى سالامەت بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلسىڭىز، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىڭىزگە ئۈلگە قىلىڭ!. اﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا آَتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا ﴾

**﴿ پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار ﴾(ھەشر، 7).**

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئۇ ئىش قۇرئان ۋە ھەدىسكە توغرىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىش قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇن بولمىسا، رەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **‹كىمكى بىزنىڭ دىنىمىزغا ئۇيغۇن بولمىغان ئىشنى قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ› ﴾.**

پەيغەمبەر ﷺ **يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى دىنىمىزغا دىنىمىز بىلەن ئالاقىسى يوق ئىشلارنى پەيدا قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ»**.[1]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس»**.[2]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن مەندىن كېيىن ياشىغانلار يېقىن كەلگۈسىدە ناھايىتى كۆپ ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. شۇڭا مېنىڭ ۋە مېنىڭ ھەق يولدا ماڭغان خەلىپىلىرىمنىڭ يولىغا چىڭ ئېسىلىپ، ئۇنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇڭلار، دىنغا يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى دىنغا يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ھەر قانداق ئىش بىدئەتتۇر، ھەر قانداق بىدئەت گۇمراھلىقتۇر»**.[3]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«بىدئەتنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر، ئازغۇنلۇقنىڭ ھەممىسى (يەنى ئۇنىڭ ئاقىبىتى) دوزاختۇر»**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم.
[3] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى.

ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: **«كىشىلەرنىڭ ياخشى دەپ قارىشىدىن قەتئىنەزەر، بىدئەتنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر».**

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«ھەج پائالىيەتلىرىڭلارنى (يەنى ئىبادەت يوللىرىڭلارنى) مەندىن قوبۇل قىلىڭلار».**[1]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»**.[2]

يوقۇرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ﷺغا ئەگىشىشنىڭ ۋە دىندا بىدئەت شەكىللەندۈرمەسلىكنىڭ ۋاجىپلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

يوقۇرىدىكى پاكىتلاردىن بىز شۇنداق قائىدىنى چۈشىنەلەيمىزكى، ئىبادەت ئىشلىرىدا قىلماسلىق ئەسلى قائىدىدۇر، شەرىئەت قىلىشقا بۇيرۇغان ياكى رۇخسەت قىلغانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇيرۇلمىغان ياكى رۇخسەت قىلىنمىغان ئىبادەتلەرنى چەكلىگەن كىشىلەردىن «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ پاكىت تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئەكسىچە بۇنداق ئىبادەتنى قىلغۇچىلاردىن نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقىغا پاكىت تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەمما دۇنيادىكى ئىنسان ئىستىمال قىلىنىدىغان نەرسىلەردە رۇخسەت ئەسلى قائىدىدۇر، پەقەت شەرىئەتتە چەكلەنگەنلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. شۇڭا شەرىئەتتە چەكلەنمىگەن بىرەر نەرسىنى ئىستىمال قىلغان كىشىدىن نېمە ئۈچۈن ئىستىمال قىلغانلىقىغا پاكىت تەلەپ قىلىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئىنكار قىلغان كىشىدىن پاكىت تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى شەيئىلەردىن پايدىلىنىشتا رۇخسەت قىلىنىش ئەسلى قائىدىدۇر.

يوقۇرىدىكى پاكىتلاردىن بىز يەنە شۇنداق بىر قائىدىنى چۈشىنەلەيمىزكى، كىشىلەردىن مۇئەييەن بىر ئۇسۇلدا ئىبادەت قىلىشنى ياكى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلغان كىشىدىن نېمە ئۈچۈنلىكىگە پاكىت تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ شەرىئەتتە ئاساسى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ

[1] نەسەئى ۋە باشقىلار.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم.

بىرەلسە، ئۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىسپاتلاپ بىرەلمىسە، يۈز خاتىرە قىلماستىن رەت قىلىنىدۇ.

**ئىككىنچى: ئىخلاس.**

ئىبادەتنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ ئىككىنچى شەرتى ئىخلاستۇر(يەنى شۇ ئىبادەتنى پەقەت اللّٰه رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىشتۇر). چۈنكى ئىبادەتتە پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن بولۇش شەرتى تېپىلسىمۇ، ئەمما ئىخلاس تېپىلمىسا، ئۇنداق ئىبادەت قوبۇل قىلىنمايلا قالماستىن بەلكى ھالاكەت ۋە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. اللّٰەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ...فَمَنْ كَانَ يَرْجُوا لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا ﴾

**﴿ كىمكى پەرۋەردىگارىغا ياخشى مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن ﴾(كەھف، 110).**

يوقۇرىقى ئايەتتىكى ﴿ **ياخشى ئىش قىلسۇن** ﴾ دېگەن جۈملە ئىبادەتنىڭ سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇش شەرتىنى كۆرسەتسە، ﴿ **پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن** ﴾ دېگەن جۈملە ئىبادەتتىكى ئىخلاس شەرتىنى كۆرسىتىدۇ. اللّٰەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا وَهُوَ الْعَزِيزُ الْغَفُورُ ﴾

**﴿ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، اللّٰه ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، اللّٰه غالىپتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ﴾(مۇلك، 2).**

ئىبنى تەيمىيەنىڭ پەتۋالار توپلىمىدا پۇزەيل ئىبنى ئىيازنىڭ يوقۇرىدىكى ئايەت ھەققىدە قىلغان سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىشچە، پۇزەيل ئىبنى ئىياز اللّٰەنىڭ: ﴿ **سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن** ﴾ دېگەن سۆزى ئۈستىدە توختۇلۇپ: ئەمەلنىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ توغرا بولغىنىدۇر، دېگەن. ئەتراپىتىكىلەر ئۇنىڭغا: ئى ئەبۇ ئەلى! ئەمەلنىڭ ئەڭ خالىس ۋە ئەڭ توغرا بولغىنى قايسى؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: ئەمەل

خالىس(يەنى اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا) بولۇپ، توغرا بولمىسا، ئۇ ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئەمەل توغرا بولۇپ خالىس بولمىسا يەنىلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمەلنىڭ خالىس بولغىنى پەقەت اللەنىڭ رازىلىقىلا كۆزلەنگەن ئەمەلدۇر. ئەمەلنىڭ توغرا بولغىنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئەمەلدۇر، ــ دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئەبى ئۇمامەتۇلباھىلىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئادەم اللەنىڭ ئەجر بېرىشىنى ھەمدە نام ـ شۆھرەتنى كۆزلەپ جەڭ قىلىدۇ، ئۇ نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ : «ئۇ ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ھەقىقەتەن اللەتەئالا ئۆزى ئۈچۈنلا قىلىنغان ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ قىلىنغان ئەمەلدىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ »** ، دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ **يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنىدە ئادەملەر ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ ھۆكۈم قىلىنىدىغان كىشى جەڭ مەيدانىدا شېھىد قىلىنغان بىر ئادەمدۇر. الله ئۇنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا دۇنيادا بەرگەن نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ھەممىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن الله ئۇنىڭغا: ئۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: سېنىڭ يولۇڭدا تاكى شېھىت قىلىنغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدىم، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. الله ئۇنىڭغا: يالغان گەپ قىلدىڭ، سەن كىشىلەر مېنى باتۇركەن دېسۇن، دەپ ئۇرۇش قىلغانىدىڭ، ئەمەلىيەتتە شۇنداق دېيىلدى، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم اللەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دوزاخقا تاشلىنىدۇ. قىيامەتتە تۇنجى بولۇپ ھۆكۈم قىلىنىدىغانلارنىڭ يەنە بىرى ئىلىم ئۆگىنىپ ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن ۋە قۇرئان ئوقۇغان بىر ئادەمدۇر. الله ئۇ ئادەمنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا دۇنيادا بەرگەن نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ. ئۇ ئۇ نېئمەتلەرنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، الله ئۇنىڭغا: شۇ نېئمەتلەر ئۈچۈن نېمە قىلدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ: ئىلىم ئۆگىنىپ ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتتىم ۋە سېنىڭ يولۇڭدا قۇرئان ئوقۇدۇم، دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا: يالغان گەپ قىلدىڭ! سەن قۇرئاننى كىشىلەر ئارىسىدا قارى دېگەن نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئوقۇغانىدىڭ، ئەمەلىيەتتە شۇنداق دېيىلدى، دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەم اللەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دوزاخقا تاشلىنىدۇ. قىيامەت كۈنى تۇنجى ھۆكۈم قىلىنىدىغانلارنىڭ يەنە بىرى،**

الله تۇرلۇك مال ـ مۈلۈكلەرنى كۆپلەپ ئاتا قىلغان بىر ئادەمدۇر. الله ئۇ ئادەمنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ. ئۇ ھەممىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، الله ئۇنىڭغا: ئاشۇ نېئمەتلەر ئۈچۈن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ: سەن پۇل خەجلەشنى ياخشى كۆرىدىغان يوللا بولىدىكەن، مەن ئۇ يولغا پۇل خەجلىدىم، دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا: يالغان ئېيتتىڭ! سەن ئۇ پۇللارنى كىشىلەرنىڭ مەرت ۋە سېخى ئىكەن دېيىشى ئۈچۈن خەجلىگەنىدىڭ، ئەمەلىيەتتە شۇنداق دېيىلدى، دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەمۇ اللهنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دوزاخقا تاشلىنىدۇ.» (مۇسلىم رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە: «مېنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم كىچىك شېرىكتۇر، دېگەندە، ساھابىلەر: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! كىچىك شېرىك نېمە؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ﷺ جاۋاپ بېرىپ: كىچىك شېرىك رىيادۇر، قىيامەت كۈنى ئادەملەر ئۆز ئەمەللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان چاغدا، اللهتەئالا رىياكارگە: سىلەر دۇنيادا ئەمەللىرىڭلارنى كىملەرگە رىيا قىلغان بولساڭلار شۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ قاراپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ قېشىدا سىلەرگە بېرىدىغان مۇكاپات بارمىكەن؟! دەيدۇ» دېگەن.[1]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ: شېرىكلەر ئىچىدە شېرىككە قەتئى ھاجىتى چۈشمەيدىغىنى مەندۇرمەن. شۇڭا كىمكى مەن ئۈچۈن بىر ئەمەلنى قىلىپ، ئۇنىڭغا مەندىن باشقىنى شېرىك قىلسا(يەنى باشقىلارنى كۆرسۇن دەپ رىيا قىلسا)، مەن ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولىمەن. ئۇ شېرىك كەلتۈرگەن ئادىمىگە تەۋە بولىدۇ(يەنى ئۇنى رىيا قىلغان ئادىمىگە تاشلاپ بېرىمەن)».[2]

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ: مەن شېرىكنىڭ ياخشىسىدۇرمەن، كىمكى ماڭا بىرسىنى شېرىك كەلتۈرسە، ئۇ ئاشۇ شېرىككە قالىدۇ. ئى ئادەملەر! ئەمەللەرنى پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىڭلار. چۈنكى الله پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا قىلىنمىغان ھېچقانداق ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ. سىلەر: بۇ الله رازىلىقى ئۈچۈن ۋە تۇققانلىق

[1] ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايىتى.
[2] ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار.

**ئۈچۈن دېمەڭلار، ئۇنداق دېسەڭلار، ئۇ ئەمەل اللّٰه ئۈچۈن بولماي، تۇققانلىق ئۈچۈن بولىدۇ. سىلەر: بۇ اللّٰه رازىلىقى ئۈچۈن ۋە ھەرقايسىڭلارنىڭ يۈزى ئۈچۈن دېمەڭلار، بولمىسا ئۇ ئەمەل اللّٰه ئۈچۈن بولماي، سىلەرنىڭ يۈزۈڭلار ئۈچۈن بولىدۇ».**[1]

يوقۇرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر مۇئمىندىن ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇشنى، ئۇنى ئىخلاسقا ئادەتلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان باشتا ئەمەلنى اللّٰهنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ باشلايدۇ، ئەمما نىيەتنى كۆزىتىپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇشتىن غاپىل بولۇپ قېلىش بىلەن بۇ ئەمەل رىيا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەمەلنىڭ ئاخىرى بېشىنى بۇزىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«ئەمەللەر(يەنى ئەمەل ئېلىپ كېلىدىغان نەتىجە) پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەر بىر كىشىگە پەقەت نىيەت قىلغىنى بېرىلىدۇ. كىمىكى ھىجرەتنى اللّٰه ۋە اللّٰهنىڭ پەيغەمبىرىنى كۆزلەپ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولىدۇ. كىمىكى دۇنيانى كۆزلەپ ھىجرەت قىلغان بولسا، دۇنياغا ئېرىشىدۇ(ئەجرىدىن مەھرۇم قالىدۇ). كىمىكى بىر ئايالنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ئايالغا نىكاھلىنىدۇ(يەنى ئەجرىدىن مەھرۇم قالىدۇ). دېمەك، كىم نېمىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلغان بولسا ئۇنىڭ ھىجرىتى شۇنىڭ يولىدا بولىدۇ».**[2]

---

[1] سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدىن.
[2] ئەبۇ داۋۇد.

# 4 ـ دىن

خاتا شەرھىلەشكە ، بۇرمىلاشقا ئۇچرىغان ، مەنىسى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن شەرئى ئاتالغۇ ۋە دىنى چۈشەنچىلەرنىڭ يەنە بىرى « دىن » دىگەن ئاتالغۇغا بولغان چۈشەنچىدۇر. چۈنكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر « دىن » دىگەن ئاتالغۇنى ئەسلى الله تەرەپتىن نازىل قىلىنغان ئۈچ مەشھۇر ساماۋى دىنغىلا (يەنى يەھۇدى، خىرىستىئان ۋە ئىسلام دىنىغىلا) قوللىنىدۇ ۋە « دىن » دىگەن ئاتالغۇدىن پەقەت مۇشۇ ئۈچ دىنىنىلا چۈشىنىدۇ. بىر قەدەر مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەر بولسا بۈنىڭغا دۇنيادا كەڭ تارقالغان بۇددا دىنلىرىنىمۇ قوشۇپ چۈشىنىدۇ. ئەمما يۇقىرىدىكى تۆت چوڭ مەشھۇر دىندىن باشقىلىرى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە دىن دەپ قارالمايدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ مەزكۇر تۆت دىندىن باشقا دىندىكىلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دىندار ياكى ئەھلى دىن دەپ تونۇلمايدۇ.

«دىن » ئاتالغۇسى ھەققىدىكى بۇخىل خاتا ۋە بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىلەرنىڭ نەتىجىسىدە اللەنىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىدىن چىكىنىپ چىقىپ خىرىستىئان دىنىغا ياكى يەھۇدى دىنىغا كىرگەن كىشىلەر قاتتىق ئەيىپلىنىپ، ئۇلارغا مۇرتەد ۋە دىن ئالماشتۇرغۇچى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندى. بىراق ئىسلامدىن چىقىپ كوممۇنىزىم دىنىغا كىرگەن، ياكى ئىلمانىزىم دىنىغا كىرگەن، ياكى گۇللىنىش پارتىيىسىنىڭ دىنىغا كىرگەن، ياكى دىمكراتىيە دىنىغا كىرگەن، ياكى سوتسيالىزىم دىنىغا كىرگەن ۋە ياكى ئۇلاردىن باشقا ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان تۈرلۈك پىكىر ئېقىملىرىدىن ئىبارەت باشقا دىنلارغا كىرگەن ۋە شۇ دىنلارنى قۇبۇل قىلغان كىشىلەر ھىچقانداق ئەيىپلەشكە ئۇچرىمىدى، ۋە يەھۇدى ياكى خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرگە ئوخشاش مۇرتەد قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنمىدى. ئەمەلىيەتتە دىن ئالماشتۇرۇش ۋە مۇرتەدلىك جەھەتتە ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش ئىدى. بەلكى زامانىمىزدىكى اللەنى ئىنكار قىلىش، مۇتلەق چەكلىمىسىزلىك ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىنسانى پىكىر ئېقىملىرىنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ جىنايىتى، ئازغۇنلۇقى ۋە مۇرتەدلىكى خىرىستىئان ۋە يەھۇدى دىنىغا كىرگەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر ۋە تېخىمۇ ئېنىق ئىدى.

«دىن» ئاتالغۇسى ھەققىدىكى مۇشۇنداق خاتا چۈشەنچىلەر سەۋەبىدىن، بىر بەندىنىڭ اللەنىڭ ئىتائىتىدىن، اللەنىڭ شەرىئىتىدىن ۋە اللەنىڭ قانۇنىدىن يۈز ئۆرۈپ تاغۇتنىڭ ئىتائىتىنى ۋە قانۇنىنى تاللىشى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەيىبلىك ئىش ھېساپلانمىدى. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ تونۇشىدا بىر دىندىن يەنە بىر دىنغا چىققانلىق دەپ ئاتالمايتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ اللەنىڭ ئىتائىتىدىن، اللەنىڭ شەرىئىتىدىن چىقىپ تاغۇتنىڭ ئىتائىتىنى، تاغۇتنىڭ قانۇنىنى قوبۇل قىلغان بۇ كىشىلەر مۇسۇلمان دېگەن نام ۋە مۇسۇلمانلىق سالاھىيەت بىلەن يۈرىۋەردى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ قىزلىرىنى ئېلىش ۋە ئۆلگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىدا يېتىش جەھەتتە ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا خاس بولغان ھەق ـ ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇش جەھەتلەردە مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە بولۇپ يۈرىۋەردى.

«دىن» ئاتالغۇسى ھەققىدىكى ئەنە شۇنداق خاتا چۈشەنچىلەر سەۋەبىدىن، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان باتىل پىكىر ئېقىملىرىنىڭ كۇفرىلىقى ۋە باتىللىقى شۇنچىلىك ئېغىر ۋە ئېنىق بولسىمۇ، بۇ پىكىر ئېقىملار كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە دىن دەپ قارالمىغانلىقتىن، بۇ پىكىر ئېقىملارنىڭ تەشۋىقاتچىللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىدا ئۆز پىكىرلىرىنى ۋە پارتىيەلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

«دىن» ئاتالغۇسى ھەققىدىكى ئەنە شۇنداق خاتا چۈشەنچە سەۋەبىدىن بىر دادىنىڭ ئۆز قىزىنى ئىسمى مۇسۇلمانچە بولغان بىر كومپارتىيە ئەزاسىغا ياتلىق قىلىشى ئەيىبلىك ئىش دەپ قارالمىدى. ئەكسىچە ئۇ دادىنىڭ شۇ قىزىنى بىر خىرىستىئانغا ياتلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى خىرىستىئاننىڭ دىنى ئىسلام ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ قىزىنى خىرىستىئانغا ياتلىق قىلسا مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرايتتى، ئەكسىچە ئۇ قىزىنى مۇسۇلمانچە ئىسمغا ئىگە بولغان بىر كوممۇنىستقا بەرگىنىدە بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالقىشىغا ۋە تەبرىكلىشىگە ئېرىشتى. سىز ئۆز قىزىنى بىر خىرىستىئانغا ياتلىق قىلغان كىشىنىڭ توي زىياپىتىگە بىرەر مۇسۇلماننىڭ قاتنىششىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، ئەمما قىزىنى كومپارتىيە ئەزاسىغا ياتلىق قىلغان كىشىنىڭ توي زىياپىتىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن قىززىپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ نىكاھىنىڭ ئىسلام قائىدىسى بويىچە ئوقۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

سەۋەبى: مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشەنچىسىدە كوممۇنىزىم «دىن» دەپ قارالمىغانلىقتىن، كوممۇنىزىمنى قوبۇل قىلغۇچى دىن ئالماشتۇرغۇچى مۇرتەد دەپ چۈشىنىلمىگەن.

دەل مۇشۇ سەۋەبلەردىن مۇسۇلمانلارنىڭ نەسەبلىرى بۇلغىنىپ، ئەۋلادلارنىڭ ساپلىقى يوقىلىپ، جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلىشى، هارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى، هوقۇق ۋە هۆرمەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش قىلمىشلىرى ئومۇمى ئەهۋالغا ئايلىنىپ قالدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ «دىن» ئاتالغۇسى هەققىدە جىددى توختۇلۇپ، ئەستايىدىل مۇهاكىمە ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ اللهنىڭ كىتابىدىكى، پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننەتلىرىدىكى ئەسلى مەنىسىنى ئۇممەت چۈشەنچىسىدە قايتىدىن يېڭىلىشىمىز، بۇ پاك ئاتالغۇنى ئازغۇن مۇناپىقلارنىڭ ۋە رەزىل دۈشمەنلەرنىڭ بۇرمىلاش ۋە خاتا شەرهىلەشلىرىدىن ساپلاشتۇرىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالدى. پەقەت شۇ چاغدىلا هەق يولدا ماڭغۇچىلارمۇ ئۆز يولىنى بىلىپ ماڭىدىغان، ئىككى يول بىر ـ بىرىگە ئارلىشىپ كەتمەيدىغان هالەت مەيدانغا كېلىدۇ.

﴿ لِيَهْلِكَ مَنْ هَلَكَ عَنْ بَيِّنَةٍ وَيَحْيَا مَنْ حَيَّ عَنْ بَيِّنَةٍ ﴾

**﴿ . . .اللهنىڭ مۇنداق قىلىشى هالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن هالاك بولىشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى. . . ﴾(ئەنفال، 42).**

«دىن» دېگەن ئاتالغۇ ئەرەب لۇغىتىدە ۋە ئەرەبلەرنىڭ قوللىنىش جەريانىدا ناهايىتى كۆپ مەنىلەرگە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، شۇ جۈملىدىن «دىن» ئاتالغۇسى جازا ۋە مۇكاپات دېگەن مەنىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش دېگەن مەنىلەردىمۇ ئىشلىتىلگەن. «دىن» ئاتالغۇسى يەنە ئۆرپ ـ ئادەت، ئەنئەنە ۋە مىجەز ـ خۇي دېگەن مەنىلەر ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا دىن دېگەن ئاتالغۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن باش ئېگىش، ئىبادەت قىلىش دېگەن مەنىلەرگىمۇ ئىگە قىلىنغان.

ئەسسپھانىنىڭ «سۆزلۈكلەر» ناملىق لۇغىتىدە: «دىن» ئاتالغۇسى ئىتائەت ۋە جازا ـ مۇكاپات دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، كۆچمە مەنىدە شەرىئەت ۋە قانۇن ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن . . .دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئىبنى تەيمىيە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەد قىلسۇن!) پەتىۋالار توپلىمىدا مۇنداق دەيدۇ: «دىن دېگەن سۆز (ئەرەب تىلشۇناسلىقىدا) مەسدەر (يەنى سۆز يىلتىزى) بولۇپ، ئۇ فائىل(يەنى ئېنىق سۈپەتداش) ۋە مەفئۇل (يەنى مەجھۇل سۈپەتداش) بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. شۇڭا دىن دېگەن سۆز اللە دېگەن ئىسىم بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە (يەنى اللەنىڭ دىنى دەپ كەلگەندە) ئىبادەت قىلىنغۇچى ۋە ئىتائەت قىلىنغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر دىن دېگەن سۆز بەندە بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە ئىبادەت قىلغۇچى ۋە ئىتائەت قىلغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ﴾.

بىز يوقۇرىدىكى مەزمۇنلارنى يىغىنچاقلىغىنىمىزدا «دىن» دېگەن ئاتالغۇ جازا ۋە مۇكاپات شۇنداقلا اللە تەرەپتىن بىزگە نازىل قىلىنغان ئىسلام دىنى دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت يەنە تۆۋەندىكى بىر قانچە مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

«دىن» ئاتالغۇسى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلەرنىڭ بىرى ئىتائەت قىلىش، تۆۋەنچىلىك بىلەن بويسۇنۇش، باش ئېگىش ۋە ئىبادەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. اللەتەئالا قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ ﴾

**﴿ تاكى پىتنە (يەنى تەۋھىدكە ۋە تەۋھىد ئەھلىگە زىيانكەشلىك قىلىش) تۈگىگەن ۋە دىن اللە ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾(بەقەرە، 193).**

بۇ ئايەتتىكى دىن اللە ئۈچۈن بولغانغا قەدەر دېگەننىڭ مەنىسى: يەنى ئىتائەت اللە ئۈچۈن بولۇپ، اللە بىلەن قوشۇپ بەندىگە ئىتائەت قىلىنمايدىغان بولغانغا قەدەر ئۇرۇشۇڭلار دېگەنلىكتۇر.

اللەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لَا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ ﴾

**﴿ پتنە تۈگگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ﴾ (ئەنفال، 39).**

بۇ ئايەتتىمۇ دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر دېگەنلىك: ئىتائەت پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغان، اللەنى قويۇپ ياكى الله بىلەن قوشۇپ باشقا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىنمايدىغان بولغانغا قەدەر دېگەنلىك بولۇپ، دىن ئىتائەت دەپ، ئىتائەتنى دىن دەپ ئاتالغان. اللەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَلَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَهُ الدِّينُ وَاصِبًا أَفَغَيْرَ اللَّهِ تَتَّقُونَ ﴾**

**﴿ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللەنىڭ مۈلكىدۇر، دىن (يەنى ئىتائەت ۋە ئىبادەت) ھەمىشە اللەغا خاستۇر، اللەدىن بۆلەك غەيرىدىن قورقامسىلەر؟ ﴾(نەھىل، 52).**

بۇ ئايەتتىمۇ ئىتائەتنى دىن دەپ، دىننى ئىتائەت دەپ ئاتىغان. اللەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ قَالُوا أُوذِينَا مِنْ قَبْلِ أَنْ تَأْتِيَنَا وَمِنْ بَعْدِ مَا جِئْتَنَا قَالَ عَسَى رَبُّكُمْ أَنْ يُهْلِكَ عَدُوَّكُمْ وَيَسْتَخْلِفَكُمْ فِي الْأَرْضِ فَيَنْظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُونَ ﴾**

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: پەرۋەردىگارىم مېنى ئادىل بولۇشقا بۇيرىدى، ھەر بىر سەجدە قىلغاندا پۈتۈنلەي اللەغا يۈزلىنىڭلار، اللەغا دىننى (يەنى ئىتائەت ۋە ئىبادەتنى) پەقەت شۇنىڭغىلا قىلغان ھالەتتە ئىبادەت قىلىڭلار ﴾(ئەئراف، 29).**

بۇ ئايەتتىمۇ ئىتائەت ۋە ئىبادەت دىن دەپ ئاتالغان. اللەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ هُوَ الَّذِي يُسَيِّرُكُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ حَتَّى إِذَا كُنْتُمْ فِي الْفُلْكِ وَجَرَيْنَ بِهِمْ بِرِيحٍ طَيِّبَةٍ وَفَرِحُوا بِهَا جَاءَتْهَا رِيحٌ عَاصِفٌ وَجَاءَهُمُ الْمَوْجُ مِنْ كُلِّ مَكَانٍ وَظَنُّوا أَنَّهُمْ أُحِيطَ بِهِمْ دَعَوُا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ لَئِنْ أَنْجَيْتَنَا مِنْ هَذِهِ لَنَكُونَنَّ مِنَ الشَّاكِرِينَ ﴾**

**﴿ الله سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە(كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خوشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ(كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرىلىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ. كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا**

**(يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا)جەزمى قىلىدۇ، (شۇ چاغدا ئۇلار)دىنىنى(يەنى دۇئا ۋە يېلىنىشلارنى) پەقەت اللهغىلا قىلغان ھالدا: ئى الله ! ئەگەر سەن بىزنى (يەنى بالا ــ قازادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۇكۇر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز، دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ.﴾ (يۇنۇس، 22).**

بۇ ئايەتتىمۇ دۇئا ۋە يېلىنىشلارنى دىن دەپ ئاتىغان.

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ إِذَا رَكِبُوا فِي الْفُلْكِ دَعَوُا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ فَلَمَّا نَجَّاهُمْ إِلَى الْبَرِّ إِذَا هُمْ يُشْرِكُونَ ﴾**

**﴿ ئۇلار كېمىگە چىقىپ(غەرق بولۇشتىن قورىققان)چاغلىرىدا، دىنىنى(يەنى دۇئا، ئىلتىجا ۋە يېلىنىشلىرىنى)پەقەت اللهغىلا قىلغان ھالدا دۇئا قىلىدۇ﴾(ئەنكەبۇت، 65).**

يەنى ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان تاغۇتلىرىنى ئۇنتۇپ، پەقەت يىگانە اللهغىلا يۈزلىنىپ دۇئا قىلىدۇ ۋە ئىلتىجا قىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەتتىمۇ دۇئا ۋە يېلىنىشلار دىن دەپ ئاتالغان.

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَإِذَا غَشِيَهُمْ مَوْجٌ كَالظُّلَلِ دَعَوُا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ ﴾**

**﴿ (دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار دىنىنى(يەنى دۇئا ۋە ئىبادەتنى) پەقەت اللهغىلا قىلغان ھالدا ئىلتىجا قىلىدۇ﴾(لوقمان، 32).**

بۇ ئايەتتىمۇ دۇئا ، ئىبادەت ۋە ئىلتىجانى دىن دەپ ئاتىغان.

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ إِنِ الْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ أَمَرَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ ﴾**

**﴿ ھۆكۈم قىلىش پەقەت اللهغىلا مەنسۇپ. ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر.﴾(يۇسۇپ، 40).**

يەنى ھۆكۈم قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن چىقىرىش پەقەت اللهنىڭلا ھوقۇقى بولۇپ، بۇ جەھەتتە اللهغا شېرىك كەلتۈرمەسلىك توغرا دىندۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسى باتىل

دىندۇر. دېمەك، بۇ ئايەتتىمۇ ئېتىقاد ۋە ئەمەلى ھەرىكەتتە اﷲنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىلا قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزى دىن دەپ ئاتالدى.

اﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَلَا لِلَّهِ الدِّينُ الْخَالِصُ ﴾

**﴿ بىلىڭلاركى، شېرىكتىن پاك بولغان دىن(يەنى ئىتائەت ۋە ئىبادەت) اﷲغا خاستۇر. ﴾ (زۇمەر، 3).**

اﷲتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ إِنِّي أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ اللَّهَ مُخْلِصاً لَّهُ الدِّينَ ﴾

**﴿ ئېيتقىنكى: مەن دىننى(يەنى ئىتائەتنى) شېرىكتىن ساپ قىلغان ھالدا اﷲغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم ﴾ (زۇمەر، 11).**

تەبەرى بۇ ئايەينى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ: ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ مۇشرىكلىرىغا ئېيتقىنكى: اﷲ مېنى ئۇنىڭغىلا ئىتائەت قىلىپ، باشقا باتىل مەبۇتلارغا ئىتائەت قىلىشنى تاشلىغان ھالدا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدى.

اﷲتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء ﴾

**﴿ ئۇلار پەقەت دىننى (يەنى ئىتائەتنى) اﷲغا خالىس قىلغان، (تاغۇتتىن، شېرىكتىن يۈز ئۆرۈپ) ھەق دىنغا ئىتقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اﷲغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى ﴾ (بەييىنە:5).**

تەبەرى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە دىننى پەقەت اﷲغىلا ئىتائەت قىلىش دەپ ئىزاھلىدى.

اﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ ﴾

**﴿ سىلەرنىڭ دىنىڭلار (يەنى سىلەرنىڭ اﷲغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە تاغۇتقا چوقۇنۇش ئاساسىدىكى ئىبادىتىڭلار) ئۆزەڭلار ئۇچۇن، مېنىڭ دىنىممۇ (يەنى مېنىڭ ساپ تەۋھىد ئاساسىدىكى ئىبادىتىممۇ) ئۆزەم ئۇچۇن ﴾ (كافىرۇن، 6).** بۇ ئايەتتىمۇ ئىبادەت دىن دەپ ئاتالغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ:﴿ **سىلەر داۋاملاشتۇرۇشقا قادىر بولالايدىغان ئەمەللەرنى قولدىن بەرمەڭلار، الله بىلەن قەسەمكى، تاكى سىلەرگە مالاللىق يەتمىگۈچە اللهغا مالاللىق يەتمەيدۇ (يەنى سىلەر قىلغۇاتقان ئەمەللىرىڭلارنى زېرىكمەي تاشلاپ قويمىغۇچە، الله ئۇنىڭ ساۋابىنى ئۈزۈپ قويمايدۇ). الله ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دىن (يەنى تائەت ۋە ئىبادەت) ئىزچىل داۋاملاشقان دىندۇر** ﴾ **(بۇخارى).** بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان دىندىن مەقسەت تائەت ۋە ئىبادەت بولۇپ، الله ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تائەت ـ ئىبادەت ئىزچىل داۋاملاشقان تائەت ـ ئىبادەتتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «**دىندا (يەنى تائەت ۋە ئىبادەتتە) چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر دىندا (يەنى تائەت ۋە ئىبادەتتە ) چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتىن ھالاك بولغان**». [1]

بۇ ھەدىستىمۇ تائەت ۋە ئىبادەتتە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنى دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش دەپ بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننىتىدىن ئېشىپ كەتكەن ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن ئەمەللەر ھېساپلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ ئاياللاردىكى دىنىنىڭ كەملىكىنى ئەمەل ۋە ئىبادەتنىڭ كەملىكى دەپ ئىزاھات بەرگەن: «**كېچىلەپ ناماز ئوقۇيالمايدۇ، رامىزاندا روزا تۇتمايدۇ (يەنى ھېيىزدار بولغاندا ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە روزا تۇتمايدۇ). مانا مۇشۇ ئۇلاردىكى دىنىنىڭ كەملىكىدۇر». (مۇسلىم)**

ئەمدى ھەربىر بەندە ئۆزىگە ئەستايىدىل قاراپ بېقىشى كېرەك، ئەگەر ئۇ يىگانە اللهنىڭ تائەت ۋە ئىبادىتى بىلەنلا ئۆتكەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ مۇسۇلماندۇر ۋە الله نىڭ دىنى ئىچىدىدۇر.

ئەگەر مەلۇم بىر تەرەپلەردە اللهنى قويۇپ ياكى الله بىلەن قوشۇپ تاغۇتقا ئىتائەت قىلغان ياكى تاغۇتقا ئىبادەت قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ تاغۇتنىڭ دىنىدىدۇر، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ مۇسۇلمانچە بولىشىدىن، ياكى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىشىدىن قەتئىنەزەر، ئۇ ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان ئەمەستۇر.

---

[1] ئىبنى ماجە.

«دىن» ئاتالغۇسى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارنىڭ يەنە بىر قىسمى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، «دىن» دېگەن ئاتالغۇ ئىنسانلار ماڭىدىغان مەسلەك، ياشاش ئۇسۇلى، قانۇن ـ تۈزۈم، ئەدلىيە ۋە شەرىئەت دېگەن مەنالارنى كۆرسىتىدۇ. اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ كَذَلِكَ كِدْنَا لِيُوسُفَ مَا كَانَ لِيَأْخُذَ أَخَاهُ فِي دِينِ الْمَلِكِ ﴾

**﴿ بىز يۇسۇپكە مۇشۇ تەدبىرنى كۆرسەتتۇق. (مىسىر) پادىشاھىنىڭ دىنى (يەنى قانۇنى) بويىچە يۇسۇپ ئۇكىسىنى ئېلىپ قالالمايتتى. ﴾ (يۇسۇپ، 76).**

دېمەك بۇ ئايەتتە قانۇن ۋە ئەدلىيەنى دىن دەپ ئاتىغان.

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَتَّخِذُواْ الَّذِينَ اتَّخَذُواْ دِينَكُمْ هُزُواً وَلَعِباً مِّنَ الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ مِن قَبْلِكُمْ وَالْكُفَّارَ أَوْلِيَاء وَاتَّقُواْ اللّهَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ ﴾

**﴿ ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) دىن دىنىڭلارنى مەسخىرى ۋە ئويۇنچۇق قىلغانلارنى دوست قىلىۋالماڭلار. ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، اللە دىن قورقۇڭلار. ﴾ (مائىدە 57)**

بۇ ئايەتتىكى اللەنىڭ: **﴿ دىنىڭلارنى مەسخىرە ۋە ئويۇنچۇق قىلغانلارنى... ﴾** دېگەن سۆزى دىننى بىر پۈتۈن مەسخىرە قىلغانلارنىمۇ ياكى ئىسلامنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ياكى ھۆكۈملىرىدىن بىرەرىنى مەسخىرە قىلغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزنىڭ بۇ ئايەتتىكى ئېرىشمەكچى بولغان پاكىتىمىز شۇكى؛ پەقەت بىر دانە شەرئى ھۆكۈمنىڭ ئۆزىلا دىن دەپ ئاتىلىدۇ. اللەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِن نَّكَثُواْ أَيْمَانَهُم مِّن بَعْدِ عَهْدِهِمْ وَطَعَنُواْ فِي دِينِكُمْ فَقَاتِلُواْ أَئِمَّةَ الْكُفْرِ إِنَّهُمْ لاَ أَيْمَانَ لَهُمْ لَعَلَّهُمْ يَنتَهُونَ ﴾

**﴿ ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق ﴾ (تەۋبە، 12).**

دىنغا بىر پۈتۈن تەنە قىلىشمۇ، ياكى دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىدىن بىرلا ھۆكۈمگە ۋە ياكى بىر دانە دىنى پائالىيەتكە تەنە قىلىشمۇ ئوخشاشلا دىنغا تەنە قىلغانلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ إِنَّ عِدَّةَ الشُّهُورِ عِندَ اللّهِ اثْنَا عَشَرَ شَهْراً فِي كِتَابِ اللّهِ يَوْمَ خَلَقَ السَّمَاوَات وَالأَرْضَ مِنْهَا أَرْبَعَةٌ حُرُمٌ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ ﴾**

**﴿ شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ (قەمەرى) ئايلارنىڭ سانى ﷲ نىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) 12 دۇر، ئۇلاردىن تۆتى ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر، بۇ توغرا دىندۇر﴾. (تەۋبە، 36)**

ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُواْ كَآفَّةً فَلَوْلاَ نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي الدِّينِ﴾**

**﴿ مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقىتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ﷲ تىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (جىھاد قىلىشقا) چىقمىدى؟ ﴾ (تەۋبە، 122)**

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ﷲتەئالا پەيغەمبىرىگە ۋەھيي قىلغان فىقھى، ئەقىدە، شەرىئەت، ئەھكام ۋە قىسسىسىلەرنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن نېمىشقا پەيغەمبەر بىلەن بىرگە چىقمايدۇ؟ دېگەنلىك بولۇپ يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى دىن دەپ ئاتالغان. ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَمَنْ أَحْسَنُ دِيناً مِّمَّنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لله وَهُوَ مُحْسِنٌ واتَّبَعَ مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفاً ﴾**

**﴿ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ﷲ قا تاپشۇرغان (يەنى ﷲ نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلىنى خالىس ﷲ ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن (دىنىي جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟ ﷲ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى ﴾ (نىسا، 125)**

مەزكۇر ئايەتتىكى ﴿ (دىنىي جەھەتتە) ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟ ﴾ دېگەننىڭ مەنىسى ـــ يول ۋە مەنھەج جەھەتتە ياخشىراق كىشى بارمۇ؟ دېگەنلىكتۇر.

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفاً فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ ﴾

**﴿ باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، الله نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾ (رۇم، 30)**

ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتتىكى ﴿ ۋ توغرا دىندۇر ﴾ دېگەن جۈملىنى: ﴿ يەنى شەرىئەتكە ۋە ساغلام پىترەتكە ئەمەل قىلىش توغرا دىندۇر﴾ دەپ تەپسىر قىلىدۇ. اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ ﴾

**﴿ سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى ﴾(ھەج، 78)**

يەنى الله سىلەرگە شەرىئەت بەلگىلىگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشتا ھېچقانداق قىيىنچىلىقنى قويمىدى. چۈنكى ئالاھىدە زۆرۈرىيەت ۋە ئامالسىزلىقلار شەرىئەت چەكلىگەن ئىشلارنى رۇخسەتكە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان بولۇپ، چەكلەنگەن ئىشلارنى رۇخسەتكە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان زۆرۈرىيەتنىڭ شەرتلىرى تولۇق ھازىرلانغاندا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئايەتتىن ئالماقچى بولغان پاكىت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى اللهتەئالا بۇ ئايەتتە شەرئى مەجبۇرىيەتلەرنى ۋە شەرئى ھۆكۈملەرنى دىن دەپ ئاتىغان. اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَفَغَيْرَ دِينِ اللّهِ يَبْغُونَ وَلَهُ أَسْلَمَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعاً وَكَرْهاً وَإِلَيْهِ يُرْجَعُونَ﴾

**﴿ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) الله نىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە الله قا بويسۇنغان تۇرسا، ئۇلار (قىيامەت كۈنى) الله تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ﴾ (ئالى ئىمران، 83)**

بۇ ئايەتتىكى دىن ئاتالغۇسى دىن ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەزمۇنلارنى كۆرستىدۇ. شۇڭا كىمكى شەرىئەتنىڭ بىر ھۆكۈمىنى رەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا: ﴿ **ئۇلار اللّٰهنىڭ دىنىدىن باشقا دىننى ئىزدەمدۇ؟** ﴾ دىگەن ئايەت تەدبىقلىنىدۇ. اللّٰهتەئالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللّهِ حُكْماً لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ** ﴾

﴿ **ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللّٰه قا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللّٰه تىنمۇ ئادىل كىم بار** ﴾ **(مائىدە، 50).**

اللّٰهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **الزَّانِيَةُ وَالزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِّنْهُمَا مِئَةَ جَلْدَةٍ وَلَا تَأْخُذْكُم بِهِمَا رَأْفَةٌ فِي دِينِ اللَّهِ** ﴾

﴿ **زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر اللّٰهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، اللّٰه نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۇئمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن.** ﴾**(نۇر، 2).**

اللّٰهتەئالانىڭ مەزكۇر ئايەتتىكى: ﴿ **وَلَا تَأْخُذْكُم بِهِمَا رَأْفَةٌ فِي دِينِ اللَّهِ** ﴾ ﴿ **اللّٰهنىڭ دىنىدا ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار** ﴾ دىگەن سۆزىنى ئىبنى كەسىر شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «يەنى اللّٰهنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتا ئۇلارغا رەھىم قىلىپ يۇمشاق قوللۇق قىلماڭلار». دىمەك: اللّٰهتەئالا بۇ ئايەتتە ھۆكۈم، ئەدىلىيە ۋە قانۇننى دىن دەپ ئاتىغان.

اللّٰهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ** ﴾

﴿ **بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم** ﴾**(مائىدە، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قسمى).**

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئى مۇئمىنلەر بۈگۈن سىلەرگە پۈتۈن شەرىئەتلىرىمنى، پەرىزلىرىمنى، بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىمنى، ھالال ۋە ھاراملىرىمنى تولۇق بايان قىلىپ بەردىم، دىگەنلىك بولۇپ يوقۇرىقلارنىڭ ھەممىسى دىن دەپ ئاتالغان.

ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ﷺ دىن رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«شۈبھىسىزكى، بۇ ئىش(يەنى خەلىپىلىك ۋە رەھبەرلىك) قۇرەيش ئىچىدە بولىدۇ، ئۇلار(يەنى قۇرەيشتىن بولغان رەھبەرلەر) دىننى ئىشقا ئاشۇرغان بولسىلا، ئۇلارنى دۈشمەن تۇتقان ھەرقانداق كىشىنى الله دۈم سالماي (يەنى خار قىلماي، ھالاك قىلماي) قويمايدۇ»** .

يەنى **«ئۇلار دىننى ئىشقا ئاشۇرغان بولسىلا»** دېگەننىڭ مەنىسى: ئۇلار ئىسلامنىڭ قانۇنى ۋە شەرىئىتى بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرغان بولسىلا، دېگەنلىك بولۇپ، بۇنى دىن دەپ ئاتىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«الله بىر كىشىگە ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇنى دىندا ياخشى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ» (بۇخارى)** . يەنى ئۇ كىشىنى دىننىڭ ھالال ـ ھارام بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىدە بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ دېگەنلىك بولۇپ، بۇ دىن دەپ ئاتالغان.

مۇشۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: **«ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرى نېمە دېگەن ياخشى ! تارتىنچاقلىق ئۇلارنى دىندا بىلىمگە ئىگە بولۇشتىن توسۇپ قالالمىغان ئىدى. » (مۇسلىم)** . يەنى ھالال ۋەھارام چەكلەنگەن ۋە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنى ئۆگىنىشتە دېگەنلىك بولۇپ ، بۇ مەسلە دىن دەپ ئاتالغان.

ئۇمەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«دىندا بىلىمگە ئىگە بولمىغان ھەرقانداق كىشى بىزنىڭ بازارلىرىمىزدا سودا ـ سېتىق قىلمىسۇن! »** . يەنى ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدە ۋە سودىغا ئالاقىدار ھۆكۈملەردە بىلىمگە ئىگە بولمىغان كىشى نەزەردە تۇتۇلغان بولۇپ، بۇنى دىن دەپ ئاتىغان .

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«دىن ھەقىقەتەن ئاساندۇر، دىننى ئۆزىگە قىيىنلاشتۇرىۋالغان ( يەنى ئۆزىنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىبادەتلەرگە زورلىغان ) كىشى مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ» (بۇخارى)** .

يەنى شەرىئەت يولگىلىگەن ۋەزىپە ۋە مەجبۇرىيەتلەر بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر مەنئى قىلغان ۋە رۇخسەت قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاسانلاشتۇرۇش پرىنسىپى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، شەرىئەت يولگىلىگەن ۋەزىپىلەر ئىبادەتلەر ۋە چەكلىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى دىن دەپ ئاتالغان.

ئەلى رضي الله عنهدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن: **«ئەگەر دىن ئەقىل ۋە كۆز قاراش بويىچە بولىدىغان بولسا ئىدى ئاياغنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلغانغا قارىغاندا ئاياغنىڭ ئاستىغا مەسھى قىلىش تېخىمۇ مۇۋاپىق بولغان بولاتتى»**. دېمەك ئاياغقا مەسھى قىلىش فىقھىغا ئالاقىدار شەرئى ھۆكۈم بولۇپ بۇنى دىن دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلىگەن. اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَقَالَ فِرْعَوْنُ ذَرُونِي أَقْتُلْ مُوسَى وَلْيَدْعُ رَبَّهُ إِنِّي أَخَافُ أَن يُبَدِّلَ دِينَكُمْ ﴾

**﴿ فىرئەۋن ئېيتتى: مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا (ئۆزىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن، مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى زېمىندا (يەنى دۆلەتتە) قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قورقىمەن ﴾ (غافىر، 26).**

بۇ ئايەتتىكى: **﴿ مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن قورقىمەن ﴾** دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئى خالايىق! مەن مۇسانىڭ سىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلۇڭلارنى، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىڭلارنى ۋە مېنىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرىمغا يۈزلىشىش بىلەن ئىتائەت قىلىپ ماڭا قۇلچىلىق قىلىدىغان ھاياتلىق يوللىرىڭلارنى ئۆزگەرتىپ سىلەرنى ئۆزىنىڭ رەببىگىلا ئىتائەت قىلىدىغان، رەببىگىلا قۇلچىلىق قىلىدىغان، ماڭا باش ئەگمەيدىغان قىلىپ قويۇشىدىن قورقىمەن، دېگەنلىك بولۇپ، مانا مۇشۇلارنى دىن دەپ ئاتىغان. دېمەك، فىرئەۋن ئۆزگەرتىلىشىدىن قورققان دىن مۇشۇ ئىدى. فىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشىدىكى بۇ باھانىسى دەل بۈگۈنكى زامانىمىزدىكى فىرئەۋنلەرنىڭ ۋە تاغۇتلارنىڭ الله يولىدىكى دەۋەتچىلەرنى ۋە ھەق ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىلارنى باستۇرۇشىدىكى ۋە يوقۇتىشىدىكى باھانىسىدۇر. بىز زامانىمىز فىرئەۋنلىرىنىڭ ۋە تاغۇتلىرىنىڭ نومۇسسىزلىق بىلەن خەلق ئاممىسىغا توختىماستىن: بۇلار بىر ئۈچۇم قالاق، ياۋايى تەلۋىلەر، بۇلار سىلەرنىڭ خاتىرجەم ۋە پاراۋان تۇرمۇشۇڭلارنى كۆرەلمەيدۇ .

بۇلار سىلەرنىڭ تېنىچ ۋە مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتىڭلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى، سىلەرنىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيلەشكەن، ئازات ـ ئەركىن بولغان تۇرمۇش شەكلىڭلارنى ئۆزگەرتىپ، سىلەرنى مۇندىن ئون نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى قالاق، ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە قايتۇرۇپ ئاپارماقچى، شۇڭا بۇلارنى باستۇرىشىمىز، تۇرمىلارغا تاشلىشىمىز، ئۆلتۈرىشىمىز، بىرسى چىقسا بىرىنى يوقۇتىشىمىز لازىم!، ـ دەپ داۋراڭ سېلىۋاتقانلىقىنى كۇندە دېگۇدەك ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ قالاق ۋەئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋاتقىنى دەل پەيغەمبەر ﷺنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ساھابىلەر،تابىئىنلەرنىڭ دەۋرى بولۇپ، بۇ ئىسلام ئۇممىتىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ئىلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئىنسانىي قىممەت، ئىجتىمائىي ئادالەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئىنساننىڭ قەدرى ـ قىممىتى ۋە ھەقىقىي ئەركىنلىكى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە نامايەن قىلىنغان بىر جەمئىيەت بولۇپ ھېساپلىناتتى.

ئۇلار بىزنىڭ پەيغەمبەر ﷺنىڭ دەۋرىدىن ئىبارەت نۇر دەۋرى، پاكلىق دەۋرى، تەۋھىد ۋە ئىلىم مەئرىپەت دەۋرىگە قايتىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقىمىزنى ئەيىپلەيدۇ ـ يۇ!، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان ئىنسانغا قۇل بولىدىغان، ئىنسان ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى تاڭىدىغان، ئىنسانغا ھايۋان قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدىغان تاغۇت فىرئەۋنىنىڭ دەۋرىگە قايتىپ بولغانلىقىدىن نومۇس قىلمايدۇ. زادى قايسىمىز قالاق، ياۋايى، قاتمال دەپ سۈپەتلىنىشكە ھەقلىق؟!، بەندىلەرنى بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن ئازات قىلىپ، بەندىلەرنىڭ رەببىگە قۇل بولۇشىغا چاقىرىۋاتقان كىشىلەر ئىلغار، مەدەنىيەتلىك ۋە تەرەققىي قىلغان بولامدۇ؟ ياكى بەندىلەرنى بەندىلەرگە قۇل قىلىش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ، بەندىلەرنى ياراتقۇچىسىغا قۇلچىلىق قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇلارنى تاغۇتقا قۇل بولۇشقا ئۇندەۋاتقان كىشىلەرمۇ؟!، ئۇلۇغ الله ناھايىتى توغرا دەيدۇ:

﴿ اللّهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُواْ يُخْرِجُهُم مِّنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّوُرِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ أَوْلِيَآؤُهُمُ الطَّاغُوتُ يُخْرِجُونَهُم مِّنَ النُّورِ إِلَى الظُّلُمَاتِ أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ ﴾

**﴿ الله مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇ، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمىتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ: كافىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر. ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ)**

**قاراڭغۇلۇقىغا چىقىرىدۇ. ئەنە شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾(بەقەر، 257).**

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَكَيْفَ أَخَافُ مَا أَشْرَكْتُمْ وَلاَ تَخَافُونَ أَنَّكُمْ أَشْرَكْتُم بِاللّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ عَلَيْكُمْ سُلْطَاناً فَأَيُّ الْفَرِيقَيْنِ أَحَقُّ بِالأَمْنِ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴾**

**﴿ الله نىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە الله سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى الله قا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ؟)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققا تېگىشلىك﴾(ئەنئام، 81).**

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ مَثَلُ الْفَرِيقَيْنِ كَالأَعْمَى وَالأَصَمِّ وَالْبَصِيرِ وَالسَّمِيعِ هَلْ يَسْتَوِيَانِ مَثَلاً أَفَلاَ تَذَكَّرُونَ ﴾**

**﴿ (كافىرلار ۋە مۇئمىنلەردىن ئىبارەت) ئىككى پىرقە بار(بىر پىرقە) ئەماغا ۋە گاسقا ئوخشايدۇ، (يەنە بىر پىرقە بولسا) كۆزى كۆرىدىغان ، قۇلىقى ئاڭلايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىر ـ بىرىگە ئوخشامدۇ؟ ئىبرەت ئالامسىلەر؟ (ھۇد، 24).**

**خۇلاسە:**

يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا: دىن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيتى ۋە تەبىئى ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئىنسان دىنىنىڭ سىرتىدا ياشىيالمايدۇ. شۇڭا ساماۋى (يەنى الله تەرىپىدىن كەلگەن) دىنىنىڭ رامكىسى ئىچىدە ياشىمىغان ھەر بىر ئىنسان شەك ـ شۈبھىسىزكى، زېمىندىكى باتىل دىنلارنىڭ ئاسارىتى ئاستىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھەتتا دىن ھەققىدىكى پىكىرلەرنى رەت قىلىپ، دىنسىزلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان، دىنلارغا قارشى تۇرۇشنى ئۆزىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلغان بىر ئاتىزىمچى ياكى ماتېرىيالىزىمچىنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭمۇ دىنسىز ياشىمايۋاتقانلىقىنى بايقايسىز. بەلكى ئۇنىڭ ساماۋى ( يەنى الله تەرىپىدىن كەلگەن) دىنلارنى ئىنكار قىلىشنى مەركەز قىلغان بىر تالاي چۈشەنچە، ئىدىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئاتىزىم دىنى» غا ئەسەبىيلەرچە باغلىنىپ

كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلغان دىن (ئاتېزىم دىنى) ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر دىن بولۇپ، بۇ دىن ئۇنىڭ ھازىرقى دۇنياسى ۋە قەدىمكى غائىپ دۇنياسى ھەققىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ ئېتىنىك مەنبەسىنى مايمۇنلار سۇلالىسىگە باغلايدۇ، ۋە ئۇنىڭ ئەسلى يىلتىزىنىڭ، يەنى بىرىنچى ئاتىسىنىڭ ئادەم بولماستىن بەلكى مايمۇن ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىدۇ ھەمدە ئىنسان ۋە جىنلاردىن بولغان تاغۇتلارنىڭ ئىرادىلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بىرتالاي ساختا قانۇنلار، سىياسەتلەر ۋە ئېدىلوگىيەلەر بىلەن ئۇنىڭ ھاياتىنى تەرتىپكە سالىدۇ.

ئۇ ئالدىغا بېرىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان اللهغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ۋە اللهغا قۇل بولۇشتىن قېچىپ، بىر تالاي ساختا ئىلاھلارنىڭ ۋە تاغۇتلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان. تەبىئىكى ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە ۋە پىكرىگە ھۆكمرانلىق قىلىۋاتقان ئۇ باتىل ئىلاھلار ئۇنىڭ ھاياتلىق مەنھەجىنى، تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، ئۇنىڭ پىكىر ـ چۈشەنچىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى تەرتىپكە سالىدىغان قانۇن ـ تۈزۈملەرنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. دېمەك، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئەنە شۇ باتىل ئىلاھلارنىڭ دىنىنىڭ ئاسارىتى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. شۇنداق بولىشىغا قارىماي بۇ «دىنسىز» ئىنسان ئۆزىنى ئەركىن، ئازات دەپ خام ـ خىيال قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بۇ شەقى ئىنسان ئۆزىنىڭ تېخىمۇ چۈشكۈن بولغان بىر تالاي ساختا ئىلاھلارنىڭ قەدىرسىز قۇلىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن بىخەۋەر.

ئۆزىنى دىنلارنىڭ «زەنجىر ـ ئىشكەنلىرىدىن» ئازات بولغان ئادەممەن دەپ خام ـ خىيال قىلىۋاتقان، دىنلارنى ئىنكار قىلىش بىلەن پەخىرلىنىۋاتقان بۇ «دىنسىز» ئىنسان ھەقىقەتتە ئەڭ قەبىھ ۋە ئەڭ رەزىل دىنلارنىڭ مۇرىتىغا ئايلىنىپ قالغان ئىنساندۇر. ئۇ مەيلى بىلسۇن ـ بىلمىسۇن، مەيلى ئېتىراپ قىلسۇن ـ قىلمىسۇن ئىزچىل ھالدا ئۆلۈمدىن كېيىنكى مۇقەررەر كەلگۈسىگە قارىتا بىر خىل گۇمانلىنىش، ئىككىلىنىش، قورقۇش ۋە ئىزتىراپ چېكىشتىن ئىبارەت رەھىمسىز تۇيغۇلار بىلەن ياشايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «دىنسىزلىق» ئىسىملىك خىيالى دىنىنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان چۈشەنچە ۋە تەلىماتلىرىدىن كېلىپ چىققان بىر قاتار پىسخىكىلىق

توسالغۇلار، چېگىشلىكلەر ۋە تۇراقسىزلىقلارنىڭ يامان تەسىرى بىلەن ھاياتنىڭ ھەقىقى تەمىدىن ۋە روھى خاتىرجەملىكتىن مەھرۇم بولغان ئىنساندۇر.

ئەمدى بىز يوقۇرىدىكى مۇھىم سوئالىمىزنى قايتا تەكرارلايمىز: ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىگە ياخشى قاراپ باقسۇن! ئەگەر ئۇ ﷲنىڭ مەنھەجىگە ئۇيغۇن ماڭغان بولسا، ھاياتىنىڭ ھەممە تەرىپىدە ﷲنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھۆكمىنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ﷲنىڭ شەرىئىتىدىن ئۆزگە شەرىئەتلەرنى بىردەك رەت قىلىپ ياشىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ﷲنىڭ دىنىدا بولغان بولىدۇ ۋە ئۇنى مۇسۇلمان دىيىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ﷲنىڭ مەنھەجىدىن باشقا مەنھەجلەرگە ئەگىشىپ ماڭغان بولسا، ئىسلامى چۈشەنچە ۋە ئىسلامى پىكىرلەردىن باشقا پىكىرلەر بىلەن ياشىغان بولسا ۋە تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرىپىدە ياكى مەلۇم بىر تەرىپىدە ﷲنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇنلارنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەشۇ قانۇنلارنى تۈزگەن، ئەشۇ تۈزۈم ۋە مەنھەجلەرنى يولغا قويغان كىشىلەرنىڭ دىنىدىكى كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمى مۇسۇلمانچە بولسىمۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنىدىكى كىشى ھېساپلانمايدۇ. ئۇ بۇنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، ئېتراپ قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئىسلامنىڭ بۇنداق كىشى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمايدۇ، ئۇنىڭمۇ ئىسلام بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق!.

ئۇستاز سەييىد قۇتۇب (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنى پۈتكۈل تۇرمۇشنىڭ بىردىنبىر يولىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يولغا ئەگەشكەن كىشى مۇئمىن ۋە ﷲنىڭ دىنىدا بولغان بولىدۇ. كىمكى تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىدە ھەتتا بىرەر ھۆكۈمدە بولسىمۇ، ئۇ يولدىن باشقا بىر يولغا ئەگىشىدىكەن، ئۇ كىشى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئېلان قىلىشىدىن قەتئىنەزەر ئىماننى رەت قىلغان، ﷲنىڭ ئىلاھلىق ئىمتىيازىغا تاجاۋۇز قىلغان ۋە ﷲنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ﷲنىڭ شەرىئىتىدىن باشقا شەرىئەتكە ئەگەشكەنلىكى ئۇنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى ھۆرمەت قىلمىغان، مەن مۇسۇلمان دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ﷲنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.»

بىز ھەر قانداق بىر دەۋىردە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاللاھغا ئىمانىمىز بار دەپ دەۋا قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئاللاھنىڭ غەيرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن باتىل قانۇنلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىش، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئەگەشمەيدىغان كىشىلەرگە ئىتائەت قىلىش ۋە چۈشەنچە ـ پىكىرلەرنى، قىممەت قاراشلارنى، ماددى ۋە مەنىۋى ئۆلچەملەرنى، ئەدەب ـ ئەخلاقلارنى ئاللاھنىڭ باشقىسىدىن قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئاللاھغا، ئاللاھنىڭ ئىلاھلىق ئىمتىيازلىرىغا شېرىك كەلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ كىلىۋاتىمىز. يۇقىرىدىكى بۇ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھغا ئىمانىمىز بار دېگەن سۆزگە زىت قىلمىشلار بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ﴿ لا اله الا الله ﴾ دەپ بەرگەن شاھادەتكە (يەنى ئەھدىگە) قىلىنغان خىيانەتتۇر.

ھەممىدىن ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىشىدۇ ـ يۇ، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ۋە ھاياتلىق يوللىرىنى ئاللاھنىڭ دىنى بولغان ئىسلامدىن ئالماستىن، بەلكى ئاللاھ كور دەپ سۈپەتلىگەن كىشىلەردىن قوبۇل قىلىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرىۋېرىدۇ.

شۈبھىسىزكى، زېمىنىنىڭ قايسى تەرىپىدە بولمىسۇن، قايسى دەۋىر ۋە قايسى زاماندا بولمىسۇن، پۈتكۈل ھاياتلىق نىزاملىرىنىڭ پەقەت ئىككىلا ئاساسى پىرىنسىپى بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل ئاساسى پىرىنسىپنىڭ بىرى: ئاللاھنىڭ ئىلاھلىق، رەبلىك، باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىڭ بىردىنبىر ئېگىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلارنىڭ ياراتقۇچى ئاللاھغىلا خاس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىنسانلار ھاياتىدىكى شەخسى ۋە ئىجتىمائى تۈزۈم مۇشۇ ئاساسى پىرىنسىپ ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان جەمئىيەتتە ئاللاھنىڭ ئىلاھلىق، رەبلىك، باشقۇرۇش ۋە ھۆكمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت خاس بولغان ئىمتىيازلار ھەرگىزمۇ ئىنسانغا بېرىلمەيدۇ. بۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەر بۇ جەھەتتە پەقەت ئاللاھنىڭلا ھوقۇقىنى ۋە سالاھىيىتىنى ئېتراپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېتىقاد ـ چۈشەنچىلەرنى، ئىنسانى، ئىجتىمائىي، ئەخلاقى قىممەت قاراشلارنى، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئاساسى ئۇسۇللىرىنى ۋە ھاياتنى قېلىپقا سالىدىغان قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى پەقەت ئاللاھدىنلا قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھدىن باشقا ھەرقانداق مەخلۇقنىڭ بۇ جەھەتتىكى باتىل

ئىمتىيازلىرىنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ﴿ لا اله الا الله ﴾ دېگەن ئەھدىنى ئۆز ئەمەلىيەتلىرىدە ئىسپاتلىغان بولىدۇ.

بۇ ئىككى خىل ئاساسى پرىنسىپنىڭ يەنە بىرى بولسا اللهنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ئىلاھلىق، رەبلىك، باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ ئىنكار قىلىش ياكى اللهنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىنكار قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ۋە ياكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا، جەمئىيەت تۈزۈمىدە ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇنلىرىدا ئىنكار قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تېخىمۇ كونكىرتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا جەمئىيەتتىكى مەلۇم بىر كىشىدە ياكى مەلۇم بىر تەشكىلاتتا، ياكى مەلۇم بىر سىنىپتا ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا قانۇن ـ تۈزۈم بەلگىلەش، ئۆلچەم بېكىتىش، باشقۇرۇش ۋە ھۆكىمرانلىق قىلىش سالاھىيتى ۋە ھوقۇقى بار دەپ قاراش بىلەن ۋە ياكى شۇ باتىل ئىمتىيازنى ئېتراپ قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش بىلەن اللهنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان بۇ ھوقۇق ئىنكار قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھاياتى مۇشۇ ئاساسى پرىنسىپ ئۈستىگە قۇرۇلغان كىشىلەر ﴿ لا اله الا الله ﴾ دېگەن شاھادەتنى ئېيتمىغان كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ بىر ئاساسى پرىنسىپتۇر. يۇقىرىدىكىمۇ بىر ئاساسى پرىنسىپتۇر. لېكىن بۇ ئىككى خىل ئاساسى پرىنسىپ بىر ـ بىرىگە تۈپتىن قارمۇ ـ قارشى بولۇپ، مەڭگۈ بىر ـ بىرىنى قوبۇل قىلالمايدۇ، بىر يەرگە كېلەلمەيدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىرى «جاھىلىيەت» بولسا، يەنە بىرى «ئىسلام» دۇر.

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جاھىلىيەتلىرىگە تۈرلۈك ئىسىملارنى قويۇپ، ئۇنى مەيلى شەخسنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دېسۇن، مەيلى خەلقنىڭ ھاكىمىيتى دېسۇن، مەيلى كوممۇنىزىم دېسۇن، مەيلى كاپىتالىزىم دېسۇن، مەيلى دېموكراتىيە دېسۇن ياكى دېكتاتورا دېسۇن، مەيلى ئۇنى مۇستەبىت ھاكىمىيەت دېسۇن ۋە مەيلى روھانى ياكى دىنى ھاكىمىيەت دېسۇن، ئۇنىڭ شەكىللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ھالەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئىسىملىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماسلىقىدىن قەتئىنەزەر ئۇنىڭ ھەممىسى جاھىلىيەتتۇر. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىسمى ۋە شەكلى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىم ۋە شەكىللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن قەتئىنەزەر ئىنسان ئىنسانغا قۇل بولۇش، اللهنىڭ ئىلاھلىق، رەبلىك، باشقۇرۇش ۋە ئىنسانلار

هاياتىغا ئۆزى يالغۇز ھۆكىمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت اﷲنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ھوقۇقنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ ئاساسى پىرىنسىپتا بىردەكلىككە ئىگە. شۇڭا بۇ جاھىلىيەتلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە تۈپ ئاساسى پىرىنسىپى بىر بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئىسىم ۋە شەكىللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.

ھەرقانداق بىر تۈزۈمنىڭ ئىسلامى تۈزۈم ياكى جاھىلىيەت تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۇرۇشتىكى ئاساسى ئۆلچەم شۇ تۈزۈمنىڭ مەنبەسىدۇر. ئەگەر ئۇ اﷲ بېكىتكەن تۈزۈم بولسا ئىسلامى تۈزۈمدۇر، ئۇ چاغدا شۇ جەمئىيەتتە ھۆكۈمران بولغىنى ئىسلام دىنى بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تۈزۈم اﷲ ئەمەس بەلكى مەخلۇقلار تۈزگەن تۈزۈم بولسا، ئۇندقتا ئۇ جاھىلىيەت تۈزۈمىدۇر. ئۇ چاغدا بۇ جەمئىيەتتە جاھىلىيەت ھۆكۈمران بولغان بولىدۇ. مانا بۇ ھەرقانداق بىر تۈزۈمنىڭ مەزمۇنى ۋە تەپسىلاتلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئىسلامى تۈزۈم ياكى جاھىلىيەت تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۇرۇشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەمدۇر.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللا «پەتىۋالار توپلىمى» دا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام ـ اﷲغىلا باش ئېگىشتىن ئىبارەتتۇر. كىمكى اﷲغا باش ئېگىپ اﷲنىڭ غەيرىگىمۇ باش ئەگسە، ئۇ مۇشرىك بولىدۇ. كىمكى اﷲغا بويسۇنۇشتىن باش تارتسا، ئۇ اﷲغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ھاكاۋۇرلۇق قىلغان بولىدۇ. ھالبۇكى اﷲغا شېرىك كەلتۈرگۈچى بىلەن اﷲغا قۇلچىلىق قىلىشقا ھاكاۋۇرلۇق قىلغۇچىنىڭ ھەرئىككىلىسى كافىردۇر. اﷲغىلا باش ئېگىش، اﷲغىلا ئىبادەت قىلىشنى ۋە اﷲغىلا ئىتائەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

* * *

# 5 ـ ئىمان

ھەقنىڭ دۈشمەنلىرى ئىمان ھەققىدە نېمىلەرنى دېيىشتى...

دىنىمىزدىكى بۇ ئۇلۇغ ۋە ئاساسى چۈشەنچە ئۇلار تەرىپىدىن قانداق بۇرمىلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە ئۇچرىدى؟!

ئۇلار: ئىمان پەقەت قەلبتە شەكسىز تەستىقلاشتىن ئىبارەتتۇرــــ دەپ، چۈشەندۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىر قەدەر ياخشىراقلىرى ئازراق «ئىنساب» قىلىپ: ئىمان قەلبتە تەستىقلاش بىلەن تېلدا ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەت، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ تېلدا ئىقرار قىلىش دېگىنى ئۆمرىگىزدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ تەۋھىد شاھادىتىنى تىلغا ئالغانلىقىڭىزنى كۆرسىتەتتى. بۇنداق بولغاندا بىر ئادەم ھېچقانداق ئەمەل قىلمىسىمۇ ياكى دۇنيادىكى قەبىھ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى قىلسىمۇ، ئۇ پەقەت دىلىدا اللەنىڭ بارلىقىغان تەسدىق قىلسىلا ۋەياكى دىلىدا تەستىق قىلىپ ئېغىزىدا بىرەر قېتىم ﴿ لا الە الا الله ﴾ نى دەپ قويسىلا ئۇ مۆئمىن ۋە جەننەت ئەھلىدىن ھېساپلىناتتى.

ئۇلار بىر ئادەمنىڭ مۆئمىن بولۇشى ئۈچۈن پەقەت دىلىدا تەستىق قىلىشنىلا شەرت قىلغانىكەن، ئۇلارنىڭ بىر ئادەمنىڭ كافىر بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ دىلىدا ئىنكار قىلىشنىلا ياكى دىلىدا كۇفرىنى ھالال سانىشىلا شەرت قىلىشى تەبىئى ئەھۋال ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن جۇھەمىيە ۋە مۇرجىئي پىكىر ئېقىمىدىن ئىبارەت گۇمراھ پىكىر ئېقىمىدىكى كىشىلەرنىڭ، كافىرلىق سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان ۋە ئىماندىن چىقىرىۋېتىدىغان ئامىللارنى تولۇق سادىر قىلغان تاغۇتلار، زىندىق ۋە مۇرتەدلەرنىڭ «مۇسۇلمانلىقى» نى ئاقلاپ، ئۇلار ئۈچۈن مۇنازىرلىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ تاغۇت ۋە زىندىقلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئىسپاتلاشتىكى ھۆججىتى شۇ تاغۇتلار ياكى زىندىقلارنىڭ دىللىرىدا اللەنىڭ دىنىنى ئىنكار قىلمىغانلىقى ياكى دىللىرىدا كۇفرىنى ھالال سانىمىغانلىقى ئىدى. ئويلاپ بېقىڭ! ئىنسانلارنىڭ دىلىنى اللەدىن ئۆزگە ھېچكىم بىلەلمەيدۇ، ئۇنداقتا بىز پالانى ياكى پۇستانىنىڭ دىلىدا كۇفرىنى ھالال سانىغان

ياكى سانىمىغانلىقىنى قانداق تونۇيمىز؟ ئۇنداقتا شەرىئەتنىڭ ھەددىدىن ئاشقان تاغۇتلار ۋە زىندىقلار ھەققىدىكى ھۆكۈملىرى كىملەرگە تەدبىقلىنىدۇ؟ دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ باتىل چۈشەنچىلىرى بىلەن شەرىئەتنىڭ تاغۇتلار ۋە زىندىقلار توغرىسىدىكى كەسكىن ھۆكۈملىرىنىڭ ئەمىلىيەتكە تەدبىقلىنىش يولىنى ئۈزۈپ قويۇش بىلەن بۇ ھۆكۈملەرنى ئەمىلى ئەھمىيىتى يوق قۇرۇق نەزىرىيەگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مۇرجىئىي ئىدىيىسىدىكى كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ھېيلىگەر، ئىسلام ياشلىرىغا بولغان زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر بولغان يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر مەۋجۇت. ئۇلار نەزىرىيە جەھەتتىن «ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە» نىڭ ئىمان ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇلاردىن ئىمان ھەققىدىكى قارىشىنى سورىسىڭىز ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەستىن: ئىمان ـ ئېتىقاد، ئىقرار ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت دەپ جاۋاب بېرىدۇ. لېكىن ئۇلار ئىمان ھەققىدىكى بۇ قائىدىنى ئەمىلىيەتكە تەدبىقلاپ، كونكرېت ھادىسە، كونكرېت جەمئىيەت ۋە كونكرېت شەخسلەرنىڭ سۈپىتىنى ۋە تەۋەلىكىنى بەلگىلىمەكچى، ئۇلارغا شەرئى ھۆكۈملەرنى تەدبىقلىماقچى بولغاندا ئۇلار بىردىنلا مۇرجىئىيلارنىڭ مەيدانىغا ئۆتۈپ ئىماننى پەقەت دىلدا تونۇش ۋە تەستىقلاش بىلەنلا ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ياكى كۇفرىنى پەقەت دىلدا ئىنكار قىلىش ۋە كۇفرىنى دىلدا ھالال ساناش بىلەن چەكلەپ قويىدۇ. ئۇلار نامدا ۋە ئېغىزلىرىدىكى دەۋالىرىدا «ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە» ئەقىدىسىدىكى ئىخلاسمەن كىشىلەر بولىسمۇ، لېكىن ئۆز ئەمەلىيەتلىرىدە، پىكىر، كۆز ـ قاراشلىرىدا مۇرجىئىيلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغانلىقلىرى ئۈچۈن تاغۇتلار ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ مۇرجىئىي ئىدىيىسىدىن ئىنتايىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلىپ، مەسجىدلەرنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مەخسۇس شۇلارنىڭلا قولىغا تۇتقۇزۇپ، دۆلەت مەجلىسلىرىدە ئۇلارغا ئالاھىدە ئىمتىيازلارنى بېرىپ، ئۇلارنى ئالاھىدە تەمىناتلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە لىكسىيە سۆزلەش سورۇنلىرىنى ۋە ئاممىۋى يىغىلىشلارنى ئويۇشتۇرۇپ بېرىپ، بەزىلىرى ئۈچۈن مەخسۇس تەشۋىقات قانالىرىنى ئېچىپ بەردى. ئۇلارنىڭ يوللىرىدىكى پۈتۈن توسالغۇلارنى يوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە تەشۋىقاتلىرى ئۈچۈن كەڭ ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەردى. ئۇلارنى يۇقىرى ئىنئام ۋە مائاشلار بىلەن تەمىنلىگەندىن

سىرت، ئەگەر ئۇلار تىخىمۇ ياخشى خىزمەت كۆرسىتىپ نەتىجە يارىتالىسا ئۇلارنى تېخىمۇ يۇقىرى ئىمتىياز ۋە مەرتىۋىلەرگە ئولتۇرىدىغانلىقلىرى بىلەن ۋەدە قىلىپ كەلدى. ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ پاسكىنا مۇرجىئىي ئىدىيىسىگە سورۇننى ئوڭچە ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن قارشى ئىدىيىدىكى تەۋھىد ئالىملىرىنى ۋە تەۋھىد دەۋەتچىلىرىنى ۋەتەندىن قوغلاپ ياكى تۈرمىلەرگە قاماپ كەلدى.

سەلەفلەردىن بىر كىشى: «مۇرجىئىيلىكمۇ بىر دىن بولۇپ، ئۇ ئۆلىمالارنىڭ دىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ پادىشاھلىقىنى كۈچەيتىدۇ» دەپ توغرا ئېيتقاندى.

دەرۋەقە «ئىمان» ئۇقۇمى ھەققىدىكى بۇخىل خاتا چۈشەنچە ۋە بۇرمىلاشلار نەتىجىسىدە ئىمانى، ئېتىقادى ۋە چۈشەنچىلىرى شالغۇتلاشقان، ھاياتلىق يوللىرىدا ئېزىپ كەتكەن، ناچار قىلمىشلاردىن بىئارام بولمايدىغان، ياخشى ئىشلاردىن سۆيۈنمەيدىغان... ئىسلام دېگەن ئىسىم بىلەن ئۇنىڭ شەكىل ۋە ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىدىن باشقا ئىسلام ھەققىدە ھېچنىمىنى ئۇقمايدىغان، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرگە سەل قارايدىغان...ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى كىشىگە ئۇلارنى ئىسلام ئەھلى ئىكەن دېگەن تۇيغۇنى بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى، ئىجتىمائىي ھالەتلىرى، ئەخلاقلىرى ۋە چۈشەنچىلىرى ئۇلارنىڭ تاغۇتقا ۋە تاغۇتنىڭ گۇرۇھىغا تەۋە كىشىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ ئىسلام دىنى ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنى بىز توغرا يولدا ماڭغانلار، بىز ياخشى ئىش قىلىۋاتقانلا دەپ يۈرۈشىدىغان بىر توپ ئەۋلادلار مەيدانغا كەلدى!.

ئۇلار: ئەمەل قىلىش ئىماننىڭ توغرا بولىشىنىڭ شەرتى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى نىجاتلىقنىڭ سەۋەبى ھېسابلانمىغانىكەن، ئۇنداقتا شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشنىڭ، اللهغا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشنىڭ، ناماز ئوقۇپ، ھەج قىلىپ، زاكات بېرىپ ۋە روزا تۇتۇپ ئاۋارە بولۇشىنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟! دەپ قاراشتى.

ئۇلارنىڭ مۇرجىئىي ۋە جەھمىيە ئىدىيىسىدىكى شەيخلىرى ۋە موللىلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يوللىرىنى ۋە ئىدىيە، چۈشەنچىلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ بەرگەن پەتۋالىرىغا مۇناسىپ، ئۇلار: بىز دىلىمىزدا اللهنىڭ بارلىقىغا تەستىق قىلغانىكەنمىز، قانداق ئەمەللەرنى

قىلىشىمىزنىڭ ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمىزدە كۇفرىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىشىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن چوڭ زىيىنى يوق، ئەگەر زىيىنى بولغان تەقدىردىمۇ بىز پەقەت شۇ ئەمەللىرىمىز ئۈچۈن ۋاقتىلىقلا ئازاپلىنىمىز، دىلىمىزدا اﷲنى ئىنكار قىلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىز ئاخىرقى ھېسابتا ئىمان ئەھلى ھېسابلىنىپ جەننەتكە كىرىمىز، دەپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى گويا يەھۇدىلارنىڭ ئەينى زاماندا قىلغان مۇنۇ سۆزلىرىگە ئوخشىشىپ قالاتتى:

**﴿ وَقَالُواْ لَن تَمَسَّنَا النَّارُ إِلاَّ أَيَّاماً مَّعْدُودَةً قُلْ أَتَّخَذْتُمْ عِندَ اللّهِ عَهْداً فَلَن يُخْلِفَ اللّهُ عَهْدَهُ أَمْ تَقُولُونَ عَلَى اللّهِ مَا لاَ تَعْلَمُونَ ﴾**

**﴿ ئۇلار: ‹بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ› دەيدۇ. (ئۇلارغا) ‹سىلەرگە اﷲ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ، (ۋەدە بەرگەن بولسا) اﷲ ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ، ياكى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغانىنى اﷲ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟› دېگىن ﴾. (بەقەرە 80)**

اﷲتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُواْ لَن تَمَسَّنَا النَّارُ إِلاَّ أَيَّاماً مَّعْدُودَاتٍ وَغَرَّهُمْ فِي دِينِهِم مَّا كَانُواْ يَفْتَرُونَ﴾**

**﴿ بۇ ئۇلارنىڭ ‹دوزاخ ئوتى بىزنى ساناقلىق كۈنلەرلا (يەنى موزايغا چوقۇنغان 40 كۈنلۈك ۋاقىتلا) كۆيدۈرىدۇ› دېگەنلىكلىرى ۋە دىنىي جەھەتتە ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈندۇر ﴾. (ئال ئىمران 24)**

قىسقىسى، ئىمان ئۇقۇمىنىڭ بۇرمىلىنىشى ئۈممەت ھاياتىدىكى ئومۇمى قېيىپ كېتىشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. بۇ خىل قېيىپ كېتىش ئالدى بىلەن چۈشەنچە ۋە ئەقىدىدە ئىپادىلەندى، ئاندىن ھەرىكەت ۋە ئەمەل ـ ئىبادەت جەھەتتە كۆرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئىمان ئۇقۇمىنى، ئۇلارنىڭ تەدبىقلىنىش يولىنى ۋە مەزمۇنىنى بۇرمىلىشى ۋە بۇ ئۇلۇغ ۋە ئاساسى چۈشەنچىگە بارلىق سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر ۋە قايمۇقتۇرۇشلىرىنى سىڭدۈرۈشىدىن باشلانغان بۇ بۇزۇلۇش بارغانسېرى كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ، چوڭىيىپ كەتكەن يىرتىقنى ياماش قىيىن بولغاندەك، ئاسانلىقچە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان ۋە كونترول قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. بۇ قەدەر كەڭ دائىرىلىك بۇزۇلۇش ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى قېيىپ كېتىش

نەتىجىسىدە ئەمەل ـ ئىبادەتكە ، دىنى مەجبۇرىيەتلەرگە ۋە اللهنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە سەل قاراش مەيدانغا كەلدى . بىز ھازىرقى دەۋرىمىزدە ۋە رېئال تۇرمۇشىمىزدا بۇنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرىۋاتىمىز ، ھېس قىلىۋاتىمىز ۋە شۇ رېئاللىق ئىچىدە ياشاۋاتىمىز .

دېمەك ، ئىمان مەسىلىسى ھازىر كېچىكتۈرۈشكە ۋە سەل قاراشقا بولمايدىغان ئەڭ زور ۋە ئەڭ خەتەرلىك مەسىلە بولۇپ قالدى . ئىماننىڭ ھەقىقىتى ، شەرتى ۋە مەزمۇنىنىڭ بۇرمىلىنىشىدىن كېلىپ چىققان بۇ خەتەرلىك ئەھۋال الله يولىدىكى ساداقەتمەن دەۋەتچىلەرنىڭ ئىمان مەسىلىسى ئۈستىدە جىددى ۋە ئەستايىدىل توختىلىپ ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە باتىلغا قارشى ۋە باتىل گورۇھلارغا قارشى ھەققانىيەتنىڭ ئوقلىرىنى ياغدۇرۇپ ، اللهنىڭ ئىزنى بىلەن باتىلنى تارمار قىلىپ ، «ئىمان» دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ۋە مۇھىم چۈشەنچىنىڭ ئەسلى ھەقىقىتىنى ، شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرى كۆرسەتكەن ۋە ئۆتمۈشتىكى يارامىلىق ئەجدادلىرىمىز ئەمەل قىلىپ ئۆتكەن ئەسلى مەنىسىنى قايتىدىن يېڭىلاپ ، ئۇنى ئازغۇن ۋە ھەقنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بورمىلاش ۋە خاتا شەرھىيلەشلىرى نەتىجىسىدە قاپلاپ كەتكەن پاسكىنا چاڭ ـ توزانلاردىن پاكلاپ چىقىشلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋە كەسكىن زۆرۈرىيەت ئىكەنلىگىنى بەلگىلىدى . بۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق اللهنىڭ بۇ جەھەتتە ئېزىپ كەتكەن كىشىلەرنى ھەقىقەت ئۈستىگە قايتۇرۇپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز . ئەمىلىيەتتە بۇ اللهغا ناھايىتىمۇ ئاساندۇر .

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز ھەقىقەت دۈشمەنلىرىنىڭ ئىمان ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىدۇر . ئۇنداقتا ئىمان ھەققىدىكى توغرا ۋە ھەققانى سۆز قايىسى؟

ئىماننىڭ لوغەتتىكى مەنىسى: تەستىقلاش ۋە قەتئى ئىشىنىش دېگەنلىكتۇر .

ئۇنىڭ ھەقىقىتى: قەلبتە ئېتىقاد قىلىش ، تىل بىلەن ئىقرار قىلىش ۋە تەن بىلەن ئەمەل قىلىشتۇر . بۇ ئۈچ شەرتنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ . يەنى بۇ ئۈچ شەرتتىن بىرسى كەم بولسا ، ئىمان ئىمان بولمايدۇ .

ئىمان ئىتائەت قىلىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن كۈچىيىدۇ، ﷲنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن باش تارتىش ۋە يامان ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن كېمىيىدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ. ئەمەلنىڭ دەرىجىلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بەزىسى ئىماننىڭ توغرا بولىشىنىڭ شەرتى ھېسابلىنىدۇ. يەنى شۇ ئەمەلنى قىلمىغاندا بەندىنىڭ ئىمانى قوبۇل قىلىنمايدۇ. يەنە بەزى ئەمەللەر ئىماننىڭ شەرتى ئەمەس، بەلكى ئىماننىڭ تەلىپى ھېسابلىنىپ، بۇ ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن ئىمان كۈچىيىدۇ ۋە زىيادە بولىدۇ. ئادەتتە بۇ ئەمەللەر ئىماننىڭ شەرتى دەرىجىسىگە يەتمەيدىغان ۋاجىب ۋە مۇستەھەب ئەمەللەرنى كۆرستىدۇ.

مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى، پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننەتلىرى ۋە بۇ ئۇممەتنىڭ يارامىلىق ئەجدادلىرى بولغان ساھابىلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرى بىردەك ئىسپاتلىغان ھەقىقەتتۇر. بىز تۆۋەندە سىزگە بۇنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

## ئىماننى تونۇشتۇرۇش

### 1 ـ ئېتىقادنىڭ ئىماننىڭ شەرتى ئىكەنلىكى:

بىز ئېتىقاد دېگەن سۆزدىن بىلىش، قەتئىي ئىشىنىش، ياخشى كۆرۈش، يامان كۆرۈش، قورقۇش، شەك قىلماسلىق، ئۈمىدۋارلىق، قايتىش، تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئىخلاس... قاتارلىق قەلبنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى نەزەردە تۇتىمىز. يەنى ئىماننىڭ ئەنە شۇ قەلب ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىگە باغلىنىپ كېتىشى ۋە سىڭىپ كېتىشى ئېتىقاد بولۇپ، بۇ ئىماننىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىكى مۇھىم شەرتتۇر. پۈتۈن ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى شۇكى ئېتىقاد ئىماننىڭ ئاساسى ۋە شەرتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئېتىقادسىز ئىمان ھەقىقى ئىمان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى قەلبتە ئېتىقاد بولمىغاندا ئۇنىڭدا يوشۇرۇن كۇفرى ۋە مۇناپىقلىقتىن باشقىسى بولمايدۇ. ھالبۇكى قەلبدە كۇفرىنى ۋە نىفاقنى يوشۇرغان كىشى گەرچە ئېغىزدا ۋە ئەمەلدە ئىسلامنى شەكىللەندۈرگەن تەقدىردىمۇ ئۇ يەنىلا دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان كافىردۇر.

ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِذَا جَاءكَ الْمُنَافِقُونَ قَالُوا نَشْهَدُ إِنَّكَ لَرَسُولُ اللَّهِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ إِنَّكَ لَرَسُولُهُ وَاللَّهُ يَشْهَدُ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ لَكَاذِبُونَ . اتَّخَذُوا أَيْمَانَهُمْ جُنَّةً فَصَدُّوا عَن سَبِيلِ اللَّهِ إِنَّهُمْ سَاء مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ . ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ آمَنُوا ثُمَّ كَفَرُوا فَطُبِعَ عَلَى قُلُوبِهِمْ فَهُمْ لَا يَفْقَهُونَ ﴾

**﴿ مۇناپىقلار سىنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن چاغدا: ‹گۇۋاھلىق بېرىمىزكى سەن ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرىدۇرسەن› دەيدۇ، سىنىڭ ھەقىقەتەن الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭنى الله بىلىدۇ، الله گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋالدى، (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن (يەنى الله نىڭ دىنىدىن) توستى، ئۇلارنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان!، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار (ئېغىزلىرىدا) ئىشىنىپ، ئاندىن (دىللىرىدا) ئىنكار قىلدى، ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى (يەنى دىللىرىغا ھىدايەت يېتىپ بارالمايدۇ)، ئۇلار (ئىماننى) چۈشەنمەيدۇ ﴾. (مۇنافىقۇن 1~3)**

دېمەك، يوقۇرىدىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان مۇناپىقلار قەلبلىرىدە يوق ئىماننى ئېغىزلىرىدا دەۋا قىلىشقانلىقلىرى ئۈچۈن كافىر بولۇشتى، چۈنكى ئۇلار ئىماننى دەۋا قىلىشقانلىرىدا ئۇنى قەلبلىرىدىكى ئېتىقادنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىماننى قالقان قىلىپ كافىر ۋە مۇرتەد دېگەن ھۆكۈمدىن ۋە كاللىسىنىڭ ئېلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىمان دەۋاسى قىلىشقانىدى.

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمْ نَصِيراً ﴾

**﴿ مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن ﴾. (نىسا 145)**

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَعَدَ اللہ الْمُنَافِقِينَ وَالْمُنَافِقَاتِ وَالْكُفَّارَ نَارَ جَهَنَّمَ خَالِدِينَ فِيهَا هِيَ حَسْبُهُمْ وَلَعَنَهُمُ اللّهُ وَلَهُمْ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴾

**﴿ الله مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللار ۋە كۇففارلارغا دوزاخنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخ ئۇلارنى (ئازابلاشقا) يېتەرلىكتۇر، الله ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ ﴾. (تەۋبە 68)**

مۇناپىقلىق بولسا، دىلىدا ئىنكار قىلىپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ھەقتىن ۋە ھەق تەرەپدارلىرىدىن قورقۇپ ئىچىدىكىنى يوشۇرۇپ ئەمەللىرىدە ئىسلامنى ئاشكارىلاشتۇر. ئۇلار ھەقىقەتتە مۇئمىنلەرنىڭ سىپىدە ئەمەس تورۇغلۇق، ئۆزلىرىنى مۇئمىنلەرنىڭ سىپىدە قىلىپ كۆرسىتىش بىلەن مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىشىدۇ، بىراق ھەقىقەتتە ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ. اللەتەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يُخَادِعُونَ اللّهَ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَمَا يَخْدَعُونَ إِلاَّ أَنفُسَهُم وَمَا يَشْعُرُونَ ﴾

**﴿ ئۇلار الله نى ۋە مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ﴾. (بەقەرە، 9)**

قۇرتۇبى بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇناپىقلار دىللىرىدا كۇفرىنى يوشۇرۇپ، ئىچىدىكىلىرىدا ئىمان دەۋاسى قىلىش بىلەن جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ھەقنىڭ قىلىچىدىن ساقلاپ قالماقچى بولغان ۋە بۇ جەھەتتە قۇتۇلۇپ قالدۇق ۋە ئالدىيالدۇق دەپ ئويلاپ قىلىشقان. »

ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دىگەن: **«ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى (يەنى قوبۇل قىلىنىشى) پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر. ھەربىر كىشى پەقەت ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگىلا ئېرىشەلەيدۇ».**

بۇ ھەدىس شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، پۈتۈن ئەمەللەرنىڭ، جۈملىدىن ئىماننىڭ قوبۇل قىلىنىشى پەقەت قەلبكە چىگىلگەن، ئەمەلگە ئۈندەيدىغان نىيەتكە باغلىقتۇر. ئەگەر شۇ ئەمەلگە تۈرتكە بولغان نىيەت پەقەت الله ئۈچۈنلا بولسا شۇ ئەمەل قوبۇل قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قوبۇل قىلىنمايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«اللەدىن ئۆزگە بىرمۇ ھەقىقى ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەدنىڭ اللەنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن تەسدىق قىلىپ تۇرۇپ شاھادەت ئېيتقان ھەرقانداق بىر كىشىگە الله دوزاخنى ھارام قىلىدۇ». (بۇخارى)**

بۇخارى رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«مۇنۇ خوش - خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋە ئارقاڭلاردىكىلەرگىمۇ يەتكۈزۈپ قويۇڭلاركى: چىن قەلبىدىن تەستىق قىلىپ تۇرۇپ ‹ لا اله الا الله › (يەنى اللەدىن باشقا ھېچبىر ھەقىقى ئىلاھ يوق) دەپ گۇۋاھلىق ئېيتقان**

**كىشلا بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ»**. بۇ ھەدىستە سۆزلىنىۋاتقان پاكىت شۇنى كۆرسىتىدۇكى، كىمكى چىن دىلىدىن تەستىق قىلماي ۋە قەلبىدە ئېتىقاد قىلماي تۇرۇپ ﴿ لا اله الا الله ﴾ دەپ شاھادەت ئېيتسا... ئۇ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، جەننەت ئەھلىدىن بولالمايدۇ. ئۇ پەقەت دوزاخ ئەھلىدىندۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«كىمكى ‹ لا اله الا الله › (يەنى اللهدىن باشقا ھېچبىر ھەقىقى ئىلاھ يوق) دېگەن ھەقىقەتنى بىلگەن ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ»**. **(مۇسلىم)** بۇ ئىككى ھەدىستە سۆزلەنگەن پاكىت مۇقەررەر ھالدا شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كىمكى ﴿ لا اله الا الله ﴾ نىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەي ۋە ئۇنىڭغا شەكسىز ئىشەنمەي ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ ۋە جەننەت بىلەن خوش ـ خەۋەر بېرىلمەيدۇ. ھالبۇكى بۇ (اللهدىن پاناھ تىلەيمىزكى) دەل كافىرلارنىڭ ئاقىبىتىدۇر.

قەلب ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېتىقادنىڭ ئىمانىنىڭ بىر گەۋدىسى ۋە مۇھىم شەرتى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك قەلبتە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ئېتىقاد ھاسىل قىلالمىغان ئىمانىنىڭ دۇرۇس ۋە توغرا ئىمان بولالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ـ پاكىتلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ بۇ قىسقىغىنە مۇھاكىمىمىزدە ئۇنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرۈپ بولۇش مۇمكىن ئەمەستۇر.

بىز يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن مۇرجىئى مەزھىبىنىڭ بىر تۈرى بولغان، ئىماننى پەقەت ئېغىزدىكى ئىقرار بىلەنلا چەكلەپ قويىدىغان كەررامىيە مەزھىپىنىڭ رەزىل، ئازغۇن ۋە باتىل مەزھەب ئىكەنلىگىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ نىجىس مەزھەبنىڭ ئىمانىنىڭ شەرتىنى پەقەت تىلدا ئىقرار قىلىش بىلەنلا چەكلەپ قويىشى، تەبىئىكى دىللىرىدا كۇفرىنى ۋە نىفاقنى يوشۇرغان مۇناپىقلارنىمۇ قىيامەت كۈنى جەننەتكە كىرىدىغان مۇئمىنلەر قاتارىدىن ھېسابلاش بىلەن بارابەر ئىدى.

ھازىرقى دەۋرىمىز بۇ گەرچە بۇ نىجىس ۋە گۇمراھ مەزھەپنىڭ نامى ۋە شۇئارى بىلەن ياشايدىغان ۋە ئۆزلىرىنى بۇ مەزھەپكە تەۋە دەپ ھېسابلايدىغان كىشىلەر مەۋجۇت بولمىسىمۇ، بىراق ئىمانىنىڭ ئۇسۇل قائىدىلىرىنى ئەملىيەتكە تەدبىقلاش جەريانىدا بىلىپ ـ بىلمەي شۇ

ئازغۇن مەزھەپنىڭ يولىنى تۇتىدىغان كىشىلەر يەنىلا مەۋجۇت. بۇنىڭ تۈپ ئىپادىسى شۇكى، ئەگەر سىز كۇفرى، باتىل ۋە دىنسىزلىق ئەقىدىسى بىلەن ياشايدىغان، پارتىيە نىزاملىرى، شوئارلىرى ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرى اللهنىڭ دىنىغا قارشى بولغان، بىراق تەلەپ قىلىنسا خىجىل بولماستىن تەۋھىد گۇۋاھلىقى بولغان ﴿لا اله الا الله﴾ نى دەپ بېرىدىغان كوممۇنىزىمچىلارنىڭ، ئىلمانىزىمچىلارنىڭ، لىبرالىزىمچىلارنىڭ ۋە ئۇلاردىن باشقا دىنسىز زىندىقلارنىڭ كافىرلىقى ئۈستىدە گەپ قىلسىڭىز، ئۇلار شۇ ھامان سىزگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ: ئۇلار تىلىدا ئىماننى ئىقرار قىلغان تۇرسا، ﴿لا اله الا الله﴾ دەپ شاھادەت ئېيتقان تۇرسا، ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن كافىر دەيسەن؟ ئۇلارنىڭ ﴿لا اله الا الله﴾ دېگىنى ساڭا يەتمەمدۇ؟! دەيدۇ. مانا بۇ كىشىلەر ئىمان مەسىلىسىدە گەرچە ئۆزلىرىنى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە مەزھىپىدە دەپ دەۋا قىلىشسىمۇ، ئەمىلىيەتتە مۇرجىئى مەزھىپىنىڭ بىر تارمىقى بولغان كەررامىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئىبنى كەررامنىڭ مەزھىپىدىكى كىشىلەردۇر.

### 2 ـ تىلىدا ئىقرار قىلىشنىڭ ئىماننىڭ شەرتى ئىكەنلىكى

بىز تىلىدا ئىقرار قىلىش دېگەندىن «لا اله الا الله محمد رسول الله» دېگەن تەۋھىد شاھادىتىنى تىلى بىلەن ئىقرار قىلىشنى كۆزدە تۇتىمىز. دېمەك، تەۋھىد شاھادىتىنى تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش ۋە ئاشكارا ئوتتۇرغا قويۇش ئىماننىڭ توغرا بولىشىدىكى ۋە بىر ئادەمنىڭ ئىسلامغا كىرىشىدىكى مۇھىم شەرتتۇر.

تەۋھىد تەۋھىد شاھادىتىنىڭ ئىماننىڭ مەزمۇنى ۋە مۇھىم شەرتى ئىكەنلىكىنى كۆرستىدىغان دەلىل ـ پاكىتلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپقا تالىپقا قىلغان سۆزى شۇ پاكىتلارنىڭ بىرىدۇر:

سەھىھۇلبۇخارى ۋە باشقا كىتاپلاردا كەلتۈرۈلىشچە: پەيغەمبەر ﷺنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپ ۋاپات قىلىش ئالدىدا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: **«ــ تاغا، ‹ لا اله الا الله › دېگىن، مەن قىيامەت كۈنى بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا گۇۋاھ بولىمەن، دېگەندە ئەبۇ تالىپ: ــ قۇرەيش خەلقىنىڭ مېنى قورقۇپ ئەجدادىنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈپتۇ، ــ دەپ ئەيىپلەشلىرىدىن قورىقمىغان بولسام،**

**ئەلۋەتتە ‹ لا اله الا الله › ـ دەپ شاھادەت ئېيتسپ سىنى خۇشال قىلغان بولاتتىم، دېگەن»**، ۋە ﴿ لا اله الا الله ﴾ دېگىلى ئۇنىمىغان. شۇنىڭ بىلەن الله تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نازىل قىلغان:

**﴿ إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَاءُ ﴾**

**﴿ شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمگىنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ﴾(قەسەس، 56).**

**﴿ مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَالَّذِينَ آمَنُواْ أَن يَسْتَغْفِرُواْ لِلْمُشْرِكِينَ وَلَوْ كَانُواْ أُوْلِي قُرْبَى مِن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُمْ أَصْحَابُ الْجَحِيمِ ﴾**

**﴿ پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوۋزاخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلارنىڭ ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغفىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس ﴾(تەۋبە، 113).**

روشەنكى ئەبۇ تالىپنى تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتىشتىن توسقان ئامىل ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نى يالغانچى دەپ قارىغانلىقى ياكى پەيغەمبەر ﷺنىڭ اللەنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەنلىكى ئەمەس. بەلكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئاندىن تەۋھىد شاھادىتىنى ئېيتىپتۇ، ـ دەپ ئەيىپلىشىدىن قىچىپ تەۋھىد كەلىمىسىنى ئېيتىشتىن باش تارتقان ئىدى. شۇڭا ئۇ كۆڭلىدە تەۋھىدنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، ئېغىزىدا ئىقرار قىلغىلى ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن كافىر ھالدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە: ئەبۇ تالىب ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئوغلى ئەلى ﷺپەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ھەقتىن ئازغان قېرى تاغاڭ ئۆلدى!، دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: بېرىپ داداڭنى كۆمۈۋەتكىن، ئاندىن ھېچ ئىش قىلماستىن مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن، دېدى. ئەلى ﷺ رىۋايەت قىلىپ دەيدۇ: مەن بېرىپ ئۇنى كۆمۈۋەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ مىنى يۇيۇنۇشقا بۇيرۇدى، مەن يۇيۇندۇم. پەيغەمبەر ﷺ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

نەسەئىنىڭ ئەلى ﷺدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسدە بايان قىلىنىشىچە، ئەلى ﷺ پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىپ: ـ ئەبۇ تالىب ئۆلۈپ كەتتى!، دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا:

سەن بىرىپ ئۇنى كۆمۈۋەتكىن ، دىدى . ــ ئۇ مۇشرىك پېتى ئۆلگەن تۇرسا!؟ دېدى ئەلى ﷺ .
پەيغەمبەر ﷺ يەنە: ــ بىرىپ كۆمۈۋەتكىن ، دىدى . ئەلى ﷺ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇنى كۆمۈۋېتىپ پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: ــ يۇيۇنغىن ، دىدى .

مەن شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى ، ئايەت ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان پاكىتلارغا قارىماي ، ھەمدە ئەلى ﷺنىڭ دادىسىنىڭ مۇشرىك ھالدا ئۆلگەنلىكىنى ئاشكارا سۆزلىگەنلىكى ۋە پەيغەمبەر ﷺنىڭ بۇنى ئېتراپ قىلغانلىقىغا قارىماي ، ئەبۇ تالىبنىڭ مۇسۇلمانلىقى ئۈستىدە گەپ تالىشىدىغان ، گويا ئەبۇ تالىبقا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزدىنمۇ ، ئەبۇ تالىبنىڭ ئۆز ئوغلى ئەلى ﷺدىنمۇ بەكرەك ئىچ ئاغرىتىدىغان ۋە ھېسداشلىق قىلىدىغاندەك ، ئەبۇ تالىب مۇسۇلمان ھالدا ئۆلگەن دەپ تالاش ــ تارتىش قىلىدىغان بىرقىسىم جاھالەتپەرەس مۇتەئەسسىپلەر ، جۈملىدىن رافىزە ــ شىئەلەر تا بۈگۈنگىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە! .

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«كىشىلەر تاكى ‹ لا اله الا الله محمد رسول الله › دەپ شاھادەت ئېيتقان ، نامازنى تەلەپكە لايىق ئوقۇغان ، ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى بەرگەنگە قەدەر ، مەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم . ئۇلار شۇنى قىلغاندا ئاندىن مەندىن قانلىرىنى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالالايدۇ ، ئىسلامنىڭ ھەققىگە چېتىلىپ قالغانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر . ھالبۇكى ئۇلاردىن ( يەنى ئىسلامنىڭ ھەققىگە چېتىلىپ قېلىپ شەرئى جازاغا ئۇچرىغانلاردىن ئاخىرەتتە ) قانداق ھېساب ئېلىش اللەنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشتۇر»** . ( بۇخارى ۋە مۇسلىم )

ئۇستاز نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ ئىزاھاتىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس شۇنى كۆرسىتىدۇكى ، ئىككى شاھادەتنى قەلبتە ئېتىقاد قىلىش ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن دىنى ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىگە ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە ئىككى شاھادەتنى تىل بىلەن ئىقرار قىلىش ئىماننىڭ مۇھىم شەرتىدۇر . »

ئىبنى تەيمىيە «پەتىۋالار توپلىمى» دا مۇنداق دەيدۇ: «پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدا ئىككى شاھادەتنى ( يەنى ‹ لا اله الا الله محمد رسول الله › نى ) سۆزلەشكە قادىر تۇرۇپ سۆزلىمىگەن كىشى شەرتسىز كافىردۇر . بۇنداق كىشى بۇ ئۈممەتنىڭ سەلەفلىرى ( يەنى

ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى پېشۋالارمۇ)، ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرى ۋە كۆپ سانلىق ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا قەلب جەھەتتە ۋە ئەمەل جەھەتتىمۇ بىردەك كافىردۇر».

### 3 ـ ئەمەلنىڭ ئىماننىڭ تەركىبى قىسمى ۋە شەرتى ئىكەنلىكى

ئەمەلدىن ئىبارەت ئىماننىڭ بۇ مۇھىم ئاساسى ۋە شەرتى ئۈستىدە ئوگچىللىق تەرەپدارلىرى بىلەن سولچىللىق تەرەپدارلىرى ئارىسىدا، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر بىلەن پەرۋاسىز قارىغۇچىلار ئارىسىدا ۋە خاۋارىجلار بىلەن مۇرجىئىلار ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ناھايىتى كەسكىن بولۇپ كەلدى. چەكتىن ئاشقان خاۋارىجلار ئىماننى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ۋاجىپ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئىماننىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتى دەپ قاراشتى. ھالبۇكى مۇرجىئىلار بولسا ھەرقانداق ئەمەلنى ئىماننىڭ مەزمۇنىدىن چىقىرىپ تاشلىدى. ئۇلار ئەمەللەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىماننىڭ شەرتى ياكى تەلپىي دەپ قاراش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەرقانداق بىر ئەمەلنى ئىماننىڭ مەزمۇنىدىن چىقىرىپ تاشلاپ ئىمان بىلەن ئەمەلنىڭ مۇناسىۋىتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلدى. ھالبۇكى ھەقىقەت بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ دەل ئەھلى سۈننەۋەلجەمائەنىڭ ئەقىدىسىدىن ئىبارەت ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننەتلىرىدىن كۆچلۈك پاكىتلارغا ئىگە بولغان بۇ ئەقىدىدە، ئەمەل ئىماننىڭ بىر قىسمىدۇر. لېكىن ئەمەلنىڭ بىر قىسمى ئىماننىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتى بولسا، يەنە بىر قىسىم ئەمەللەر ئىماننىڭ شەرتى ئەمەس، بەلكى تەلەپلىرى بولۇپ، بۇ ئەمەلنى قىلىش بىلەن ئىمان كۈچىيىدۇ، قىلماسلىق بىلەن ئىمان ئاجىزلايدۇ. بۇ ھەقتىكى پاكىتلارنى تۆۋەندە تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

**بىرىنچى:** ئەمەلنىڭ ئىماننىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنىڭ شەرئى دەلىللىرى:

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُضِيعَ إِيمَانَكُمْ ﴾**

**﴿ الله سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى(يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ﴾. (بەقەرە، 143).**

قۇرتۇبى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: اللهنىڭ بۇ ئايەتتە نامازنى ئىمان كەلىمىسى بىلەن ئاتىشى نامازنىڭ نىيەت، سۆز ۋە ئەمەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇشۇ ئايەتنى ئوقۇغىنىمدا مۇرجىئىلارنىڭ ‹ناماز ئىماننىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس› دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالىمەن.»

ئەبۇ ھۇرەيرە ﵁نىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ﷺ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى قايسى دېگەن سوئالغا: **«اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش»** دەپ جاۋاب بەرگەن. **(بۇخارى)**

دېمەك، بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ ئەمەلنى ئىمان دەپ ئاتاپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ ھېساپلىدى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچىدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ‹لا اله الا الله › دېيىش ئەڭ تۆۋىنى يولدىكى ئەرزىيەتلەرنى يىراقلاشتۇرۇشتۇر، ھالبۇكى ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر». (مۇسلىم).**

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىستە يولدىكى ئەزىيەتلەرنى يىراقلاشتۇرۇش ۋە ھايا قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەللەرنى ئىماننىڭ بىر شاخچىسى دەپ ھېسابلىدى.

بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئەبدى قەيس ۋەكىللەر ئۆمىكىگە مۇنداق دېگەنلىگى بايان قىلىنغان: **«سىلەرنى اللهغا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيمەن. اللهغىلا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ نېمىلىگىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇلار: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەممىدىن ئوبدان بىلگۈچىدۇر، دېيىشتى.** پەيغەمبەر ﷺ **اللهغىلا ئىمان كەلتۈرۈش بولسا ‹ لا اله الا الله محمد رسول الله › دەپ گۇۋاھلىق ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ۋە غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى بېرىش، دەپ چۈشەنچە بەردى».** (بۇخارى ۋە مۇسلىم)

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ ئىماننى تەن بىلەن بېجىرىلىدىغان ئاشۇ بىرقانچە ئەمەللەر بىلەن ئىزاھلاپ بەرگەن.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «**خوشنىسى ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرىدىن (يەنى ئالدامچىلىق، خىيانەت ۋە باشقا يامانلىقلىرىدىن) خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشى ھەرگىزمۇ مۇئمىن ئەمەس**». (مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**خوشنىسى يامانلىقلىرىدىن ۋە زىيانكەشلىكلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشى الله بىلەن قەسەمكى مۇئمىن بولمايدۇ، الله بىلەن قەسەمكى مۇئمىن بولمايدۇ**». (بۇخارى)

يۇقىرىدىكى ئىككى ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ خوشنىلارنى يامانلىقلاردىن، زىيانكەشلىكلەردىن خاتىرجەم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەلنىڭ يوق بولىشى بىلەن ئىمان سۈپىتىنىڭ يوق بولىشىنى بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «**زىناخور مۇئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ھاراقكەش مۇئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ**». (بۇخارى ۋە مۇسلىم)

ئىبنى رەجەب «جامىئۇلئۇلۇم» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر يۇقىرىدىكى چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىش ئىمان ئاتالغۇسىنىڭ ئاستىدىكى ئىش بولمىغان بولسىدى، يۇقىرىدىكى گۇناھلارنى سادىر قىلغۇچىدىن مۇئمىن دىگەن ئىسىم يوقالمىغان بولاتتى. چۈنكى مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنىڭ بىرقىسمى ياكى مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرقىسمى يوقالمىسا ئۇ نەرسىنىڭ ئىسمى يوقالمايدۇ.»

بۇ ئۇممەتنىڭ ئالىملىرىنىڭ ۋە سەلەفلىرىنىڭ (يەنى پەيغەمبەر ﷺ دەۋرىدىن باشلانغان ئۈچ ئەۋلاد مۇسۇلمانلارنىڭ) ئىماننىڭ ئېتىقاد، سۆزلەش ۋە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ مەزمۇننى تەشكىل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرى ئەمەلنىڭ ئىماننىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر پاكىتىدۇر. بىز تۆۋەندە ئۇلارنىڭ قىسمەن بايانلىرىنى سىزنىڭ دىققىتىڭىزگە سۇنىمىز:

ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ مەشھۇر كىتابى «سەھىھۇلبۇخارى» دا: ئىمان سۆز (قەلبنىڭ سۆزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئەمەلگە قاراپ كۆچىيىدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەرقايسى شەھەر مۇسۇلمانلىرىغا خەت يېزىپ مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ئىماننىڭ كۆپلىگەن پەرزلىرى، شەرئى ھۆكۈملىرى، بەلگىلىمىلىرى ۋە سۈننەتلىرى بولۇپ، بۇلارغا تولۇق ئەمەل قىلغان كىشى ئىماننى مۇكەممەللەشتۈرگەن بولىدۇ. كىمكى ئۇلارغا تولۇق ئەمەل قىلمىسا، ئىماننى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغان بولمايدۇ. ئەگەر ئۆمرۈم يار بەرسە، سىلەرنىڭ تولۇق ئەمەل قىلىشىڭلار ئۈچۈن بۇلارنى سىلەرگە تولۇق بايان قىلىپ بېرىمەن. ئەگەر ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، مەن سىلەر بىلەن ئۇزۇن بىرگە ياشاشقا ھېرىسمەن ئەمەسمەن.»

ئىبنى رەجەپ قىممەتلىك كىتابى «جامىئۇلئۇلۇم» دا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سەلەفلەر ئىمان بىلەن ئەمەلنى ئايرىۋەتكەن كىشىلەرگە قاتتىق قارشى تۇرغاندى. سەئىد ئىبنى جۇبەير، مەيمۇن ئىبنى مىھران، قەتادە، ئەييۇب سەختىيانى، ئىبراھىم نەخەئى، زەھرى، يەھيا ئىبنى ئەبى كەسىر ۋە ئۇلاردىن باشقىلار ئىمان بىلەن ئەمەلنى ئايرىپ قاراشنى قاتتىق ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنى بىدئەت سۆز دەپ ھېسابلىغان ئالىملارنىڭ بىرقىسمىدۇر.

تابىئىنلارنىڭ مەشھۇر ئالىمى سەۋرى: «ئىمان بىلەن ئەمەلنى ئايرىپ قاراش يېڭىدىن شەكىللەنگەن بىدئەت قاراش بولۇپ، بىز ئۇچراشقان ساھابىلار بۇنداق قاراشتا ئەمەس ئىدى»، دەپ بايان قىلسا، «ئۆتكەنكى سەلەفلەر ئىمان بىلەن ئەمەلنى ئايرىپ قارىمايتتى»، دەيدۇ ئەۋزائى.

ئىمام شافىئى ئۆز كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە بىز بىلگەن سەلەفلەرنىڭ ھەممىسى ئىماننىڭ سۆز، ئەمەل ۋە نىيەتتىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى، بۇ ئۈچ ئاساسنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىجماﺋ قىلغان (يەنى بىرلىككە كەلگەن).

ئىبنى تەيمىيە «پەتىۋالار توپلىمى» دا شەھرىستانىنىڭ مەشھۇر شەيخى ئەبۇلقاسىم ئەنسارىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەسەر ئەھلى (ئەقىدىسىنى قۇرئاندىن، سۈننەتتىن ۋە ساھابىلارنىڭ يولىدىن ئېلىشتا چىڭ تۇرغۇچى كىشىلەر) نىڭ ھەممىسى ئىماننىڭ مەيلى پەرز، مەيلى نەفلى بولسۇن پۈتۈن ئەمەللەرنى ۋە تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئۈستىدە بىرلىككە كەلگەن. ئۇلار ئىماننى الله بۇيرۇغان پەرز ۋە نەفلى ئەمەللەرنى ئىجرا قىلىش، الله چەكلىگەن ھارام ۋە مەكروھ ئەمەللەردىن يېنىش دەپ ئىپادىلەشكەن. ئۇ يەنە: بۇ ھەم مەدىنىنىڭ ئىمامى مالىك ئىبنى ئەنەسنىڭ ۋە سەلەفلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى يولباشچىلىرىنىڭ سۆزىدۇر، ـ دەيدۇ».

ئىبنى رەجەب «سەھىھۇلبۇخارى» نىڭ ئىزاھاتى بولغان «فەتھۇلبارى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىماننى سۆز ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. بۇلار ھەممىسى سەلەفلەرنىڭ ۋە ئەھلى ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئىجماسىدۇر. ئىمام شافىئى ھەمدە ئەبۇسەۇر قاتارلىقلارمۇ ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ بۇ مەسىلىدە بىردەك قاراشتا ئىكەنلىكىنى ھېكايە قىلغان...».

ئەۋزائى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆتمۈشتىكى سەلەفلەر ئىمان بىلەن ئەمەلنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ قارىمايتتى. بۇرۇنقى ئالىملاردىن ئاز بولمىغانلىرى ئەھلى سۈننەۋەلجامائەنىڭ ئىمان بىلەن ئەمەلنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ قارىمايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەدىن بۇ قاراشنى ھېكايە قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە فۇزەيل ئىبنى ئىياز ۋە ۋۆكەيئى ئىبنى جەرراھ قاتارلىقلارمۇ بار...».

تابىئىنلار ئىچىدە ئىماننى سۆز (قەلب سۆزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغانلار ئىچىدە ھەسەن، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ئاتا، تائۇس، مۇجاھىد، شۆئبى، نەخەئى، زەھرى... قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار ۋە يولباشچىلارمۇ بار. بۇ يەنە سورى، ئەۋزائى، ئىبنى مۇبارەك، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئى، ئىمام ئەھمەد، ئىسھاق، ئەبۇ ئۇبەيدە، ئەبۇ سور ۋە ئۇلاردىن باشقا مەشھۇر ئىماملار، مۇجتەھىدلەر ۋە ئالىملارنىڭ ئورتاق قارىشىدۇر.

**ئىككىنچى: بىرقىسىم ئەمەللەرنىڭ ئىماننىڭ شەرتى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى:**

ئەمەللەرنىڭ بىرقىسمى ئىماننىڭ شەرتى بولۇپ، ئۇ ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان ئەمەل بولسا، ئۇنى قىلمىغان كىشى مۇئمىن بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئەمەل قىلىش چەكلەنگەن ئەمەل بولسا، ئۇنى سادىر قىلغان كىشى كافىر بولىدۇ. چۈنكى شەرت ئورۇندالمىسا شەرت قىلىنغان نەتىجىنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقى ئەڭ ئاددى قائىدىدۇر. شۇڭا ئىمان ئۈچۈن ئىجرا قىلىش شەرت قىلىنغان ئەمەل ئىجرا قىلىنمىسا، ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلماسلىق شەرت قىلىنغان ئەمەل سادىر قىلىنسا، ئۇنداقتا ئىماننىڭ يوق بولىدىغانلىقى مۇقەررەر نەتىجىدۇر.

مەسىلەن: تەۋھىدكە ئەمەل قىلىش، الله ئۈچۈن دوستلىشىش ۋە الله ئۈچۈن دۈشمەنلىشىش، الله نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش، ھۆكۈمنى، ئۆلچەمنى اللهنىڭ شەرىئىتىدىن ئېلىش، ھەق ـ تەلەپ ۋە ئەرز ـ شىكايەتلەرنى اللهنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىش، تالاش ـ تارتىشلارنى اللهنىڭ شەرىئىتى بويىچە بىرتەرەپ قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش... قاتارلىق ئەمەللەرنى قىلىش ئىماننىڭ توغرا بولىشىدىكى شەرت بولۇپ، يوقۇرىدىكى ئەمەللەرنى قىلماي تۇرۇپ ئىنسان مۇئمىن بولغىلى بولمايدۇ. ياكى شۇ ئەمەللەردىن باش تارتىش بىلەن ئىنسان كافىر بولىدۇ.

اللهغا شېرىك كەلتۈرۈش، مەخلۇقىقا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش ۋە شەرتسىز دوستلىشىش، سەجدە، دۇئا، نەزىر، قۇربانلىق... قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىبادەت خاراكتېرىدىكى ئەمەللەرنى اللهنىڭ غەيرىگە قىلىش، مەجبۇرلانمىغان ئەھۋالدا كۇفرى سۆزلەرنى قىلىش (بىلىش ئىمان ئۈچۈن شەرت بولمايدىغان ياكى بىلمەسلىكى شەرىئەتتە ئۆزرە بولىدىغان كۇفرى سۆزلەرنى بىلمەستىن سۆلەپ سېلىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر)، اللهنىڭ دىنىغا ياكى ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ياكى پەيغەمبەرلىرىگە ياكى ئايەتلىرىگە تەنە قىلىش ۋە مەسخىرە قىلىش، قۇرئانى كەرىمنى ياكى ئۇنىڭ بىرەر ئايىتىنى كەمسىتىش ياكى ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش، قۇرئانى كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى نىجاسەت ئورۇنلىرىغا تاشلاش، مەجبۇرلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا اللهنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ يېغىن ۋە ئولتۇرۇشلىرىدا ئۇلارغا قارشى تۇرماستىن، ياكى قوپۇپ كەتمەستىن ئۇلارغا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇش، ئەرز ـ شىكايەتلەرنى، ھەق ـ تەلەپ ماجرالىرىنى

تاغۇتنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشقا تەمشىلىش، ئەرز ـ شىكايەتلەرنى، ھەق ـ تەلەپ ماجرالىرىنى اللەنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتىن باش تارتىش، الله نازىل قىلغان شەرىئەتتىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم چىقىرىش ياكى پەتىۋا بېرىش، اللەنىڭ شەرىئىتىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان قانۇن تۈزۈش، كافىر ۋە مۇشرىكلارنىڭ قانۇنلىرىنى قوغداش، ھىمايە قىلىش، ئۇنى اللەنىڭ زېمىنىغا ۋە اللەنىڭ بەندىلىرىگە تېڭىش، شۇنداقلا شۇ باتىل قانۇنلارنى كۈچلەندۈرۈش ۋە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى كافىرلار بىلەن ھەمكارلىشىش ۋە دوستلىشىش، مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە دۈشمەنلىشىش، سېھىرگەرلىك قىلىش، چىراقچىلىق ۋە رەمباللىق قىلىش، مۇئمىنلەرنى ئازدۇرۇش ۋە اللەنىڭ دىنىدىن توسۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پاھىشە قىلمىشلارنى ۋە نەرسىلەرنى تارقىتىش، اللەنىڭ دىنىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ، ئۇ توغرىسىدا ھېچنىمىنى ئۆگەنمەسلىك ۋە ھېچقانداق ئەمەل قىلماسلىق... قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى قاتتىق چەكلەنگەن ۋە بۇلاردىن ساقلىنىش ئىمان ئۈچۈن شەرت قىلىنغان ئەمەللەر بولۇپ، بۇ ئىشلاردىن بىرنى سادىر قىلىش بىلەن ئىنسان ئىماندىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىدۇ. گەرچە ئۇ يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قەلبىمدە ھالال سانىمايمەن، ياكى قەلبىمدە ھەقنى ئىنكار قىلمايمەن دەپ دەۋا قىلسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئەمەلىيىتى ئۇنى كافىر قىلىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ دىلىدىكىنى پۈتۈن يوشۇرۇن ئىشلارنى تولۇق بىلگۈچى اللەدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئەمدى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەمەللەرنىڭ ئىماننىڭ شەرتى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى دەلىل ـ پاكىتلارنى ئومۇمى شەكىلدە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَوْ أَشْرَكُواْ لَحَبِطَ عَنْهُم مَّا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴾

**﴿ ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى ﴾.** (ئەنئام، **88**)

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ اللّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاءُ وَمَن يُشْرِكْ بِاللّهِ فَقَدِ افْتَرَى إِثْماً عَظِيماً ﴾

﴿ الله ھەقىقەتەن اللە قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغفىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ. كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ ﴾. (نىسا، 48)

اللەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ مَنْ كَفَرَ بِاللَّهِ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِهِ إِلَّا مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْإِيمَانِ وَلَكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْراً فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴾

﴿ كىمكى الله قا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، ـ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ـ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ ﴾. (نەھل، 106)

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُ قُلْ أَبِاللَّهِ وَآيَاتِهِ وَرَسُولِهِ كُنْتُمْ تَسْتَهْزِئُونَ. لا تَعْتَذِرُوا قَدْ كَفَرْتُمْ بَعْدَ إِيمَانِكُمْ ﴾

﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: ‹بىز (راست ئەمەس)، پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق›، دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلارغا) ‹سىلەر الله نىڭ دىنىنى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟›، دېگىن. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كافىر بولدۇڭلار ﴾. (تەۋبە، 65 ـ 66)

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَحْلِفُونَ بِاللَّهِ مَا قَالُوا وَلَقَدْ قَالُوا كَلِمَةَ الْكُفْرِ وَكَفَرُوا بَعْدَ إِسْلامِهِمْ ﴾

﴿ ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ھېچنېمە دېمىگەنلىكى توغرىسىدا الله بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزىنى ئېيتتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن كافىر بولدى... ﴾. (تەۋبە 74 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِن نَّكَثُواْ أَيْمَانَهُم مِّن بَعْدِ عَهْدِهِمْ وَطَعَنُواْ فِي دِينِكُمْ فَقَاتِلُواْ أَئِمَّةَ الْكُفْرِ إِنَّهُمْ لاَ أَيْمَانَ لَهُمْ لَعَلَّهُمْ يَنتَهُونَ ﴾

﴿ ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق ﴾. (تەۋبە، 12)

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِي الْكِتَابِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ آيَاتِ اللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلا تَقْعُدُوا مَعَهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ إِنَّكُمْ إِذاً مِثْلُهُم ﴾

﴿ الله كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر الله نىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغۇاتقان كافىرلار) باشقا پاراڭغا كىرىشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا (گۇناھتا) ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر، الله ھەقىقەتەن مۇناپىقلارنىڭ ۋە كافىرلارنىڭ ھەممىسىنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە توپلايدۇ ﴾. (نىسا، 140)

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاءَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُم ﴾

﴿ ئى مۇئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ ﴾. (مائىدە، 51)

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَا تَجِدُ قَوْماً يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آبَاءهُمْ أَوْ أَبْنَاءهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ أُوْلَئِكَ كَتَبَ فِي قُلُوبِهِمُ الْإِيمَانَ وَأَيَّدَهُم بِرُوحٍ مِّنْهُ وَيُدْخِلُهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ أُوْلَئِكَ حِزْبُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ حِزْبَ اللَّهِ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ﴾

﴿ الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىمانىنى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، الله تىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار اللهنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، الله نىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر ﴾. (مۇجادىلە، 22)

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لاَّ يَتَّخِذِ الْمُؤْمِنُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاء مِن دُوْنِ الْمُؤْمِنِينَ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ فَلَيْسَ مِنَ اللّهِ فِي شَيْءٍ إِلاَّ أَن تَتَّقُواْ مِنْهُمْ تُقَاةً وَيُحَذِّرُكُمُ اللّهُ نَفْسَهُ وَإِلَى اللّهِ الْمَصِيرُ ﴾

﴿ مۇئمىنلەر مۇئمىنلەرنى قويۇپ كافىرلارنى دوست تۇتمىسۇن، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇ الله نىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ، ئاخىر قايتىدىغان جاي الله نىڭ دەرگاھىدۇر ﴾. (ئالى ئىمران، 28)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَفَحَسِبَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَن يَتَّخِذُوا عِبَادِي مِن دُونِي أَوْلِيَاء إِنَّا أَعْتَدْنَا جَهَنَّمَ لِلْكَافِرِينَ نُزُلا ﴾

﴿ كافىرلار مېنى قويۇپ بەندىلىرىمنى مەبۇد قىلىۋېلىشقا بولىدۇ دەپ ئويلامدۇ؟ بىز جەھەننەمنى كافىرلارغا ھەقىقەتەن مەنزىلگاھ قىلىپ تەييارلىدۇق ﴾. (كەھف، 102)

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ الَّذِينَ آمَنُواْ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ فَقَاتِلُواْ أَوْلِيَاء الشَّيْطَانِ إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفاً ﴾

**﴿ مۇئمىنلەر الله يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كافىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر ﴾. (نىسا، 76)**

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِاللّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَىَ لاَ انفِصَامَ لَهَا وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴾

**﴿ كىمكى تاغۇت (يەنى الله تىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، الله قا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ﴾. (بەقەرە، 256)**

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُل لَّا يَعْلَمُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ وَمَا يَشْعُرُونَ أَيَّانَ يُبْعَثُونَ ﴾

**﴿ الله تىن بۆلەك ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيىبنى بىلمەيدۇ، ئۇلار (يەنى خالايىق) قاچان تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەيدۇ. ﴾ (نەمل، 65)**

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ عَالِمُ الْغَيْبِ فَلَا يُظْهِرُ عَلَى غَيْبِهِ أَحَداً ﴾

**﴿ الله غەيبنى بىلگۈچىدۇر، ئۆزىنىڭ غەيبىدىن ھېچبىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمايدۇ ﴾. (جىن، 26)**

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَاتَّبَعُواْ مَا تَتْلُواْ الشَّيَاطِينُ عَلَى مُلْكِ سُلَيْمَانَ وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَانُ وَلَـكِنَّ الشَّيْاطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ النَّاسَ السِّحْرَ وَمَا أُنزِلَ عَلَى الْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَارُوتَ وَمَارُوتَ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّى يَقُولاَ إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلاَ تَكْفُرْ ﴾

﴿ ئۇلار سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىكگە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كافىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كافىر بولدى. ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت ـ مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىتەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز كافىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى ﴾. (بەقەرە 102 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

اﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّن يَدْعُو مِن دُونِ اللَّهِ مَن لَّا يَسْتَجِيبُ لَهُ إِلَى يَومِ الْقِيَامَةِ وَهُمْ عَن دُعَائِهِمْ غَافِلُونَ ﴾

﴿ اﷲ نى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر ﴾. (ئەھقاف، 5)

اﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴾

﴿ مۇئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، اﷲ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر ﴾. (نۇر، 19)

اﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ الَّذِينَ فَتَنُوا الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَتُوبُوا فَلَهُمْ عَذَابُ جَهَنَّمَ وَلَهُمْ عَذَابُ الْحَرِيقِ ﴾

﴿ مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن كۇفرىدىن قايتمىغانلار، شۈبھىسىزكى، جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارغا ئوت بىلەن ئازاب قىلىنىدۇ ﴾. (بۇرۇج، 10)

ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ ﴾

**﴿ كىملەركى الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كافىرلاردۇر ﴾.** (مائىدە **44** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ آمَنُوا بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَنْ يَتَحَاكَمُوا إِلَى الطَّاغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوا أَنْ يَكْفُرُوا بِهِ وَيُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُضِلَّهُمْ ضَلالاً بَعِيداً ﴾**

**﴿ ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى تاغۇتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ: ھالبۇكى، ئۇلار تاغۇتنى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ ﴾.** (نىسا، **60**)

ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِنْ أَطَعْتُمُوهُمْ إِنَّكُمْ لَمُشْرِكُونَ ﴾

**﴿ ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر ﴾.** (ئەنئام **121** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ إِنَّ الَّذِينَ ارْتَدُّوا عَلَى أَدْبَارِهِم مِّن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْهُدَى الشَّيْطَانُ سَوَّلَ لَهُمْ وَأَمْلَى لَهُمْ . ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا لِلَّذِينَ كَرِهُوا مَا نَزَّلَ اللَّهُ سَنُطِيعُكُمْ فِي بَعْضِ الْأَمْرِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ إِسْرَارَهُمْ﴾**

**﴿ توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتىۋالغانلار (يەنى ئىماندىن كۇفرىغا قايتقانلار)غا (ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى) شەيتان چىرايلىق كۆرسەتتى، (شەيتان ئارزۇ ۋە ئەجەلنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى. بۇ (يەنى شەيتاننىڭ ئۇلارنى ئازدۇرۇشى) شۇنىڭ ئۇچۇندۇركى، ئۇلار الله نازىل قىلغان نەرسىنى يامان كۆرگەن كافىرلارغا: ‹بىز بەزى**

ئشلاردا سلەرگە ئتائەت قلىمىز›، دېدى. الله ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى بىلىدۇ﴾. (مۇھەممەد، 25 ـ 26)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيماً ﴾

﴿ (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى هۆكۇم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان هۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾. (نىسا، 65)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْراً أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَن يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالاً مُّبِيناً ﴾

﴿ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا هۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا هۆكۈم چىقارغان ئىكەن، هېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، هەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ﴾. (ئەھزاپ، 36)

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُقَدِّمُوا بَيْنَ يَدَيِ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ . يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَن تَحْبَطَ أَعْمَالُكُمْ وَأَنتُمْ لَا تَشْعُرُونَ ﴾

﴿ ئى مۇئمىنلەر! سىلەر الله نىڭ ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (هېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، اللهتىن قورقۇڭلار، الله هەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئى مۇئمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار،

سلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (تولاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تولاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾. (ھۇجۇرات، 1 ـ 2)

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللّهِ وَالرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلاً ﴾

﴿ ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللە قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى اللە نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر ﴾. (نىسا، 59)

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَن تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴾

﴿ پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن ﴾. (نۇر 63 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ أَرَأَيْتُم مَّا أَنزَلَ اللّهُ لَكُم مِّن رِّزْقٍ فَجَعَلْتُم مِّنْهُ حَرَاماً وَحَلاَلاً قُلْ آللّهُ أَذِنَ لَكُمْ أَمْ عَلَى اللّهِ تَفْتَرُونَ ﴾

﴿ ئېيتقىنكى، ﴿ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرگە اللە چۈشۈرگەن رىزىقتىن بەزىسىنى هارام، بەزىسىنى هالال قىلدىڭلار، اللە سىلەرگە مۇنداق قىلىشقا ئىزنى بەردىمۇ؟ ياكى اللەغا يالغاننى چاپلامسىلەر؟ ﴾. (يۇنۇس 59)

اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللّهِ كَذِباً أُوْلَئِكَ يُعْرَضُونَ عَلَى رَبِّهِمْ وَيَقُولُ الأَشْهَادُ هَـؤُلاء الَّذِينَ كَذَبُواْ عَلَى رَبِّهِمْ أَلاَ لَعْنَةُ اللّهِ عَلَى الظَّالِمِينَ ﴾

﴿ ( الله نىڭ شېرىكى بار، بالىسى بار دەپ) الله قا يالغاننى چاپلىغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ ئەنە شۇلار(قىيامەت كۈنى) پەرۋەردىگارىغا توغرىلىنىدۇ، گۇۋاھچىلار: «بۇلار پەرۋەردىگارى ھەققىدە يالغان سۆزلىگەنلەردۇر» دەيدۇ. راستلا الله نىڭ لەنىتى زالىملارغا بولىدۇ (يەنى الله زالىملارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ) ﴾. (ھود، 18)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللّهِ كَذِباً لِيُضِلَّ النَّاسَ بِغَيْرِ عِلْمٍ إِنَّ اللّهَ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ ﴾

﴿ كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، بىلمەي تۇرۇپ الله نامىدىن يالغان ئىپتىقان ئادەمدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ ﴾. (ئەنئام 144 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّمَا يَفْتَرِي الْكَذِبَ الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بِآيَاتِ اللّهِ وَأُوْلئِكَ هُمُ الْكَاذِبُونَ ﴾

﴿ پەقەت الله نىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارلا(اللهغا) يالغان چاپلايدۇ، (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغانچى ئەمەس) دەل ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى يالغانچىدۇر﴾. (نەھل، 105)

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ ﴾

﴿ ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله غىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر﴾. (بەييىنە، 5)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَآتَوُاْ الزَّكَاةَ فَإِخْوَانُكُمْ فِي الدِّينِ وَنُفَصِّلُ الآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴾

﴿ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز ﴾. (تەۋبە، 11)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن ذُكِّرَ بِآيَاتِ رَبِّهِ فَأَعْرَضَ عَنْهَا وَنَسِيَ مَا قَدَّمَتْ يَدَاهُ إِنَّا جَعَلْنَا عَلَى قُلُوبِهِمْ أَكِنَّةً أَن يَفْقَهُوهُ وَفِي آذَانِهِمْ وَقْراً وَإِن تَدْعُهُمْ إِلَى الْهُدَى فَلَن يَهْتَدُوا إِذاً أَبَداً ﴾

﴿ پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن پەند ـ نەسىھەت قىلىنغان، ئۇ ئايەتلەردىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى ئۇنتۇغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قۇرئاننى چۈشىنىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان پەردىلەرنى تارتتۇق، قۇلاقلىرىنى ئېغىر قىلدۇق، ئەگەر ئۇلارنى ھىدايەتكە دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار ھەرگىز ھىدايەت تاپمايدۇ (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا، قۇرئانغا دەۋەت قىلساڭ، ئۇلار دەۋىتىڭنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ) ﴾. (كەھف، 57)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنْ ذُكِّرَ بِآيَاتِ رَبِّهِ ثُمَّ أَعْرَضَ عَنْهَا إِنَّا مِنَ الْمُجْرِمِينَ مُنْتَقِمُونَ ﴾

﴿ پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ بىز گۇناھكارلارنى چوقۇم جازالايمىز ﴾. (سەجدە، 22)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَنْ أَعْرَضَ عَن ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنكاً وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْمَى ﴾

﴿ كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز ﴾. (تاھا، 124)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَيَقُولُونَ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالرَّسُولِ وَأَطَعْنَا ثُمَّ يَتَوَلَّى فَرِيقٌ مِّنْهُم مِّن بَعْدِ ذَلِكَ وَمَا أُوْلَئِكَ بِالْمُؤْمِنِينَ * وَإِذَا دُعُوا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ لِيَحْكُمَ بَيْنَهُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِّنْهُم مُّعْرِضُونَ ﴾

﴿ **(مۇناپىقلار) «الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق»، دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائە شۇنىڭدىن (يەنى ئىمانىنى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۆئمىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ** ﴾. (نۇر، **47 ـ 48**)

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **وَلَا يُشْرِكُ فِي حُكْمِهِ أَحَداً** ﴾

﴿ **الله ئۆز ھۆكمىدە ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايدۇ** ﴾. (كەھف **26** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ **وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدا** ﴾

﴿ **پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن** ﴾. (كەھف **110** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

يۇقىرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەر بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئەمەللەرنىڭ ئىماننىڭ شەرتى ئىكەنلىكى، ئۇ ئەمەللەرنىڭ قىسمەنلىرىنى قىلىش بىلەن، قىسمەنلىرىنى قىلماسلىق بىلەن ئىنساننىڭ ئىماندىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نامازنى تەرك ئەتكۈچىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «**بىر ئادەم بىلەن شېرىكنىڭ ۋە كۇفرىنىڭ ئارلىقىدىكى (يول) پەقەتلا نامازنى تەرك ئېتىشتۇر** ﴾. (مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**بىر بەندە بىلەن كۇفرىنىڭ ئارىسىدا نامازنى تەرك ئېتىشتىن باشقا يول يوق** ». (نەسەئى)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**كافىرلىق بىلەن مۆئمىنلىك ئوتتۇرىسىدىكى يول پەقەت ناماز ئوقۇماسلىقتۇر** ». (تىرمىزى)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەھدى نامازدۇر، كىمكى ئۇنى ئوقۇمىسا، ئۇ راستىنلا كافىر بولىدۇ** ». (ئەھمەد)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«بىر بەندە بىلەن كۇفرى ۋە ئىماننىڭ ئارىسىدىكى پاسىل پەقەت نامازدۇر، بەندە ئۇنى ئوقۇمىسا، اللهغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»**. (تەبەرى)

ئابدۇللا ئىبنى شەقىقدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى نامازدىن باشقا ھەرقانداق ئەمەلنى تەرك ئېتىشنى كافىرلىق دەپ قارىمايتتى».

يوقۇرىدا بايان قىلىنغان كۇفرىنى چوڭ كۇفرى ئەمەس، بەلكى كىچىك كۇفرى دېيىش تېخىمۇ خاتادۇر. ئەگەر ئۇنداق بولسا نامازنى ئوقۇماسلىق باشقا ئىجرا قىلمىسا كىچىك كۇفرى بولىدىغان ئەمەللەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە باشقا ئەمەللەردىن پەرقى بولمايدۇ. ھالبۇكى قۇرئانى كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسلىرىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ناماز ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى شەقىقنىڭ سۆزى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ساھابىلارنىڭ نامازنى تەرك ئەتكۈچىنى كافىر دەپ قارىشىدىكى كۇفرىدىن مەقسىدى ھەرگىزمۇ كىچىك كۇفرى ئەمەس، بەلكى چوڭ كۇفرىدۇر. چۈنكى ساھابىلار نامازدىن باشقىمۇ نۇرغۇن ئەمەللەرنى تەرك ئېتىشنى كافىرلىق دەپ قارايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇمدۇر. شۇنداق ئىكەن ساھابىلارنىڭ نامازدىن باشقا ئەمەلنى تەرك ئېتىشنى كافىرلىق دەپ قارىمايتتى دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ساھابىلار نامازنى تەرك ئېتىشنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ كۇفرى دەپ قارايتتى، ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا ئەمەللەرنى تەرك ئېتىشنى چوڭ كۇفرى ھېسابلىمايتتى دېگەنلىكتۇر.

ھەنبەل ھۇمەيدىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئاڭلىشىمچە بىر قىسىم كىشىلەر: كىمكى نامازنىڭ، زاكاتنىڭ، روزىنىڭ ۋە ھەجنىڭ پەرزلىگىنى ئېتىراپ قىلغان، ئەمما ئۆلگىچە بۇنىڭ ھېچقايسىسىغا ئەمەل قىلمىغان. ياكى ئۆلگىچە قىبلىگە ئارقىسىنى قىلىپ ناماز ئوقۇغان بولسا، ئۇ يوقۇرىدىكى ئەمەللەرنىڭ ۋە قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ناماز ئوقۇشنىڭ پەرزلىگىنى ئىنكار قىلمىغانلا بولسا ئۇ يەنىلا مۇئمىندۇر، دېيىشىدىكەن!، مەن دەيمەنكى: بۇ ئوچۇق كافىرلىقتۇر. ئۇنى مۇئمىن دەپ قاراش اللهنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننىتىگە ۋە مۇسۇلمانلار ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىغا خىلاپتۇر. اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّين ﴾

**﴿ ئۇلار ئىبادەتنى پەقەت اﷲغا خالىس قىلغان ھالدا (يالغۇز) اﷲقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى ﴾**. ھەنبەل ئەبۇ ئابدۇللا ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى ئاڭلىغانىدىم دەيدۇ: «كىمكى مۇشۇنداق دېسە ئۇ اﷲغا كافىر بولغان، اﷲنىڭ بۇيرۇقىغا ۋە پەيغەمبەر ﷺ اﷲ تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن دىنغا قارشى تۇرغان بولىدۇ».

ئىبنى تەيمىيە «پەتىۋالار توپلىمى» دا مۇنداق دەيدۇ: «مۇبادا بىر قىسىم كىشىلەرنى پەيغەمبەر ﷺغا: سەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا بىز قەلبىمىزدە شەكسىز ئىشىنىمىز، تىلىمىزدا ئىككى شاھادەتنى ئىقرار قىلىمىز، لېكىن سەن بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىدا ساڭا ئىتائەت قىلمايمىز. ناماز ئوقۇمايمىز، روزا تۇتمايمىز، ھەج قىلمايمىز، راست گەپ قىلمايمىز، ئامانەتكە رىئايە قىلمايمىز، ئەھدىگە ۋاپا قىلمايمىز، سىلە ـ رەھىم قىلمايمىز، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلمايمىز، ھاراق ئىچىمىز، مەھرەملىرىمىز بىلەن زىنا قىلىمىز، سېنىڭ ساھابىلىرىڭ ۋە ئۇممىتىڭ ئىچىدىن كۈچىمىز يەتكەنلىرىنى ئۆلتۈرىمىز، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى بۇلايمىز، بەلكى سىنىمۇ ئۆلتۈرىمىز، سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىمىز، دېدى. ـ دەپ پەرەز قىلساق، ئەقلى بار بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نى ئۇلارغا: سىلەر مۇكەممەل مۇئمىن، قىيامەت كۈنى شاپائىتىمگە نائىل بولىسىلەر، سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلار دوزاخقا كىرمەيدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ بەلكى ھەربىر مۇسۇلمان پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئۇلارغا: سىلەر ئەڭ ئەشەددى كافىر، دەيدىغانلىقىغا، ئەگەر تەۋبە قىلمىسا، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىغا قىلچە شەك قىلمايدۇ».

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مۇنداق دەيدۇ: «تەۋھىدنىڭ چوقۇم قەلب بىلەن، تىل بىلەن ۋە ئەمەل بىلەن بولىشى ئىختىلاپسىز مەسىلىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭ بىرى كەم قالسا ئۇ كىشى مۇسۇلمان بولالمايدۇ. ئەگەر تەۋھىدنى قەلبىدە تونۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا، ئۇنداقتا ئۇ فىرئەۋن، ئىبلىس ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ھەقنى تونۇپ تۇرۇپ باش تارتقان كافىردۇر. ئەگەر ئۇ تەۋھىدنى ھەقىقى چۈشەنمەي ۋە دىلىدا ئېتىقاد قىلماي، ئۇنىڭغا شەكىلدە ئەمەل قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ مۇناپىقتۇر. ھالبۇكى مۇناپىق ئەسلى كافىردىن ياماندۇر. » اﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّار ﴾

**﴿ شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە ئورۇن ئالىدۇ ﴾.**

يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن مەلۇمكى، تەۋھىدكە ئەمەل قىلىش ۋە تەۋھىدنىڭ مەزمۇنى ئىچىدىكى نامازغا ئوخشاش ۋە بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان تەۋھىدنىڭ شەرتى بولغان ئەمەللەر ئىماننىڭ توغرا بولىشىنىڭ شەرتىدۇر. ئىماننىڭ مەۋجۇت بولىشىنىڭ شەرتىدۇر ۋە ئىماننىڭ قىيامەت كۈنى پايدا بېرىشىنىڭ شەرتىدۇر.

## ئىمان ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن كۈچىيىدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىش بىلەن ئاجىزلايدۇ

ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا ۋاجىپ (يەنى پەرز) ۋە مەندۇب (يەنى سۈننەت ۋە مۇستەھەب) ئەمەللەرنىڭ، تائەت ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىماننى مۇكەممەللەشتۈرگۈچى تەلەپلەر بولۇپ، ئۇلارنى قىلىش بىلەن ئىمان كۈچىيىدۇ ۋە زىيادە بولىدۇ. قىلماسلىق بىلەن ئىمان ئاجىزلايدۇ ۋە تۆۋەنلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئەمەللەر چەكلەنگەن ئەمەللەر بولسا، مەيلى چوڭ گۇناھ ياكى كىچىك گۇناھ بولسۇن، ئۇنى قىلىش بىلەن ئىمان كېمىيىدۇ ۋە ئاجىزلايدۇ. قىلماسلىق بىلەن ئىمان زىيادە بولىدۇ ۋە كۈچىيىدۇ.

ئەگەر ئىمان ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش بىلەن كۈچىيىدۇ، گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىش بىلەن ئاجىزلايدۇ دېگەن سۆزنىڭ پاكىتى نېمە؟ دېيىلسە.

مەن دەيمەنكى، بۇنىڭغا قۇرئان ۋە ھەدىستە دەلىللەر ناھايىتى كۆپ:

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانا ﴾

**﴿ پەقەت الله ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، الله نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل مۇئمىنلەردۇر ﴾.** (ئەنفال ، **2**)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَإِذَا مَا أُنْزِلَتْ سُورَةٌ فَمِنْهُمْ مَنْ يَقُولُ أَيُّكُمْ زَادَتْهُ هَذِهِ إِيمَاناً فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا فَزَادَتْهُمْ إِيمَاناً وَهُمْ يَسْتَبْشِرُونَ ﴾

**﴿ (قۇرئاندىن) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) نىڭ ئارىسىدا (مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن): ‹بۇ (يەنى سۈرە) قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى› دەيدىغانلار بار، مۇئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (ھەر سۈرىدە يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن) بۇ (يەنى سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى، ئۇلار (سۈرىنىڭ نازىل بولۇشىدىن) خۇشال بولىدۇ ﴾.** (تەۋبە، **124**)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَيَزِيدُ اللَّهُ الَّذِينَ اهْتَدَوْا هُدىً ﴾**

**﴿ الله ھىدايەت تاپقۇچىلارنىڭ ھىدايىتىنى زىيادە قىلىدۇ ﴾.** (مەريەم **76** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ لِيَزْدَادُوا إِيمَاناً مَعَ إِيمَانِهِمْ ﴾**

**﴿ مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇشى ئۈچۈن ﴾.** (فەتىھ **4** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ وَمَا زَادَهُمْ إِلَّا إِيمَاناً وَتَسْلِيماً ﴾**

**﴿ (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (الله قا بولغان) ئىمانىنى ۋە (الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا بولغان) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ﴾.** (ئەھزاپ **22** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەر ئىمانىنىڭ ئىتائەت بىلەن زىيادە بولىدىغانلىقى، مەئسىيەت بىلەن ئاجىزلايدىغانلىقىنىڭ بىر قىسىم دەلىللىرىدۇر.

جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە بولغاندا، بىز ياش باللار ئىدۇق، بىز پەيغەمبەر ﷺ دىن قۇرئان ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئىماننى ئۆگىنەتتۇق، ئاندىن كېيىن قۇرئاننى ئۆگىنەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىمانىمىز كۈچىيىپ كېتەتتى». (ئىبنى ماجە)

ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:﴿ **پەيغەمبەر ﷺنىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى ﷲنىڭ ئەلچىسى! كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، بىز تۇگەشتۇق، دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ : بۇ نېمە ئىش!؟ دېگەندە، ئۇلار: مۇناپىقلىق! مۇناپىقلىق! (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن تۇگەشتۇق) دېدى. پەيغەمبەر ﷺ : سىلەر ﷲدىن ئۆزگە ھەقىقى ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق ئېيتقان ئەمەسمۇ؟ دېدى. ئۇلار: شۇنداق! ئېيقان دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ : ئۇ مۇناپىقلىق ئەمەس، دېدى. ئۇلار ئىككىنچى قېتىم تەكرارلاپ: ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، بىز تۇگەشتۇق، دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ : سىلەر ﷲدىن ئۆزگە ھەقىقى ئىلاھنىڭ قەتئى يوقلىقىغا، مېنىڭ ﷲنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق ئېيتقان ئەمەسمىدىڭلار؟ دېدى. ئۇلار: شۇنداق! بىز گۇۋاھلىق ئېيتقان دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ : ئۇ مۇناپىقلىق ئەمەس، دېدى. ئۇلار: ئۇچىنچى قېتىم تەكرارلاپ يەنە شۇنداق دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا: ئۇ مۇناپىقلىق ئەمەس، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سىنىڭ ھوزۇرىڭدىكى چېغىمىزدا بىرخىل ھالەتتە بولىمىز. سىنىڭ ھوزۇرىڭدىن چىقىپ كەتكەندە دۇنيانىڭ ۋە ئائىلىنىڭ غەملىرى بىزنى چىرمىۋالىدۇ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ : مۇبادا سىلەر مېنىڭ يېنىمدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ مېنىڭ ئالدىمدىكى چېغىڭلاردەك روھى ھالەتنى ساقلىيالىساڭلار ئىدى، مەدىنىنىڭ يوللىرىدا پەرىشتىلەر سىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولاتتى، دېدى ».**

ساھابىلار دۇنيانىڭ ۋە ئائىلىنىڭ ئىشلىرىدىن ئىبارەت شەرىئەت رۇخسەت قىلغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان چاغلاردا ئۇلاردىكى ئىشەنچ ۋە ئىمان كۈچىنىڭ پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھوزۇرىدا بولغان چاغلىرىدىكىگە قارىغاندا قانچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىماندىكى ئۆزگىرىش ئۇلارنى ئۆزلىرىنى مۇناپىق بولۇپ قالغان ئوخشايمىز، دەپ قورققۇدەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىغا قاراڭ! مانا بۇ مۇئمىنىنىڭ ئىمانىنىڭ ئۇنىڭ ئەھۋالى، قىلغان ئەملى ۋە مۇھىتىغا قاراپ كەم ـ زىيادە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى شاپائەت ھەققىدە پەيغەمبەر ﷺ دىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: **«قىيامەت كۈنى اللەتەئالا دوزاختىن چىقىرىلغان مۇئمىنلەرگە: قەلبىدە دىنار ئېغىرلىقىدا ئىمانى بار كىشىلەر بولسا ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن: قەلبىدە يېرىم دىنار ئېغىرلىقىدا ئىمانى بارلار بولسا، ئۇلارنى دوزاختىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ھەتتا قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بار كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىمۇ چىقىرىڭلار دەيدۇ»**. ئەبۇ سەئىد مۇنداق دەيدۇ: كىمكى بۇنىڭغا تەستىق قىلمىسا، اللەنىڭ بۇ ئايىتىنى ئوقۇسۇن:

**﴿ إِنَّ اللَّهَ لا يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ وَإِنْ تَكُ حَسَنَةً يُضَاعِفْهَا وَيُؤْتِ مِنْ لَدُنْهُ أَجْراً عَظِيماً ﴾**

**﴿ الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ ﴾. (نىسا، 40)**

بۇ كىشىلەرنىڭ ئىمانىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە قاراپ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى، تاغدەك ئىمانى بار كىشىلەرنىڭ دىنارچىلىك ئىمانى بار كىشىلەر بىلەن بىر ئورۇندا تۇرمايدىغانلىقىنى، دىنارچىلىك ئىمانى بار كىشىلەرنىڭ زەررىچىلىك ئىمانى بار كىشىلەر بىلەن بىر ئورۇندا تۇرمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ﷺ ساھابىلارمۇ كۈلەمتى؟ دېگەن سوئالغا: «شۇنداق كۈلەتتى، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى ئىمان تاغلارغا ئوخشايتتى» دەپ جاۋاب بەرگەن. الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!

ئەبۇ زەر غىغارى دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **«مەن: ئى اللەنىڭ پەيغەمبىرى! سەن پەيغەمبەرلىك بىشارىتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا ئۆزۈڭنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىڭنى قانداق بىلگەنتىڭ؟ دېگەنتىم، پەيغەمبەر ﷺ : ئى ئەبۇ زەر، مەن مەككە تۆزلەڭلىكلىرىنىڭ مەلۇم يېرىدە ئىدىم، مېنىڭ ئالدىمغا ئىككى پەرىشتە كەلدى، ئۇلارنىڭ بىرى زېمىنغا چۈشتى، يەنە بىرى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا تۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىر ھەمراسىغا: بۇ كىشى شۇمۇ؟ دېگەندى، ئۇ: ھەئە، دەپ جاۋاب بەردى. ھەمراھى ئۇنىڭغا: ئۇنى بىر ئادەم بىلەن تارازىغا سېلىپ كۆرگىن، دېدى. مەن بىر ئادەم تارازىغا سېلىنغانىدىم،**

**ئېغىرلىقتا ئۇ ئادەمنى بېسىپ كەتتىم. ئۇ پەرىشتە ھەمراھىغا يەنە: ئەمدى ئۇنى ئون ئادەم بىلەن تارازىغا سېلىپ كۆرگىن دېدى. مەن ئون ئادەم بىلەن تارازىغا سېلىنىپ ئۇلارنىمۇ بېسىپ كەتتىم. ئۇ يەنە ھەمراھىغا: ئەمدى ئۇنى يۈز ئادەم بىلەن تارزىغا سېلىپ كۆرگىن دېدى. مەن يۈز ئادەم بىلەن تارازىغا سېلىنىپ ئۇلارنىمۇ بېسىپ كەتتىم، ئاندىن ئۇ ھەمرايىغا يەنە: ئەمدى ئۇنى مىڭ ئادەم بىلەن تارزىغا سېلىپ كۆرگىن دېدى. مەن مىڭ ئادەمنىمۇ بېسىپ كەتتىم. مەن گويا مىڭ ئادەمنىڭ تارازىنىڭ تەخسىسىدىن (يىنىك كەلگەنلىكتىن) چېچىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىۋاتقاندەك قىلاتتىم. ئاندىن ئۇ پەرىشتە ھەمراھىغا: مۇبادا سەن ئۇنى پۈتۈن ئۇممەتنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن تەقدىرىڭدىمۇ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدۇ، دېدى ». (دارمى)**

ئىبنى رەجەب «فەتھۇلبارى » ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىماننىڭ كەم ـ زىيادە بولىشى كۆپ سانلىق ئالىملارنىڭ سۆزىدۇر. ئەبۇ دەردا ، ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئىبنى ئابباس ۋە ئۇلاردىن باشقا بىر بۆلۈك ساھابىلارنىڭ ھەم شۇنداق دېگەنلىگى رىۋايەت قىلىنغان. شۇنداقلا ئىبلى ۋە ئىبنى مەسئۇدلارنىڭمۇ مۇشۇ مەزمۇندا گەپ قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا مۇجاھىد ۋە ئۇنىڭدىن سىرت بىر قىسىم تابىئىنلارنىڭمۇ شۇنداق دېگەنلىگى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار ».

مەن دەيمەنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پاكىتلار بەندىلەرنىڭ ئىماننى باراۋەر ھېسابلاپ، بۇ ئۇممەتنىڭ ئاسىلىرىنىڭ ۋە پاسىقلىرىنىڭ ئىماننى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ئىمانى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدىغان ئاشۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرگە كەسكىن رەددىيەدۇر.

ئىمان كەم ـ زىيادە بولىدۇ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ:

**(1)** گۇناھ قىلغان ئادەمنىڭ ئىمانى شۇ ئادەم قىلغان گۇناھنىڭ تۈرىگە قاراپ ئاجىزلايدۇ. مەسىلەن: چوڭ گۇناھلارنىڭ ئىمانغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى كىچىك گۇناھلارغا قارىغاندا تېخىمۇ زور بولىدۇ. بىر قېتىملىق كۇفرى ياكى شېرىكنىڭ ئىماننى ھالاك قىلىش جەھەتتىكى تەسىرى پۈتۈن چوڭ گۇناھلارنىڭ ئومۇمى يېغىندىسىنىڭ تەسىرىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

(2) گۇناھلارنىڭ ئىماننى ئاجىزلاشتۇرۇش دەرىجىسى شۇ گۇناھنىڭ تەكرار سادىر قىلىنىش قېتىم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر گۇناھنى بىر قېتىم سادىر قىلغان ئادەم ھەرگىزمۇ ئۇ گۇناھنى يۈز قېتىم ياكى مىڭ قېتىم سادىر قىلغان ئادەم بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ.

شەرئى پاكىتلار مەلۇم گۇناھنى بىر قېتىم سادىر قىلغان ئادەم بىلەن ئۇ گۇناھنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان ئادەمنى ئىمان جەھەتتىن پەرقلەندۈرگەن. ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىسمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ: «**ھاراق ئىچىشنى تاشلىمىغان ھاراقكەش ئۆلۈپ كەتسە، اللهغا بۇتقا چوقۇنغۇچى بىلەن ئوخشاش ھالەتتە مۇلاقات بولىدۇ**». (ئەھمەد ۋە باشقىلار)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**ھاراق ئىچىشتىن يانمىغان ھاراقكەش جەننەتكە كىرمەيدۇ**». (ئىبنى ھەببان)

ھالبۇكى ھاراقنى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم ئىچىپ سالغان كىشى ھەققىدە يۇقىرقى مەزمۇندىكىدەك سۆزلەر مەۋجۇت ئەمەس. توغرىسىنى ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى پەقەت اللهدۇر.

ئەمدى ئىمانغا ئالاقىدار بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز:

**مەسىلە: ئىمان ئىسلامنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟** ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مەنىسى بارمۇ؟ مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى مۇئمىن ھېسابلىنامدۇ؟ ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان خاس مەنىلىرى بارمۇ؟ مانا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىسلام ئالىملىرى ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولۇپ كەلدى.

مەن دەيمەنكى، بۇ مەسىلە ئۈستىدە قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى، پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسلىرى ئاساسىدا چىقىرىلغان يەكۈن شۇنداقلا ئىسلام ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى: ئىمان ئاتالغۇسى بەزى چاغلاردا ئۆزىگە خاس بولغان ھەمدە ئىسلامدىن پەرقلىنىدىغان مەزمۇن ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن پەقەت مۇئمىننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى قەلبىنىڭ ئەمەللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىسلام دېگەن ئاتالغۇمۇ بەزى چاغلاردا ئۆزىگە خاس بولغان، ئىماننىڭ مەزمۇنىدىن پەرقلىنىدىغان مەزمۇنلار ئۈچۈن

قوللۇنىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ مەنىسىدىن تەن بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان تاشقىي ئەمەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى چاغلاردا ئىمان ئاتالغۇسى ئىخمۇ كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلىپ، ئۇ چاغدا ئۇ ئىسلامنىڭ مەزمۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئىسلام ئاتالغۇسىمۇ بەزى چاغلاردا ئىخمۇ كەڭ مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ ئىماننىڭ مەزمۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنى شۇ ئاتالغۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملەنىڭ مەزمۇنىغا ياكى ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ۋە ياكى شۇنىڭغا ئالاقىدار باشقا تېكىستلەرگە قاراپ پەرقلەندۈرلىدۇ.

تۆۋەندە بىز سىزگە بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

**(1)** ئىمان ئاتالغۇسى بىلەن ئىسلام ئاتالغۇسىنىڭ مەنا جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى:

ﷲتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ إِنَّ الْمُسْلِمِينَ وَالْمُسْلِمَاتِ وَالْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ وَالْقَانِتِينَ وَالْقَانِتَاتِ وَالصَّادِقِينَ وَالصَّادِقَاتِ وَالصَّابِرِينَ وَالصَّابِرَاتِ وَالْخَاشِعِينَ وَالْخَاشِعَاتِ وَالْمُتَصَدِّقِينَ وَالْمُتَصَدِّقَاتِ وَالصَّائِمِينَ وَالصَّائِمَاتِ وَالْحَافِظِينَ فُرُوجَهُمْ وَالْحَافِظَاتِ وَالذَّاكِرِينَ اللَّهَ كَثِيراً وَالذَّاكِرَاتِ أَعَدَّ اللَّهُ لَهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْراً عَظِيماً ﴾**

**﴿ مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسىلىرىنى هارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسىلىرىنى هارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ﷲ نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ﷲ نى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ﷲ مەغفىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى ﴾.** (ئەهزاپ 35 ـ ئايەت)

يوقۇرىدىكى ئايەتتىكى ﷲنىڭ: **﴿ مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللار ﴾** دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى تاشقى جەهەتتە ۋە تەن بىلەن ئىپلىپ بېرىلىدىغان ئىش ـ هەرىكەتتە شەرىئەتنىڭ

ھۆكۈملىرىگە بويسۇنغۇچى ئەرلەر ۋە بويسۇنغۇچى ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. ﷲنىڭ: ﴿ **مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللار** ﴾ دېگەن سۆزى بولسا تاشقى جەھەتتە تەنلىرى بىلەن بويسۇنغان شەرئى ھۆكۈملەرنى دىللىرىدا تەستىق قىلىپ، شەكسىز ئىشەنگەن ۋە تەسلىم بولغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى قەلبتىكى ئىمان تاشقى جەھەتتىكى بويسۇنۇشنى تەستىقلىسا، تاشقى جەھەتتىكى بويسۇنۇش قەلبتىكى ئىماننى تەستىقلايدۇ ۋە تەرجىمە قىلىدۇ. ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ.

ئابدۇراھمان ئىبنى ناسىر سەئدى رەھىمەھۇللا بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ: ﴿ **مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللار** ﴾ تاشقى جەھەتتىكى شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنغۇچىلارنى كۆرسۇتىدۇ. ﴿ **مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللار** ﴾ قەلبتە ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ بايان قىلغان.

شۇنىڭدەك، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىسلام ۋە ئىمان ھەققىدە سوئال سورىغانلىقى بايان قىلىنغان ھەدىستىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: «**جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام** پەيغەمبەر ﷺ **دىن ئىسلام ھەققىدە سورىغاندا** پەيغەمبەر ﷺ **جاۋاب بېرىپ:** ‹لا اله الا الله محمد رسول الله› **دەپ شاھادەت ئېيتىشىڭ، نامازنى ئوقۇشۇڭ، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشۇڭ ۋە قادىر بولالىساڭ ھەج قىلىشىڭ ئىسلامدۇر، دېگەن. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: توغرا جاۋاب بەردىڭ. ئەمدى ئىمان ھەققىدە خەۋەر بەرگىن دېگەندە**، پەيغەمبەر ﷺ **: ﷲغا، پەرىشتىلەرگە، ﷲنىڭ كىتابلىرىغا، ﷲنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ﷲنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدىغانلىقىغا قەتئى ئىشىنىشىڭ ئىماندۇر، دەپ جاۋاب بەرگەن. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: راست ئېيتتىڭ، دەپ تەستىقلىغان»**.

بۇ ھەدىسكە قارايدىغان بولساق، پەيغەمبەر ﷺ ئىسلامنى تەن بىلەن ئىجرا قىلىدىغان تاشقى ئەمەللەر بىلەن چۈشەندۈرگەن بولسا، ئىماننى ئىچكى قەلبنىڭ ئەمەللىرى بىلەن چۈشەندۈرگەن.

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ﷺنىڭ بۇ دۇئاسىمۇ شۇنى كۆرسۇتىدۇ: «**ئى ﷲ! ئارىمىزدىن قايسىمىزغا ھاياتلىق بەرسەڭ، ئۇنى ئىسلام ئۈستىدە ياشاشقا نېسىپ قىلغىن، ئارىمىزدىن**

**قايسىمىزنى ۋاپات قىلدۇرساك، ئۇنى ئىمان ئۇستىدە ۋاپات قىلدۇرغىن»**. (تىرمىزى) پەيغەمبەر ﷺ بۇ دۇئادا ئىسلام بىلەن ئىماننىڭ ئارىسىنى روشەن پەرقلەندۇرگەن.

ئىبنى رەجەب «جامىئۇلئۇلۇم» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەدىس ئۈستىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى تەن بىلەن ئىجرا قىلىدىغان ئەمەللەرنى ئىنسان پەقەت ھايات ۋاقتىدىلا قىلالايدۇ، ئەمما ئۆلۈش ئالدىدا ئۇنىڭدا قەلبتە تەستىق قىلىشتىن باشقا ئىمكانىيەت قالمايدۇ.»

مەن دەيمەنكى، ئۇنىڭدا قەلبتە تەستىق قىلىش ئىمكانىيىتىدىن باشقا يەنە شەكسىز ئىشىنىش، ئۈمىد قىلىش، الله بىلەن ئۇچرىششقا قىزغىن ئىنتىلىش ۋە ياراتقۇچىغا ياخشى گۇماندا بولۇش ئىمكانىيەتلىرى بولىدۇ. بۇ ھەممىسى قەلبنىڭ ئەمەللىرى بولۇپ ئۆلۈش ئالدىدىكى كىشىگە بۇلارنىڭ مەنپەئەتى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «**تىلى ۋە قولى بىلەن يېتىدىغان ئەزىيەتتىن باشقا مۇسۇلمانلارنى سالامەت قىلغان كىشى مۇسۇلمان كىشىدۇر. ئادەملەرنى مال ۋە جانلىرىغا قارىتا ئۇزىدىن خاتىرجەم قىلغان كىشى مۇئمىن كىشىدۇ**».(تىرمىزى) بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلماننى باشقىلارنى تىلى ۋە قولى بىلەن زىيان يەتكۈزۈشتىن سالامەت قىلىشتەك زاھىرى ھەرىكەت بىلەن ئىزاھلىدى، ئەمما مۇئمىننى بولسا كىشىلەرنى مال ۋە قارىتا ئۇزىدىن خاتىرجەم قىلىشتىن ئىبارەت ئىچكى ئەمەل بىلەن ئىزاھلىدى. چۈنكى خاتىرجەملىك قەلبنىڭ ئەملى بولۇپ ئۇ باتىنى (ئىچكى) ئەمەلدۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**قانداق كىشىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىگىنى بىلەمسىلەر؟ ساھابىلار: الله ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر، دىگەندە** پەيغەمبەر ﷺ **مۇنداق دەيدۇ: مۇئمىنلەرنى جانلىرىغا ۋە ماللىرىغا قارىتا ئۇزىدىن خاتىرجەم قىلغان كىشى مۇئمىن كىشىدۇر، يامانلىقنى تاشلاپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان كىشى مۇھاجىردۇر (يەنى ھىجرەت قىلغۇچىدۇر)** ». (ئەھمەد)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «**ئىسلام ــ «لا اله الا الله محمد رسول الله» دەپ شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ۋە اللەنىڭ بەيتىنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىبارەت بەش ئاساسنىڭ ئۇستىگە قۇرۇلدى** ». (تىرمىزى)

دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىستە ئىسلامنى تەن بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان تاشقىرى ئەمەللەر بىلەن شەرھىلىدى.

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«كىمكى بىز ئوقۇغان نامازنى ئوقۇسا، بىزنىڭ قىبلىمىزنى قىبلە قىلسا ۋە بىز بوغۇزلىغان جانلىقلارنىڭ گۆشىنى يېسە، ئەنە شۇ كىشى مۇسۇلماندۇر»**. (بۇخارى)

دېمەك، بۇ ھەدىستىمۇ پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلىنىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى تەن بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ئەنە شۇ تاشقىرى ئەمەللەر بىلەن ئىزاھلىدى.

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار تاكى ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە مۇئمىن بولمايدۇ»**. (بۇخارى ۋە مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«سىلەردىن بىرىڭلارغا مەن ئۇنىڭ دادىسىدىن، بالىسىدىن ۋە پۈتۈن ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈكرەك بولمىغىچە، ئۇ ھەرگىز مۇئمىن بولمايدۇ»**.

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«ئۈچ ئىشنى ئۆزىدە ھازىرلىغان كىشى ئىماننىڭ شىرىن تەمىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، ئۇ اللهنى ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈش، ھەرقانداق بىر كىشى پەقەت الله ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش ۋە قايتىدىن كۇفرىغا چۈشۈپ قېلىشنى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈشتىن ئىبارەت »**.

يوقۇرىدىكى ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ ئىماننىڭ مەۋجۇت بولىشىنى ۋە ئىماننىڭ شىرىن تەمىدىن بەھرىمەن بولىشىنى پەقەت اللهنى ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممە نەرسىدىن ئارتۇق كۆرۈشكە ۋە كۇفرىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئوتقا تاشلىنىشتىن قورققاندەك قورقۇشقا باغلىدى. ھالبۇكى ياخشى كۆرۈش بىلەن قورقۇش ۋە يامان كۆرۈش بولسا قەلبنىڭ ئەملى بولۇپ، ھەر ئىككىسى باتىنى ئەمەلدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ يەنە ئەنسارلارنى ياخشى كۆرۈش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **«ئۇلارنى (يەنى ئەنسارلانى) پەقەت مۇئمىنلا ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنى مۇناپىقتىن باشقىسى يامان كۆرمەيدۇ»**. (مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **«كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. ئەمرى ئىبنى ئاس ﷺ مۇئمىن بولدى»**. (تىرمىزى) بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، كىشىلەر تاشقى جەھەتتىكى ئەمەللەر بىلەن ئىسلامنى ئىشقا ئاشۇردى، ئەمما ئەمرى ئىبنى ئاس بولسا قەلبىدىكى ئېتىقاد بىلەن ئىماننى ئىشقا ئاشۇردى دېگەنلىكتۇر.

ئەمرى ئىبنى ئاس ﷺقا ئوخشاش دىلىدا ئىماننى ئىشقا ئاشۇرغان كىشىنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىسلامنى ئىشقا ئاشۇرۇشى زۆرۈر شەرتتۇر ۋە مۇقەررەر نەتىجىدۇر. ئەمما تاشقى جەھەتتە ئىسلامنى ئىشقا ئاشۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىلىدا ئىماننى ئىشقا ئاشۇرالىشى ناتايىن. چۈنكى قەلبتە مۇناپىقلىق بولۇش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق مۇئمىننى مۇسۇلمان دەپ ھېسابلاش لازىم. ئەمما مۇسۇلماننىڭ ھەممىسىنى مۇئمىن دەپ ھېسابلاش مۇمكىن ئەمەس. اللهتەئالا بىر قىسىم ئەئرابىلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قَالَتِ الْأَعْرَابُ آمَنَّا قُل لَّمْ تُؤْمِنُوا وَلَكِن قُولُوا أَسْلَمْنَا وَلَمَّا يَدْخُلِ الْإِيمَانُ فِي قُلُوبِكُمْ وَإِن تُطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ لَا يَلِتْكُم مِّنْ أَعْمَالِكُمْ شَيْئاً إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴾

**﴿ ئەئرابىلار: « ئىمان ئېيتتۇق » دەيدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، (تېخى) ئىمان ئېيتمىدىڭلار ۋە لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا كىرمىدى، ئەگەر سىلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلساڭلار، الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلاردىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، الله ھەقىقەتەن(مۇئمىنلەرگە) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر ﴾**. (ھۇجۇرات **14** ـ ئايەت)

قىسقىسى بەزى ئورۇنلاردا ئىمان بىلەن ئىسلامنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشمايدىغان مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، بىز يوقۇرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلار بىلەن بولدى قىلىمىز.

**(2)** ئىمان ئاتالغۇسى بىلەن ئىسلام ئاتالغۇسىنىڭ بەزى چاغلاردا ئورتاق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ، يەنى ئىككى ئاتالغۇ بىر ـ بىرىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى:

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللَّهِ الْإِسْلام ﴾

**﴿ ھەقىقەتەن الله نىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر﴾.** (ئالى ئىمران **19** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىسلام ئىمانىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى ئىچكىرى ۋە تاشقىرى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى اللهتەئالا رازى بولغان دىن پەقەت تاشقىرى ئەمەللەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، قەلبنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئىسلامدۇر دېيىش ھەرگىزمۇ توغرا ئەمەس، بۇنداق سۆزنى ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى قىلمايدۇ.

اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَنْ يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلامِ دِيناً فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْه ﴾

**﴿ كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾.** (ئال ئىمران **85** ـ ئايەت)

دېمەك الله ئۇنىڭدىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىسلام بولسا ئىماننى ۋە ئىسلامنى، ئىچكى ئەمەل ۋە تاشقى ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلامدۇر.

شۇنىڭدەك اللهتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَأَخْرَجْنَا مَنْ كَانَ فِيهَا مِنَ الْمُؤْمِنِينَ * فَمَا وَجَدْنَا فِيهَا غَيْرَ بَيْتٍ مِنَ الْمُسْلِمِينَ ﴾

**﴿ (ھالاك بولمىسۇن دەپ لۇتنىڭ) شەھىرىدىكى مۇئمىنلەرنى (سىرتقا) چىقىرىۋەتتۇق* بىز ئۇ شەھەردىن مۇسۇلمانلاردىن پەقەت بىر ئائىلىنىلا تاپتۇق ﴾.** (زارىيات **35** ـ **36** ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان مۇسۇلمان بىلەن مۇئمىن بىر مەنىدە بولۇپ، بىر يەنە بىرىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، چۈنكى ئۇ شەھەردىن چىقىرىۋېلىنغان مۇئمىنىنىڭ دەل ئۆزى مۇسۇلمان ئىدى.

پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا سالام بېرىش ھەققىدە قىلغان سۆزىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ: **«مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللار، مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئايالاردىن بولغان قەبرى ئەھلىگە اللهنىڭ سالامى بولسۇن! بىزنىڭ ئارىمىزدىن بۇ قەبرىلەر دۇنياسىغا بۇرۇن كەلگەنلەرگە ۋە كېيىن كەلگۈچىلەرگە الله رەھمەت قىلسۇن! الله خالىسا بىزمۇ**

**سلەرگە چوقۇم قوشۇلمىز»**. بۇ ھەدىستە ئېيتىلغان ﴿ **مۆئمىن ئەرلەر** ﴾ قەلبىدە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئەمەلدە مۇسۇلمان بولغان كىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ﴿ **مۇسۇلمان ئەرلەر** ﴾ دېگەن سۆزمۇ ئەمەلدە مۇسۇلمان بولغان ۋە دىللىرىدا ئىمان كەلتۈگەن كىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى دىلىدا ئىمان بولمىغان مۇسۇلمانغا سالام قىلىش ۋە رەھمەت تەلەپ قىلىش توغرا ئەمەس.

ئىمام نەۋەۋى مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئىزاھاتىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستىكى ‹**مۇسۇلمانلار**› دىن مۇئمىنلەر كۆزدە تۇتۇلغان، چۈنكى مۇسۇلمان مۇناپىق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا سالام بىرىشكە ۋە ئىچ ئاغرىتىپ رەھمەت تىلەشكە بولمايدۇ».

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئابدۇلقەيس ۋەكىللەر ئۆمىكىگە قىلغان سۆزىمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ **ئۇلارنى اللهغىلا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن ئۇلارغا: اللهغىلا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەنىسىنى بىلەمسىلەر؟ دېگەندە ئۇلار: الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى ھەممىدىن ئوبدان بىلگۈچىدۇر، دېيىشكەن**. پەيغەمبەر ﷺ : **اللهغىلا ئىمان كەلتۈرۈش ‹**لا اله الا الله محمد رسول الله**› دەپ شاھادەت ئېيتىشتىن، ناماز ئوقۇشتىن، زاكات بېرىشتىن، رامىزان روزىسىنى تۇتۇشتىن ۋە غەنىمەتتىن بەشتىن بىرىنى بېرىشتىن ئىبارەتتۇر، دەپ بايان قىلغان»**. (بۇخارى)

دېمەك پەيغەمبەر ﷺ مەزكۇر ھەدىستە ئىماننى ئەمەل بىلەن ئىشقا ئاشىدىغان ئىسلام بىلەن چۈشەندۈرگەن. بۇ ئىماننىڭ بەزى ۋاقىتتا تېخىمۇ كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلىپ ئىسلامنىڭ مەزمۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام ئەھمەدنىڭ ئەمرى ئىبنى ئەبەسەدىن رىۋايەت قىلىشىچە: «**بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئىسلام دېگەن نېمە؟ دېگەندە پەيغەمبەر ﷺ :‹ئىسلام ــ قەلبىڭنى اللهغا تاپشۇرۇشىڭدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ سېنىڭ تىلىڭ ۋە قولۇڭدىن زىيانغا ئۇچراشتىن سالامەت بولىشىدۇر› دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم: ئىمان دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ﷺ :‹ئىمان ــ اللهغا، اللهنىڭ پەرىشتىلىرىگە، اللهنىڭ كىتابلىرىغا، اللهنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈشىڭدىن ئىبارەتتۇر› دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم يەنە: ئىماننىڭ قايسىسى ئەڭ ئۇلۇغدۇر؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ﷺ**

**جاۋاب بىرىپ:‹ ئىماننىڭ ئەۋزەلى ھىجرەتتۇر› دېگەن. ئۇ ئادەم: ھىجرەت دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ﷺ :‹ھىجرەت ـ يامانلىقتىن قول ئۈزۈشتۇر› دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم يەنە: ھىجرەتنىڭ قايسىسى ئەڭ ئۇلۇغدۇر؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ﷺ : ‹ھىجرەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى جىھاد قىلىشتۇر› دەپ جاۋاب بەرگەن.**

مەزكۇر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئىسلامنى قەلبنىڭ ئەمەلى ۋە تەننىڭ ئەمەلى بىلەن ئىزاھلىشى، **«ئىسلامنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئىماندۇر »** دەپ جاۋاب بېرىشى، شۇنداقلا ھىجرەت ۋە جىھاد قاتارلىق ئىسلامى ئەمەللەرنى ئىماننىڭ مەزمۇنى ۋە ئەۋزەلى سۈپىتىدە بايان قىلىشى بەزى ۋاقىتلاردا ئىماننىڭ ئىسلامدىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، ئىسلامنىڭ ئىماننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ۋە ئەمەلنىڭ ئىمان ئاتالغۇسىنىڭ ۋە مەزمۇنىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك پاكىتلارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان كىشىلا كىرىدۇ»**. (بۇخارى)

مەزكۇر ھەدىستە دېيىلگەن **«مۇسۇلمان كىشى »** دىن مۇسۇلمان بولغان مۇئمىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى جەننەتكە كىرىشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتى مۇئمىن بولۇشتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ ئۆمەر ؓ گە مۇنداق دېگەن: **«ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! سەن بېرىپ كىشىلەرگە: شۈبھىسىزكى، مۇئمىنلەردىن باشقىلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ! دەپ جاكارلىغىن »**. (مۇسلىم)

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئى ئەۋفنىڭ ئوغلى! سەن ئېتىڭغا مىنگىن، ئاندىن كىشىلەرگە: جەننەت مۇئمىننىڭ باشقىسىغا ھالال بولمايدۇ! دەپ جاكارلىغىن»**. (ئەبۇ داۋۇد)

دېمەك، جەننەتكە كىرىدىغان مۇسۇلمان ئۇ مۇئمىن بولغان مۇسۇلماندۇر. شۇنىڭدەك جەننەتكە كىرىدىغان مۇئمىنمۇ ئەلۋەتتە مۇسۇلمان بولغان مۇئمىندۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

يوقۇرىدىكى پاكىتلاردىن بىز شۇنى تونۇپ يېتىمىزكى ، ھەرقانداق بىر مۇئمىن ئۇ مۇقەررەر مۇسۇلماندۇر . چۈنكى قەلبىدە ئىمان بار كىشى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قەلبىدە ئىمان كەلتۈرگەن نەرسىگە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە بىلەن تەرجىمە قىلىشى كېرەك . بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«شۇبھىسىزكى ، ئىنساننىڭ تېنىدە بىر پارچە گۆش بولۇپ ، ئۇ ياخشىلانسا ، پۈتۈن بەدەن ياخشى بولىدۇ . ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا ، پۈتۈن تەن بۇزۇلىدۇ . بىلىشىڭلار كېرەككى ئۇ ــ قەلبتۇر »** . (بۇخارى ۋە مۇسلىم)

ئىبنى ھەجەر مەزكۇر ھەدىسنىڭ ئىزاھاتىدا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺنىڭ قەلبنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى ، قەلب تەننىڭ قوماندانىدۇر ، قوماندان ياخشى بولسا ، پۇقرامۇ ياخشى بولىدۇ ، قوماندان بۇزۇلسا ، پۇقرامۇ بۇزۇلىدۇ . »

ھەرقانداق بىر مۇئمىننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى تەبىئى ئەھۋالدۇر . ئەمما مۇسۇلماننىڭ مۇناپىق بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ ھەممىسىلا مۇئمىن بولىشى ناتايىن . چۈنكى مۇناپىق دۇنيادا مۇسۇلمان ھېسابلىنىپ ، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈملىرى تەدبىقلانسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئاخىرەتتە كافىر ھېسابلىنىپ ، ئۇنىڭغا كافىرلاغا خاس ھۆكۈملەر تەدبىقلىنىدۇ . لېكىن جەننەت بىلەن ھۆكۈم بېرىلگەن ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ چوقۇم مۇئمىن بولىشى شەرتتۇر . ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن مۇسۇلمان دېگەن ئاتالغۇ مۇئمىن دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ .

مەسىلەن: «مۇسۇلمانلار جەننەت ئەھلىدۇر»...ياكى«بىز مۇسۇلمانلار تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئورنى جەننەتتە ﴾... دېگەندەك سۆزلەر ئېيتىلسا ، بۇ چاغدا مۇسۇلمان دېگەن سۆز مۇئمىن دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ . چۈنكى جەننەتكە مۇئمىن بولمىغان ياكى مۇئمىنلىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەنىدىكى مۇسۇلمان بولمىغان كىشى ھەرگىز كىرەلمەيدۇ .

## ئىمانغا ۋە ئىماننىڭ چۈشەندۈرلىشىگە ئائىت بىر قانچە

## مەسىلىلەر ۋە ئەسكەرتمىلەر

**بىرىنچى مەسىلە:** قىسمەن ئالىملار ئىماننى «دىلدا تونۇش ياكى دىلدا تەستىقلاش، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسى قىسىملىرىغا ئەمەل قىلىش» دەپ ئىزاھلاپ كەلدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇنداق چۈشەندۈرۈش ئىماننىڭ مەزمۇنىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى «دىلدا تونۇش» ياكى «دىلدا تەستىق قىلىش» قەلبنىڭ ئەمەللىرىنىڭ پەقەتلا بىر تۈرى بولۇپ، قەلبنىڭ باشقا ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. ھالبۇكى ئىمان ـ تەستىق قىلىش، مۇھەببەت، نەپرەت، قورقۇش، بىلىش، باش ئېگىش، بويسۇنۇش، مەمنۇن بولۇش... قاتارلىق قەلبنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن «دىلدا تەستىق قىلىش» دېگەن سۆز ئىمان ئاتالغۇسىنىڭ ئاستىدىكى قەلب ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئەكسىچە، بىز يۇقۇرىدا بايان قىلغاندەك: «دىلدا ئېتىقاد قىلىش» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەندە، ئۇ قەلبنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئېتىقاد قەلبنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

شۇنىڭدەك «ئىسلامنىڭ ئاساسى قىسىملىرىغا ئەمەل قىلىش» دېگەن سۆزمۇ ئىماننىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولغان تاشقىرى ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئەكسىچە «تەن بىلەن ئەمەل قىلىش» ئىشلەتكەندە ئۇ تەن بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان تائەت ـ ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئىسلامنىڭ ئاساسى قىسىملىرىغا ئەمەل قىلىشنىلا ئەمەس، ھەتتا يولدىكى ئەزىيەتلەرنى يىراقلاشتۇرۇشقا ئوخشاش ئىسلامنىڭ كىچىك تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىشنىمۇ تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىز ئەھلى سۈننەۋەلجامائەنىڭ ئىمان ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئوخشاش بولمىغان يۇقۇرىقىدەك چۈشەندۈرۈشلەردىكى ئىنچىكە پەرقلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشلىرى كېرەك.

**ئىككىنچى مەسىلە:** ئەھلى سۈننەۋەلجامائەنىڭ ئىمانىنى «ئېتىقاد، سۆز ۋە ئەمەل» دەپ چۈشەندۈرۈشىنى ئېتراپ قىلغانلىق شۈبھىسىزكى كۇفرىنىڭمۇ ئېتىقاد بىلەن، سۆز بىلەن ۋە ئەمەل بىلەن ياكى مۇشۇلاردىن بىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئېتراپ قىلغانلىقتۇر. ئەمما ئەھلى سۈننەۋەلجامائەنىڭ ئىمان ھەققىدىكى بىر تونۇشتۇرۇشىنى پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىنلا قوبۇل قىلغان ۋە ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇ قائىدىنى ئەمىلىيەتكە تەدبىقلاش، كونكرىتلاشتۇرۇش، مۇئەييەن شەخسلەرگە، شەيئىلەرگە ۋە ھادىسىلەرگە ھۆكۈم قىلىش جەھەتلەردە كافىرلىقنى پەقەت دىلدا ئىنكار قىلىش بىلەنلا چەكلەپ قويىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ خىل كىشىلەر بىرىنچىدىن، ئۆزىگە ۋە ئۆز ئېغىزىدىكى ئىمانىنىڭ چۈشەندۈرلىشىگە زىت يول تۇتقان كىشىلەردۇر. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئۆزىنى ئەھلى سۈننەۋەلجامائە دەپ دەۋا قىلىسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئەھلى سۈننەۋەلجامائەنىڭ ئىمان ۋە كۇفرى مەسىلىلىرىدىكى ئەقىدىسىگە ۋە مەنھەجىگە قارشى يول تۇتقان كىشىدۇر. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار مۇشۇ ئەقىدىسى بىلەن جۇھەيمى ۋە مۇرجىئىلار بىلەن بىرلىشىپ قالغان ھەمدە ئەھلى سۈننەۋەلجامائەنىڭ ئىمان ۋە كۇفرى ھەققىدىكى ئەقىدىلىرىگە قارىغاندا مۇرجىئىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەقىدىلىرىگە تېخىمۇ يېقىن بولغان كىشىلەردۇر.

**ئۈچىنچى مەسىلە:** بىر ئادەم ئۆزىگە گۇۋاھلىق بېرىپ: مەن مۇئمىن دېسە توغرا بولامدۇ؟ ياكى ئىستىنا (يەنى الله خالىسا دېيىش) قىلىپ: الله خالىسا، مەن مۇئمىن دېيىشى كېرەكمۇ؟

مەن دەيمەنكى: ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مۇئمىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەندە ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ئىمانىنىڭ شەكسىز ئىكەنلىگىنى نەزەردە تۇتقان بولسا، ئۇ چاغدا ئىستىنا قىلماستىن (يەنى الله خالىسا دېمەستىن) مەن مۇئمىن دېيىشى كېرەك. چۈنكى بۇنداق چاغدا ئىستىنا قىلىش دىلدىكى ئىمانغا كەسكىن ئىشەنچە قىلالمىغانلىقنى ئىپادىلەپ قويىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مۆئمىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەندە مۇئمىنىنىڭ ئاقىۋىتى جەننەت بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىيامەت كۈنى جەننەتكە كىرىدىغان مۇئمىنلىگىنى نەزەردە تۇتقان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ چوقۇم ئىستىنا قىلىشى، يەنى الله خالىسا، مەن مۇئمىن دېيىشى لازىم. چۈنكى اللهنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاش يۈز بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شەرئى نەس (ئايەت ياكى ھەدىس)

بولمىغان ئەھۋالدا بىر ئادەمنىڭ قىيامەتتىكى تەقدىرىگە جەننەت بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ھالبۇكى پەيغەمبەر ﷺنىڭ ۋاپاتى بىلەن ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن مۇئەييەن بىر كىشىنىڭ جەننەت ئەھلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان شەرئىي پاكىت يوق.

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَلَا تُزَكُّوا أَنْفُسَكُمْ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اتَّقَى ﴾

**﴿ سىلەر ئۆزەڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار (يەنى ئاقلىماڭلار)، الله تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ ﴾**. (نەجىم 32 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ﷺنىڭ قەبرىستانلىقتا مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئۆلۈكلەرگە قىلغان ۋە قىلىشقا بۇيرۇغان سۆزلىرى ئىچىدە مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: **«الله خالىسا، بىزمۇ چوقۇم سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا قوشۇلىمىز »**. (مۇسلىم) بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: الله خالىسا، بىزمۇ جەننەتتە سىلەرگە قوشۇلىمىز، دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى تەقدىرىگە ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ **«الله خالىسا »** دەپ ئىستىسنا قىلغان.

پەيغەمبەر ﷺنىڭ تۆۋەندىكى بۇ سۆزىمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ: **«الله خالىسا، بۇ دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ھېچبىر دوزاخقا كىرمەيدۇ »**. (مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ: **«مەن قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمگە شاپائەت قىلىش ئۈچۈن، دۇئايىمنى (يەن الله ئىجابەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان دۇئا) زاپاس ساقلاپ قويدۇم. ئۈممىتىم ئىچىدىن اللهغا شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر الله خالىسا ئۇنىڭغا (يەنى شاپائىتىمگە) چوقۇم ئېرىشەلەيدۇ »**. (مۇسلىم) دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ دىن باشقا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ھېچنىمىنى بىلمەيدىغان تېخىمۇ ئىستىسنا قىلىشلىرى تېخىمۇ زۆرۈر. ئۆزىنىڭ مۇئەييەن بىر ئاقىۋىتى ھەققىدە ئىستىسنا قىلماستىن كەسكىن گەپ قىلىشى چوڭ خاتالىقتۇر.

شۇنىڭدەك، ئەمەل ئۈچۈن ئىستىسنا قىلىشمۇ شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان. چۈنكى ئەمەل ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ ئىنسان ئۆلگەنگە قەدەر ئەمەل توختىمايدۇ. شۇڭا: الله خالىسا مەن مۇئمىن دېگەن سۆزنى قىلىشتا ئەمەلنى كۆزدە تۇتقان بولسا، يەنى كەلگۈسىدە قىلىدىغان

ئەمەللەرنى نەزەردە تۇتقان بولسا ئۇنىڭ ئىستىنا قىلىشى توغرا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋاجىپتۇر. اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَا تَقُولَنَّ لِشَيْءٍ إِنِّي فَاعِلٌ ذَلِكَ غَداً إِلَّا أَن يَشَاءَ اللَّهُ ﴾

**﴿ سەن بىر ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، ‹ئەتە ئۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن› دېمەي، ‹خۇدا خالىسا› دېگەن سۆزنى قوشۇپ دېگىن ﴾.** (كەھف **24** ـ ئايەت)

ھالبۇكى تائەت ـ ئىبادەتلەرمۇ ئىمان دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ھەققىدە باشتا توختالغاندۇق.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە بايان قىلىنىشچە: ئەنسارلاردىن بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇغان ئورۇننى نامازگاھ قىلىۋېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆيىدە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغاندا پەيغەمبەر ﷺ : **الله خالىسا پات ئارىدا شۇنداق قىلىمەن**، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام ئەھمەد بىر كىشىگە: ئىمان سۆز ۋە ئەمەلدىن ئىبارەت ئەمەسمۇ؟ دېگەندە ئۇ ئادەم: شۇنداق! دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىمام ئەھمەد: بىز ئىماننىڭ شەرتى بولغان سۆزنى كەلتۈرۈپ بولدۇقمۇ؟ دېگەندە، ئۇ كىشى: شۇنداق! دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىمام ئەھمەد: ئۇنداقتا ئەمەلنى ئورۇنداپ بولدۇقمۇ؟ دېگەندە ئۇ كىشى: ياق! دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىمام ئەھمەد: ئۇنداقتا الله خالىسا، مەن مۇئمىن دېگەن كىشىنى نېمىشقا ئەيىبلەيسەن؟ دېگەن.

ئىمام ئەھمەد يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدىنىڭ: ئىستىنانى تەرك ئېتىش (يەنى مەن مۇئمىن دېگەندە الله خالىسا دېگەننى قوشماسلىق) مۇرجىئىلىكنىڭ بىرىنچى بەلگىسىدۇر. »

ئىمام ئەھمەد يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئىمان مۇرجىئىلار ئېيتقاندەك سۆزدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئەمەل بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسا، ئۇنداقتا الله خالىسا مەن مۇئمىن دېيىش تولىمۇ قەبىھ بولمامدۇ؟ بۇ دېگەنلىك: الله خالىسا ﴿ لا اله الا الله ﴾ دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ لېكىن ئەمەل ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولغاچقا ئىستىنا (يەنى الله خالىسا دېيىش) ئىماننىڭ مەزمۇنى بولغان ۋە تېخى قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئەمەلگە قارىتىلغان. »

**تۆتىنچى مەسىلە:** مۇئەييەت بىر كىشىنى مۇئمىن ۋە ئىمان ئۈستىدە ئۆلدى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش توغرىمۇ؟

مۇئەييەن بىر كىشىنى شەرئى پاكىت بولمىغان ئەھۋالدا مۇئمىن ۋە ئىمان ئۈستىدە ۋاپات بولغان دەپ كەسكىن گۇۋاھلىق بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئىماننىڭ ئورنى قەلب بولۇپ، قەلبلەردىكى نەرسىنى غەيبلەرنى بىلگۈچى اللەدىن ئۆزگە ھېچقانداق كىشى بىلمەيدۇ.

مۇئەييەت بىر كىشىنى كەسكىن قىلىپ مۇئمىن ۋە ئىمان ئۈستىدە ئۆلدى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە بولمىغانلىغا ئوخشاشلا مۇئەييەن بىر كىشىنى (شۇ كىشى ھەققىدە نازىل بولغان ئايەت ياكى ھەدىس بولمىغان ئەھۋالدا) جەننەت ئەھلى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشمۇ توغرا ئەمەس. بۇنداق دېيىش الله ھەققىدە قاپ يۈرەكلىك قىلغانلىق ۋە شۇ كىشىنى ئاساسسىز ئاقلىغانلىق بولىدۇ.

ئەگەر مۇئەييەت بىر كىشى ھەققىدە گەپ قىلىش زۆرۈر بولسا ئۇنداقتا چوقۇم ئىستىنا قىلىشىمىز ۋە جەزىملەشتۈرۈپ گەپ قىلماسلىقىمىز كېرەك. مەسىلەن: «بىز ئۇنى مۇئمىن دەپ ئويلايمىز، اللەنىڭ ئالدىدا ئاقلىماقچى ئەمەسمىز» ، «الله خالىسا، بىز ئۇنىڭ مۇئمىن بولىشىنى ۋە جەننەت ئەھلىدىن بولىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» ۋە ياكى «بۇ كىشى الله خالىسا مۇئمىن ئىدى»... دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىشىمىز لازىم.

بۇ ھەقتە اللەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَلَا تُزَكُّوا أَنفُسَكُمْ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اتَّقَى ﴾

**﴿ ئۆزۈڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار، الله تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ ﴾ (نەجىم 32 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى) .**

اللەتەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يُزَكُّونَ أَنفُسَهُمْ بَلِ اللّهُ يُزَكِّي مَن يَشَاءُ وَلاَ يُظْلَمُونَ فَتِيلاً ﴾

**﴿ ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارايدىغانلار (يەنى ئۆزلىرىنى تەقۋادارلىق بىلەن مەدھىيىلەيدىغانلارنى) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس)، الله خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ ﴾ (نىسا 49 ـ ئايەت)**

پەيغەمبەر ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: **«سىلەردىن بىرىڭلار قىيامەت كۈنى زادى ماختىمىسا بولمايدىغان بولسا، ئۇنداقتا: مەن پالانىنى مۇنداق (ھەقىقەتەن شۇنداق كۆرگەن بولسا) دەپ ئويلايمەن. اﷲغا ھېچكىمنى ئاقلاپ بەرمەكچى ئەمەسمەن، دېسۇن!»**. (مۇسلىم)

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: **«سىلەردىن بىرىڭلار قېرىندىشىنى چوقۇم ماختىماقچى بولسا، ئۇنداقتا: پالانىنى مۇنداق دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭ ھېسابىنى اﷲ ئالغۇچىدۇر. اﷲنىڭ ئالدىدا ھېچكىمنى ئاقلىمايمەن. ئۇنى مەن مۇنداق، مۇنداق (ھەقىقەتەن شۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسا) دەپ ئويلايمەن، دېسۇن!»**. (مۇسلىم)

مەن دەيمەنكى، مەزكۇر ھەدىسلەردە قېرىندىشىنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىدىن بىلىدىغانلىرى ھەققىدە گەپ قىلىش زۆرۈر بولغاندا قانداق گەپ قىلىش ھەققىدە ئەنە شۇنداق يوليورۇقلار بېرىلگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئاخىرەت ھاياتىغا ئالاقىدار بولغان، اﷲدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئەھۋالى ھەققىدە گەپ قىلىشقا توغرا كەلگەندە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش، چوقۇم ئىستىنانى ۋە ئۈمىد سۆزلىرىنى قوشۇمچە قىلىش زۆرۈر.

قىبلە ئەھلىدىن بولغان مۇئمىن بىر كىشىنىڭ ئاخىرەتتىكى مەنزىلى ئۈستىدە كەسكىن گۇۋاھلىق بەرمەسلىك ئەھلى سۈننەۋەلجامائە ئەقىدىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەلۋەتتە قۇرئان نازىل بولىۋاتقان دەۋردە ئايەت ئارقىلىق ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق روشەن ئىسپاتلانغان كىشىلەر بۇنىڭ سىرتىدا بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ۋەھيى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەھلى قىبلىدىن بولغان مۇئمىن بىر كىشىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ھېچقانداق شەرئى دەلىل يوق.

لېكىن مۇئمىن بىر كىشىگە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەمەللىرىگە قاراپ مۇسۇلمان دەپ گۇۋاھلىق بېرىش توغرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«كىمكى بىز ئوقۇغان نامازنى ئوقۇسا، بىزنىڭ قىبلىمىزنى قىبلە دەپ تونۇسا ۋە بىز بوغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېسە ئەنە شۇ كىشى مۇسۇلماندۇر»**. يەنى شۇنداق كىشى مۇسۇلمان ھېسابلىنىپ، بىز ئۇنىڭغا مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلىمىز ۋە گۇۋاھلىق بېرىمىز.

**بەشىنچى مەسىلە:** مۆئەييەن بىر كىشى ھەققىدە مۆئمىن ياكى ئەھلى جەننەتتى دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە بولامدۇ؟ مۆئەييەن بىر كىشى ھەققىدە ئازاب بىلەن ۋە دوزاخ بىلەن گۇۋاھلىق بېرىشكە بولامدۇ؟

مەن دەيمەنكى، مۆئەييەن بىر كافىر ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا كەسكىن قىلىپ دوزاخقا كىرىدۇ دەپ ئېيتىش قەتئىي توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىش ۋە ئىسلامغا قايتىش ئېھتىمالى ھەرۋاقىت مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى كەلگۈسى ھەققىدە كەسكىن گەپ قىلىش تولىمۇ خەتەرلىكتۇر. كىمكى قاپ يۈرەكلىك قىلىپ ھايات ياشاۋاتقان مۆئەييەن بىر كافىرنى ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقاندىكى ئەھۋالىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئەھلى دوزىخى دەپ ھۆكۈم قىلسا، ئۇ بىلىمسىزلىك بىلەن اللهقا تىل سۇنۇشقا جۈرئەت قىلغان، ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈر بولمىغان ئىشلارغا ئارىلاشقان بولىدۇ. ئۇ گويا شۇ كافىرغا: سېنىڭ تەۋبەڭ قوبۇل قىلىنمايدۇ. سېنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. ئىمان دەرۋازىسى سەن ئۈچۈن تاقالغان. ساڭا دوزاخقا كىرىشتىن باشقا يول يوق دېگەن بىلەن ئوخشاش بولۇپ، دىنىنى ۋە ئاخىرەتلىكىنى ئويلىغان ھېسابلايدىغان كىشىلەردىن باشقا ھېچكىم بۇنداق سۆزنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

ئەمما مۆئەييەن بىر كافىر كۇفرى ۋە شېرىك ئۈستىدە ئۆلگەن بولسا، بىز ئۇنىڭغا دوزاخ ئەھلى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە ئۇنىڭغا دوزاخ بىلەن بېشارەت بېرىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كافىر پېتى ئۆلۈپ كەتكەن دادىسى ھەققىدە سورىغان بىر ئەئرابىغا مۇنداق دېگەن: **«سەن ھەرقانداق بىر كافىرنىڭ قەبرىسى قېشىدىن ئۆتسەڭ، ئۇنىڭغا دوزاخ بىلەن خەۋەر بەرگىن »** ھېلىقى ئەھرابى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تولىمۇ مۇشەققەتلىك بىر ۋەزىپىنى تاپىلىغانىدى. مەن ھەرقانداق بىر كافىرنىڭ قەبرىسى قېشىدىن ئۆتسەملا، ئۇنىڭغا دوزاخ بىلەن بېشارەت بېرەتتىم.

ئەلۋەتتە بۇ ھەرگىزمۇ الله ھەققىدە قاپ يۈرەكلىك قىلغانلىق بولمايدۇ. چۈنكى كۇفرى ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن كافىر ئۈچۈن اللهنىڭ ئالدىدا پەقەت بىرلا ھۆكۈم بار ۋە بىرلا ئاقىۋەت بار، بۇ بولسىمۇ دوزاختۇر. اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ اللّهَ لاَ يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَن يَشَاءُ ﴾

**﴿ الله ھەقىقەتەن الله قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغفىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ. كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ ﴾. (نىسا 48 ـ ئايەت)**

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَمَن يَرْتَدِدْ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُوْلَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَأُوْلَـئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ ﴾

**﴿ سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كافىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۇ قالغۇچىلاردۇر ﴾. (بەقەرە 217 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)**

اللهتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا وَصَدُّوا عَن سَبِيلِ اللَّهِ ثُمَّ مَاتُوا وَهُمْ كُفَّارٌ فَلَن يَغْفِرَ اللَّهُ لَهُمْ ﴾

**﴿ شۈبھىسىزكى، كافىر بولغان ۋە (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توسقانلار، ئاندىن كافىر پېتى ئۆلگەنلەرنى الله ھەرگىز مەغفىرەت قىلمايدۇ ﴾. (مۇھەممەد 34 ـ ئايەت)**

دېمەك مەزكۇر ئايەتلەردە كافىرلارنىڭ ئازاپقا ھەقلىق بولىشى ئۇلارنىڭ كافىر پېتى ئۆلگەنلىكى بىلەن باغلانغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن كافىر پېتى ئۆلگەنلەرنىڭ اللهنىڭ ئالدىدىكى ھۆكمى ۋە ئاقىۋىتى پەقەت بىرلا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا دوزاخ بىلەن ھۆكۈم قىلىش خاتالىق بولمايدۇ.

ئەگەر بىز دوزاخ بىلەن بېشارەت بەرگەن كافىر اللهنىڭ ئىلمىدە مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە ئۆلۈپ، جەننەت ئەھلىدىن بولسىچۇ؟ يەنى بىز كافىر پېتى ئۆلۈپ كەتتى دەپ قارىغان كىشى شەرىئەت يول قويغان مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئىمانىنى يوشۇرۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ مۇئمىنلىگىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان كىشى بولۇپ قالسىچۇ؟ دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلسا:

مەن دەيمەنكى، ئەگەر ئۇنىڭغا كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىش توغرا ئىجتىھادقا ۋە ئۆلگۈچىدە كۆرۈلگەن روشەن ئالامەتلەرگە ئاساسلانغان ھەمدە الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش

مەقسەت قىلىنغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ھۆكۈم خاتا بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ ھۆكۈمنى چىقارغۇچىغا گۇناھ بولمايدۇ. ئۇنىڭ خاتالىقى مەغفىرەت قىلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ ھۆكۈم ئۆلگۈچىنىڭ اللهنىڭ ئالدىدىكى تەقدىرىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى قىيامەت كۈنىدە ھۆكۈم ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە ھەممىگە قادىر اللهغا خاستۇر. شۇڭا كىمكى اللهنىڭ ئىلمىدە مۇئمىن بولۇپ جەننەت ئەھلىدىن بولغان بولسا، پۈتۈن يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ئۇنىڭغا كافىر ۋە دوزاخ ئەھلى دەپ ھۆكۈم قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن اللهنىڭ رەھمىتىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

# 6 ـ ئىسىم ـ سۈپەتلەر

ئەڭ بۈيۈك كاتتا، گۈزەل، شىرىن، مۆئمىنلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىن تۇيۇلىدىغان بەرىكەتلىك ئىلىم ـ اللهنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىش. مۇشۇ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن ياراتقۇچى ئۆزىنى بەندىلەرگە تونۇشتۇرىدۇ. بەندىلەر ياراتقۇچىسىنى تونىيالايدۇ. اللهنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە مەخلۇقلاردىن ھېچبىرى شېرىك بولالمايدۇ. ئىنسان مۇشۇ ئىسىم ـ سۈپەتنى بىلگىنىدە ئىمانى زىيادە بولۇپ، اللهقا قولچىلىق قىلىدۇ، ياخشى كۆرىدۇ، بويسۇنىدۇ، اللهدىن قورقۇپ ئۇلۇغلايدۇ، ھەمدە مۇشۇنداق رەببىگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكىدىن خۇشال بولالايدۇ. ئىنسان اللهنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى قانچە كۆپ بىلسە ئىمانى شۇنچە زىيادە بولىدۇ، ئەخلاقى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، ئىبادىتى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. اللهنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى تونۇغان كىشى اللهنى يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىپ، مۇكەممەل رەۋىشتە ئىبادەت قىلالايدۇ. (كىشىلەرنىڭ ئىچىدە اللهنى ئەڭ تونۇيدىغىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.)

بەندىلەرنىڭ ئىلىم، ئىمان، ئورۇن، دەرىجىدىكى پەرقى مۇشۇ بۈيۈك ئىلىمگە ۋە مۇشۇ ئىلىمدىكى ئىقتىدارىغا قاراپ ئايرىلىدۇ، مۇشۇ ئىلىمدىن قانچىلىك ئۆگەنسە شۇنچىلىك اللهنىڭ ئېھسانىغا ئېرىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ بۈيۈك ئىلىم مۆئمىننىڭ ئىمانى، روھىيىتى، ئىش ـ پائالىيىتى ۋە ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بارلىق مەخلۇقات، يەتتە قات ئاسمان ۋە ئاسماندىكىلەر، يەتتە قات زېمىن ۋە زېمىندىكىلەر، تاكى قىيامەتكىچە بولىدىغان ھەربىر ھادىسە ۋە ئىش ـ پائالىيەتلەر اللهنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ تەسىرى ۋە تەلەپلىرىدىندۇر. مەسىلەن: ناھايىتى ئۇلۇغ مەخلۇق ياراتقۇچى اللهنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۇقتۇرىدۇ. اللهنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقى مەخلۇقلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ياراتقۇچى اللهنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنىڭ ناھايىتى كاتتا تەسىرىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. گەرچە بۇ ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى ئەنە شۇنداق زور بولسىمۇ بۇ بۈيۈك ئىلىم يەنىلا باتىل ئەھلىنىڭ بۇرمىلاش ۋە خاتا شەرھلەشلىرىدىن ساقلىنىپ قالالمىدى.

مانا بۇ ئىلىمگە پەلسەپچىلەرنىڭ بۇرمىلاش، خاتا چۈشەندۈرۈش قارا قوللىرى سۇنۇلدى. ئۇلار مەنا ـ مەقسەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئىبادەت لەبزىلىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، پايدىسىدىن زىيىنى كۆپرەك بولغان پەلسەپۋى ئىختىلاپ ئىلىمگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇ ئىلىمنى كىشىلەرگە قىيىنلاشتۇرۇپ ئۇلارنى بۇ ئىلىمدىن نەپرەتلەندۈرىۋەتتى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن قەلبلىرىدە ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە بۇ ئىلىمنىڭ تەلىپىدىن قاچىدىغان بولۇپ كەتتى. ئەھلى سۈننە ئالىملىرى بۇلارغا قارشى «قانداق قىلغاندا مۇشۇ سۈپەتلەرنى ئىسپاتلاپ خاتا چۈشەندۈرگۈچىلەرگە رەددىيە بەرگىلى بولىدۇ» دېگەن مەسىلىدە ناھايىتى ئۇزۇن توختالدى. ئۇلارمۇ ئۇنۇملۇك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. مۇشۇ مۇبارەك ئىلىمنىڭ مەقسىتى يوقاپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ مۇبارەك ئىلىمگە ئالاقىدار بولغان، ئۇنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان، باتىل ئەھلىنىڭ شۈبھە ۋە بۇرمىلاشلىرىدىن مۇشۇ چۈشەنچىلەرگە چاپلىشۋالغان بەزىبىر چۈشەنچىلەرنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىدىغان ۋە مۇشۇ مۇبارەك ئىلىم بىلەن يول تۇتۇپ ماڭغۇچىلارغا بۇ ئىلىمگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنىڭ نەمۇنىلىك يولىنى كۆرستىپ بېرىدىغان قىسمەن مەسىلە ۋە قائىدىلەرنى كۆرستىپ ئۆتىشىمىزنى مۇھىم دەپ قارايمىز؛

## بۇ مۇبارەك ئىلىمنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان قائىدىلەر:

### بىرىنچى قائىدە: پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەرنىڭ دىن ئېتىقادىغا ئەگىشىش،

بىز اللەنىڭ كىتاب ۋە سۈننەتتە كەلگەن گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئالى سۈپەتلىرىنى، اللەنىڭ زاتىغا ئالاقىدار بولغان، قۇدرىتىگە ئالاقىدار بولغان سۈپەتلىرىنى ئىسپاتلايمىز. ئۆگىنىمىز ۋە ئىنكار قىلماستىن، يوققا چىقارماستىن، خاتا چۈشەندۈرمەستىن، شەكىلگە كىرگۈزمەستىن، ئوخشاتماستىن چۈشەندۈرىمىز.

پەيغەمبەر ﷺ ئەسلى مەقسەت بويىچە چۈشەندۈرۈپ، ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ دىن چۈشەنگىنىدەك، بىزمۇ شۇنداق چۈشىنىمىز، بىز ئۇلار بىلەن قارشىلاشمايمىز، چۈشەنچىدە بىز ئۇلاردىن چەتنەپ كەتمەيمىز. ئارتۇقچە تەتقىق قىلىپ، سوئال سورىمايمىز. ئۇلارغا يەتكىنى

بىزگىمۇ كۇپايە قىلىدۇ. سەلەف ـ سالىھلارنىڭ يولى ئەڭ ساغلام،پۇختا بولۇپ، اللهنى رازى قىلىدۇ. الله ئۇلاردىن رازى بولغان، پەيغەمبەر ﷺ مۇ ئۇلاردىن رازى بولغان، ئۇلارنىڭ دىن، ئېتىقاد چۈشەنچىسى ساغلام بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان كىشى نىجاد تېپىپ خاتىرجەم بولىدۇ. قارشىلىق قىلىپ دۈشمەنلەشكەن، ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش كۆرگەن ئادەم، ئېزىپ كېتىپ، ھالاك بولىدۇ. ئۇ ئادەم نېمە كۈنگە قالسا ئۆزىنىڭ شورى.

الله تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّى وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَاءتْ مَصِيراً ﴾

**«كىمكى ئۆزىگە(مۆجىزىلەر ئارقىلىق)توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن،پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە)مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن،ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز.ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»**(نىسا، **115**)

الله تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَإِنْ آمَنُواْ بِمِثْلِ مَا آمَنتُم بِهِ فَقَدِ اهْتَدَواْ وَّإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّمَا هُمْ فِي شِقَاقٍ ﴾

**«ئەگەر ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب) سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار(ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن بىلەن) ئاداۋەتتە بولغان بولىدۇ. ئۇلارغا قارشى الله ساڭا كۇپايىدۇر. الله ئۇلارنىڭ (سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (ھىيلە ـ مىكرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»** (بەقەرە**137** ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەردەك ئىمان ئېيتقان ئادەم ھەق ۋە توغرا يولدا ماڭغان بولىدۇ. ھىدايەت ۋە ئۇنىڭ سۈپىتى پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەر ماڭغان يول بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەر ئىمان كەلتۈرگەن نەرسىلەردىن يۈز ئۆرىسە، ھەق ئەھلى بىلەن قارشىلىشىپ قالىدۇ. ئۇلار بىر سەپتە، ھەق ئەھلى ئۇلارغا قارشى سەپتە تۇرىدۇ.

الله تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَن تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴾

**﴿ پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن! ﴾** (نۇر، **63**)

بۇ يەردىكى پىتنىدىن شېرىك ، كۇفرى مەقسەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ﷺنىڭ بۇيرۇقى ۋە يولىغا قارشى ئىش قىلغان ئادەم كۇفرىغا چۈشۈپ قىلىشتىن قورقسۇن. ئۇلار شۇنداق قىلسا كافىر بولۇپ كېتىدۇ.

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيراً ﴾

**﴿ سىلەرگە ــ اللەنى ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللەنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر. ﴾** (ئەھزاب، **21**)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئەڭ ياخشى كىشىلەر مېنىڭ دەۋرىمدىكى كىشىلەر، ئاندىن قالسا ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن كىشىلەر، ئاندىن قالسا ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن كىشىلەر، ئۇلاردىن كېيىن گۇۋاھلىقى قەسىمىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كېتىدىغان، قەسىمى گۇۋاھلىقىنىڭ ئالدىغا چىقىۋالىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىۋاتىدۇ.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئۇممىتىمنىڭ ياخشىسى مېنىڭ دەۋرىمدىكىلەردۇر، ئاندىن قالسا ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن كىشىلەردۇر، ئاندىن قالسا ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن كىشىلەر، سىلەردىن كېيىن گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنمىسىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدىغان، خىيانەت قىلىدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، نەزىر قىلىدىغان ۋاپا قىلمايدىغان ئۇلارنىڭ سېمىزلىكى كۆزگە چېلىقىدىغان كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. »** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن مەندىن كېيىن ياشىغان ئادەم كۆپلىگەن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمنى ۋە توغرا يولدا ماڭغۇچى، توغرا يولغا باشلىغۇچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىنى ئېزىق چىشىڭلاردا چىشلەپ بولسىمۇ مۇستەھكەم تۇتۇڭلار. سىلەر يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشتىن ساقلىنىڭلار، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىش بىدئەتتۇر. بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر.»** (ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد)

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدتىن مۇنداق ئەسەر رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سۈننەت بىلەن ئىش كۆرۈمەن دېگەن كىشى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشسۇن تىرىكلەرنىڭ ئېزىپ

كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ئۇلۇپ كەتكەن كىشىلەر دېگەن پەيغەمبەر ﷺنىڭ ساھابىلىرى بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ئەۋزەللىرى، قەلبى پاك، ئىلمى چوڭقۇر، ياسالمىلىقتىن خالىي كىشىلەردۇر. ئۇلارنى الله ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ سۆھبىتىگە، دىننى بەرپا قىلىشقا تاللىغان. سىلەر ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىش ـ ئىزلىرىغا ئەگىشىڭلار. ئىمكانقەدەر ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، ئەخلاقىغا ئېسىلىڭلار، ئۇلار توغرا يولدىكى كىشىلەردۇر. »

**ئىككىنچى قائىدە: اللهنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى بىلىشكە ئالاقىدار بولغان ھەربىر نەرسە كىتاب، سۈننەتنىڭ دەلىللىرىگىلا قاراشلىق بولىدۇ،**

بىز كىتاب ۋە سۈننەتتە كەلگەنلىرىنى ئىسپاتلاپ شۇنىڭغىلا ئىشىنىمىز. كىتاب ۋە سۈننەتتە كەلمىگەن ياكى قارشى كەلگەن ئىسپاتلاش ۋە يوققا چىقىرىشلارنى رەت قىلىمىز. ئۇ دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان بىدئەتنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بىدئەت دېگەن ئازغۇنلۇق، ئازغۇنلۇق دوزەختە بولىدۇ. مۇشۇ مۇبارەك ئىلىمدا پىكىر قىلىش، ئەقىل كۆرسىتىش، ئىجتىھات قىلىشقا ئورۇن يوق. پەلسەپچىلەرنىڭ ئېزىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى: ئۇلار كىتاب، سۈننەتتە كەلگەن دەلىللەرگە قانائەت قىلماي، ئىسىم ۋە سۈپەتلەر ئىلمىنى تەتقىق قىلماقچى بولدى. ماھىيەت، شەكىل، زاتىدا ئۆزلىرىنىڭ كەمچىل ئىقتىدارى، ئاجىز پىكرى، خىياللىرىغا، ھەقتىن بىھاجەت بولالمايدىغان گۇمانلىرىغا ئاساسلاندى. كىتاب ۋە سۈننەتنىڭ يولىدىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىيال، گۇمانلىرىنى كەسكىن ھۆججەت دەپ ئويلىدى. ئۇلار شۇ گۇمانلىرىنى قوغداش يۈزىسىدىن جېدەللەشتى . ئۆزىگە قارشىلاشقانلارنى كافىر دېدى. ئۆزلىرىمۇ ئازدى، ئەگەشكەنلەرنىمۇ ئازدۇردى.

الله ئۆزىنى ئۆزى سۈپەتلىمىگەن بارلىق سۈپەتلەردىن پاك دەپ تونۇشتۇردى:

﴿ سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴾

**﴿ قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. ﴾**

(سافقات، **180**)

الله پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىشىدىن باشقا ھەرقانداق سۈپەتتىن ئۆزىنى پاك دەپ تونۇشتۇردى. الله پەيغەمبەرلىرىنى ماختاپ مۇنداق دېدى:

﴿ سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ عَمَّا يَصِفُونَ * وَسَلَامٌ عَلَى الْمُرْسَلِينَ ﴾

**﴿ قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر.* پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! ﴾** (ساففات **181 ـ 180**)

پەيغەمبەرلەر اللەنى سۈپەتلەشتە ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلىم ۋە سۈپەتلىشىنى رەببى ۋەھيى قىلغان نەرسىدىن ئالىدۇ.

﴿ سُبْحَانَ رَبِّ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ رَبِّ الْعَرْشِ عَمَّا يَصِفُونَ ﴾

**﴿ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن پاكتۇر.»** (زۇخرۇف، **82**)

﴿ وَمَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ وَالْأَرْضُ جَمِيعاً قَبْضَتُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَالسَّماوَاتُ مَطْوِيَّاتٌ بِيَمِينِهِ سُبْحَانَهُ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴾

**﴿ ئۇلار اللەنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي اللەنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ.ئاسمانلار اللەنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ.الله ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. ﴾** (زۇمەر، **67**)

﴿ وَمَا قَدَرُوا اللَّهَ حَقَّ قَدْرِهِ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ﴾

**﴿ ئۇلار(ئەرزىمەس بۇتلارنى اللەغا شېرىك قىلىۋېلىپ)اللەنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاشمىدى. شۈبھىسىزكى الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر،غالىبتۇر. ﴾** (ھەج، **74**)

اللەقا ئۆز تەرىپىدىن سۈپەت ئىسپاتلىغان ياكى قۇرئان، ھەدىستە كەلگەن سۈپەتنى يوققا چىقارغان كىشى، اللەنى ھۆرمەتلىمىگەن، اللەنى ئۆزى خالىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن، اللەنى ھەقىقى تونۇمىغان بولىدۇ. اللەنى ئىلىمسىز، قۇرئان، ھەدىستىن دەلىلسىز سۈپەتلىگەن كىشى، رەببىنى ھەرگىز مۇكەممەل دەرىجىدە ياكى اللەدىنمۇ گۈزەلراق سۈپەتلىيەلمەيدۇ. چۈنكى الله ئۆزىنى سۈپەتلىشى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ اللەنى سۈپەتلىشىدە ئەڭ مۇكەممەللىك ۋە گۈزەللىك بار. اللەنى،الله سۈپەتلىگەندىنمۇ گۈزەلراق سۈپەتلەيمەن دېگەن ئادەم: **﴿ ئۇلار اللەنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى ﴾** دېگەن ئايەتتە كەلگەن قورقۇتۇشقا لايىق بولۇپ قالىدۇ.

**ئۈچىنچى قائىدە: اللەنى ھەر قانداق بىر تەرەپتە ئوخشاتماسلىق ۋە تەڭ قىلماسلىق**

ئەگەر ساڭا اللەنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرەر سۈپەتتە اللەنىڭ ئوخشىشى بارمىكىن دېگەن ۋەسۋەسە كېلىپ قالسا ، سەن اللەنىڭ ھۆكۈمى ئېنىق بولغان ئايىتى بىلەن ۋەسۋەسىنى يوقاتقىن ،

**اللە تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:**

**﴿ لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ وَهُوَ السَّمِيعُ البَصِيرُ ﴾**

**﴿ ھېچ شەيئى اللەغا ئوخشاش ئەمەستۇر. اللە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» (شۇرا ،11)**

﴿ شَيْءٌ ﴾ دىگەن سۆز ئومۇمىي نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئېنىقسىز شەكىل. بۇ «شَيْءٌ»دىگەن سۆز ئىنسان خىيالىغا كېلىدىغان ، كەلمەيدىغان ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**اللە تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:**

**﴿ وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ ﴾**

**﴿ ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾ (ئىخلاس ،4)**

اللەنىڭ ئوخشىشى يوق تەڭدىشى يوق ، سۈپەت ۋە خۇسۇسىيەتلىرىدە شېرىكى يوق . اللە يەككە ـ يېگانە ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولغان . ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە يالغۇز ، مەخلۇقلىرىدىن ھېچبىرى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغان تەڭداشسىز زاتتۇر . ئىسىم ـ سۈپەتلەردە اللەنى يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىككى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئۇ ئىككىسى بىلەنلا ئىمان قوبۇل بولىدۇ؛

**بىرىنچىسى:** ياراتقۇچىغا لايىق بولىدىغان ، كىتاب ، سۈننەتتە ئىسپاتلانغان ، گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئوخشاتماي ، شەكىلگە كىرگۈزمەي ، ئىنكار قىلماي ، يوققا چىقارماي ئىسپاتلاش .

**ئىككىنچىسى:** ياراتقۇچىنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە شېرىك بولىۋالىدىغان ، ئوخشىۋالىدىغان تەڭداش ياكى ئوخشاشلىقنى ئىنكار قىلىش .

بىرىنچى ئاساس ياراتقۇچى اللەقا لايىق بولىدىغان ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈستىگە بارلىققا كېلىدۇ. ئىككىنچى ئاساس ياراتقۇچىنى مەخلۇقلىرىنىڭ بىرەرسىگە ئوخشىتىشتىن پاكلاش بىلەن بارلىققا كېلىدۇ . ئىككى ئاساسنىڭ بىرى دەخلىگە ئۇچرىسا ، اللەنى ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىشقا دەخلى يېتىدۇ.

ئوخشىتىشنى ئىنكار قىلىش ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: **ياراتقۇچىنى مەخلۇققا ئوخشىتىش، مەخلۇقنى ياراتقۇچىغا ئوخشىتىش.**

ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش گۇناھ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇنداق گۇناھ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۆزىنى ياخشى ئىش قىلدۇق، ياخشى كىشىلەر بىز دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار ياراتقۇچىنى مەخلۇققا ئوخشىتىشنى شۇنچە ئېغىر گۇناھ دەپ قارايدۇ ـ يۇ، ئەمما مەخلۇقنى ياراتقۇچىغا ئوخشىتىپ قويىدۇ.

بىزنىڭ شۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى: ئەگەر بىز ئۇلارغا الله ئۆز مەخلۇقلىرىغا سۈپەت، سۆز، ھۆكۈم، شەرىئەتتە ئوخشايدۇ دېسەك، ئۇلار شۇنى ناھايىتى ئېغىر گۇناھ سانايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلغىنى توغرا. ئەمما مەخلۇقلارنىڭ اللهنىڭكىگە ئوخشاش سۈپەتلىرى ۋە ئالاھىلىكلىرى بار دېيىلسە بۇنى ئوخشىتىش، شېرىك بولىدۇ دەپ قارىمايدۇ. مەسىلەن: ئىنساننىڭ ئۆز ئالدىغا قانۇن چىقىرىش، ھالال ـ ھارام ئىشلارنى بېكىتىش ھوقۇقى بار، ئىنسان زېمىندا ئۆز ئالدىغا خوجايىن. ئۇلار قىلغان ئىشلىرىدىن سوئال قىلىنمايدىغان، ھېساب بەرمەيدىغان، ھۆكۈمران، پادىشاھ ياكى شۇلارنىڭ ئىچىدىن غايىبنى بىلىدىغانلار بار ياكى خالىغان كىشىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر، بىر پۈتۈن ئىتائەت قىلىنىپ، شۇ ئىنسان ئۈچۈن دوستلىشىپ، شۇ ئىنسان ئۈچۈن دۈشمەنلىششكە ئەرزىيدۇ، شۇ ئىنساننىڭ خاھىشى بويىچە ھوقۇق مەجبۇرىيەتلەر بەلگىلىنىدۇ دەپ اللهنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولغان ئالاھىدە سۈپەتلەرنى ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا نىسبەت بېرىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى شېرىك ۋە ئوخشىتىشقا چۈشۈپ قالدۇق دەپ قارىمايدۇ. خۇددى ياراتقۇچىنى مەخلۇققا ئوخشىتىشتىن چەكلەيدىغان ئايەتلەر ئۇلارغا تەدبىقلانمايدىغاندەك ئويلايدۇ.

مەخلۇقنى ياراتقۇچىغا ئوخشىتىپ قالىدىغان مۇشۇ تەرەپنى الله تەرەپكە دەۋەت قىلغۇچىلار توغرا چۈشەندۈرۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا الله ئۇلار سەۋەبلىك بەندىلەرنى ھەقىقەت يولىغا باشلىشى مۇمكىن.

مەن دەۋەتچىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ياراتقۇچىنى مەخلۇققا ئوخشاتقانلىقىغا تاقابىل تۇرۇپ، شۇ توغرىسىدا كىتابلارنى يېزىپ، پىكىرلەرنى. ئوتتۇرغا قويغانلىقىنى، ئەمما كىشىلەر مەخلۇقنى

ياراتقۇچىغا ئوخشىتىش شېرىكىگە چۈشۈپ قالسىمۇ، خۇددى ئۆلۈكلەردەك سۈكۈت قىلىپ، نە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسماي قاراپ تۇرغانلىقىغا ھەيرانمەن.

**تۆتىنچى قائىدە: سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى ئېنىق بولۇپ، بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز ۋە ئۇنى ئىسپاتلايمىز، ئۇنىڭدا شەكلەنمەيمىز.**

سۈپەتنىڭ مەنىسىنى ئىسپاتلاش، سۈپەتنىڭ شەكلىگە چوڭقۇرلاشقا ئاپىرىپ قويماسلىقى كېرەك. سۈپەتنىڭ مەنىسىنى ئىسپاتلاش توغرا ئىش بولسىمۇ، سۈپەتنىڭ شەكلىدە چوڭقۇرلاش خاتادۇر. چۈنكى شەكلىدە چوڭقۇرلاش شېرىككە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە پەتىۋاسىنىڭ **4** ـ توم**4** ـ بېتىدە مۇنداق دېدى: «مالىك ئىبنى ئەنەس ﵀تىن مۇنداق سورالدى: ئى مالىك﵀ ﴿ **الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى** ﴾ ﴿ **مەرھەمەتلىك الله ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى** ﴾ (تاھە ،5) قانداق قارار ئالدى؟ مالىك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ تەرگە چۆمۈپ كەتتى. جامائەتلەر نېمە دەپ جاۋاب بېرەركىن دەپ كۈتۈپ تۇردى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ: قارار ئېلىش دېگەن سۆز ئېنىق. قانداق قارار ئالغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئىشىنىشىمىز ۋاجىپ. بۇ توغرىسىدا سوراش بىدئەتتۇر دەپ جاۋاب بەردى. ۋە ھېلىقى ئادەمنى: مەن سىنى يامان كىشىمىكىن دەپ ئويلاپ قىلىۋاتىمەن. دەپ ھۇزۇرىدىن چىقىرىۋەتتى.

مانا مالىكنىڭ قارار ئېلىش «اسْتَوَى» ھەققىدىكى جاۋابى بارلىق سۈپەتلەرگە كۈپايە قىلغۇچى تولۇق جاۋابتۇر. مەسىلەن: چۈشۈش، كېلىش، قول، يۈز ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سۈپەتلەردە چۈشۈش ئېنىق، قانداق چۈشىدىغانلىقى ئېنىقسىز. ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋاجىپ، سوراش بىدئەت. باشقا سۈپەتلەردىمۇ مۇشۇنداق دېيىلىدۇ.

كۆپلىگەن كىشىلەر سۈپەتنىڭ شەكلى ۋە ماھىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىشكە بېرىلىپ كەتتى. ئۇلار شۇ يولدا ئۆز ئۆمۈرلىرىنى ئۆتكۈزدى، ئاخىرىدا ھەسرەت، مەغلۇبىيەت، زىيانكارلىق، شەك، بىئارامىلىق، گاڭگىراش، قەلبى قېتىپ كېتىش، اللهنى يامان گۇمان قىلىش... قاتارلىقلارغىلا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە اللهنىڭ ھەققىگە سەل قارىغانلىقتىن، ئۆمۈرلىرىنى پايدىسىز ئۆتكۈزىۋەتكەنلىكتىن پۇشايمانغا قالدى.

هوشيار ئادەم دېگەن باشقىلاردىن ئىبرەت ئالىدۇ. باشقىلارغا ئىبرەت بولۇپ قالمايدۇ. ئەگەر ساڭا شەيتانى ۋەسۋەسىلەر كېلىپ اللهنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداقلىقىنى (شەكلىنى) تەتقىق قىلىشقا ئۈندىسە، سەن اللهنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن ۋەسۋەسىنى كەتكۈز:

﴿ وَلَا يُحِيطُونَ بِهِ عِلْماً ﴾

﴿ **الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ.** ﴾ (تاھا **110** ـ ئايەت) سەن بىلىشكە ھەرقانچە ئورۇنساڭمۇ الله، اللهنىڭ ئالىي سۈپەتلىرىنى تولۇق بىلەلمەيسەن.

﴿ لاَّ تُدْرِكُهُ الأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الأَبْصَارَ ﴾

﴿ **كۆزلەر اللهنى كۆرمەيدۇ الله كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ الله(بەندىلىرىگە)مېھرىباندۇر ھەممىدىن خەۋەرداردۇر** ﴾ (ئەنئام**103**)

﴿ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء ﴾

﴿ **ئۇلار اللهنىڭ مەلۇماتىدىن (الله) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ** ﴾ (بەقەرە، **255**)

مۆئمىن الله خالىغان بەندىلەرگە تەقدىر قىلغان پەيغەمبەرلەر بايان قىلىپ بەرگەن ساھەدىكى ئىلىملەردىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

**بەشىنچى قائىدە: اللهنىڭ سۈپىتى (ئېنىق) بولغان تېكىستلەر بويىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ.**

اللهنىڭ سۈپىتىگە ئالاقىدار بولغان شەرئى تېكىستلەرنىڭ بەزىسى ئارىسىدا قارىمۇ ـ قارشىلىق پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىسا، مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان تېكىستلەرنى ئۇنىڭ ئۇقۇمى مۆھكەم (ئېنىق) بولغان تېكىستلەر بويىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ. مۇتەشابىھ (مەنىسى ئېنىق بولمىغان) تېكىستكە ئېنىق بولغان تىكىست بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. مۇتەشابىھ (مەنىسى ئېنىق بولمىغان) ئايەتكە ئەگىشىپ مۆھكەم (ئېنىق) ئايەت تاشلاپ قويۇلسا، بۇ ـ دىن، ئەقىدىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن، قەلبىدە تېيىلىش ۋە كېسەل بار كىشىنىڭ قىلمىشىدۇر.

الله تەئەلا مۇنداق دېدى:

﴿ هُوَ الَّذِيَ أَنزَلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ مِنْهُ آيَاتٌ مُّحْكَمَاتٌ هُنَّ أُمُّ الْكِتَابِ وَأُخَرُ مُتَشَابِهَاتٌ فَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاء الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاء تَأْوِيلِهِ وَمَا يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُ إِلاَّ اللّهُ وَالرَّاسِخُونَ فِي الْعِلْمِ يَقُولُونَ آمَنَّا بِهِ كُلٌّ مِّنْ عِندِ رَبِّنَا وَمَا يَذَّكَّرُ إِلاَّ أُوْلُواْ الألْبَابِ ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئۇ (الله) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم (مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەر باركى) ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر. يەنە باشقا مۇتەشابىھ (مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ) بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقى) مەنىسىنى پەقەت الله بىلىدۇ. ئىلىمدە توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق. ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ. ﴾** (ئالى ئىمران،7)

بىزگە مۇشۇ قائىدىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر مىسال سۆزلەپ بېرىڭ دەپ سورالسا، بىز اللهنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى كەلتۈرىمىز؛

﴿ وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ ﴾

**﴿ سىلەر قەيەردە بولساڭلار الله سىلەر بىلەن بىرگە ﴾** (ھەدىد،4)

﴿ وَاللَّهُ مَعَكُمْ وَلَن يَتِرَكُمْ أَعْمَالَكُمْ ﴾

**﴿ الله سىلەر بىلەن بىرگىدۇر. الله ھەرگىز ئەمەللىرىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتۈۋەتمەيدۇ.» (مۇھەممەد،35)**

﴿ قَالَ لَا تَخَافَا إِنَّنِي مَعَكُمَا أَسْمَعُ وَأَرَى ﴾

**﴿ الله ئېيتتى: «سىلەر قورقماڭلار. مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە. (ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن. (ئۇنىڭ سىلەرگە قىلىدىغانلىرىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن. ﴾ (تاھا،46)**

﴿ مَا يَكُونُ مِن نَّجْوَى ثَلَاثَةٍ إِلَّا هُوَ رَابِعُهُمْ وَلَا خَمْسَةٍ إِلَّا هُوَ سَادِسُهُمْ وَلَا أَدْنَى مِن ذَلِكَ وَلَا أَكْثَرَ إِلَّا هُوَ مَعَهُمْ أَيْنَ مَا كَانُوا ثُمَّ يُنَبِّئُهُم بِمَا عَمِلُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّ اللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ ﴾

**﴿ اللهنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن ،الله ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن ، الله ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر. مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن ، الله ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر. ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى الله ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.»**( مۇجادىلە ،7)

يۇقىرىقى ئايەتلەردە كەلگەن ﴿ **الله بىللە** ﴾ دېگەن ئايەتنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ ئەگەر الله ئۆزىنىڭ زاتى بىلەن بىللە دەپ چۈشەندۈرۈلسە ، مۆھكەم ئايەتتە كەلگەن ﴿ **الله ئاسماندا** ﴾ ﴿ **ئۆز مەخلۇقلىرىدىن ئايرىم** ﴾ ﴿ **ئەرش ئۈستىدە قارار ئالغۇچى** ﴾ ﴿ **الله ئالىي** ﴾ ﴿ **ھېچكىم اللهدىن ئالىي بولالمايدۇ** ﴾ دېگەن پاكىتلارغا قارىمۇ ـ قارشى كېلىپ قالىدۇ. الله تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ ﴾

**﴿ ئاندىن ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالدى . ﴾** ( ئەئراف ـ **54** ، يۇنۇس ـ **3** ، رەئد ـ **2** ، فۇرقان ـ **59** ، ھەدىد ـ **4**)

﴿ الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى ﴾

**﴿ مەرھەمەتلىك الله ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى ﴾** (تاھا ،**5**)

﴿ اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ ﴾

**﴿ اللهدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر ﴾**(نەمل ،**26**)

﴿ أَأَمِنتُم مَّن فِي السَّمَاء أَن يَخْسِفَ بِكُمُ الأَرْضَ فَإِذَا هِيَ تَمُورُ . أَمْ أَمِنتُم مَّن فِي السَّمَاء أَن يُرْسِلَ عَلَيْكُمْ حَاصِباً فَسَتَعْلَمُونَ كَيْفَ نَذِيرِ ﴾

**﴿ ياكى ئاسماندىكى زاتنىڭ سىلەرگە تاش ياغدۇرىشىدىن قورقماسىلەر(سىلەر ئازابنى كۆرگەن چاغدا)مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى(يەنى ھەق ئىكەنلىكىنى) بىلىسىلەر ﴾** ( مۇلك ، **17**)

سەھىھ مۇسلىم ۋە باشقا كىتابلاردا مۇنداق كەلگەن؛ پەيغەمبەر ﷺ **بىر قىزچاققا: الله قەيەردە؟ دېگەن، ئۇ قىز: ئاسماندا، دەپ جاۋاب بەرگەن.** پەيغەمبەر ﷺ **: مەن كىم؟ دېۋىدى، ئۇ قىز: سىلى اللهنىڭ پەيغەمبىرى، دېگەن.** پەيغەمبەر ﷺ **ئۇ قىزنىڭ ئىگىسىگە: ئازاد قىلىۋەتكىن. بۇ مۆئمىن قىزچاقكەن دېگەن .**

مۇشۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەردىمۇ اللهنىڭ؛ ئۆزىنىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ ئۈستىدە، ئەرش ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئايەتلەر، ھەدىسلەر ئارىسىدا قارىمۇ ـ قارشىلىق يوق. بىز **«الله بىللە»** دېگەن سۆزنى اللهنىڭ ئىلمى، خەۋەر تېپىشى، ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرۇشى، قۇدرەت ئىرادىسى، تەۋپىق ھىدايىتى، ئۆزىنىڭ دوستلىرىغا ياردەم بېرىپ قوللىشى دەپ چۈشىنىمىز. مۇشۇ مەنالارنىڭ ھەممىسى ئايەتتە كەلگەن **«الله سىلەر بىلەن بىللە»** دېگەن مەنا ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

ئەگەر اللهنىڭ سۈپەتلىرىنى بۇنداق شەرھلىسەك خاتا ئىيتقان بولىمىز، بىز بۇنىڭدىن توسۇلغان دېيىلسە؛ مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن:

بىزنىڭ مۇشۇنداق شەرھلىشىمىز ئايەتنىڭ مەنىسىگە توغرا كېلىدۇ، سۈپەتلەر يوققا چىقارمايدۇ، ياكى ئىنكار قىلدۇرمايدۇ. بىرىنچى ئايەتتىكى **«الله بىللە»** دېگەن سۆز اللهنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، ئەرشى ئۈستىدە قارار ئالغانلىقىنى سۆزلەشتۇر. اللهنىڭ زاتى بىللە، ئىنسانلارغا چۈشۈشتە بىللە دېگەن مەنا چىقمايدۇ. الله مۇنداق دېدى:

**﴿ هُوَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يَعْلَمُ مَا يَلِجُ فِي الْأَرْضِ وَمَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمَا يَنزِلُ مِنَ السَّمَاءِ وَمَا يَعْرُجُ فِيهَا وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنتُمْ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴾**

**﴿ الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. (ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى. الله زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. سىلەر قەيەردە بولساڭلار الله سىلەر بىلەن بىرگە. الله قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ﴾** (ھەدىد ،4 )

﴿ **اللەئەرشى ئۈستىدە قارار ئالدى** ﴾ دېگەن ئايەت ﴿ **قەيەردە بولساڭلار اللە سىلەر بىلەن بىللە** ﴾ دېگەن ئايەتتىن بۇرۇن سۆزلەندى. بۇ ئايەتلەردە ﴿ **اللەنىڭ سىلەر بىلەن بىللە** ﴾ دېگەن سۆزنى خاتا چۈشىنىش يۈز بەرمەيدۇ.

بۇ ئايەتلەرنى يۇقىرىقىدەك چۈشىنىش شەرىئەتتە توغرا. ياخشى ئىش، چۈنكى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى مۆھكەم ئايەت بىلەن قارشىلاشتۇرۇشنى يوقىتىپ، مۇتەشابىھ ئايەتنى مۆھكەم ئايەت بويىچە چۈشەندۈرىدۇ. ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك چۈشىنىش ئىبنى ئاbbاس ۋە سەلەف ـ سالىھ ئالىملاردىن ئىبارەت ساھابىلەردىن ئىسپاتلانغان.

بىز مۇشۇنداق چۈشەنسەك ساھابىلەر ۋە ياخشى دەۋردىكى كىشىلەرگە ئەگىشىشتىن چىقىپ كەتمىگەن بولىمىز.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «**اللە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ سۈرىتىدە ياراتقان**» (مۇسلىم)

بىر بۆلۈك كىشىلەر: «ئۆزىنىڭ سۈرىتىدە دېگەن اللەنىڭ سۈرىتىدە دېگەن بولىدۇ» دەپ «يۈزلەرنى سەتلەشتۈرۈۋەتمەڭلار، ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى رەھمان تەئالانىڭ سۈرىتىدە يارىتىلغان» دېگەن زەئىپ ھەدىس بىلەن خاتا چۈشەنچىسىنى كۈچەيتۈۋالدى.

مەن مۇنداق دەيمەن؛ بۇ مەنىسى ئېنىق بولمىغان ھەدىس. ئەگەر مەنىسى ئېنىق ھەدىسلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلمىسە خاتا چۈشەنچە يۈز بېرىپ قالىدۇ.

مەنىسى ئېنىق تېكىست قەيەردە؟ مەنىسى ئېنىق تېكىست بىلەن يۇقىرىقى ھەدىس ئارىسىدىكى قارشىلىق قەيەردە؟ مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن:

اللە مۇنداق دېگەن:

﴿ **لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ** ﴾

﴿ **ھېچ شەيئى اللەغا ئوخشاش ئەمەستۇر** ﴾ (شۇرا، **11**)

بۇ مەنىسى ئېنىق تېكىست، بۇ ئىلگىرى دېيىلگەندەك اللەنىڭ بىر پۈتۈن ئوخشىشى بولۇشنى مۇتلەق يوققا چىقىرىدۇ. مۇشۇ تېكىستكە قارشى كېلىدىغان ھەرقانداق بىر تېكىست زەئىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسلانمايدىغان مۇتەشابىھ تېكىست ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ تېكىست

سەھىھ بولغان تەقدىردىمۇ مۇھكەم تېكستلەرگە قايتۇرۇپ، مۇھكەم تېكست بويىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئەگەر بىز پەيغەمبەر ﷺنىڭ: **«ئۆزىنىڭ سۈرىتىدە ياراتتى»** دېگەن سۆزىنى مۆھكەم دەلىللەرگە ئاساسلانساق قانداق چۈشىنىمىز؟ مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن؛

ئەرەب تىلى قائىدىلىرىدە ئالماش ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىسىمغا قايتۇرۇلىدۇ دېگەن قائىدە بار. ئۆزىنىڭ سۈرىتىدە دېگەندىكى «ئۆزىنىڭ» دېگەن سۆز ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ (ئادەمنى سۈرىتىدە ياراتتى دېمەكچى.)

پەيغەمبەر ﷺنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى مانا مۇشۇ قارىشىمىزنى كۈچەيتىدۇ: **«الله ئادەمنى ئۆز سۈرىتىدە ياراتتى، ئۇ ئادەمنىڭ ئېگىزلىكى 60مېتىر.»** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مانا مۇشۇنداق چۈشەنچە بىلەن مۇتەشابىھ تېكستلەرنى چۈشىنىش ھەقىقەتتىگە يېتەلەيمىز ۋە مۆھكەم تېكستلەرنى قارشىلاشتۇرۇشتىن ساقلىنالايمىز.

**ئالتىنچى قائىدە: قۇرئان ـ ھەدىسلەرنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى بايان قىلىشتىكى يولى كونكرېت ئىسپاتلاش، ئابستراكت يوققا چىقىرىش.**

بۇنىڭدىن مۇكەممەل سۈپەتنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. ئۇ بولسا اللهنى پاكلاش، ئۇلۇغلاش، كاتتىلاشتا ئەڭ مۇكەممەل يولدۇر. اللهنىڭ:

**﴿ لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ ﴾**

**﴿ ھېچ شەيئى اللهغا ئوخشاش ئەمەستۇر ﴾** (شۇرا،11 )

دېگەن سۆزىدە مۇكەممەل سۈپەتنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلگەن ئابستراكت يوققا چىقىرىش بار. ئۇ مۇكەممەل سۈپەت بولسا ياراتقۇچى الله ئىسىم ـ سۈپەتلەردە يالغۇز، ھېچنەرسە اللهقا ئوخشىمايدۇ دېگەنلىكتۇر .

الله تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ إِنَّ اللَّهَ لاَ يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ ﴾**

**﴿ الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ﴾** (نىسا،40)

**﴿ وَلَا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَداً ﴾**

﴿ **پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ** ﴾ (كەھف،**49**)

اللەنىڭ ئادىللىقى، مۇكەممەل بولغانلىقى ئومۇميۈزلۈك مەخلۇقاتلارغا زۇلۇم قىلىشنى بىر پۈتۈن يوققا چىقىرىدۇ.

بۇ يەردىكى ﴿ **زۇلۇم قىلمايدۇ** ﴾ دېگەن يوققا چىقىرىش، ﴿ **ئادىللىق** ﴾ دېگەن مۇكەممەل سۈپەتنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

اللەنىڭ:

﴿ **وَمَا يَعْزُبُ عَن رَّبِّكَ مِن مِّثْقَالِ ذَرَّةٍ فِي الأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاء** ﴾

﴿ **...ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى اللەنىڭ بىلىشىدىن چەتكە قالمايدۇ.** ﴾ (يۇنۇس**61** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزى اللەنىڭ ئىلمىنىڭ مۇكەممەللىكنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ﴿ **ئايرىلىپ قالمايدۇ** ﴾ دېگەن ئومۇمىي يوققا چىقىرىش، ﴿ **مۇكەممەل بىلىش** ﴾ دېگەن سۈپەتنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدەك اللەنىڭ:

﴿ **وَلَقَدْ خَلَقْنَا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَمَا بَيْنَهُمَا فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ وَمَا مَسَّنَا مِن لُّغُوبٍ** ﴾

﴿ **بىز ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى. زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتۇق. بىز ھېچقانداق چارچاپ قالغىنىمىز يوق.**»(قاف،**38**) دېگەن سۆزىدە ﴿ **بىزگە ھېرىپ ـ چارچاش يەتمەيدۇ** ﴾ دېگەن سۆز اللەنىڭ مۇكەممەل قۇدرىتىنى بايان قىلىشتۇر.

اللەنىڭ:

﴿ **وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا** ﴾

﴿ **اللەنىڭ كۇرسى(مەلۇماتى)ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ.** ﴾ (بەقەرە **255** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزىدىكى اللەنىڭ قۇدرىتى مۇكەممەل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاسمان ـ زېمىننى مۇھاپىزەت قىلىش اللەقا ئېغىر كېلىپ، ئاجىزلاشتۇرۇپ قويمايدۇ. ئېغىر كەلمەيدۇ دېگەن يوققا چىقىرىش، مۇكەممەل قۇدرىتى بار دېگەن مۇكەممەللىك سۈپىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

اللهنىڭ:

﴿ وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ ﴾

﴿ **ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ** ﴾ (ئىخلاس ،4) دېگەن سۆزى اللهنىڭ ئىلاھلىقى مۇكەممەل ، پەرۋەردىگارلىقى مۇكەممەل ، ئىسىم ـ سۈپىتى مۇكەممەل بولۇپ ، تەڭداش شېرىكلەرنىڭ بولىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ دېمەكچى .

اللهنىڭ:

﴿ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ ﴾

﴿ **...ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ. ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ...** ﴾ (بەقەرە **255** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن سۆزى اللهنىڭ مۇكەممەل ھايات بولغانلىقى ، بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ئىشلىرىنى مۇكەممەل ئىدارە قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ .

پۈتۈن مەخلۇقاتلار اللهسىز بىر مىنۇت ياشىشى مۇمكىن ئەمەس ، مۇشۇ ئايەتتىكى ﴿ **اللهنى ئۇيقۇ تۇتمايدۇ** ﴾ دېگەن يوققا چىقىرىش ، الله مۇكەممەل ھايات ، تولۇق ئىدارە قىلىپ تۇرالايدۇ دېگەن مۇكەممەل سۈپەتنى ئىسپاتلايدۇ .

ئەگەر بىز قۇرئان ـ ھەدىستە كەلگەن اللهنىڭ سۈپەتلىرىگە ئالاقىدار يوققا چىقىرىشلارنى تەكشۈرۈپ باقساق ، اللهنى ئەڭ چېكىگە يەتكۈزۈپ پاكلاش ، كاتتىلاش ، ھۆرمەتلەش ، الله بىلەن ئەدەپ ساقلاشنى ئىسپاتلايدىغان ئاجايىپ بىر تۈردىن چىقىپ كەتمەيدۇ .

ئۆز خاھىشىغا بېرىلىدىغان بىدئەتچىلەر دەل ئەكسىچە چۈشەنچىدە بولۇپ ، ئۇلار اللهنىڭ سۈپەتلىرىنى مۇجمەل ، قىسقا ئىسپاتلاش يولىغا ماڭىدۇ. ھەتتا ئۇلار قۇرئان ، ھەدىستە ئىسپاتلانغان سۈپەتلەرنى تېنىش دەرىجىسىگە بارىدۇ. بەزىلەر ياراتقۇچىنى يەتتە سۈپەتكە ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق سۈپەتكە چەكلەيدۇ . يوققا چىقىرىش تەرەپتە ئۇلار تەپسىلىي يوققا چىقىرىش يولىغا ماڭىدۇ. ھېچبىر مۇكەممەل سۈپەتنى ئىسپاتلىمايدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ يولى ياراتقۇچى الله بىلەن ناھايىتى ناچار ئەدەبتە بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بەزىلەرنىڭ سۆزىگە ئوخشاش اللهنىڭ جىسمى يوق ، الله ھاۋامۇ ئەمەس ، كۆلەڭگىمۇ ئەمەس ، قان ئەمەس ، گۆش ئەمەس ، شەخسمۇ ئەمەس ، گۆھەرمۇ ئەمەس ، اللهنىڭ كەڭلىكىمۇ يوق ، رەڭگىمۇ يوق ، تەم

پۈرىقمۇ يوق، ئىسسىق ـ سوغۇقمۇ ئەمەس دەپ، ئەگەر زېمىن پادىشاھلارنىڭ بىرىگە دېيىلسە دېگۈچىنى ئوبدانلا ئەدەبلەيدىغان ھاقارەت سۆزى ھېسابلىنىدىغان، ھېچ ئاخىرى چىقماس سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق پۇچەك سۆزلەرنى قىلىپ ئولتۇرمىسىمۇ، اللهنىڭ مۇنۇ سۆزى كۇپايە بولاتتى.

﴿ لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ ﴾

﴿ **ھېچ شەيئى اللهغا ئوخشاش ئەمەستۇر.** ﴾ (شۇرا، **11**)

ئوقۇرمەنلەر قۇرئان ـ سۈننەتكە ۋە سەلەف ـ سالىھلارنىڭ يولىغا ئەگىشىپ، بىدئەتخۇرلارنىڭ سۆزىنى تەرك ئېتىشى كېرەك.

## بىز بۇ مۇبارەك ئىلىمنى قانداق ئۆگىنەلەيمىز؟

جاۋاب: مۇشۇ مۇبارەك ئېلىملەرنى مۇرەككەپلىك ۋە خاتا چۈشەنچىدىن يىراق ھالدا چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان قائىدىلەرنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىز مۇبارەك ئېلىمنى قانداق ئۆگىنىمىز؟ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قانداق ياشايمىز؟ قانداق تەسىراتتا بولىمىز؟ دېگەن مۇھىم سوئال كېلىدۇ .

مەن ئىلگىرى مۇشۇ ئېلىمنى تەتقىق قىلىشتا جېدەلخور، بىدئەتچىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش كىشىلەرنى بۇ ئېلىمدىن نەپرەتلەندۈرۈپ، قەلبلىرىنى تېخىمۇ قاتۇرۇپ قويىدۇ دەپ سۆزلىگەنىدىم. بۇ بىدئەتچىلەرنىڭ بىر تۈرلىكى اللهنىڭ سۈپىتىنى خاتا چۈشەندۈرۈپ، يوققا چىقارسا، بىر تۈركۈملىرى اللهقا سۈپەت ئىسپاتلايدۇ. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەقسىتى بىر ـ بىرىگە رەددىيە بېرىپ، دەلىللىرىنى بىكار قىلىش، مۇشۇ مۇبارەك ئېلىمدە ئاخىرى چىقمايدىغان جېدەل قوزغاش، بۇ پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇشۇ ئېلىمنى ئۆگىتىشتىكى ۋە سەلەف ـ سالىھلارنىڭ مۇشۇ ئېلىمگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە قارشى چىققانلىقتۇر.

بىز ئوقۇرمەنگە مەقسەت ئېنىق بولىشى ئۈچۈن، اللهنىڭ چۈشۈش ھەدىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىمىز؛

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«بىزنىڭ رەببىمىز الله! ھەر كېچىسى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغىنىدا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ: ‹ماڭا دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت**

**قىلمەن، سورىغان كىشىنىڭ سورىغىنىنى بېرىمەن، كەچۈرۈم سورىغان كىشىگە مەغفىرەت قىلىمەن». دەيدۇ»** (بۇخارى)

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كېچىنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچتىن بىرى ئۆتكەن ۋاقىتتا، الله دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشىدۇ، ھەم:« مەن پادىشاھ، دۇئا قىلغان كىشىگە ئىجابەت قىلىمەن، سورىغان كىشىگە بېرىمەن، كەچۈرۈم تىلىگەن كىشىنى كەچۈرۈم قىلىمەن، تاڭ يورۇغانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ.» دەيدۇ»**

مۇشۇ بۈيۈك ھەدىسنىڭ بىر تەرىپى ياراتقۇچىغا يەنە بىر تەرىپى جەننەتكە ئالاقىدار. ياراتقۇچىغا ئالاقىدار تەرەپ شۇكى؛ اللەنىڭ كاتتىلىقى، تولۇق كۆيۈنگۈچى، باي، سېخىي ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ غاپىل، ئۈيقۇلۇق بەندىلىرىنى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھاجەتلىرىنى سوراشقا ئۈندەيدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئۇلارغا الله بېرىدۇ. الله بېرىشكە قادىر. ئۇلارنىڭ كۈندۈزى قىلغان گۇناھلىرىغا كەچۈرۈم سوراشقا ئۈندەيدۇ. الله ئۇلارغا كەچۈرۈم بېرىدۇ، الله قادىر. الله ئۇلارغا كېچە تاڭ ئاتقانغا قەدەر شۇنداق ئىندا قىلىدۇ. الله ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن ئۆز بەندىلىرىگە كاتتا بىر يۈزلىنىشتە يۈزلىنىدۇ. ئۇلارنى مۇشۇنداق كاتتا ئىندا بىلەن چاقىرىدۇ. زېرىكمەستىن ھەر كېچىدە شۇنداق قىلىدۇ. الله باي، بىز اللەقا موھتاج، الله شۇنداق چاقىرىپ تۇرسا كۆپلىگەن بەندىلەر ئۇنىڭدىن غاپىل قىلىپ، غەپلەت، ئۈيقۇ، ئۇنتۇش بىلەن اللەنىڭ يۈزلىنىشىنى كۈتۈۋالىدۇ. الله مۇشۇنداق كاتتا يۈزلەنسە، ئىنسان مۇشۇنداق ئۈيقۇ، غەپلەت بىلەن (يامان، ناچار) كۈتىۋالسا بۇ قانداق بولغىنى؟

ئەگەر بىرەرسىگلارغا زېمىن پادىشاھلىرىدىن بىر پادىشاھ يوقلاپ كەلمەكچىكەن دەپ ئېيتسا، كۆنلەر بويى تەييارلىنىپ ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا يۈزلەنگەن بولاتتى. بۈيۈك الله بۇنىڭغا ئەڭ لايىق.

ئەمما بەندىگە ئالاقىدار بولغان تەرەپ شۇكى؛ بۇ ھەدىس بەندىنى ئۈيقۇدىن ئۈيغۇنۇپ، سېخى، كۆيۈمچان دوستلىققا ئەرزىيدىغان، باي اللەقا ئىبادەت قىلىپ، گۇناھىدىن كەچۈرۈم سوراشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولالايدۇ. يەنە بۇ ھەدىس اللەدىن ھايا قىلىپ، ئەدەبلىك بولۇپ، چىرايلىق يۈزلىنىپ، الله بىلەن پىچىرلىششقا تۈرتكە بولالايدۇ. ئاجىز، بىچارە، خاتالىق

ئۆتكۈزگۈچى بەندە ئۆزىنىڭ باي بولغان رەببىنى غاپىللارچە كۈتىۋالسا لايىق بولامدۇ؟ مۇشۇ ھەدىس ﷲنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماسلىققا ئۈندەيدۇ. ﷲ ئۆزى كېلىپ: **«ئورنۇڭدىن تۇر بەندەم، سورىغىن بىرىمەن. مەن بېرەلەيدىغان زاتتۇرمەن»**دەيدۇ. مۇشۇ ھەدىس بەندە رەببى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئىمان ياراتقۇچىغا بولغان مۇھەببەت ۋە باغلىنىشنى زىيادە قىلىشقا ئۈندەيدۇ. باي، گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلەرگە ئىگە قۇدرەتلىك زات ھەر كېچىدە كېلىپ، قايتا ـ قايتا چاقىرىپ: **«ھاجىتىڭ بارمۇ راۋا قىلىپ بېرەي، گۇناھ قىلىپ سالغان بولساڭ كەچۈرەي، غەم ـ غۇسسەڭ بولسا يوقىتىۋېتەي، شەيتانىنىڭ غەم ـ غۇسسىلىرى سىنى تۈگەشتۈرىۋەتمىسۇن، قانچىلىك گۇناھ قىلساڭمۇ مەن سىنى كەچۈرەلەيمەن. پەقەت ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، ئالىقىنىڭنى كۆتۈرۈپ، مەندىن سوراپلا دۇئا قىلساڭ بولىدۇ. ماڭا سېنىڭ ھاجىتىڭنى يەتكۈزىدىغان ۋاستىچىگە موھتاج ئەمەسمەن. ئاۋازىڭنى ئۈنلۈك قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. بەلكى مەن سەن بىلەن بىللە، ئاڭلىيالايمەن، كۆرەلەيمەن، كۆڭلۈڭدىكىنى ۋە سەن يوشۇرغان ئىشلارنىمۇ بىلەلەيمەن»** دەيدۇ.

مۇشۇ ئىمانىنىڭ بۈيۈك ئۈقۈملىرى سەلەف ـ سالىھلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ﷲقا بولغان ئىمانى، مۇھەببىتى، ئىبادىتىنى زىيادە قىلغان بولۇپ. ئۇلارنىڭ ئىمانى تاغ كەبى ئىدى. ﷲدىن قورقۇش ئۇلارنىڭ قەلبىنى گۈللەندۈرگەن ئىدى. **«ﷲ چۈشىدۇ»** دېگەن ھەدىسنى مۇشۇنداق چۈشىنىپ، ئۇ ھەدىسكە مۇشۇنداق ئەمەل قىلغانىدى. ئەمما كېيىنكى كىشىلەر بولسا ﷲنىڭ چۈشۈش سۈپىتىدە توختاپ، ئۇنىڭ شەكلىنى سۈرۈشتە قىلىپ، كۆپ ئىختىلاپلارنى پەيدا قىلدى. بەزىلەر **«چۈشۈش»** دېگەن سۈپەتنى ئىسپاتلىسا، بەزىلەر يوققا چىقاردى. ئۇلار ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەدىسنىڭ بۈيۈك مەقسىتىدىن غاپىل قىلىپ، قەلبلىرى تاشتىنمۇ بەك قېتىپ كەتتى.

يەنە بىر مىسال؛ **ئەبۇ رەزىين: «رەببىمىز كۈلەمدۇ ؟» دەپ سورىدى**، پەيغەمبەر ﷺ : **«ھەئە» دېدى، ئەبۇ رەزىين: «كۈلىدىغان رەبدىن ياخشىلىق تاپالايمىز» دېدى**. بۈيۈك ساھابە ئەبۇ رەزىين رەببىمىزنىڭ **«كۈلۈش»** دېگەن سۈپىتىنى قانداق چۈشىنىپ، قانداق ياخشى بېشارەت ئالدى. **«كۈلۈش»** دېگەن سۈپەتنى رەبنىڭ ياخشىلىقى بەندىلىرىدىن ئۈزۈلۈپ

قالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغۇچى سۈپەت دەپ قارىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ چۈشەنچە ۋە خۇش بىشارىتىنى ئېتىراپ قىلدى. سىز بۇ تەرەپنى ئويلىنىپ بېقىڭ!

سەنەدى مۇنداق دېدى: «**«كۈلۈش»** دېگەن سۈپىتى بولغان رەبنىڭ ياخشىلىقىنى يوقىتىپ قويمايمىز. بىز ياخشىلىققا موھتاج بولساقلا الله بىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ. اللهنىڭ ئالدىدا موھتاجلىقىمىزنى ئاشكارىلىساق، كۈلۈپ تۇرۇپ بىزگە بېرىدۇ». دەپ چۈشەندى.

سەلەف ـ سالىھلار ھەدىسنى مۇشۇنداق چۈشەنگەن. كېيىنكى كىشىلەر **«كۈلۈش»** دېگەن سۈپەتتە مۇنازىرە قوزغىدى. ئۇلارنىڭ اللهنىڭ سۈپەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى مۇشۇنداق بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ بىلىدىغىنى مۇشۇنچىلىك. اللهنىڭ سۈپەتلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە سەلەف ـ سالىھلار بىلەن خەلەفلەرنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ ئوخشىماسلىقلار بار. سەلەف ـ سالىھلارنىڭ بۇ مۇبارەك ئىلىمنى چۈشىنىش يولىدىن، قەلبلىرى اللهنى ياخشى كۆرۈش، ئىمان، جەزمىيەت، قورقۇش بىلەن زىننەتلەنگەن كىشىلەر مەيدانغا كەلدى. كېيىنكى كىشىلەرنىڭ اللهنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى چۈشىنىش يولىدىن قەلبى شەك، قوپاللىق، اللهقا يامان گۇمان قىلىش بىلەن تولۇپ كەتكەن كىشىلەر مەيدانغا كەلدى.

# 7 ـ ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇش

مەقسەتنى بۇراپ چۈشەندۈرگۈچى ئالدامچىلارنىڭ قوللىرى تەگكەن شەرئى چۈشەنچىلەرنىڭ بىرى ـ ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇش چۈشەنچىسىدۇر .

ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان ئىلمانىزىم ، دېموكراتىيە ، لىبرالىزىمچىلار مۇتلەق ئەركىنلىكنى كۆزلەپ ، ئىسلامدىكىدەك ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇش ئەقىدىسىنى ئىنكار قىلدى . ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇش ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلىش ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شەخسى ئەركىنلىككە ، پارتىيە ئەركىنلىكىگە ، ئېلانچىلىق ئەركىنلىكىگە ، ئاتالمىش يەنە باشقا ئەركىنلىكلەرگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولۇپ ، بۇ قىلمىش توغرا ئەمەس .

ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەگىشىشكە ئەرزىيدىغان ياخشىلىق (گەرچە ئۇ اللەنىڭ دىنىدا يامان ئىش بولسىمۇ) ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ، قانۇن ـ نىزاملىرى ، خاھىشلىرى ۋە تاغۇتلىرى ياخشىلىق دەپ بېكىتكەن نەرسىدۇر .

ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى يامانلىق (گەرچە ئۇ اللەنىڭ دىنىدا ياخشى ئىش بولسىمۇ) ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ، قانۇن ـ نىزاملىرى ، خاھىشلىرى ۋە تاغۇتلىرى يامانلىق دەپ بېكىتكەن نەرسىدۇر .

مانا بۇلار اللەنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە ئېيتىلغان كىشىلەر شۇدۇر .

**﴿ الْمُنَافِقُونَ وَالْمُنَافِقَاتُ بَعْضُهُم مِّن بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمُنكَرِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمَعْرُوفِ وَيَقْبِضُونَ أَيْدِيَهُمْ نَسُواْ اللّهَ فَنَسِيَهُمْ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ هُمُ الْفَاسِقُونَ ﴾**

**«مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ . ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ . ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ ، (يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ . ) ئۇلار اللەنى ئۇنتۇدى . (يەنى اللەنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى . ) اللەمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى . (يەنى الله ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى . ) . شۈبھىسىزكى مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر .»** (تەۋبە ،**67**)

مانا مۇشۇ قارا كافىرلار، مۇناپىقلار بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ساھەدە مۇتلەق ئەركىنلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان مەدەنىيەت تەشۋىقاتلىرى بىلەن مۇشۇ دەۋردىكى كۆپلىگەن دەۋەتچى شەيخلەر تەسىرلىنىپ كەتتى. بىز ئۇلارنىڭ جۇرئەت قىلىپ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئەقىدە ۋە پىرىنسىپىغا قارشى كېلىدىغان ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز . ئۇلار شۇنچە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يالغانچىلىق بىلەن ئىسلامغا چاپلايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياخشى ئىش قىلدۇق دەپ ئويلايدۇ، بۇ قىلمىشى ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېغىرراق گۇناھتۇر.

يەنە بىر تۈرلۈك كىشىلەر: ياخشىلىق، يامانلىق ـ ھۆكۈمران ۋە ھۆكۈمراننىڭ قانۇنى ياخشىلىق، يامانلىق دەپ قارىغان ئىشتا دەيدۇ.

ئۇلار ھۆكۈمران ۋە ھۆكۈمراننىڭ قانۇنى خاتالىق، جىنايەت دەپ قارىغان ئىشلارنى خاتالىق، جىنايەت دەيدۇ، ھۆكۈمران ۋە ھۆكۈمراننىڭ قانۇنى ياخشى دەپ قارىغان ئىشلارنى ياخشى دەپ قارايدۇ. مۇشۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش چۈشەنچىسى يوقاپ كەتتى، ئۇلار تاغۇتلىرى ۋە ئۇنىڭ قانۇن ـ ماددىلىرى ياخشىلىق، يامانلىق دەپ تونۇتقىنى بويىچە قارايدۇ.

ئۇنىڭ بەلگىسى شۇكى ـ سەن ئۇلاردىن «نېمە ئۈچۈن پالانى ئىشنى قىلدىڭ؟ ياكى قىلمىدىڭ؟» دەپ سورىساڭ، دەرھاللا «بۇنى ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلغان ياكى رۇخسەت قىلمىغان.» دەپ جاۋاب بىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمىشى اللهنىڭ شەرىئىتىگە ئۇيغۇن كەلسۇن ـ كەلمىسۇن ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ.

يەنە بىر تۈرلۈك كىشىلەر ئۆزىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى ئىزدەپ، ئۆز قەلبىدىكى غەرەز ئۈچۈن يامانلىقنى ئۈچ تۈرگە بۆلدى:

**1)** قولى بىلەن توسۇلىدىغان يامانلىق. بۇ پادىشاھ، ھۆكۈمرانلارغىلا خاس. (ئىسلامى ئەمرنى كۆرستىدۇ)

**2)** تىلى بىلەن توسۇلىدىغان يامانلىق. بۇ ئالىملارغىلا خاس.

**3)** قەلبىدە ئۆچ كۆرۈلىدىغان يامانلىق. بۇ ئومۇمي مۇسۇلمانلارغا خاس.

بۇنداق بۆلۈشكە الله پاكىت چۈشۈرمىگەن . ئاقىۋەتتە كۆپ شەھەرلەردە الله چۈشۈرگەن ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادىل مۇسۇلمان ئەمىر بولمىغانلىقى ھەم ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ئاز بولغانلىقى سەۋەبىدىن يامانلىق ، يامانلىق دەپ قارالمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ .

يەنە بىر تۈرلۈك كىشىلەر بۇنىڭ قارشىسىدا بولۇپ ئۇلار قىزىققان ، ئاقىۋەت ، نەتىجىلىرىگە پەرۋا قىلماي ، پايدا ـ زىيان ئارىسىنى سىلىشتۇرۇپ كۆرمەي ، يامانلىقنى تېخىمۇ چوڭ بىر يامانلىق بىلەن يوقاتماقچى بولىدۇ .

مۇشۇنداق ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇش چۈشەنچىسى زالىم بۇزغۇنچىلار تەرىپىدىن ئويدۇرۇلغان خاتا چۈشەنچە سەۋەبىدىن پاھىشە ، يامانلىق ، ھالاكەت ، بۇزۇقچىلىق ، كېسەل قاتارلىقلار يامراپ كەتتى . كىشىلەر مۇشۇنداق يامانلىققا چۈشۈپ ، شۇ گۇناھلار بىلەن بىرگە ياشاپ ، شۇ يامانلىقلارنى چىرايلىق زىننەتلەپ ئۆتتۈەردى . ھەتتا ئۇ يامانلىقلار ھايات ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئەنئەنىلىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر پارچىسى بولۇپ قالدى . تاكى ئۆلگۈچە يامانلىق ئۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ ، ئۇلار شۇ يامانلىقتىن ئايرىلالمايدۇ .

ئۆلچەملەر ئۆزگىرىپ كەتتى . ھېس ـ تۇيغۇلار قالايمىقانلاشتى . ئىنسانىي خارەكتېرلەر يولدىن چىقىش ۋە كېسەللىك دەرىجىسىدە بۇزۇلۇپ كەتتى . ئىشلار يارىتىلغان ھەقىقىتىنىڭ غەيرىدە كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى . مەسىلەن: ياخشىلىق ـ يامانلىق ، يامانلىق ـ ياخشىلىق ، ھەقىقەت ـ باتىل ، باتىل ـ ھەقىقەت ، تەرەققىيات ـ كەينىدە قىلىش ، كەينىدە قىلىش ـ تەرەققىيات ، پاكلىق ـ نىجاسەت ، نىجاسەت ـ پاكلىق ، ئەركىنلىك ـ قۇللۇق ، قۇللۇق ـ ئەركىنلىك دەپ قارىلىدىغان بولۇپ قالدى .

ۋەيران قىلىش ، خاراب قىلىش ۋاستىلىرى ئائىلە ۋە جەمئىيەتلەردە قوللىنىلدى . كىشلەرنىڭ مەنپەئەت ، ئەخلاقلىرىغا ، ھاياتىدىكى ھەربىر نەرسىلەرگە ۋەيران قىلىش ئامىللىرى تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىدىن الله ساقلىغاندىن باشقا ھېچقانداق كىشى ساقلىنالمىدى .

ئۆنداقتا ئىش تېخىمۇ جىددىي بولۇپ، كېچىكتۈرگىلى ۋە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. بىز ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ توغرا چۈشەنچىسىنى بىلدۈرۈپ قويغىنىمىزغا قەدەر جىددىي، كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز كېرەك.

بىز اللهنىڭ ئىزنى بىلەن، يېگانە اللهدىن ياردەم، تەۋفىق ئالغان ھالدا، كېمە چۆكۈپ ھەممەيلەن ھالاك بولۇشتىن ئىلگىرى مۇشۇ بۇيۇك چۈشەنچىگە ئالاقىدار بولغان مەسىلە ۋە ھۆكۈملەرگە جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك . يەنى ئۇ مەسىلىلەر:

**ياخشىلىق دېگەن نېمە ؟**

**يامانلىق دېگەن نېمە ؟**

**ياخشىلىق يامانلىقنى بەلگىلەش ھوقۇقى كىمدە؟**

**ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ نېمە ئەھمىيتى بار؟**

**ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئېتىشنىڭ ئاقىۋەت، زىيانلىرى قانداق؟**

**ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھۆكۈمى نېمە ؟**

**ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىشىغا كىم ئىگە بولىدۇ؟**

**ئۇنىڭ شەرتلىرى، دەرىجىسى، غايە، نىشانلىرى قانداق بولىشى كېرەك ؟**

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش چۈشەنچىسىگە ئالاقىدار بولغان ئۇنىڭدىن باشقا مەسىلىلەرگە تۆۋەندە جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمىز:

**ياخشىلىق دېگەن نېمە ؟**

ياخشىلىق دېگەن شەرىئەت تېكىستلىرى ئۇنى ياخشىلىق، گۈزەللىك، ماختالغۇچى ئىش دەپ تونۇشتۇرغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ چوڭ ۋە كاتتا ياخشىلىق تەۋھىد. (اللهنى يەككە ـ يېگانە دەپ بىلىش)

**يامانلىق دېگەن نېمە ؟**

يامانلىق دېگەن ياخشىلىقنىڭ قارشىسى. شەرىئەت تېكىستلىرى ئۇنى يامانلىق، قەبىھ دەپ تونۇشتۇرغان، ھارام قىلىنغان ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بولغان سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەڭ چوڭ ۋە ئېغىر يامانلىق اللهقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر.

**ياخشىلىق يامانلىقنى بەلگىلەش هوقۇقى كىمدە؟**

ياخشىلىق ـ يامانلىق، گۈزەللىك ـ سەتلىك، هەقىقەت ـ باتىل، هالال ـ هارام، ئادالەت ـ زۇلۇمنى بەلگىلەشتە ئىنساننىڭ هوقۇقى يوق. مەيلى هۆكۈمران، مەيلى ئىلمىلىك ئۇستاز ياكى يۇرت ئاقساقىلى بولسۇن ياكى پارتىيە ،خەلق بولسۇن ياكى كۆپ سانلىق ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدىغان بولسۇن ياكى دېموكراتىيە تۈزۈملىرىدەك سايلام ۋەكىللىرى بولسۇن ياكى دىكتاتورىيە تۈزۈملىرىدەك سايلام ۋەكىللىرى بولسۇن، هېچقايسىسى بىر ئىنساننىڭ ئەگىشىشىگە ئەرزىيدىغان ياخشىلىق سۈپىتىنى، ئىنكار قىلىپ يىراق بولۇش كېرەك بولغان يامانلىقى سۈپىتىنى بەلگىلەش هوقۇقى يوق. بۇ هوقۇق بىردىنبىر يېگانە تەڭداشسىز، هەممىنى ئۆزىگە موهتاج قىلغۇچى، تۇغمىغان، تۇغۇلمىغان، هېچقانداق تەڭدىشى بولمىغان بىردىنبىر يېگانە اللەنىڭدۇر.

قۇرئان، هەدىس ۋە ئەقلى دەلىللەر مانا مۇشۇنى سۆزلەيدۇ. قۇرئاننىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

﴿ إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ يَقُصُّ الْحَقَّ وَهُوَ خَيْرُ الْفَاصِلِينَ ﴾

**﴿ ...بارچە هۆكۈم اللەغا خاس، الله هەق هۆكۈم قىلىدۇ، الله هۆكۈم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىدۇر. ﴾** (ئەنئام57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

﴿ إِنِ الْحُكْمُ إِلاَّ لِلّهِ أَمَرَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَـكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ ﴾

**﴿ ...بارچە هۆكۈملەر پەقەت اللەغىلا مەنسۇپ. ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ»** (يۇسۇف **40** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

﴿ وَاللَّهُ يَقْضِي بِالْحَقِّ وَالَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِهِ لَا يَقْضُونَ بِشَيْءٍ إِنَّ اللَّهَ هُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ ﴾

**﴿ الله ئادىللىق بىلەن هۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇلار اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلار هېچنەرسىگە هۆكۈم چىقىرىشقا قادىر ئەمەس. الله هەقىقەتەن (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر. (ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ﴾** (غافىر،20)

﴿ وَلَا يُشْرِكُ فِي حُكْمِهِ أَحَداً ﴾

**﴿ . . .الله ئۆز ھۆكۈمدە ھېچكىمنى شېرىك قىلمايدۇ ﴾** (كەھف26 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

**﴿ أَفَحُكْمَ الْجَاهِلِيَّةِ يَبْغُونَ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللّهِ حُكْماً لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴾**

**﴿ ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (اللهغا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە اللهدىنمۇ ئادىل كىم بار؟ ﴾** (مائىدە50 ـ ئايەت)

بۇنىڭدىن باشقا ئايەتلەرمۇ كۆپ. يەھۇدىي ـ ناسارالار ياخشى ـ يامان، ھالال ـ ھارام دەپ ھۆكۈم قىلىشتا اللهنى قويۇپ ۋە الله بىلەن قوشۇپ ئالىملىرى ۋە راھىبلىرىنىڭ ھوقۇقى بار دەپ ئېتىراپ قىلىشىدى، الله مۇنۇ سۆزىدە ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئىنكار قىلدى.

**﴿ اتَّخَذُواْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَاباً مِّن دُونِ اللّهِ ﴾**

**﴿ ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتابلار) ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئاقساقاللىرىنى ۋە ئالىملىرىنى مەئبۇد قىلىۋالدى ﴾. (تەۋبە، 31)**

مۆئمىنلەرنى باراۋەر سۆزگە كېلىشكە چاقىرىپ، ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

**﴿ قُلْ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْاْ إِلَى كَلَمَةٍ سَوَاء بَيْنَنَا وَبَيْنَكُمْ أَلاَّ نَعْبُدَ إِلاَّ اللّهَ وَلاَ نُشْرِكَ بِهِ شَيْئاً وَلاَ يَتَّخِذَ بَعْضُنَا بَعْضاً أَرْبَاباً مِّن دُونِ اللّهِ فَإِن تَوَلَّوْاْ فَقُولُواْ اشْهَدُواْ بِأَنَّا مُسْلِمُونَ ﴾**

**﴿ ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت اللهغىلا ئىبادەت قىلىش، اللهغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، اللهنىڭ قۇيۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى دېگىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): (ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار.»** (ئالى ئىمران،64)

ئىبنى تەيمىيە فەتىۋاسىنىڭ **28** ـ توم **164** ـ بېتىدە مۇنداق دېدى: **«اللهتەئالا** ماختىغىنىنىڭ ھەممىسى گۈزەل، ئەيىبلىگىنىنىڭ ھەممىسى قەبىھتۇر. ئەمما اللهدىن باشقا ھەرقانداق مەخلۇقتا بۇنداق ئىمتىياز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن **بەنى تەمىم جەمەتىدىن بىرسى** پەيغەمبەر ﷺغا: **مىنىڭ ماختىغىنىم گۈزەل ئەيىبلىگىنىم سەت، دېگەندە** پەيغەمبەر ﷺ **:ئۇنداق خاسىيەتكە ئىگە زات پەقەت اللهدۇر. دەپ رەددىيە بەرگەن»**

ئەقلى دەلىللەر تۆۋەندىكچە: بىر نەرسىنى يارىتىپ ، ئۇنىڭغا ئىگە بولغۇچىنىڭ ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىگە قانۇن ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئۆزىنىڭ پىرىنسىپىغا ، قانۇن ـ شەرىئىتىگە ماس ھالدا ماڭدۇرۇش لازىم ئىكەنلىكى ئەقىلگە سىغىدۇ .

مانا مۇشۇنداق يارىتىپ ئىگە بولغۇچىغا ، ھەر تەرەپتىن مۇكەممەللىكنى تەلەپ قىلىدىغان گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش ئالاھىدىلىكى قوشۇلسا ، باشقا كىشىلەر كەمتۈكلۈك ، ئاجىزلىق ، بىچارىلىك ، نادانلىق قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنسە ساغلام ئەقلى بار ئادەم ئۇنىڭغا باش ئېگىپ ، گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بار ياراتقۇچى ، ئىگە بولغۇچىنىڭ قانۇن ـ شەرىئىتىگە تەسلىم بولىشى لازىم . ساغلام ئەقىل ـ بىر ئىنسانىنىڭ يەنە بىر ئىنسان ئىگە بولغان نەرسىنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز باشقۇرۇشىغا ، ئارىلىشىۋېلىشىغا رازى بولمايدۇ . ئىنسانىنىڭ بىر نەرسىگە ئىگە بولىشى كەم ۋە شەكلى جەھەتتىن بولۇپ ئۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس . ئۇ ئىنسان ئىگە بولغان نەرسە ئۇنى تاشلاپ باشقىلارغا يۆتكىلىدۇ . باشقىلار ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ . ئاجىز ، بىچارە ، بىر نەرسىگە ئىگە بولالمايدىغان نادان مەخلۇقنىڭ ياراتقۇچى ئىگە بولغان نەرسىنى باشقۇرۇپ ، ئۇنىڭغا قانۇن چىقىرىپ ، ئۇ ھالال ، بۇ ھارام ، بۇ توغرا ، بۇ خاتا دېسە ، ھەقىقى ئىگە بولغۇچىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنىڭغا ئارىلىشىشىغا رازى بولسا سىز ئۇ كىشىگە قانداق قارايسىز؟ بىلىڭلاركى ، زېمىن ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ، پۈتكۈل كائىنات اﷲنىڭ يارىتىشى ، مۈلكى ھېسابلىنىدۇ . اﷲ تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ قُلْ أَرَأَيْتُم مَّا أَنزَلَ اللّهُ لَكُم مِّن رِّزْقٍ فَجَعَلْتُم مِّنْهُ حَرَاماً وَحَلاَلاً قُلْ آللّهُ أَذِنَ لَكُمْ أَمْ عَلَى اللّهِ تَفْتَرُون ﴾**

**﴿ ئېيتقىنكى: ‹ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرگە اﷲ چۈشۈرگەن رىزىقتىن بەزىسىنى ھارام ، بەزىسىنى ھالال قىلدىڭلار؟ اﷲ سىلەرگە مۇنداق قىلىشقا ئىزنى بەردىمۇ؟ ياكى اﷲغا يالغاننى چاپلامسىلەر؟› (يۇنۇس ،59)**

اﷲ بارلىق رىزىقنى چۈشۈرگەن ، ياراتقۇچى ، ئىگە بولغۇچى زات سىلەرگە ئۇ ئىشتا رۇخسەت بەرمىگەن تۇرسا ، سىلەر ئۇنى رىزىققا ئىگە بولغۇچى اﷲنىڭ ئالدىدا قىلىشقا جۈرئەت قىلساڭلار اﷲقا يالغاننى توقۇغان بولىسىلەر .

ئەگەر الله نەرسلەرگە چىرايلىق ـ سەت ، ھالال ـ ھارام ، يولغا قويۇلغان دۇرۇس ئىش دەپ ھۆكۈم قىلغانلىقىنى قانداق تونۇيمىز؟ دەپ سورالسا مەن مۇنداق دەيمەن:

اللهنىڭ نەرسىلەرگە بولغان ھۆكۈمىنى ئىككى خىل يول ئارقىلىق تونۇغىلى بولىدۇ؛ئۇ قۇرئان ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدۇر. ئىككىلىسى بىر مەنبەدىن چىققان. ئاگاھ بۇلۇڭلاركى، مەنبە ۋەھىيدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ ھەققىدە الله مۇنداق دېگەن:

﴿ وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَى* إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى ﴾

**﴿ (ئۇ) ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ.پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھىنىلا سۆزلەيدۇ. ﴾** (نەجم ،3 ـ 4)

**﴿ فَلاَ وَرَبِّكَ لاَ يُؤْمِنُونَ حَتَّىَ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لاَ يَجِدُواْ فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجاً مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسْلِيماً ﴾**

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى! ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە ـ تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. ﴾** (نىسا ،65)

**﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَطِيعُواْ اللّهَ وَأَطِيعُواْ الرَّسُولَ وَأُوْلِي الأَمْرِ مِنكُمْ فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللّهِ وَالرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلاً ﴾**

**﴿ ئى مۆئمىنلەر !اللهغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر بىرەر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللهغا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر اللهغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشەنگەن بولساڭلار. بۇ (يەنى اللهنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر. ﴾** (نىسا ،59)

اللهقا قايتۇرۇش دېگەن اللهنىڭ مۇبارەك كىتابىغا قايتۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەرگە قايتۇرۇش دېگەن پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئۆزىگە ئاپىرىش، پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە قايتۇرۇش.

پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننىتى ـ پەيغەمبەر ﷺ دىن سەھىھ بولغان سۆز، ئىش ـ پائالىيەت، ئېتىراپ قىلىشتۇر.

اللهنىڭ مۇنۇ سۆزى يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ:

﴿ قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَاللّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا)ئېيتقىنكى: «ئەگەر سىلەر اللهنى دوست تۇتساڭلار ماڭا ئەگىشىڭلاركى، الله سىلەرنى دوست تۇتىدۇ. (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ. الله ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر. ناھايىتى مېھرىباندۇر. ﴾** (ئالى ئىمران، **31**)

﴿ وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ ﴾

**﴿ ...پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار. پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار. اللەدىن قورقۇڭلار. ھەقىقەتەن اللهنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.»**(ھەشىر، **7**)

## ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ اللهنىڭ دىنى ۋە ئىنسانلار ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ اللهنىڭ دىنى ۋە ئىنسانلار ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى بىر قانچە تەرەپلەرنى تەشكىل قىلىدۇ؛

**1) ئۇممەتتە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋاستىلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ؛** ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتا خەلق ۋە ئۇممەتنىڭ ھاياتلىقى بار. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ كۈچىيىشى تىنچ ـ ئامانلىق، كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ نامايانىسى بولىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاجىزلىشىۋاتقان ياكى يوقاۋاتقان ئۇممەتكە ئۇرۇش ئېچىش، خارابلاشتۇرۇپ، ۋەيران قىلىۋېتىش ۋە تاجاۋۇز قىلىش بەكمۇ ئاسان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئەقىدە ـ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ـ كافىر مۇناپىقلارنىڭ

ئاساسى نىشانى بولۇپ قالدى. ئۇلار ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى يوقىتىش ياكى ئاجىزلاشتۇرۇش، سەتلەپ چۈشەندۈرۈشلەردە، يامان پىلان، غەرەزلىرىنى شەھەر ـ شەھەرلەرگە يەتكۈزۈشتە ئۇتۇق قازىنىپ مەقسىتىگە يېتىۋاتىدۇ. اللّٰه مۇنداق دېدى:

﴿ وَلَكُمْ فِي الْقِصَاصِ حَيَاةٌ يَاْ أُولِيْ الأَلْبَابِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴾

**﴿ ئى ئەقىل ئىگىلىرى!سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ) (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى) ﴾** (بەقەرە، **179**)

قىساسمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ بىر تۈرىدۇر. ھاياتلىق دېگەن سۆزدىن ئىنسانىنى بەخت ـ سائادەتكە، تىنچ ـ ئامانلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ھەر بىر نەرسە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللّٰهنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالى بىر كېمىگە تەڭ چىققۇچىغا ئوخشاش. بەزىلەر ئۈستىدىن، بەزىلەر ئاستىدىن ئورۇن ئالىدۇ، ئاستىدىكىلەر سۇ ئالماقچى بولسا، ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتىدۇ. ئەگەر ئاستىدىكىلەر: تۆرغان يېرىمىزدىنلا تېشىپ سۇ ئالغان بولساق ئۈستىدىكىلەرگە ئازار بەرمەس ئىدۇق دېسە. ئۈستىدىكىلەر ئۇلارنىڭ كىمىنى تېشىشكە يول قويسا، ھەممىسى بىللە غەرق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنى ئۇنداق قىلغىلى قويمىسا ھەممىسى بىللە قۇتۇلىدۇ»**(بۇخارى)

مەن شۇنداق دەيمەنكى؛ ھەدىستىكى كېمىنىڭ مىسالى جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە ئوخشايدۇ. ئەگەر اللّٰهنىڭ بەلگىلىگەن قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچىلار ئۆزگە باغلانغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىسىنى تەرك ئەتسە، خارابلاشتۇرغۇچى بۇزغۇنچىلارنى جەمئىيەتنى بۇزۇش ئۈچۈن زەھەرلىك سۈيىقەستىنى تارقىتىشقا گەپ قىلماي ماقۇل دەپ تۇرسا، (مەيلى قايسى سەۋەبتىن بولسۇن) ئۇ ۋاقىتتا ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ، جەمئىيەتتىكى ھەممىسى تۈگىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى قاتتىق توسۇپ، ناچار قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلسا ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ ۋە ئۇلار ياشىغان جەمئىيەتمۇ قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«الله ئەززە ۋە جەللە ئومۇمىي كىشىلەرنى خۇسۇسى كىشىلەرنىڭ ئىشى بىلەن ئازابلىمايدۇ. خۇسۇسى كىشىلەر، ئومۇمىي كىشىلەر ئۆزگەرتىش ۋە ئۆزگەرتمەسلىككە كۈچى يېتىدىغان بىر ئىشنى قىلىپ سالسا، شۇ ۋاقىتتا الله ئومۇمىي ۋە خۇسۇسى كىشىلەرنى ھالاك قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ.»**

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئۇممەت ۋە جەمئىيەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرەت ۋاستىسىنى شەكىللەندۈرگەندەك، شەخسلەرنىڭمۇ كۈچلىنىش ۋاستىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن: ياخشىلىقنى ياخشىلىق، يامانلىقنى يامانلىق دەپ بىلمەيدىغان ئىنسان ياخشى ـ يامان ئارىسىنى، پايدا ـ زىياننى پەرق ئېتەلمەيدىغان جىسمى تىرىك، قەلبى ئۆلۈك كىشىلەردىن سانىلىدۇ. ئۇنداق ئىنسان ياخشىلىق ـ يامانلىقنى ئوخشاش دەپ قارايدۇ. بەزىدە تېخى يامانلىقنى ياخشىلىق، ياخشىلىقنى يامانلىق دەپمۇ قاراپ قالىدۇ. مانا بۇنداق دەرىجىدىكى ئادەم ھەقىقەتەن ھالاك بولغان ۋە قەلبى كېسەل بولغان بولىدۇ. ئۇنداق ئىنساننىڭ ئىنسى، جىن ـ شەيتانلارنىڭ تورىغا چۈشۈپ قىلىشى تولىمۇ ئاسان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«پىتنە ـ پاساتلار بىر ئۆرۈمە، بىر ئۆرىمىدىن توقۇلغان بورىغا ئوخشاش قەلبكە توغرىلىنىدۇ. قايسى قەلب پىتنە ـ پاساتنى شۈمۈرسە، ئۇ قەلبكە قارا چېكىت قويۇلىدۇ. قايسى قەلب ئۇنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭغا ئاق چېكىت قويىلىدۇ. قەلب ئىككى خىل بولۇپ كېتىدۇ. ئاق قەلب شۇنداق سۈزۈك بولۇپ ئاسمان ـ زېمىن بەرپا بولغانلا مۇددەتتە ئۇ قەلبكە پىتنە ـ پاسات دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ. قارا قەلب نە ياخشىلىق، نە يامانلىقنى بىلمەيدىغان ئۆزىنىڭ خاھىشىدىن سىڭدۈرۈلگەننىلا بىلىدىغان بىر قاچىغا ئوخشايدۇ.»**
(مۇسلىم)

خۇددى مايماق قاچىدا بىر نەرسە قويۇلۇپ، ساقلاش مۇمكىن بولمىغاندەك، گۇناھ ـ مەئسىيەت، پىتنە ـ پاسات، كىر ـ قاسماقلىرى ئورۇنلىشىپ كەتكەن يۈرەكتىمۇ ياخشىلىق مۇستەھكەم ئورۇنلاشمايدۇ، يامانلىقنىمۇ بىلەلمەيدۇ. گەرچە اللهنىڭ دىنىدا ئۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ خاھىشىدا توغرا دەپ قارىغىنى ياخشىلىق، ئۆز خاھىشىغا توغرا كەلمەيدىغىنى يامانلىق. مانا بۇنداق ئىنسان خاھىشىنىڭ ئۆزىگىلا چوقۇنىدۇ. الله مۇنداق دېگەن:

﴿ أَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ أَفَأَنتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلاً ﴾

**﴿ ئېيتىپ باقساڭچۇ؟ نەپسى ـ خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمگە (نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگىشىشتىن ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن) ھامىي بولالامسەن؟ ﴾** (فۇرقان، **43**)

يەنە پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«الله مەندىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە بىر پەيغەمبەر ئەۋەتسە، ئۇنىڭ ئۈممىتى ئىچىدە ئاقكۆڭۈل يارەمچىلىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئېسىلىدىغان، بۇيرۇقىغا ئەگىشىدىغان كىشىلەر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق بىر كىشىلەر كېلىدۇكى، قىلالمايدىغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ يۈرۈيدۇ. بۇيرۇلمىغاننى قىلىدۇ. ئۇلارغا قارشى قولى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى مۆئمىن، تىلى بىلەن كۈرەش قىلغىنىمۇ مۆئمىن، قەلبى بىلەن كۈرەش قىلغىنىمۇ مۆئمىن. ئەگەر قەلبىدە بولسىمۇ ئۈچ كۆرمىسە، قىچىنىڭ دانىسىچىلىكمۇ ئىمان بولمايدۇ»**

پەيغەمبەر ﷺنىڭ **«قەلبىدە بولسىمۇ ئۈچ كۆرمىسە قىچىنىڭ دانىسىچىلىكمۇ ئىمان بولمايدۇ»** دېگەن سۆزى قەلبىدە ئۈچ كۆرۈش، ئىنكار قىلىش بولمىسا كۇفرى ۋە باتىلغا رازى بولغانلىق بولىدۇ دېمەكچى. قەلب بۇنداق دەرىجىدە بولۇپ قالسا، ئۇ قەلب ئۆلگەن، ئىمانىمۇ يوقىغان بولىدۇ. ئۇنداق قەلب بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، كۈرەش قىلىشقا، ياخشى ـ يامان ئارىسىنى پەرق ئېتىشكە بولمايدۇ.

ئىبنى مەسئۇد ﷺقا شۇنداق دېيىلدى: «ياخشىلىققا بۇيرۇمىغان، يامانلىقتىن چەكلىمىگەن ئادەم ھالاك بولىدىكەن ھە؟ ـ دېۋىدى، ئىبنى مەسئۇد ﷺ ئېيتتى: بەلكى قەلبىدە ياخشىلىقنى ياخشىلىق، يامانلىقنى يامانلىق دەپ تونۇمىغان كىشىمۇ ھالاك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق ئادەم زېمىندا پۇتى بىلەن ئۆملەپ ماڭغان، جىسمى تىرىك، قەلبى ئۆلۈكلەردىن بولىدۇ. ئۇلار ياخشىلىق نېمە ؟ يامانلىق نېمە؟ ھاياتنىڭ ھەقىقىتى نېمە؟ دېگەنلەرنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. »

ئىبنى تەيمىيە فەتىۋاسىنىڭ **28** ـ توم**127** ـ بېتىدە مۇنداق دېگەن: «يامانلىقنى ئۆزگەرتىش بەزىدە قەلب بىلەن، بەزىدە تىل بىلەن، يەنە بەزىدە قول بىلەنمۇ بولىدۇ. ئەمما يامانلىقنى قەلبى

بىلەن ئۈچ كۆرۈش دائىم زۆرۈردۇر. قەلبىدە ئۈچ كۆرۈشكە ئۇ ئادەمگە يېتىدىغان زىيان يوق. شۇنداق تۇرۇپ قەلبىدە ئۈچ كۆرمىگەن ئادەم مۆئمىن ھېسابلانمايدۇ.»

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«قەلبىدە ئۈچ كۆرۈش ئەڭ ئاجىز ئىمان. ئۈچ كۆرمىسە قىچىنىڭ دانىسىچىلىكمۇ ئىمان بولمايدۇ.»**

ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنهقا ئېيتىلدى: «ئۆزى تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈك دەپ ئاتىلىدىغان كىشى كىم؟» ئىبنى مەسئۇد ئېيتتى: «ياخشىلىقنى ياخشىلىق، يامانلىقنى يامانلىق دەپ تونۇمىغان كىشى»

**2)ئۇممەتنىڭ ياخشىلىق پەزىلەتلىرى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى بەرپا قىلىشقا قاراپ تونۇلىدۇ.** ئۇممەتنىڭ مىللەتلەر ۋە خەلقلەر ئارىسىدىكى رەھبەرلىك رولى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشكە قاراپ شەكىللىنىدۇ. تەرەققىي قىلىش، كەينىدە قىلىش ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇشقا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

الله تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ،يامانلىقتىن توسۇيدىغان،اللهغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر. ﴾** (ئالى ئىمران، **110**)

ئۇممەتكە بۇ ياخشىلىق بىرەر جىنس، ياكى رەڭ، ياكى تىل، ياكى نەسەب، ياكى زېمىندىكى قايسىبىر ئېتىبار سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى پەقەتلا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك سۈپەتكە ئىگە بولغانلىقى تۈپەيلى ئاتا قىلىنىدۇ. ئۇ سۈپەت بولسا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش سۈپىتىدۇر.

﴿ وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلاً مِّمَّن دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحاً وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ ﴾

**﴿ اللهقا (يەنى اللهنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە ‹مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن› دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك كىم بار؟ ﴾**

اللهنىڭ نەزىرىدە الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشتەك گۈزەل سۆز بولمىسا كېرەك. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش الله تەرەپكە دەۋەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىشىلەرنىڭ ياخشىسى قارى، اللهتىن قورققۇچى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۇلىغان كىشىدۇر».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللهقا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەل، اللهقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاندىن ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش، ئاندىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتۇر».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مىنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئىچىدە ئاۋۋالقى كىشىلەردەك ئەجىر بېرىلىدىغان قەۋملەر بار، ئۇلار يامانلىقنى ئىنكار قىلالايدۇ. »**

يەنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ زامانىسىدا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەردەك ئەجىر بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئەجىر بېرىلىدۇ.

**3) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ـ ياردەمگە ئېرىشىش، قۇدرەت تېپىش، خەلىپە بولۇشنىڭ ئاساسى سەۋەبىدۇر. شۇنداقلا بىردىنبىر نىشاندۇر.**

الله تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن تَنصُرُوا اللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ ﴾

**﴿ ئى مۆئمىنلەر ! سىلەر اللهغا (يەنى اللهنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ.»** (مۇھەممەد .7)

﴿ وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ﴾

**﴿ (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز الله دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى ﴾** (ھەج ،**40**)

بەندە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن تۇسسا ئۆز رەببىگە ياردەم بەرگەن بولىدۇ.

﴿ التَّائِبُونَ الْعَابِدُونَ الْحَامِدُونَ السَّائِحُونَ الرَّاكِعُونَ السَّاجِدونَ الآمِرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَالنَّاهُونَ عَنِ الْمُنكَرِ وَالْحَافِظُونَ لِحُدُودِ اللّهِ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ ﴾

**﴿ (گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار، (اﷲغا) ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، اﷲنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار، (يەنى اﷲنىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ نەھيى قىلغان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار ھەم ئەھلى جەننەتتۇر) مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.»**(تەۋبە ،**112**)

مانا مۇشۇ يەردىكى خۇش بېشارەت دۇنيا، ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياردەمگە ئېرىشىش، قۇدرەت تېپىش، خورلۇقتىن كېيىن ئەزىز بولۇش قاتارلىقلار دۇنيانىڭ ياخشىلىقىدىندۇر.

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ياردەمگە ئېرىشىش، قۇدرەت تېپىشنىڭ بىردىنبىر نىشانىدۇر.

﴿ الَّذِينَ إِن مَّكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ ﴾

**﴿ (اﷲنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اﷲغا مەنسۇپتۇر.(يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اﷲغا قايتىدۇ) ﴾** (ھەج ،**41**)

قۇدرەت تېپىش ۋە زەپەر قۇچۇشتىكى مەقسەت ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتۇر. دۇنيانىڭ خوجىسى بولۇش، قابىلىيەتلىك بولۇش، مەنسەپدار بولۇشقا قىزىقىش ـ بۇ قۇدرەت تاپقانلىق ئەمەس.

مەن شۇنداق بىر كىشىلەردىن تولىمۇ ھەيران بولىمەن، ئۇلار ئاجىزلىق باسقۇچىدا «ئىسلام ھەل قىلىش چارىسىدۇر!» دېگەن شوئارنى توۋلايدۇ. اﷲ ئۇلارغا قۇدرەت، غەلبە ئاتا قىلسا

ئۆزلىرىنىڭ شوئاردىن يېنىۋالىدۇ. ئۇلارنى مەنسەپ ۋە دۇنيا ھاياتى ئالداپ كېتىدۇ ـ دە زېمىندا چوڭچىلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار «ئىنسان تۈزگەن قانۇن ـ نىزاملار ھەل قىلىش چارىسىدۇر!» دەيدۇ.

الله مۇنداق دېدى:

**﴿ وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُم فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً ﴾**

**﴿ الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى، ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. ﴾** (نۇر، 55)

ئىبادەت ۋە تەۋھىدنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش بىلەنلا ھاسىل بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«سىلەر چوقۇم غەلبە قازىنىپ مۇۋەپپىقىيەتلەرگە ئېرىشىسىلەر، زېمىنلەر سىلەر ئۈچۈن فەتھى قىلىنىدۇ. سىلەردىن كىمكى شۇنىڭغا مۇيەسسەر بولسا، الله تىن قورقسۇن. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسسۇن.»**

**4) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مۆئمىننى مۇناپىقتىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتتۇر.** مۇناپىقنىڭ بەلگىسى يامانلىققا بۇيرۇپ، ياخشىلىقتىن چەكلەيدۇ. مۆئمىنلەر ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات تارقىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇلار يامان قىلمىشلارنى زىننەتلەپ كۆرسىتىپ، يامانلىق سورۇنلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېلان، تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇزۇق قىلمىشلارنىلا سۆزلەيدۇ. مۇشۇنداق بۇزۇقچىلىق قىلمىشلارنى راۋاجلاندۇرغان ئادەم (ئۆزىنى نېمە دەپ ئاقلىشىدىن قەتئىينەزەر) ئېغىر دەرىجىدىكى كافىر، مۇناپىق بولىدۇ.

﴿ الْمُنَافِقُونَ وَالْمُنَافِقَاتُ بَعْضُهُم مِّن بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمُنكَرِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمَعْرُوفِ وَيَقْبِضُونَ أَيْدِيَهُمْ نَسُواْ اللّهَ فَنَسِيَهُمْ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ هُمُ الْفَاسِقُونَ ﴾

﴿ مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ، (يەنى بېخىللىق قىلىپ سەدىقە بەرمەيدۇ). ئۇلار اﷲنى ئۇنتۇدى، (يەنى اﷲنىڭ تائىتىنى تەرك ئەتتى) اﷲمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى، (يەنى اﷲ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى). شۈبھىسىزكى مۇناپىقلار پاسىقلاردۇر. ﴾ (تەۋبە، 67)

﴿ إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ ﴾

﴿ مۆئمىنلەر ئۇستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. اﷲ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ. سىلەر بىلمەيسىلەر. ﴾ (نۇر19 ـ ئايەت)

يەنە اﷲ مۇنداق دېدى:

﴿ وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِي الْكِتَابِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ آيَاتِ اللّهِ يُكَفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلاَ تَقْعُدُواْ مَعَهُمْ حَتَّى يَخُوضُواْ فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ إِنَّكُمْ إِذاً مِّثْلُهُمْ إِنَّ اللّهَ جَامِعُ الْمُنَافِقِينَ وَالْكَافِرِينَ فِي جَهَنَّمَ جَمِيعاً ﴾

﴿ اﷲ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) سىلەرگە نازىل قىلدىكى، سىلەر اﷲنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار باشقا پاراڭغا كىرىشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا سىلەر ﴾ مەسخىرە قىلغۇچى كافىرلار بىلەن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ كەتمەستىن، سۆزلىرىنى ئىنكار قىلماستىن ئولتۇرۇشقىلا ماقۇل كەلسەڭلار، گۇناھتا، كۇفرىدا ﴿ ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. ﴾ سىلەر شۇ ۋاقىتتا مۇناپىقلاردىن بولۇپ قالىسىلەر، چۈنكى سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار مۇناپىقلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ سىلەر دەۋا قىلغان ئىمانغا قارشى كېلىدۇ. ﴿ اﷲ مۇناپىقلارنى ﴾ يەنى ئىنكار قىلماستىن، مەجبۇرلانماستىن، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتمەستىن ئولتۇرغۇچىلارنى ﴿ ۋە

**كافىرلارنى** ﴾ يەنى دىننى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق مەسخىرە قىلغانلارنىڭ ﴿ **ھەممىسىنى جەھەننەمگە توپلايدۇ** ﴾ (نىسا، **140**)

مۆئمىنلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

﴿ **وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاَةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَيُطِيعُونَ اللّهَ وَرَسُولَهُ أُوْلَـئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ اللّهُ إِنَّ اللّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ** ﴾

﴿ **مۆئمىن ئەرلەر، مۆئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر. ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، اللهغا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ. الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر. ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.** ﴾ (تەۋبە، **71**)

﴿ **يُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَأُوْلَئِكَ مِنَ الصَّالِحِينَ** ﴾

﴿ **ئۇلار اللهغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ، ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر.** ﴾ (ئالى ئىمران، )

﴿ **الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوباً عِندَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالإِنْجِيلِ يَأْمُرُهُم بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَآئِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالأَغْلاَلَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ فَالَّذِينَ آمَنُواْ بِهِ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَاتَّبَعُواْ النُّورَ الَّذِيَ أُنزِلَ مَعَهُ أُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ** ﴾

﴿ **ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ. ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى هارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق**

**كويزا ـ كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ. (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ) ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان) غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.﴾** (ئەئراف، **157**)

**5)ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىسلامنىڭ نىسۋىلىرىدىن بىر نىسۋىدۇر.** خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدىغان، گۇناھتىن پاكلايدىغان، قىيامەت كۈنى دەرىجىسىنى كۆتۈرىدىغان، ياخشىلىق، نىجادلىقنىڭ دەرۋازىلىرىدىن بىر دەرۋازىدۇر.

﴿ وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُوْلَـئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ﴾

**﴿ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن! ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر! ﴾** (ئالى ئىمران، **104**)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىشىنىڭ ئائىلىسى، مىلى ۋە قوشنىسى ھەققىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى ناماز، سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئۆچۈرىدۇ.»** (بۇخارى)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ھەرقانداق ئىنسان پەرزەنتى 360 دانە بوغۇم بىلەن يارىتىلغان، تەكبىر ئېيتقان، ھەمدە ئېيتقان ۋە تەسبىھ ئېيتقان، ئىستىغفار ئېيتقان، كىشلەرنىڭ يولىدىن تاش ياكى تىكەن ياكى سۆڭەكلەرنى ئېلىۋەتكەن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان ئادەم شۇ كۈندە ئۆزىنى دوزاختىن يىراق قىلغان ھالدا ماڭغان بولىدۇ. (يۇقىرىقى ئىشلار 360 بوغۇمغا توغرا كېلىدۇ.)»** (مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ھەر بىر بوغۇمغا سەدىقە كېتىدۇ. تەسبىھ ئېيتىش بىر سەدىقە، تەھلىل ئېيتىش بىر سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇش بىر سەدىقە، يامانلىقتىن چەكلەش بىر سەدىقە، شۇنىڭ ھەممىسگە ئىككى رەكئەت چاشكا نامىزى كۇپايە قىلىدۇ. »** (مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئىسلام سەككىز قىسىمدۇر، ئىسلام بىر قىسمى، ئىسلام دېگەندىن ‹ لا اله الا الله محمد رسول الله › كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ناماز بىر قىسمى، زاكات بىر قىسىم، روزا**

**بىر قىسمى بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش بىر قىسمى، ياخشىلىققا بۇيرۇش بىر قىسمى، يامانلىقتىن توسۇش بىر قىسمى، الله يولىدا جىھاد قىلىش بىر قىسمى، ھېچقايسى قىسمىغا ئېرىشەلمىگەن ئادەم زىيان تارتىپ كېتىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۇھەممەد ﷺ نىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى!، ياخشىلىق، يامانلىق قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا تىكلىنىدىغان ئىككى مەخلۇقتۇر، ياخشىلىق ئۆز ئىگىسىگە خۇشخەۋەر بېرىپ ياخشىلىقنى ۋەدە قىلىدۇ، يامانلىق: يىراق تۇرۇڭلار، يىراق تۇرۇڭلار ـ، دەيدۇ. ئەمما يامانلىق ئەھلى ئۇ يامانلىققا چاپلىشىپ قىلىپ ئۇنىڭدىن ئاجرىيالمايدۇ.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«دۇنيادا ياخشى ئادەملەر ئاخىرەتتىمۇ ياخشى كىشىلەردۇر، دۇنيادا يامان ئادەملەر ئاخىرەتتىمۇ يامان ئادەملەردۇر»**

**6) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئېتىش ئاقىبەتتە دىنىنىڭ غايە، مەقسەتلىرىنى يوقىتىۋېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

دىنىنىڭ مەقسىتى ـ دىنىنى ساقلاش، قاننى ساقلاش، ئەقىلنى ساقلاش، يۈز ـ ئابرۇينى ساقلاش ۋە مالنى ساقلاش بولىدۇ. يەنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئېتىش قەلبكە كۇفرى، نىفاقنى پەيدا قىلىدۇ، ئاقىۋەتتە شەھەر ۋە كىشىلەرنى ۋەيران قىلىدىغان ئازابقا ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئەتكۈچى ۋە سەل قارىغۇچىلارنىڭ سەۋەبىدىن اللەنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىش، زۇلۇم، زوراۋانلىقنىڭ تارقىلىشىنى ۋە تەكەببۇر، زالىم، تاغۇتلارنىڭ سۆزىنى ئالى قىلىش، مۆئمىنلەرنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ـ دە، ئۇنداق جەمئىيەتتە بىلىمسىزلىك باش ئورۇنغا چىقىۋالىدۇ. ھەقىقەتنىڭ ئاۋازى، ئىلىم يوشۇرۇن قالىدۇ. شۇنىڭدەك دۇئا ئىجابەت قىلىنمايدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئەتكۈچىلەرنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنمايدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان مۇسىبەت ۋە بالايىئاپەتلەرگە گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ.

﴿ فَلَمَّا نَسُواْ مَا ذُكِّرُواْ بِهِ أَنجَيْنَا الَّذِينَ يَنْهَوْنَ عَنِ السُّوءِ وَأَخَذْنَا الَّذِينَ ظَلَمُواْ بِعَذَابٍ بَئِيسٍ بِمَا كَانُواْ يَفْسُقُونَ ﴾

﴿ ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىغان چاغدا، يامان ئىشتىن مەنئى قىلغۇچىلارنى قۇتقۇزدۇق. اللهنىڭ ئەمرىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن زالىملارنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلدۇق. ﴾ (ئەئراف، 165)

﴿ وَإِذَا أَرَدْنَا أَن نُّهْلِكَ قَرْيَةً أَمَرْنَا مُتْرَفِيهَا فَفَسَقُواْ فِيهَا فَحَقَّ عَلَيْهَا الْقَوْلُ فَدَمَّرْنَاهَا تَدْمِيراً﴾

﴿ بىرەر شەھەر (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى (بىزگە ئىتائەت قىلىشقا) بۇيرۇيمىز. ئۇلار ئىتائەت قىلماي پىتنە ـ پاسات قىلىدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ھالاك قىلىمىز. ﴾ (ئىسرا، 16)

﴿ وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهْلِكَ الْقُرَى بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا مُصْلِحُونَ ﴾

﴿ پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ياخشى بولغان يۇرتلارنى زۇلۇم سىلىپ ھالاك قىلمايدۇ. ﴾ (ھۇد، 117)

﴿ وَمَا كَانَ رَبُّكَ لِيُهْلِكَ الْقُرَى بِظُلْمٍ وَأَهْلُهَا مُصْلِحُونَ ﴾

﴿ شۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى (يەنى ھۇد سالىھ لۇت شۇئەيب پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ئوخشاش ئۆتكەنكى ئۇممەتلەر) زۇلۇم قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق.﴾ (كەھف،59)

﴿ لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُودَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوا وَّكَانُواْ يَعْتَدُونَ * كَانُواْ لاَ يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ ﴾

﴿ بەنى ئىسرائىلدىن كافىر بولغانلارغا، داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان

**يامان ئىشلاردىن بىر ـ بىرىنى توسمايتتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!** ﴾ (مائىدە، **78 ـ 79**)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«دۇئا قىلساڭلار ئىجابەت قىلىنمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ياخشىلىققا بۇيرۇڭلار، يامانلىقتىن توسۇڭلار!»**

قەيس مۇنداق دېدى: **«ئەبۇ بەكرى ھەمد، سانا ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: ئى خالايىقلار! سىلەر ﴿ عَلَيْكُمْ أَنْفُسَكُمْ لا يَضُرُّكُمْ مَنْ ضَلَّ إِذَا اهْتَدَيْتُمْ ﴾ ﴿ ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار! سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.** ﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ تۇرۇپ مەنىسىنى چۈشىنەلمەيۋاتىسىلەر. بىز پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق؛ ‹كىشىلەر زالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ قولىنى تۇتۇۋالمىسا الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازابلايدۇ›. ئەبۇ بەكرى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ‹ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۇناھ ـ مەئسىيەت قىلىنغان، ئۆزگەرتىشكە كۈچى يېتىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتمىگەن كىشىلەرگە الله ئومۇميۈزلۈك ئازاب ئەۋەتىدۇ›

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئەزىز، ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئىچىدە گۇناھ قىلىنسا، ئۇلار باشقىلارنىڭ گۇناھىنى توسۇمىسا، الله ھەممىسىنى ئازابلايدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇڭلار. ئۇنداق بولمايدىكەن، الله ئۆز تەرىپىدىن ئازاب ئەۋەتىدۇ. مىڭلاپ دۇئا قىلساڭلارمۇ ئىجابەت قىلىنمايدۇ.** »(تىرمىزى)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئاجىزلىرىغا كۈچلۈكلىرىدىن قىساس ئېلىپ بېرىلمىگەن ئۈممەتنى الله قانداقمۇ ئەزىز قىلسۇن؟»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىچىدە بىرەرسى گۇناھ قىلىپ قالسا، ئۇزرە بولىشى ئۈچۈنلا ئۇنى توسۇپ قوياتتى. ئەتىسى يەنە شۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەم بىلەن ئۇنىڭ تونۇگۇنكى خاتالىقنى كۆرمىگەندەك، بىللە ئولتۇرۇپ بىرگە يەپ ـ ئىچەتتى. الله ئۇلارنىڭ مۇشۇ قىلمىشىنى كۆرۈپ، داۋۇد ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ تىلىدا بەزىسىنىڭ قەلبىنى بەزىسىگە قارشىلاشتۇرۇپ قويدى.«بۇ ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق**

قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى.»(مائىدە،78) مىنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى! ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇڭلار، يامانلىق قىلغۇچىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، ھەقىقەتكە زورلاپ ئەكىلىڭلار. ئۇنداق قىلمىساڭلار، الله بەزىڭلارنىڭ قەلبىنى بەزىڭلارغا قارشىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ۋە بەنى ئىسرائىللارغا لەنەت قىلغاندەك سىلەرگىمۇ لەنەت قىلىدۇ» (تىبرانى)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھاجىرلار جامائەسى! بەش ئىش بولۇپ، الله سىلەرنى ئۇنىڭغا يولۇقتۇرمىسۇن. بىرىنچىسى؛ كىشىلەر ئارىسىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىنىدىغان پاھىشە مەيدانغا چىقىپلا قالسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋابا كېسىلى، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بىشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان كېسەل تارقىلىپ كېتىدۇ. ئىككىنچىسى؛ كىشىلەر تارازادا كەم بەرسە قەھەتچىلىك، قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەت، ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇم ـ زوراۋانلىقى بىلەن جازالىنىدۇ. ئۇچىنچىسى؛ ئۇلار مېلىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، يامغۇر ياغمايدۇ. چاھارپايلار بولمىغان بولسا، الله ئۇلارغا بىر تېمىتىممۇ يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرمەيتتى. تۆتىنچىسى؛ ئۇلار اللهقا پەيغەمبەرگە بەرگەن ئەھدىنى بۇزۇپلا قالسا، ئۇلارغا دۈشمەنلىرىنى ئىگە، ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن دۈشمەنلىرى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى نەرسىلىرىنى تارتىۋالىدۇ. بەشىنچىسى؛ ئىماملىرى اللهنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا، الله چۈشۈرگەن ھۆكۈمنى ئۈستۈن بىلمىسە، الله ئۇلارنىڭ ئازابىنى ئۆز ئارىسىدا قىلىپ قويىدۇ (يەنى الله ئۇلارنى ئۆز ـ ئارا ئىچكى ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىققا دۇچار قىلىدۇ.)» مانا بۇ ئۈممەتكە بالايى ـ مۇسىبەتلەرنى كەلتۈرىدىغان بەش ئىش ـ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش بولمىغان ھالەتتىلا ئاشكارا بولىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ھەر قانداق مۇسىبەتلەردىن خاتىرجەم بولۇشنىڭ مۇستەھكەم يولىدۇر.»

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە يەر يۇتۇش، سۈرىتى ئۆزگىرىش، بوھتان بولىدۇ، مۇسۇلمانلاردىن بىرسى: شۇ ئىش قاچان يۈز بېرىدۇ ـ ، دېدى. پەيغەمبەر ﷺ : ناخشىچى قىزلار، چالغۇ ـ ئەسۋابلىرى ئاشكارا بولۇپ، ھاراق ئىچىلگەن ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ ـ ، دېدى. »(تىرمىزى)

مۇشۇ گۇناھ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچىلارنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتى ئاجىزلاشقان ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ.

ئەبۇ بەكرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ياخشىلىققا بۇيرۇيالمايدىغان، يامانلىقتىن توسالمايدىغان بىر زاماندا ياشاپ قېلىشىمدىن قورقىمەن. ئۇ كۈنلەردە ياخشىلىق يوق».**

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئېتىش شۇنداق بىر شۇملۇقنى كەلتۈرىدۇكى، قىيامەتنىڭ قورقۇنچلىرى ياخشىلىققا بۇيرۇمىغان، يامانلىقتىن توسۇمىغان كىشىلەر ئۈستىگە چۈشىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللە سۈرىيە تەرەپتىن سوغۇق شامال ئەۋەتىدۇ، زېمىن يۈزىدە زەررە مىقدارى ئىمانى بار ئادەمنى قويماي قەبزى روھ قىلىدۇ. بېرىڭلار تاغ باغرىغا كىرىۋالسىمۇ، شامال ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ قەبزى روھ قىلىدۇ. ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئەسكىلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار ئۇچار قۇشلاردەك، تېزلىك بىلەن شەھۋەتلەرگە غەرق بولىۋاتقان يىرتقۇچلاردەك، بىر ـ بىرىگە زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلىۋاتقان، ياخشىلىقنى تونۇمايدىغان، يامانلىقنى ئىنكار قىلالمايدىغان ھالەتلەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. »**(مۇسلىم)مانا مۇشۇلار ئۈستىگە قىيامەت بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«قىيامەت، زېمىن ئۈستىدە اللە دېگەن سۆز قالمىغان ۋاقىتتا بولىدۇ.»**

ئەنە شۇنداق كۈننىڭ كېلىپ قېلىشى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچىلارنىڭ يوق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىش، بىلىمسىزلىك ئاشكارا بولۇش، زىنا ـ پاھىشەنىڭ تارقىلىشى، ھاراق ئىچىلىش، ئاياللار كۆپىيىپ، ئەرلەر ئازىيىپ كېتىش، ھەتتاكى ئەللىك ئايالغا بېجىرىم بىر ئەر توغرا كېلىدىغان دەرىجىدە ئازىيىپ كېتىش قىيامەتنىڭ بەلگىلىرىدىندۇر».** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مانا بۇ ئىشلار ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ يوق بولۇپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اﷲ زېمىندىكى دىندار كىشىلەرنى ئېلىپ كېتىپ، ياخشى ـ يامانني بىلمەيدىغان دۆتلەر قېلىپ قالغاندا قىيامەت بولىدۇ»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ياخشىلار دۇنيادىن بىر ـ بىرلەپ كېتىپ، خورما، ئارپىلارنىڭ پۇچەكلىرىگە ئوخشاش پۇچەك كىشىلەر قىلىپ قالىدۇ. اﷲ ئۇنداقلارنىڭ رايىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. »**

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: **«ياخشى كىشىلەر بۇرۇن كىتىپ قالىدۇ. شەك قىلغۇچىلار قالىدۇ. ئۇلار ياخشىلىق يامانلىقنى بىلمەيدۇ. »**

**ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھۆكۈمى**

بىز ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئەھمىيتىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن كېلىپ چىققان خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى بايان قىلغىنىمىزدىن كيىن، اﷲنىڭ ئىزنى بىلەن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھۆكۈمىنى بايان قىلىشقا ۋە مۇشۇ ھۆكۈمگە ئالاقىدار بولغان بەزىبىر مەسىلىلەرنى اﷲتىن ئىلھام ئىلىپ تۇرۇپ بايان قىلىشنى خالايمىز.

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھۆكۈمى: ھەر قانداق مۇسۇلمان ئەر ـ ئايالغا ئېلىم ئىقتىدارى، ئۇنىڭ ئىمكانىيتى، ئۇ ياشاۋاتقان شارائىتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ پەرزدۇر.

اﷲ مۇنداق دېگەن:

**﴿ فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ ﴾**

**﴿ تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اﷲغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار ﴾** (تەغابۇن، **16**)

مۇشۇ ئايەتتە ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەستىن، ھەممە مۇسۇلمانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەممەيلەن اﷲتىن بارلىق ئىمكانىيتىنىڭ يېتىشىچە قورقۇش تەلەپ قىلىنغان. ئىلمى ۋە ئىمكانىيتىگە قاراپ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش اﷲتىن قورقۇش ھېسابلىنىدۇ .

يۇقىرىقىسى ئومۇمىي ھۆكۈم ۋە ئەسلى پىرىنسىپتۇر . ئۇنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇنۇ سۆزى ئۇقتۇرىدۇ: **«ھەممىڭلار پادىچى، ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سوئال قىلىنىسىلەر»**.(بۇخارى)

مۇشۇ ھەدىس ئومۇمىي بولۇپ، ھەممە مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان پادىچى ھېسابلىنىدۇ . الله ئۇنى ئىگە قىلغان نەرسىدىن سوراق بىرىدۇ. پادىچى ئۆز پۇقراسىنى ۋە الله ئۇنىڭغا ئىگە قىلغان كىشىلەرنى نەسىھەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش بىلەن يوقلاپ تۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دىگەن: **«يامانلىقنى كۆرگەن كىشى قولى بىلەن تۈزەتسۇن، كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن تۈزەتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا قەلبىدە ئۆچ كۆرسۇن. قەلبىدە ئۆچ كۆرۈش ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر»**.(مۇسلىم)

نەسەئىنىڭ رىۋايىتىدە «يامانلىقنى كۆرسەڭلار، قولۇڭلار بىلەن ئۆزگەرتىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار پاك بولىسىلەر، قولۇڭلار بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىساڭلار تىلىڭلار بىلەن ئۆزگەرتىڭلار، پاك بولىسىلەر، تىلىڭلار بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىساڭلار قەلبىڭلاردا ئۆزگەرتىڭلار، پاك بولىسىلەر، ئەنە شۇ قەلبىدە ئۆچ كۆرۈش ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر»دىيىلگەن.

پەيغەمبەر ﷺنىڭ: **«سىلەر يامانلىقنى كۆرسەڭلار»** دىگەن سۆزى تەكلىپ يېشىغا يەتكەن ھەر بىر مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھېچبىرى سىرتىدا قالمايدۇ. **«ئۆزگەرتىڭلار»** دىگەن سۆزى كەسكىن ۋاجىپلىقنى ئۇقتۇرىدىغان بۇيرۇقتۇر. بۇ سەۋىيىلىك، ئىقتىدارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىمكانىيىتى بار كۈچلۈك ئادەم يامانلىقنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىشى كېرەك!، ئازراق كۈچى بار ئادەم تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشى كېرەك!، ئىككى خىلدىن بىرىنىمۇ قىلالمىسا قەلبىدە ئۆچ كۆرۈشى لازىم!، بۇ ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر. مانا بۇ كىچىككىنە ياخشىلىقتىن قەلبىدە قىچىنىڭ دانىسىچىلىك ئىمانى بار ئادەم ئايرىلىپ قالمايدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دىگەن: **«ئۇلارغا قولى بىلەن كۈرەش قىلغىنىمۇ مۆئمىن، تىلى بىلەن كۈرەش قىلغىنىمۇ مۆئمىن، قەلبىدە كۈرەش قىلغىنىمۇ مۆئمىن، بۇنىڭ قالغىنىدا ئىمان يوق»**.(مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺنىڭ **«پاك بولدى»** دېگەن سۆزىدىن يامانلىقنى يامانلىق دەپ بىلمىگەن كىشى كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر گۇناھتىن، قىيامەت كۈنىدىكى جازادىن پاكلىنالمايدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىشىلەردىن قورقۇش بىر ئادەمنى ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ سۆزلەشتىن توسمىسۇن. ھەقنى دېيىش ئەجەلنى يېقىنلاشتۇرمايدۇ، رىزىقنى يىراقلاشتۇرمايدۇ.»**

بۇ ھەدىس ھەر بىر مۇسۇلمان كىشىگە ئۇمۇمىيدۇر. خالايىقلاردىن قورقۇپ ئەيمىنىش ھەربىر مۇسۇلماننى ھەقنى جاكارلاشتىن ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەجبۇرىيەتنى ئۆتەشتىن توسۇپ قويماسلىقى لازىم.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«بىرىڭلار ئۆزىنى تۆۋەن كۆرمىسۇن. ساھابىلەر ئېيتتى: بىز ئۆزىمىزنى قانداقمۇ تۆۋەن كۆرىمىز؟** پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى **:الله رازىلىقى ئۈچۈن سۆز قىلىش زۆرۈر بولغان بىر ئىشنى كۆرۈپ گەپ قىلماي تۇرىۋىلىشى تۆۋەن كۆرگەنلىك بولىدۇ. الله ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى: نىمشقا سەن پالانى ئورۇندا پالانى ـ پۈكۈنى گەپنى قىلمىدىڭ؟** دەيدۇ، **ئۇ كىشى: باشقىلاردىن قورقۇپ قاپتىمەن دەيدۇ. الله: سىنىڭ قورقۇشۇڭغا مەنلا ھەقلىق ئىدىمغۇ؟ دەيدۇ»**. (ئىبنى ماجە)

پەيغەمبەر ﷺنىڭ **«ئۆزۈڭلارنى تۆۋەن كۆرمەڭلار»** دىگەن سۆزى ھەممە مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان خىتابتۇر.

بىرىڭلار ئۆزىگە سەل قارىمىسۇن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش رولىنىڭ ئەھمىيتىگە سەل قارىمىسۇن ۋە ھەق تەرەپتارىدا بولۇش رولىغا سەل قارىمىسۇن. ئۇ ھەقىقەتكە ياردەم بېرىدىغان ئورۇنلاردا بىلگەن ھەقىقەتنى ئوتتۇرغا قويۇشتىن ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈپ: ‹مەن باشقىلارغا گەپ قىلغۇدەك كىم ئىدىم، ھەقىقەتنى بايان قىلىش مەسئۇلىيتىنى مەندىن باشقىلار ئۈستىگە ئالار›، دىمىسۇن. سەل قاراپ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، كىشىلەردىن قورقۇش ئۇ ئادەمگە ۋاجىپ بولغان ھەقىقەتنى ئوتتۇرغا قويۇپ، ھەق سېپىدە تۇرۇشقا سەل قاراشقا ئاپىرىپ قويىدۇ.

كوچا ـ كويلاردا ، ئۆي ـ ئۆيلەردە بولۇپمۇ پەيغەمبەر ﷺ ياخشى دەپ ماختىغان ئۈچ ئەسىردىن كېيىنكى زامانلاردا يامانلىقنىڭ تارقىلىپ كېتىشى ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ .

بارلىق ئورۇنلاردا يامانلىق ، بۇزۇقچىلىق تارقىلىپ كەتتى . يامانلىقنىڭ ۋاستىلىرى پەۋقۇلئاددە شەكىلدە كۆپىيىپ كەتتى . شۇنىڭغا ئەگىشىپ ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىسى مۇئەييەن كىشىلەر بىلەنلا چەكلەندى . ئۇلار يامانلىق يۈز بەرگەن ئورۇنلارغا دەل ۋاقتىدا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتىيەلمەيدۇ . مانا بۇ ئىشمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر .

ھەربىر ئادەم ئۆزى كۈچى يەتكەن بويىچە ئۆزىنىڭ دىيارىدا يامانلىقنى ئۆزگەرتىشى ۋاجىپ . ۋاجىپنى تولۇقلايدىغان ئىشنىڭ ئۆزىمۇ ۋاجىپتۇر .

پەيغەمبەر ﷺنىڭ ساھابىلىرىدىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇشقا بەيئەت ئېلىشى ، يولدا ئولتۇرغان كىشىلەرگە يولنىڭ ھەققىنى بېرىشكە بۇيرۇغانلىقىمۇ مۇشۇ تەكلىپنىڭ ئومۇمىي ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ .

پەيغەمبەر ﷺ نامرات مۇسۇلمانلارنىڭ سەدىقە بېرىشكە كۆرسەتمە بەردى . ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇشنى پەيغەمبەر ﷺ سەدىقە دەپ ھېسابلىدى . ھەر قانداق ئىنسانىنىڭ بوغۇمىغا سەدىقە كېتىدۇ . ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇشمۇ سەدىقە دېدى . پەيغەمبەر ﷺنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇمىغان ، يامانلىقتىن توسمىغان كىشى بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس دېگەنىدەك ھەدىسلىرى ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھەممە مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

**﴿ وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عن الْمُنكَرِ ﴾**

**﴿ مۇئمىن ئەرلەر مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر .ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ . ﴾** (تەۋبە ،**71**)

تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان «ال» نىڭ مۆئمىن ئەر ـ ئايالغا كىرىشى ئومۇمنى ئۇقتۇرىدۇ .

ئىبنى تەيمىيە فەتۋاسىدا مۇنداق دېگەن: «دىنىنىڭ يىغىندىسى ۋە مۆئمىنلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە كاپالەتلەرنىڭ ئاساسى بۇيرۇش ۋە چەكلەشتىنلا ئىبارەت بولغانىكەن ـ ئۇنداقتا اللە پەيغەمبىرىنى ئەۋەتكەن بۇيرۇق، ياخشىلىقا بۇيرۇش، ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتكەن چەكلەش يامانلىقتىن چەكلەشتۇر. مانا بۇ پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەرنىڭ سۈپىتىدۇر.»

﴿ وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عن المُنكَرِ ﴾

**﴿ مۇئمىن ئەرلەر مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر. ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ.»**(تەۋبە، **71)**

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش كۆچى يەتكەن ھەر بىر مۇسۇلمانغا ۋاجىبتۇر. بۇ پەرز كۆپايە بولۇپ، باشقىلار بۇ مەجبۇرىيەتنى ئۆتىمىسە، كۆچى يەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەرز ئەين بولۇپ قالىدۇ. ۋاجىب بولۇشىنىڭ شەرتى يەتكۈزۈشكە كۆچى، ئىقتىدارى بولۇشتۇر.

﴿ فَاتَّقُوا اللَّهَ مَااسْتَطَعْتُمْ ﴾

**«تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە، اللەغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار!»**(تەغابۇن، **16)**

يۇقاردا سۆزلىگەنلىرىمىز ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىسىگە ئايرىم ۋاقىت چىقىرىدىغان خۇسۇسى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشىغا قارشى كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ كىشىلەر مەجبۇرىيەتنى تولۇق ئۆتەشكە ئالاھىدە ئىقتىدارى ۋە تالانتى بار كىشىلەردۇر.

﴿ وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ ﴾

**﴿ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن ! ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ﴾** (ئالى ئىمران، **104)**

اللەنىڭ **﴿ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بىر جامائە بولسۇن ﴾** دېگەن سۆزى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىسى ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىدىغان، مۇشۇنىڭغا بېرىلگەن بىر بۆلۈك كىشىلەر چىقسۇن دېمەكچى.

ئىبنى كەسىر تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «زەھھال مۇنداق دىگەن: ئۇ بىر بۆلۈك كىشىلەر، مۇجاھىدلار، ئالىملاردۇر. بۇ ئايەتنىڭ مەقستى: گەرچە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋاجىب بولغان تەقدىردىمۇ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇيدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر تەشكىللەنسۇن دىمەكچى.»

﴿ وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُواْ كَآفَّةً فَلَوْلاَ نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي الدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُواْ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ ﴾

**﴿ مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى) ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن قەۋمىنىڭ اللهدىن قورقۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقستىدە نېمىشقا (جىھاد قىلىشقا) چىقمىدى»**(تەۋبە ،**122**)

بىر تۈركۈم كىشىلەر دىندا ئالىم بولسۇن، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش بىلەنلا تۈرسۇن.

ئەگەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش قاچان پەرز كۇپايە بولىدۇ؟ ئىلىملىك كىشىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ـ بىر بۆلۈك كىشىلەر قىلسا، باشقىلارغا كۇپايە قىلىدىغان پەرز كۇپايە دەپتۇ، بىز بۇ سۆز بىلەن، ھەر بىر مۇسۇلمانغا ۋاجىب دىگەن سۆزنى قانداق ماسلاشتۇرىمىز؟ دىيىلسە:

مەن ئىيتىمەن: ئىنشائاللاھ! بۇ سۆز بىر ـ بىرىگە قارشى كەلمەيدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھەر خىل شەكىل، ھالەتلىرى بولىدۇ، بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار قىلسا، باشقىلارغا كۇپايە بولىدىغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن: كوچا ـ كويلاردا ۋە سورۇنلاردا بىر خاتالىقنى يۈزچە ئادەم كۆرۈپ، ئۇلاردىن بەشچە ئادەم يامانلىقنى ئۆزگەرتىشكە ھەركەت قىلسا قالغان كىشىلەرگە كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىپە يامانلىقنىڭ يوقۇلىشى ئۈچۈن كۆرگەن كىشىنىڭ ھەممىسى قاتنىششى زۆرۈر ئەمەس. ئۇ يامانلىقنى بەشچە ئادەم ئۆزگەرتىش قىيىن بولسا باشقىلاردىن كۆچى يەتكەنلەر قاتنىششى كىرەك. ھەربىر ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان شارائىت، موھىتتا كۈچى يەتكەنچە، بىلگىنى بويىچە بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ.

يەنە بىر مىسال: كۈچلۈك ۋاستىلار بىلەن قوراللانغان يامانلىققا مۇسۇلمان ھاكىم ۋەكىللىك قىلىپ ياكى ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۆزگەرتىشكە ھەركەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىش بىلەن يامانلىقنى يوقاتقىلى بولمىسا، باشقىلار شۇ يامانلىقنى ئۆزگەرتىشكە ياردەملىشىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا ھەممەيلەن تەڭ گۇناھكار بولىدۇ. يۇقارقى مىساللارنى چۈشەنگەن كىشى ئالىملارنىڭ سۆزى ئوتتۇرىسىدا قارشىلىق يوقلۇقنى چۈشىنەلەيدۇ.

ئەگەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھەممەيلەنگە، ئىمكانىيىتىگە قاراپ ۋاجىب ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان دەلىللەر بىلەن اللهنىڭ:

﴿ الَّذِينَ إِن مَّكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ وَأَمَرُوا بِالْمَعْرُوفِ وَنَهَوْا عَنِ الْمُنكَرِ وَلِلَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ ﴾

**﴿ (اللهنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى اللهغا مەنسۇپتۇر، (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە اللهغا قايتىدۇ) ﴾** (ھەج،41) دىگەن ئايىتىنىڭ ئارىسىنى قانداق ماسلاشتۇرۇپ چۈشىنىمىز؟

ئايەتتە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى زېمىندا كۈچ تاپقانلارنىڭ خۇسۇسى ۋەزىپىسى دەپ كۆرسىتىپتۇ. ھەربىر مۇسۇلمان بۇ زېمىندا كۈچ تاپالمايدۇ. دەپ سورالسا مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن:

ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىدا قاشىلىق يوق. الحمد لله زېمىندا كۈچكە ئىگە بولغانلار پۈتۈنلەي ياخشىلىققا بۇيرۇپ، بىر پۈتۈن يامانلىقتىن توسىدۇ. شەرىئەتتە جازاغا لايىق بولغانلارغا جازا تۈرغۈزىدۇ. ئاجىز مۇسۇلمانلار بولسا كۈچى يەتكەنچە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىشىنى قىلىدۇ. الله ئىنسانلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. مۇشۇ تەرەپتىن ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارشىلىق بولمايدۇ.

خۇلاسە كالام! ئىنسان قانچىلىك ئىلىملىك، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بولسا شۇنىڭغا قاراپ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىكى مەجبۇرىيەت دائىرىسى كېڭىيدۇ. ئاجىز،

يىتەرسىز بولسا ئۇنىڭ يەتكەن مىقداردا بولىدۇ. ئاجىز بىچارە مۇسۇلمانغا ۋاجىب بولمىغىنى كۈچلۈك، ئىقتىدارلىق مۇسۇلمانغا ۋاجىب بولىدۇ. ھەدىستە:«**كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز مۆئمىندىن ياخشى. ھەم اﷲقا ياخشى كۆرۈلگۈچىدۇر.**» دېيىلگەن.

**ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ شەرتلىرى**

**1) مۇسۇلمان بولۇش؛** بۇ ھەرقانداق ئىبادەتنىڭ اﷲنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتىدۇر. اﷲ ئېيتىدۇ:

﴿ وَلَوْ أَشْرَكُواْ لَحَبِطَ عَنْهُم مَّا كَانُواْ يَعْمَلُون ﴾

**﴿ اﷲنىڭ توغرا يولى ئەنە شۇدۇر. اﷲ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرنى شۇ يولغا باشلايدۇ. ئەگەر ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى. ﴾** (ئەنئام، **88**)

﴿ وَقَدِمْنَا إِلَى مَا عَمِلُوا مِنْ عَمَلٍ فَجَعَلْنَاهُ هَبَاء مَّنثُوراً ﴾

**﴿ بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز. (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز). ﴾** (فۇرقان، **23**)

مۇسۇلمان بولمىغان كىشى كاتتا ياخشىلىق بولغان تەۋھىدنى بىلمەيدۇ. ئەڭ ئېغىر يامانلىق بولغان شېرىككە ئۇرۇنىدۇ. بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغان كىشى باشقىلارغا بېرەلمەيدۇ. ئەمما مۇسۇلمان بولمىغان كىشى تەبىئىي ياخشىلىق بولغان، خەلقنىڭ نەزىرىدە ياخشىلىق دەپ تونۇلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ناچارلىق دەپ تونۇلغان يامانلىقتىن توسقان بولسا ئۇ قىلمىشى چەكلەنمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام ھەقىقى ئىنساپلىق بىلەن مەنپەئەت ھاسىل قىلىپ، بۇزۇقچىلىقنى يوقىتىپ، ئىمكانقەدەر زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن كەلگەن.

مەقسەت مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن روياپقا چىقىسمۇ بولىۋېرىدۇ. سەھىھ ھەدىستە كەلدىكى،پەيغەمبەر ﷺ زالىمدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ھەققىنى ئېلىپ بېرىشتەك پاك مەقسەتلەر ئۈچۈن، ئاقكۆڭۈل، پەزىلەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان خەيرىيەت ئۇيۇشمىسىنى تەبرىكلىدى. ھالبۇكى بۇنىڭ قۇرغۇچىلىرى مۇشرىكلار ئىدى.

**2) بالاغەتكە يەتىش؛** بۇ ۋاجىپلىقنىڭ شەرتى؛ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ بىۋاستە توغرا بولۇش ياكى ئەمەلىنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتى ئەمەس. چۈنكى بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن بالىلارمۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسسا ئەجىر بار. لېكىن بالىغا ۋاجىپ ئەمەس.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«قەلەم ئۈچ كىشىدىن كۆتۈرۈلدى. كىچىك بالىدىن يېشىغا يەتكەنگە قەدەر.»** دېگەن سۆزنىڭ چىلىك.

**3) ئىقتىدارى، كۈچى بولۇشى كېرەك؛** ئاجىز ئادەمدىن تەكلىپ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

**﴿ لاَ يُكَلِّفُ اللّهُ نَفْساً إِلاَّ وُسْعَهَا ﴾**

**﴿ الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. ﴾** (بەقەرە **286** ـ ئايەتنى بىر قىسمى)

**﴿ فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ ﴾**

**﴿ تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللهغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. ﴾** (تەغابۇن، **16**)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مەن بۇيرۇغان ئىشنى كۈچۈڭلار يەتكەنچە قىلىڭلار.»** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «الله قادىر بولغۇچى، قادىر بولغان ئىشنى قىلىدىغانلىقنى بىلىپ، ئۇ كىشىگە ساۋاب بېرىدۇ. قادىر تۇرۇپ قىلمىغان كىشىنى ئازابلايدۇ. الله كىمنىڭ قادىر، كىمنىڭ قادىر بولىدىغانلىقنى، كىمنىڭ قادىر بولالمايدىغانلىقنى بىلىدۇ. قادىر بولمىغان كىشىنى بۇيرۇمايدۇ ۋە قادىر بولالمىغانلىقىغا قارىتا ئازابلىمايدۇ»

ئاجىز ئادەمدىن ئاجىز كەلگەن ئىشلاردىكى تەكلىپ كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ. مەسىلەن: قولى بىلەن يامانلىقنى ئۆزگەرتىشتىن ئاجىز كەلگەن ئادەم، تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قولى بىلەن ئۆزگەرتەلمىگەنلىك ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىسمۇ، تىلى بىلەن يامانلىقنى ئۆزگەرتىشكە قادىر تۇرۇپ ئۆزگەرتمىسە ھېساب ئېلىنىدۇ. يامانلىق مىقدارى، تۈرى، كۈچلۈكلۈكى جەھەتتىن پەرقلىق بولىدۇ. بىرخىل يامانلىقنى ئۆزگەرتەلىگەن ئادەم يەنە بىرخىل يامانلىقنى ئۆزگەرتەلمەسلىكى مۇمكىن . ئۆزگەرتىشتىن ئاجىز كەلگىنىدە ئۆزرىسى قوبۇل

قىلىنىدۇ. ئۆزگەرتەلەيدىغان يامانلىقنى ئۆزگەرتىش ئۇنىڭغا زۆرۈر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدىغان ئاجىزلىق قانداق ئاجىزلىق بولىدۇ؟ يامانلىقنى چېكىندۈرۈشكە بارلىقى، كۈچىنى چىقىرىپ ئۇنى چېكىندۈرەلمىگەن بولسا بۇنداق ئاجىزلىق ئۆزرىلىك بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى يوقىتىشقا قادىر تۇرۇپ، ئاجىزلىقىنى يوقىتىشقا تىرىشمىسا بۇنداق ئادەمنىڭ ئاجىزلىقى ئۆزرە ھېسابلانمايدۇ. گەرچە ئۇ ئادەم ئاجىز بولغان تەقدىردىمۇ ئاجىزلىقنى يوقىتىشقا قادىر تۇرۇپ يوقاتمىدى.

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېدى: «يامانلىقنى يوقىتىشتىن ئاجىز كەلمىگەندە ئۆزرە قوبۇل بولمايدۇ. ئىنسانغا ھەقىقەتنى تونۇش مۇمكىن بولسا، ئۇ ھەقىقەتنى تونۇشقا سەل قارىسا. ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.»

**4) بىلىش؛** بىز بۇ شەرتتىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى مۇجتەھىد، ئالىم بولىشى كېرەك دېگەننى نەزەردە تۇتمايمىز. بەلكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى بۇيرۇغان، چەكلىگەن نەرسىنى بىلىش، يەنى بۇيرۇغان ۋە چەكلىگەن ئايرىم مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق بىلگەن بولۇش دېمەكچىمىز. چۈنكى بىلمەيدىغان ئادەم باشقىلارنى بۇيرۇيالمايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار.»** (بۇخارى)

اللهنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەتنىلا بىلىدىغان كىشى ئۇچۇن قۇرئاننىڭ ھەممە يېرىنى بىلىپ بولغىنىڭغا قەدەر يەتكۈزسەڭ بولمايدۇ دېيىلمەيدۇ. بۇنداق دېيىش پەيغەمبەر ﷺنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قارشى. لېكىن باشقىلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان ئايەتنى ئۆزۈڭ ياخشى بىلىشىڭ كېرەك.

ئەبۇزەر رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: **«ئى رەسۇلۇللاھ بەندىنى دەۋزەختىن نېمە قۇتۇلدۇرىدۇ؟** پەيغەمبەر ﷺ : **اللهقا ئىما كەلتۈرۈش ؛**دېدى، **مەن: ئى رەسۇلۇللاھ ئەمەل بىلەن قوشۇپ بىر ئەمەل بارمۇ؟ دېدىم،** پەيغەمبەر ﷺ : **الله رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن سېخىپ بېرىشىڭدۇر. دېدى، مەن: ئى رەسۇلۇللاھ ئەگەر سېخىپ بىرىدىغىنىنى تاپالمايدىغان نامرات بولسىچۇ؟ دېدىم،** پەيغەمبەر ﷺ: **ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ. دېدى مەن: ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسالمايدىغان ئىقتىدارسىز بولسىچۇ؟ دېدىم،** پەيغەمبەر ﷺ :

**قىلالمىغانلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىدۇ، مەن: ھېچ ئىش قىلالمايدىغان بولسىچۇ؟ دېدىم،** پەيغەمبەر ﷺ **: مەغلۇپ بولغۇچىغا ياردەم بېرىدۇ. دېدى. مەن: ئۆزى ئاجىز بولۇپ مەغلۇپ بولغۇچىغا ياردەم بېرەلمەيدىغان بولسىچۇ؟ دېدىم،** پەيغەمبەر ﷺ **: سەن ئۇنىڭدا ھېچقانداق ياخشىلىق يوق دېمەكچىمۇ؟ ئۇ ئازار بېرىشتىن ساقلانسۇن دېدى، مەن: ئى رەسۇلۇللاھ، شۇنداق قىلسا جەننەتكە كىرەمدۇ؟ دېدىم.** پەيغەمبەر ﷺ **: يۇقاردىكى ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلغان مۇسۇلماننىڭ قولىنى تۇتۇپ جەننەتكە ئەكىرىمەن، دېدى»** (تىبرانى)

ھەدىستىكى دەلىل شۇكى: ئەبۇزەر ﷺ«ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسيالمايدىغان ئىقتىدارسىز بولسىچۇ؟» دەپ سورىغىنىدى؛ پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسيالمايدىغان ئىقتىدارسىز، نادان دېگەن سۆزىنى چەتكە قاقمىدى. مانا بۇ ئېلىمنىڭ ـ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ شەرتى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

**5) ياخشىلىققا بۇيرۇش چوڭراق بىر ياخشىلىقنىڭ يوقىلىشىغا، يامانلىقتىن چەكلەش چوڭراق بىر يامانلىققا ئاپىرىپ قويماسلىقى كېرەك.**

ياخشىلىققا بۇيرۇش چوڭراق بىر ياخشىلىقنىڭ يوقىلىشىغا ئاپىرىپ قويسا، چوڭراق ياخشىلىقنى ئىزدىگەنلىك سەۋەبىدىن شۇ ياخشىلىققا بۇيرۇشتىن توختاش كېرەك. مەسىلەن: ئىنسان نەپلە ئەمەللەرنى قىلىمەن دەپ پەرز ئەمەللەرگە دەخلى يەتكۈزۈش خاتالىق. توغرا ئىش شۇكى، پەرز بىلەن نەپلىنى جەم قىلىش قىيىن بولۇپ قالغاندا پەرزنى ئالدىغا قويۇش كېرەك . كىچىكتۈرۈشنى قوبۇل قىلمايدىغان پەرزنى، كىچىكتۈرۈشنى قوبۇل قىلىدىغان پەرزنىڭ ئالدىغا قويۇش كېرەك . مەسىلەن: كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇۋاتقاندا، بىر ئادەم كېلىپ: مەن مۇسۇلمان بولماقچى، نېمە دەيمەن؟ ۋە نېمە ئىشلارنى قىلىمەن؟ دەپ سورىسا، ئۇ ئادەم جۈمە كۈنى خۇتبە سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋەز ـ نەسىھىتىنى تاشلاپ قويۇپ ھېلىقى ئادەمگە ئىككى شاھادەتنى ۋە ئىسلامغا كىرگەن ۋاقىتتا بىلىش زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىپ قويىدۇ. چۈنكى كۇفرى، شېرىكنى يوقىتىش مۇمكىن بولغان ۋاقىتتا ئۇنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئىنساننى كۇفرى، شېرىكنىڭ زۇلۇملىرىدىن تەۋھىد، ئىماننىڭ نۇرىغا قۇتقۇلدۇرۇش مۇسۇلمانلارغا پەند ـ نەسىھەت قىلىشتىنمۇ مۇھىمراقتۇر .

يەنە بىر مىسال؛ ئىككى كىشىنى بىرلىكتە داۋالىغىلى بولمىسا، بىرسىنى داۋالاشنى كېچىكتۈرۈش ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرمىسە، يەنە بىر كىشىنى داۋالاشنى كېچىكتۈرسە دەرھال ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋالدا بولسا ئۇنىڭ كېسىلى خەتەرلىك بولغان كىشىنى، يەنە بىرسىدىن بۇرۇن داۋالاش كېرەك .

يەنە بىر مىسال؛ كافىر، زالىم پادىشاھلارغا پەند ـ نەسىھەت قىلىش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرسە، كىشىنىڭ شۇ ئىشى ئۆزىنىڭ دىنى، ئەقىدىسى، تەۋھىدىنى يوق قىلىۋەتسە ۋە كىشىلەرنىڭ دىن، ئەقىدە، تەۋھىدىنى يوق قىلىۋەتسە، ئۇلارنىڭ قېشىغا دىن بىلەن كىرىپ، دىنسىز چىقىدىغان ياكى ئۇنىڭ دىنى تاغۇتلارنىڭ دىنىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالسا، مانا بۇنداق پەند ـ نەسىھەتنى قىلىشقا بولمايدۇ. كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۈگۈتۈپ ئۆزنى ۋە يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇپ قالسا، كىشىلەرگە يورۇقلۇق بېرىپ، كۆيۈپ كېتىۋاتقان شامغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. يامانلىقنى ئۆزگەرتىش ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بىر يامانلىققا ئاپىرىپ قويسا، ئۇ يامانلىقنى ئۆزگەرتىش دۇرۇس بولمايدۇ. مەسىلەن: كافىرلارنى ئۆلتۈرىمىز دېگەن سەۋەب بىلەن ئىدارە ـ ئورگان ياكى شىركەتلەرنى پارتلىتىش بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ، تىنچ ـ ئامان كىشىلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، بۇ ـ يامانلىقنى ئېغىرراق يامانلىق بىلەن يوقاتقانلىق بولۇپ بۇ قىلمىش توغرا بولمايدۇ.

يەنە بىر مىسال؛ بىر پىتنىدىن قېچىپ ئېغىرراق پىتنىگە چۈشۈپ قىلىش. مەسىلەن: ئاياللارنىڭ ياكى دۇنيانىڭ ئازدۇرۇپ قويىشىدىن قېچىپ الله يولىدا جىھاد قىلىشنى تەرك ئېتىش ياكى بازارلاردىكى يامانلىققا كۆز سېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىش. بۇ توغرا ئەمەس.

**﴿ وَمِنْهُم مَّن يَقُولُ ائْذَن لِّي وَلاَ تَفْتِنِّي أَلاَ فِي الْفِتْنَةِ سَقَطُواْ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةٌ بِالْكَافِرِينَ﴾**

**﴿ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: «ماڭا (يەنى مېنىڭ قىلىشىمغا) رۇخسەت قىلغىن، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن. (يەنى رۇمنىڭ ئاياللىرى بىلەن گۇناھ قىلىپ سېلىشىمغا سەۋەبچى**

**بولمىغىن.)» دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەمەلدە ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) بالاغا گىرىپتار بولدى. شۈبھىسىزكى جەھەننەم كافىرلارنى ئوراپ تۇرغۇچىدۇر.﴿** (تەۋبە، **49)**

**﴾ وَالْفِتْنَةُ أَشَدُّ مِنَ الْقَتْلِ ﴿**

**﴾ زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇشتىنمۇ ياماندۇر﴿** (بەقەرە، **191)**

شېرىك پىتنىسى ۋە كۇفرى شوئارنى ئالى قىلىش، كۇفرىنىڭ نوپۇزىنى شەھەر ـ شەھەرلەرگە تارقىتىش پىتنىسى ـ دۈشمەن كافىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنلىرىنى، ئىززەت ـ ھۆرمەتلىرىنى قوغداش يۈزىسىدىن كېلىپ چىققان ئۆلتۈرۈش پىتنىسىدىنمۇ ئېغىرراقتۇر.

چوڭ گۇناھنى كافىر بولۇپ تۇرۇپ يوقاتسا ياكى كۇفرىلىق ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق كۇفرىلىق بىلەن يوقىتىلسا ياكى شۇ گۇناھنى يوقىتىش، ئۇ ئادەمنى كافىر بولۇشقا ئاپىرىپ قويسا بۇ ئەھۋالدا يامانلىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قول تىقىشقا بولمايدۇ.

**﴾ وَلاَ تَسُبُّواْ الَّذِينَ يَدْعُونَ مِن دُونِ اللّهِ فَيَسُبُّواْ اللّهَ عَدْواً بِغَيْرِ عِلْمٍ ﴿**

**﴾ مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ، ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار. (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار بىلمىگەنلىكلىرىدىن ھەددىدىن ئېشىپ ﷲنى تىللايدۇ.﴿** (ئەنئام، **108)**

ﷲنى قويۇپ چوقۇنىلىدىغان تاغۇتلارنى، شېرىك كەلتۈرۈلگەن نەرسىلەرنى تىللاش دۇرۇس ئىدى. لېكىن بۇ قارشى تەرەپنى ﷲنى تىللاشقا ئاپىرىپ قويىدىغان شەكىلدە بولغانلىقى ئۈچۈن ـ ئۇلارنىڭ ئىلمىسىز ھالدا دۈشمەنلىك قىلىپ ﷲنى تىللىماسلىقى ئۈچۈن ـ ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى تىللىماسلىق كېرەك.

يەنە بىر مىسال؛ بىر يامانلىقنى ئوخشاش يامانلىقنى قوللىنىپ تۇرۇپ يوقاتسا بولمايدۇ. مەسىلەن: كىشىلەرنىڭ يولىدىن بىر تاشنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر تاشنى قويۇپ قويسا بۇ بىھۇدە قىلمىش بولۇپ ۋاقىتنى زايە قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئىسلام پايدىسىز ئىشلارنى قىلىشتىن توسقان. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش، ياخشىلىق، كىشىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇغان .

ئىبنى قەييۇم «ئەئلام» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: يامانلىقنى ئۆزگەرتىش تۆت دەرىجە بولىدۇ. بىرىنچى: يامانلىق يوقىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ياخشىلىق چىقىدۇ. ئىككىنچى: گەرچە يامانلىق بىر پۈتۈن يوقالمىسىمۇ ئازىيىدۇ، ئۈچىنچى: يامانلىقنىڭ ئورنىغا ئوخشاش يامانلىق چىقىدۇ. تۆتىنچى: ئۇ يامانلىقنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق يامانلىق چىقىدۇ. ئاۋۋالقى ئىككى دەرىجە يامانلىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ يولغا قويۇلغان دەرىجىسىدۇر. ئۈچىنچىسى بولسا ئىجتىھاتقا قالدۇرۇلدى .(بىز يۇقاردا يامانلىقنى ئوخشاش يامانلىق بىلەن يوقىتىشنى چەكلەنگەن بىھۇدىلىك دېدۇق.) لېكىن يوق قىلىنماقچى بولغان يامانلىق بىرەر يولدىن كۈچلۈك مەنپەئەتنى روياپقا چىقارسا، مۇسۇلمانلارنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتى تونۇلۇپ، ئۇلارنى ھەقنى جاكارلاشقا جۈرئەتلەندۈرىدىغان ئەھۋالدا بولسا، بۇ ۋاقىتتا يامانلىقنى يامانلىق بىلەن يوق قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما يامانلىقنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولۇپ قالسا ئۇ ۋاقىتتا يامانلىقنى يامانلىق بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. تۆتىنچى دەرىجە ھارام. سىلەر پاسىق ـ گۇناھكارلارنىڭ شاھمات ئويناۋاتقانلىقنى كۆرسەڭ سېنىڭ ئۇلارنىڭ خاتالىقنى توسۇشىڭ ئىلمىسىز، پاكىتسىز بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئۇلارنى اللە، اللەنىڭ رەسۇلى ياخشى كۆرۈدىغان ئەمەلگە باشلاپ قويساڭ توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: ئوق ئېتىش، ئات بەيگىسىگە چۈشۈش. شۇنىڭدەك ياخشى ئەمەللەرگە يېتەكلەش بىلەن يامانلىقنى ئۆزگەرتىشىڭ لازىم. مەن ئىبنى تەيمىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «مەن بەزى يارەنلىرىم بىلەن تاتار(موڭغۇللارنى دىمەكچى) زامانىسىدا ھاراق ئىچىۋاتقان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتتۈم. مەن بىلەن بىللە بولغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى توسماقچى بولدى. مەن يارەنلىرىمنى توسۇپ مۇنداق دېدىم: اللە ھاراقنى ھارام قىلدى، چۈنكى ھاراق نامازدىن ۋە اللەنى زىكرى قىلىشتىن توسىدۇ. ھاراق بۇ كىشىلەرنى، باشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلىشتىن توسىدۇ. بولدى بۇلارنى ئۆز قىلمىشىغا قويغىن.»

ئەگەر يۇقىرىقى مەنا چۈشىنىشلىك بولسا، بىز كىچىك يامانلىق قايسى؟ چوڭ يامانلىق قايسى؟ بۇنى بىلىشكە ۋە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشكە كۆرسەتمە بېرىمىز.

چۈنكى بۇنى تونۇيدىغان مەنبە شەرئى تېكىستلەردىكى ھۆكۈمدۇر. ئۆزىمىزنىڭ خاھىشى ياكى كۆڭۈل مايىل بولۇپ ئارزۇ قىلغان بىردە بىر سەۋەب ئەمەس. چۈنكى ئىنسان شەرىئەتنىڭ

كۆرسەتمە يوليورۇقلىرىدىن يىراق بولۇپ قالسا، زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىنى تاللاشقا مايىل بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئۆزىنى ياخشى قىلدىم دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

﴿ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَّكُمْ وَعَسَى أَن تَكْرَهُواْ شَيْئاً وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ وَعَسَى أَن تُحِبُّواْ شَيْئاً وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ وَاللّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ ﴾

**﴿ سىلەرگە جىهاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ. سىلەر بىلمەيسىلەر. ﴾** (بەقەرە، **216**)

﴿ الَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعاً ﴾

**﴿ ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر.»**(كەھف، **104**)

**6) ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسقۇچى كىشى گۈزەل ئەخلاق، ئادىللىق، سەۋرچانلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىلىك سۈپىتى مۇجەسسەملەشكەن بولىشى كېرەك.** بۇ ـ شەرت بولۇپلا قالماستىن بەلكى ۋاجىپتۇر.

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىكى مەقسەت ـ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشلا ئەمەس، بەلكى ياخشىلىقنى كېڭەيتىپ، اللهنىڭ سۆزىنى ئالى قىلىش، يامانلىق ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، مۇشۇ مەقسەتنى روياپقا چىقىرالايدىغان گۈزەل ئەخلاق، پەزىلەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

بۇيرۇپ ،چەكلەشلەردە نورمال يول تۇتۇش، چېكىدىن ئېشىش ياكى سۇسلۇق قىلىشقا مايىل بولۇپ قالماسلىق، گۈزەل ئەخلاقنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش، بۇيرۇغان ياخشىلىققا ۋە چەكلىگەن يامانلىقتا ئالدى بىلەن ئۆزى ئەمەل قىلىش. بىر ياخشىلىقنى ئالدى بىلەن ئۆزى قىلىپ بولۇپ بۇيرۇش، يامانلىقتىن ئۆزى يېنىپ بولۇپ چەكلەش لازىم. شۇنىڭدەك ئازار چەككەندە سەۋرچان بولۇش كېرەك. ئۇنىڭغا يەتكەن ئازار ـ كۈلپەت ئۇنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئۇ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتا كۆيۈمچان بولۇپ

مۇناسىپ، توغرا ئورۇن تاللاشتا ناھايىتى ھېكمەتلىك بولىشى كېرەك. ھېكمەتلىك بولۇش مەقسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان پەزىلەتتۇر.

الله پەيغەمبەر ﷺ نى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى:

﴿ وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن. ﴾** (قەلەم، **4**)

**﴿ لَقَدْ جَاءكُمْ رَسُولٌ مِّنْ أَنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُم بِالْمُؤْمِنِينَ رَؤُوفٌ رَّحِيمٌ ﴾**

**﴿ (ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆز ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر. مۆئمىنلەرگە ئامراقتۇر. ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر. ﴾** (تەۋبە، **128**)

**﴿ فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللّهِ لِنتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنتَ فَظّاً غَلِيظَ الْقَلْبِ لاَنفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللّهِ إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ﴾**

**﴿ اللهنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل. ئۇلار ئۈچۈن مەغفىرەت تىلىگىن. ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن. (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ اللهغا تەۋەككۈل قىلغىن. الله ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. »** (ئالى ئىمران، **159**)

**﴿ ادْعُ إِلِى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُم بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ ﴾**

**﴿ پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن. ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. ﴾** (نەھل، **125**)

**﴿ وَقُل لِّعِبَادِي يَقُولُواْ الَّتِي هِيَ أَحْسَنُ ﴾**

**﴿ بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن. ﴾** (ئىسرا، **53**)

مۆئمىن چىرايلىقلا ئەمەس، ئەڭ چىرايلىق سۆزلەرنى تاللاپ قىلىشى كېرەك. لوقمان ھەكىمنىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى مۇنداق:

﴿ يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ ﴾

﴿ ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن، (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەرزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ.)بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. ﴾ (لوقمان،17)

﴿ وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ بِشَيْءٍ مِّنَ الْخَوفْ وَالْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ الأَمَوَالِ وَالأنفُسِ وَالثَّمَرَاتِ وَبَشِّرِ الصَّابِرِينَ ﴾

﴿ بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىر ئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت زىيان ـ زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن! ﴾ (بەقەرە،155)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە دەۋەت قىلىڭلار. خۇشخەۋەر بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈرمەڭلار، ئاسانلىق يارىتىپ بېرىڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار»(مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆگىتىڭلار ئاسانلىق يارىتىپ بېرىڭلار، قىيىن ئەھۋالغا قويماڭلار. خۇشخەۋەر بېرىڭلار. نەپرەتلەندۈرۈپ قويماڭلار. ئاچچىقىڭلار كېلىپ قالسا جىم تۇرۇۋېلىڭلار.»(ئەھمەد)

ئائىشە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺغا ئىككى ئىش ئارىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلسە، گۇناھلا بولۇپ قالمىسا ئاسانراقىنى تاللايتتى. گۇناھ بولىدىغان ئىشتىن پەيغەمبەر ﷺ ھەممىدىن بەكراق يىراق تۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى. اللهنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنسا، الله رىزالىقى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالماي قويمايتتى.» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«دىندا بەك چېكىدىن ئېشىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭلار. سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرمۇ دىندا بەك چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك بولغان.»** (ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە)

دىندا چېكىدىن ئېشىش دېگەن قۇرئان، ھەدىستە سۆزلەنگەن قانۇندىن ھالقىپ كەتكەن نەرسىدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«دىن ئاسانلىقتۇر، دىننى بىر ئادەم چىڭىتسا ئۆزى مەغلۇپ بولىدۇ.»**(بۇخارى)

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: **«چىڭىتىش ئەرەب تىلىدا ‹مغالبە› دېگەن مەنادا بولۇپ، بۇ بىر ئادەم دىني ئەمەللەردە چېكىدىن ئېشىپ، مېھرىبانلىقنى تەرك ئېتىدىكەن ئۇ ئادەم ئاجىزلىشىدۇ. مۇناسىۋەتى ئۆزۈلۈپ مەغلۇپ بولىدۇ.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«سىلەر ئوتتۇرھال يول تۇتۇڭلار.(يەنى چېكىدىن ئاشۇرمايدىغان، سۇسلاشتۇرمايدىغان ئوتتۇرھال، نورمال يولنى دېمەكچى.) مۇشۇ دىننى چىڭىتماقچى بولغان ئادەم ئۆزى مەغلۇپ بولۇپ كېتىدۇ.»** (ئىبنى ئەبى ئاسىم)

ھەدىستىكى «چىڭىتىدۇ» دېگەن سۆز چىڭىتىشقا مايىل بولىدۇ، مېھرىبانلىق ، نورماللىقتىن چەتنەپ كېتىدۇ، ئەرزىيدىغان ئورۇنلاردىمۇ شەرئى رۇخسەتنى قوبۇل قىلمايدۇ دېمەكچى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«الله مېھرىبان بولۇپ ھەممە ئىشلاردا مېھرىبانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. مېھرىبان كىشىلەرگە قوپال كىشىلەرگە بەرمىگەن ۋە ھېچكىمگە بېرىپ باقمىغان ياخشىلىقلارنى بېرىدۇ.»**(مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كۆيۈمچانلىق بار كىشى چىرايلىق بولىدۇ. مېھرىبانلىق يوق كىشى سەت بولىدۇ.»**(مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مېھرىبانلىقتىن مەھرۇم قالغان كىشى ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«سىلەرنىڭ ياخشىڭلار ئەخلاقى گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئىمانى مۇكەممەل مۆئمىنىنىڭ ئەخلاقى گۈزەل بولىدۇ.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۆئمىن گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچە قىيامدا تۇرغۇچىنىڭ ئەجرىنى تاپالايدۇ.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«قىيامەت كۈنى مۆئمىن بەندىنىڭ تارازىسىدا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە گۈزەل ئەخلاقتۇر، الله قوپال، سەت سۆز قىلغۇچىنى ئۆچ كۆرىدۇ.»**

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم رضي الله عنه دىن رىۋايەت قىلىندى، مۇئاۋىيە مۇنداق دېدى:**«مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ناماز ئوقۇۋاتاتتىم. كىشىلەر ئارىسىدىن بىرسى چۈشكۈردى. مەن: الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن، دېدىم. كىشىلەر ماڭا ئالىيىپ قارىدى. مەن: ۋاي ئانىسى يىغلاپ قالغۇلار. نېمە ماڭا قارىشىۋىرىسەن، دېدىم. ئۇلار قوللىرى بىلەن يوتىلىرىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار مېنى جىمىتماقچى ئىكەن. مەن جىم تۇردۇم.** پەيغەمبەر **ﷺغا ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇنكى، مەن ئىلگىرى ۋە كېيىن** پەيغەمبەر **ﷺ دىن ياخشىراق مۇئەللىم كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇ ناماز ئوقۇپ بولۇۋېدى، الله بىلەن قەسەمكى، ماڭا كايىمىدى. ئۇرمىدى ياكى تىللىمىدى، ماڭا مۇنداق دېدى: بۇ ناماز، نامازدا كىشىلەرنىڭ سۆز قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ناماز دېگەن تەسبىھ ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىش، قۇرئان ئوقۇش بىلەن بولىدۇ.»** (مۇسلىم)

ئەنەس مۇنداق دېدى: **«بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مەسچىتتە ئىدۇق. بىر سەھرالىق كېلىپ مەسچىتكە تاھارەت قىلىپ قويدى. پەيغەمبەر ﷺنىڭ ساھابىلىرى: توختات، توختات دېيىشتى . پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۇ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغۇچە قويۇڭلار، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىنى چاقىرىپ: بۇ مەسجىد، تاھارەت قىلىشقا، مەينەت نەرسىلەرنى تاشلاشقا بولمايدۇ. بۇ اللهنى ئەسلەيدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان، قۇرئان ئوقۇيدىغان ئورۇندۇر. دەپ بىر كىشىنى سۇ ئەكىلىپ بۇ يەرنى تازىلىۋېتىشكە بۇيرىدى.»** (مۇسلىم)

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دېگەن: **«بىر سەھرالىق كېلىپ مەسجىدكە تاھارەت قىلىپ قويدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا يېپىشىۋالدى. پەيغەمبەر ﷺ : بولدى قىلىڭلار، ئۇنىڭ تاھارىتىگە سۇ قۇيۇۋېتىڭلار، سىلەر ئاسانلاشتۇرغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلدىڭلار. قىيىنلاشتۇرغۇچى قىلىپ ئەمەس.» دېدى**

مەن مۇنداق دەيمەن: پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ ھېلىقى ئادەمنىڭ تاھارىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتىن چەكلىگەنلىكىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويغانلىق دەپ ساندى. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئىشلىرىنى تەسلەشتۇرۇپ قويغان كىشىلەرنى نېمە دېيەر بولغىيتتى؟!

ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر بىلىمسىز ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ مەسجىتىدە، سەھرالىق بىلمەي پەيغەمبەر ﷺنىڭ مەسجىتىدە قىلىپ قويغان ئىشنى قىلسا، ئۇ ئادەم مەسجىدتىن تىرىك چىقارمۇ؟

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۇلارنىڭ ئازار ـ كۈلپىتىگە چىدىغان مۆئمىننىڭ ئەجرى، كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماي، ئۇلارنىڭ ئازار ـ كۈلپىتىگە سەۋرى قىلمىغان مۆئمىندۇر كاتتىدۇر.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئەگەر مۆئمىن بىر كىلەنىڭ ئۇۋۇسىدا بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئازار بېرىدىغان كىشىلەر بولىدۇ. ياكى ئازار بېرىدىغان مۇناپىق بولىدۇ.»**

ئۇمەير ئىبنى ھەبىبنىڭ ئۆز ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتى مۇنداق: «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسماقچى بولساڭلار، ئازار ـ كۈلپەتكە سەۋرى قىلىشقا ئۆزۈڭلارنى تەييارلاڭلار. اللهنىڭ ساۋابىغا جەزمەن ئىشىنىڭلار. اللهنىڭ ساۋابىغا ئىشەنگەن ئادەمگە ئازار ـ كۈلپەتلەرنىڭ كېلىشى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. »

يەنە بۇنىڭدىن باشقا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن مۆئمىننى مۇشۇ ھاياتتا گۈزەل شەكىلدە دەۋەت ۋەزىپىسنى ئادا قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان پەزىلەتلىك سۈپەتلەر بىلەن بېزىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى قىزىقتۇرىدىغان تېكىستلەر بار.

﴿ وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلاً مِّمَّن دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحاً وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ ﴾

**﴿ اللهغا (يەنى اللهنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن.» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ ﴾** (فۇسسىلەت،)

اللهنىڭ نەزىرىدە الله تەرەپكە دەۋەت قىلىشتىنمۇ گۈزەلراق سۆز ۋە ئەمەل يوق.

## يامانلىقنى ئىنكار قىلىشنىڭ تۈرى ۋە دەرىجىسى

پەيغەمبەر ﷺنىڭ: **«يامانلىقنى كۆرگەن ئادەم قولى بىلەن تۈزەتسۇن، كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن تۈزەتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە قەلبىدە ئۆچ كۆرسۇن. ئەنە شۇ ئەڭ ئاجىز ئىمان»**، **«يامانلىق قىلغانلارغا قولى بىلەن كۈرەش قىلغان كىشى مۆئمىن. تىلى بىلەن كۈرەش قىلغىنىمۇ مۆئمىن. قەلبى بىلەن كۈرەش قىلغىنىمۇ مۆئمىن. ئۇنىڭ ئۇزىدە، قىچىنىڭ دانىسىچىلىك ئىمان قالمايدۇ.»** (مۇسلىم) دېگەن سۆزلىرى يامانلىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈچ خىل بولىدىغانلىقى؛ ئەۋۋىلى ۋە يۇقىرىسى قولى بىلەن ئۆزگەرتىش، ئاندىن قالسا تىلى بىلەن ئۆزگەرتىش، ئاندىن قالسا قەلبىدە ئۆچ كۆرۈش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

بىز يامانلىقنى ئىنكار قىلىشتىكى مۇشۇ تۈر ۋە دەرىجىنى قانداق چۈشىنىمىز؟ قانداق چۈشەندۈرىمىز؟ بەزى كىشىلەر ئېيتقاندەك، ھەرقانداق يامانلىقنى كۆرگەن ئادەم قولى بىلەن ئۆزگەرتىش، كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن، كۈچى يەتمىسە قەلبى بىلەن ئۆزگەرتىش كېرەكمۇ ؟

ج: ھەدىسنىڭ مەقسىتى بۇنداق دېمەكچى ئەمەس. قول بىلەن ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغان يامانلىقنى ئۆزگەرتىش مۇشۇ تەرتىپكە سىغمايدۇ. يامانلىق سۆز بىلەن، تاشلاپ قويۇش بىلەن ياكى جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىنىڭ چىرايىغا قاراپ چىراي، تۈرۈپ، كۆز ئالايتىپ قويۇش بىلەن ئۆزگىرىدىغان بولۇپ قالسا، شۇ ۋاقىتتا تىل بىلەن ياكى ئۇنىڭدىن ئاددىيراق ئىش بىلەن ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى يامانلىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ مەقسىتى، بىز يۇقاردا بايان قىلغىنىمىزدەك يامانلىقنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ، يوقىتىش بولۇپ، يامانلىق ئۆزگەرتىلىدىغان ۋاستە يامانلىق بولماسلىقى كېرەك.

پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھاياتىنى كۆرۈپ باققان كىشى مۇشۇ مەنانى بىلەلەيدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ھەممە يامانلىقنى قولى بىلەن ئۆزگەرتمىگەن. بەلكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئاشكارا ئەمەس، يوشۇرۇن كۆرسەتمە بېرىش بىلەن ئۆزگەرتەتتى. پەيغەمبەر ﷺ قولى بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر تۇرۇپ **«بۇ كىشىلەرگە نېمە بولغاندۇ؟»** دەپ قوياتتى. لېكىن يامانلىق ھەققە بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قىيىن بولسا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتەتتى ۋە قولى بىلەن

ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇيتتى. چۈنكى ئۇ يامانلىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قول ۋە كۈچىنى ئىشقا سالمىسا بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى يامانلىقنى ئىنكار قىلىپ ئۆزگەرتىشتە ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىنى قوللىنىش كېرەك . ئەگەر ئۈنۈملۈك ۋاستە قولنى ئىشلىتىش بولسا قول بىلەن، ئەگەر تىل ۋە چىرايلىق سۆزلەرنى. ئىشلىتىش ئۈنۈملۈك بولۇپ قالسا باشقىسىغا ئۆتۈپ كەتمەي شۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك . مانا مۇشۇ قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئۇقۇلغان ھېكمەت ۋە گۈزەل پەند ـ نەسىھەت قىلغانلىقتۇر.

بىز يۇقىرىقى ھەدىستە كەلگەن تەرەپتىن شۇنى چۈشىنۋالالايمىزكى؛ ئەمەل ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىن، ئىمان زىيادە بولۇپ، كېمىيىپ تۇرىدۇ. مۆئمىنلەر دەرىجىدە ۋە ئىماننىڭ كۈچلۈكلىكىدە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىمان ـ قەلبتە يامانلىقنى ئىنكار قىلىشمۇ بولمىسا يوقىلىدۇ. قەلبنىڭ ئىنكارى بولمىغان ۋاقىتتا شۇ يامان ئىشنى ياخشى ئىش دەپ قاراپ قىلىش، ئىقرار قىلىپ رازى بولۇش شەكىللىنىدۇ. كۇفرىغا رازى بولۇشنىڭ ئۆزى كۇفرىلىق. مۇشۇ مەنالار ھەققىدىكى ھەدىس ئىمان چۈشەنچىسىنى سۆزلىگەندە سۆزلىنىپ بولدى. كۆرگۈچىلەر شۇ يەرگە مۇراجىئەت قىلسۇن.

بىز مۇشۇ تەرەپتىن يەنە مۇنۇ مەنالارنى چۈشىنەلەيمىز؛

يامانلىقنى قول بىلەن ئۆزگەرتىش مۇسۇلمان پادىشاھقىلا قارىتىلمايدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان قادىر بولۇش شەرتى تېپىلغاندا يامانلىقنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىش زۆرۈر. اللهنىڭ مۇنۇ ئايىتى مۇشۇ مەنانى ئۇقتۇرىدۇ.

﴿ وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنتَصِرُونَ ﴾

**﴿.....ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا..... ﴾** (شۇرا**39** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مېلىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شېھىدتۇر. جانىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شېھىدتۇر. دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شەھىدتۇر. ئەھلى ـ ئائىللىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شەھىدتۇر.»** (ئەھمەد)

يەنى يۇقىرىقى ئىشلارنى الله يولىدا قىلغان بولسا ئۇ شەھىدتۇر دېمەكچى . يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئۆزىنىڭ چەككەن زۇلۇمىدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىدتۇر.»**

مەخارىقتىن مۇنداق بىر رىۋايەت كەلدى: **«بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ قىشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: بەزى كىشىلەر مىنىڭ قېشىمغا كېلىپ مېلىمنى ناھەق، مەجبۇرى ئېلىۋالماقچى بولدى. قانداق قىلىمەن؟** پەيغەمبەر ﷺ **: ئۇ كىشىگە اللهنى ئەسلەتكىن ـ ، دېدى، ھېلىقى ئادەم: ئەگەر اللهنى ئەسلىگىلى ئۇنىمىسىچۇ؟ ـ دېدى،** پەيغەمبەر ﷺ **: ئەتراپىڭدىكى مۇسۇلمانلاردىن ياردەم سورا، ـ دېدى. ھېلىقى ئادەم: ئەگەر ئەتراپىمدا بىرمۇ مۇسۇلمان بولمىسىچۇ؟ ـ دېدى.** پەيغەمبەر ﷺ **: پادىشاھتىن ياردەم سورا، ـ دېدى. ھېلىقى ئادەم: پادىشاھ مەندىن يىراق يەردە بولسىچۇ؟ ـ دېدى.** پەيغەمبەر ﷺ **: مېلىڭنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىل، ياكى ئاخىرەتنىڭ شەھىدلىرىدىن بولسەن، ياكى مېلىڭنى قوغدىيالايسەن، ـ دېدى.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مېلىنىڭ زاكىتىنى كۆڭلى خۇش بولۇپ، الله رازىلىقىنى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى كۆزلەپ بەرگەن ئادەم مېلىدىن ھېچنەرسىنى يوقاتقان بولمايدۇ. ناماز ئوقۇپ زاكات بەرسە ئاندىن ھەق ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلسا، ئۇ ئادەم قورالىنى ئېلىپ ئۇرۇش قىلسا، ئاندىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسا ئۇ ئادەم شەھىد بولىدۇ. »**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئەگەر بىر ئادەم ئۆيۈڭگە رۇخسىتىڭسىز يوشۇرۇن قارىسا، ئاندىن تاش ئېتىپ كۆزىنى قۇيۇۋەتكەن بولساڭ ساڭا گۇناھ بولمايدۇ.»**

ئىبنى تەيمىيە پەتىۋاسىدا مۇنداق دېگەن:«ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قىسسىدە مۇنداق دېيىلگەن؛ بىر ئادەم ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قېشىغا قولىدا قان يۇقى قىلىچنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ يوتىسىنى بىر ئادەم سىلاۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چاپقانلىقىنى ئېيتتى، ئۇنىڭ دەلىللىرى ئاشكارا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمەر ئۇ ئادەمنىڭ قىلمىشىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتتى. ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈشنى قوبۇل قىلدى.»

مۇشۇنىڭدىن باشقا، ئىنسانىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياكى يامانلىقنى ئۆز قولى بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان دەلىللەر كۆپ. يۇقىرىقى مەنالاردا قەلبى تىرىك، قۇلاق سالغان كىشىگە يېتەرلىك نەسىھەت بار.

ئەگەر، يامانلىق قول بىلەن، تىل بىلەن قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلدۇق، لېكىن يامانلىق قەلبنىڭ ئىشى، قەلبنىڭ ئىشى ئىچىدىن چىقمايدىغان تۇرسا قەلبتە قانداق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ دېيىلسە ، مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن:

يامانلىقنى قەلبتە ئۆزگەرتىش ۋاقتلىق بولىدۇ، ۋە يامانلىقنى تىل بىلەن، ئاندىن قول بىلەن ئۆزگەرتەلىگۈدەك دەرىجىدە كۈچ، قەلبتە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئاجىز، بىچارىلىكتىن يامانلىقنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بولغانغا قەدەر دائىم ئۆزىگە قەلبتە ئىنكار بولۇشنى ئەسلىتىپ تۇرۇشى لازىم.

يامانلىقنى دەسلەپتە قەلبتە ئۆزگەرتىش ـ يامانلىقنى قول بىلەن، ياكى تىل بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم باشلانمىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بىرىنچىدىن؛ يامانلىقنى يامانلىق دەپ قارىمىغان ۋە قەلبى بىلەن ئىنكار قىلىپ ئۆزگەرتمىگەن ئادەم شەكسىز مەغلۇپ بولىدۇ. ئىككىنچىدىن؛ كۈچ ـ قۇۋۋەت باسقۇچلىرىدىمۇ يامانلىقنى تىل بىلەن ياكى قول بىلەن ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يامانلىقنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىش ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان، بىر ۋاقىتتىن كېيىن بولسىمۇ يامانلىق قىلغۇچىلارغا ئۇچراشقان ۋاقىتتا يېڭىدىن ھۇجۇم قىلىشقا ئۈندەيدىغان قارشى تۇرۇش. چېكىندۇرۇش، قوغدىنىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پىلانىدۇر.

ھەدىستە: **«قەلبتە ئىنكار قىلىش ۋە قەلبتە كۆرەش قىلىش بولمىسا قىچىنىڭ دانىسچىلىكمۇ ئىمان بولمايدۇ.»** دەپ كەلدى. چۈنكى قەلبتىكى ئىنكار قىلىش يوقالغاندا باتىل ئەھلى ئالدىدا قارشى تۇرۇپ، قوغدىنىش پىلانى بەربات بولۇپ كېتىدۇ. ۋە جەڭگىۋار مۇجاھىدلارنى قوغدىماستىن، ھۆرمەتلەر دەپسەندە قىلىنىدۇ. ئىنسان تاقابىل تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولغان قوغدىنىشمۇ يوققا چىقىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«جىھاد قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن ۋە جىھاد قىلىشنى كۆڭلىگىمۇ پۈكمىگەن ئادەم مۇناپىقلىقنىڭ بىر شېخىدا ئۆلگەن بولىدۇ.»**(ئەبۇ داۋۇد)

كۆڭلىگە جىھاد قىلىشنى سەممىي پۈكۈش كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئادەمنى جان ـ مېلى بىلەن جىھاد قىلىشقا ئۈندەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن دائىم كۆڭلىگە پۈكۈشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەرك ئېتىشنىڭ خەتەرلىكلىكى چۈشىنىلىدۇ.

كۆڭلىگە پۈكۈش الله يولىدا جان ـ مېلى بىلەن جىھاد قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىشنىڭ مۇھىم ، تۇنجى باسقۇچىدۇر. شۇنىڭدەك يامانلىقنى قەلبىدە ئۆزگەرتىش تىل بىلەن، قول بىلەن ئۆزگەرتىشكە يۈرۈش قىلىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر.

ئەگەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەش تەرتىپ بويىچە ھەقنى جاكارلاش، گاھىدا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى ئۆلتۈرۈلۈپ شەھىد قىلىنىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ. خۇددى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزىدەك: **«شەھىدلەرنىڭ سەردارى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ؓ ۋە زومىگەر پادىشاھقا ئورنىدىن تۇرۇپ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ پادىشاھ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكەن كىشىدۇر. »** دېگەن ھەدىس بىلەن **«مۆئمىن ئۆزىنى خار قىلىش لايىق بولمايدۇ. ساھابىلەر ئېيتتى: ئۆزىنى قانداق خار قىلىدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: تاقەت قىلالمايدىغان بالايىئاپەتكە ئۆزىنى دۇچار قىلىدۇ.»** دېگەن ھەدىسنىڭ ئارىسىنى قانداق ماسلاشتۇرىمىز؟ دېيىلسە ؛

مەن دەيمەنكى: ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىسىدا قارىمۇ ـ قارشىلىق يوق. الحمدلله ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىنى ماسلاشتۇرۇش ئىنتايىن ئاسان، ئۇنىڭ بايانى مۇنداق:

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش شەرتى بىلەن ئادا قىلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ شەرتى ـ قادىر بولۇش، ئېغىرراق يامانلىق كەلتۈرۈپ قويماسلىقتۇر. ئەگەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقۇچى مۇشۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلمىسا، تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغان سىناققا دۇچ كېلىپ قالىدۇ. ئۇ ئادەم ئەزىز بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى خار قىلىپ قويىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئادەم ئۆزىنىلا ئەيىبلىسۇن. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۆيگە ئىشىكىدىن كىرمەي بۆسۈپ كىرگەن بولۇپ قالىدۇ. ۋە شەرتى تولۇق بولمىغان. ئىشلارنى قىلغان بولىدۇ. بۇ ئادەم تەييارلىقسىز، قورالسىز جەڭگە كىرگەن ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنداق ئادەملەر جەڭدە ئاۋۋال ئۆلتۈرۈلۈپ قالسا ئۆزىنىلا ئەيىبلىسۇن. ئۇلارغا اللهنىڭ مۇنۇ سۆزى ئۇيغۇن كېلىدۇ:

﴿ وَلاَ تُلْقُواْ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ ﴾

**﴿...ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار...﴾ (بەقەرە،195)**

ئۇلارغا يەنە شۇنداق دېيىلدۇ: ئۆزىنىڭ شۇ خىزمەتلەرنى ئۆتەشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئېغىر سىناقتا دۇچ كېلىدىغان ئورۇنلارغا كۆز تىككەن كىشى ـ مەسىلەن: زالىم پادىشاھ ئالدىدا ھەقنى جاكارلىغانغا ئوخشاش ـ ئۆزىنى خارلىغان بولىدۇ. ۋە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورۇقۇپ ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ.

كۆپلىگەن كىشىلەر زالىم پادىشاھ ئالدىغا كىرىپ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسماقچى بولىدۇ ـ يۇ، قېشىغا كىرگەندە ئېزىپ كېتىدۇ. يامانلىققا بۇيرۇپ، ياخشىلىقتىن چەكلەپ، ئۇنىڭغا ناھەق ئىشلارنى ھەق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ ئۆزىنى خارلىغانلىق بولىدۇ ۋە ئۆزىنى كۈچى يەتمەيدىغان بالالارغا دۇچ قىلغانلىق بولىدۇ. زالىم پادىشاھ قېشىغا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئۈچۈن كىرگەن ئادەم ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا مەقسىتىگە يېتىپ، لېكىن كىچىككىنە سىناق، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرمىگە تاشلانسا ئۇ سەۋر قىلالماي كەينىگە يېنىۋالىدۇ. ۋە دىندا ئېزىپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ كافىرلارغا تەسلىم بولۇش، بويسۇنۇش، دوستلىشىش...بايرىقىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇ ئۆزىنى خارلايدۇ. بۇ ئىمانىنىڭ جۇملىسىدىن ئەمەس. بۇنداق ئۆزىنى بۇنداق ھاڭغا ئاتمىسا بولاتتى.

پەيغەمبەر ﷺنىڭ: **«شەھىدلەرنىڭ سەردارى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ۋە زومىگەر پادىشاھقا ئورنىدىن تۇرۇپ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ پادىشاھ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدۇر.»** دېگەن سۆزى ۋە **«جىھادنىڭ ئەبزەلراقى زالىم پادىشاھ ئالدىدا ھەق سۆزنى دېيىش.»** **«جىھادنىڭ اللهقا ياخشى كۆرۈلىدىغىنى زالىم پادىشاھقا دېيىلگەن ھەق سۆز.»** دېگەن ھەدىسلىرى ئۆزىدە ۋە ئىمانىدا كۈچلۈكلۈك، مۇستەھكەملىكنى، دىندا ئېزىپ كەتمەي، ئارقىغا يېنىپ كەتمەي، مۇشۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى ئۆتەشكە جۈرئەت قىلىشنى ھېس قىلغان كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ بۈيۈك سۈپەتلەر بىلەن شەھىدلەرنىڭ سەردارى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب بىلەن ئەڭ ئالى دەرىجىگە يەتكىلى بولىدۇ.

مۇشۇ سۈپەتلەر تۈپەيلى جىھاد ـ ئەۋزەل جىھاد، اللەقا ياخشى كۆرۈلىدىغان جىھاد دەپ تۈرگە ئايرىلدى.

كۆپلىگەن كىشىلەر پادىشاھلار ۋە كۇفرىنىڭ ئىماملىرى، زالىم تاغۇتلار ئالدىدا ھەقنى جاكارلاش جىھادى ئاسان، ئاددىي ئىش دەپ ئويلاپ قىلىپ لاياقەتسىز كىشىلەر بۇ جىھادقا يۈزلىنىدۇ. دىندا ئېزىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە زىيان تارتىپ كېتىدۇ.

ئەگەر ئوخشىشىپ كېتىدىغان يامانلىقنى ئىنكار قىلىش قانداق بولىدۇ؟ ۋە ئۇ ۋەزىپىنى كىم ئۆتەيدۇ؟ دېيىلسە، مەن مۇنداق جاۋاب بىرىمەن:

ئوخشىشىپ كېتىدىغان يامانلىق دېگەن ـ بىر تەرەپتىن خاتالىقنى، بىر تەرەپتىن توغرىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قايسى ھەق قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى ئېغىر يامانلىق ۋە كىچىك يامانلىقنى تونۇش ئۈچۈن ئىلىم، چۈشەنچە، ئىجتىھاتقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىمىز. ھەممە ئادەم ئىلىم، چۈشەنچە، ئىجتىھاتقا ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا ئومۇمىي كىشىلەر ئوخشىشىپ كېتىدىغان يامانلىقنى ئىنكار قىلالمايدۇ. ۋە ئۆز مەنپەئەتىنى ئايرىيالمايدۇ. چۈنكى يامانلىقنى ئىنكار قىلىشنىڭ شەرتى ـ بىلىش. ئوخشىشىپ كېتىدىغان يامانلىقنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن بولىدىغان دەرىجىدە ئىلىملىك بولۇش ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ. مۇشۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان يامانلىقنى ئىنكار قىلىش ئالىملار، ئىزدىنىۋاتقان ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ.(شۇلارلا قىلالايدۇ.)

قارشىلىق قىلغۇچىنى تىز ئىنكار قىلماسلىق، كەڭ قورساق بولۇش، قارشىلىق قىلغۇچى تەرەپنى چۈشىنىش، ئۇنىڭغا جاپا سالماسلىق ۋە ئادا ـ جۇدا بولۇپ ئۈرۈش ئاچماسلىق قاتارلىقلار ئوخشىشىپ كېتىدىغان يامانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى چۈشەنگەنلىكنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئۇنىڭ چارىسى ـ نەسىھەت قىلىش، توغرا سۆھبەتلىشىش، توغرا يول كۆرسىتىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا يامانلىق مۇنازىرە ۋە قارشى تەرەپكە دەلىل كۆرسىتىش جەريانىدا ئوخشاپ كېتىدىغان يامانلىق ساھەسىدىن، ئۇنىڭدا ئىختىلاپ قىلىش دۇرۇس بولمايدىغان ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېغىر يامانلىققا ۋە پۈتۈن كىشىلەرگە ھەق باتىلدىن ئاشكارا بولمايدىغان ساھەگە

ئايلىنىپ كەتسە، ئوچۇق ـ ئاشكارا جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىگە ئىجرا قىلىنىدىغان ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئەگەر ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامانلىقتىن توسۇمايدىغان كىشىنىڭ ئىشى قانداق بولىدۇ؟ دېيىلسە مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن؛

بۇنداق ئادەم دىنىنىڭ يېرىمىگە بۇيرۇپ يېرىمىنى تەرك ئەتكەن، باشقىلارغا: اﷲقا ئىبادەت قىلىڭلار، دېگەن لېكىن تاغۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ئايەتنىڭ **﴿ أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ ﴾ ﴿ اﷲقا ئىبادەت قىلىڭلار! ﴾** دېگەن بۆلىكىگە ئەمەل قىلىپ، **﴿ وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ ﴾ ﴿ تاغۇتتىن يىراق بۇلۇڭلار! ﴾**دېگەن ئىككىنچى تەرىپىنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ. دىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش دېگەن ئىككى ئىش بىلەن تولۇق بولىدۇ.

دەۋەت خىزمىتىدە ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشقا قارىغاندا ئاسان ئىش، بىز ھازىرقى كۆپلىگەن دەۋەتچىلەرنىڭ يامانلىقتىن چەكلىمەي، ياخشىلىققا بۇيرۇغانلىقىنى ئۇچرىتىپ قالىمىز، ئۇلار كىشىلەرگە: **﴿ اﷲقا ئىبادەت قىلىڭلار! ﴾**، دەيدۇ ـ يۇ، لېكىن: **﴿تاغۇتتىن يىراق بۇلۇڭلار! ﴾** دېمەيدۇ . ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ـ يۇ، ئاشۇ شەيتانى ئەركىنلىككە قارشى بولغانلىقى، يامانلىقتىن چەكلەشتە تاغۇت ۋە ئۇلارنىڭ خاھىشلىرىغا، شەھۋەتخورلارنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە توقۇنۇشۇپ قالغانلىقى ئۇچۇن قەبىھ، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلىمەيدۇ. دەۋەتچىلەر بۇ يامانلىقتىن توسۇشتا، ياخشىلىققا بۇيرۇشتا ئۇچرىمىغان مۇشەققەتلەرگە ئۇچرايدۇ. ئۆزىنىڭ تىنچ ـ ئامان بولىشى ۋە نام ـ ئاتاققا ئېرىشىش، زالىملاردىن يېقىنچىلىققا ئېرىشىش ئۇچۇن ياكى باشقا باھانە ـ سەۋەبلەر تۈپەيلى مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللانغان دەۋەتچى ئىلمىنى يوشۇرغان ھېسابلىنىدۇ. اﷲنىڭ مۇنۇ سۆزى شۇ كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**﴿ إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنزَلْنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَى مِن بَعْدِ مَا بَيَّنَّاهُ لِلنَّاسِ فِي الْكِتَابِ أُولَئِكَ يَلعَنُهُمُ اللّهُ وَيَلْعَنُهُمُ اللَّاعِنُونَ ﴾**

**﴿ بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا اﷲ لەنەت قىلىدۇ. (يەنى رەھمىتىدىن يىراق**

قىلىدۇ.) لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۆئمىنلەر ) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ. ﴾ (بەقەرە، 159)

﴿ إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنزَلَ اللّهُ مِنَ الْكِتَابِ وَيَشْتَرُونَ بِهِ ثَمَناً قَلِيلاً أُولَئِكَ مَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ إِلاَّ النَّارَ وَلاَ يُكَلِّمُهُمُ اللّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلاَ يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴾

﴿ الله كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنە پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر. (چۈنكى ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ هارام مېلى ئۇلارنى دەۋزەخكە ئېلىپ بارىدۇ.) قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ. ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ﴾ (بەقەرە، 174)

# 8 ـ جىهاد قىلىش

جىهاد چۈشەنچىسى باشقا شەرئى چۈشەنچىلەرگە ئوخشاش بولۇپ بۇرمىلىنغۇچى، خاتا چۈشەندۈرگۈچى، دۈشمەنلىك قىلغۇچى، يالغانچى، ساختىپەزلەر قەلەملىرى، ھەرخىل ۋاستىلىرى بىلەن بۇ چۈشەنچىگىمۇ تېگىش قىلدى.

ئۇلار مۇشۇ ئۇلۇغۋار چۈشەنچىنىڭ شەكلىنى كىشىلەر كاللىسىدا خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ جىهادنى ئۆزىنىڭ مەقسەت، غايىسىدىن، ۋە اللہ ئىرادە قىلغان ۋە بۈيۈك كىتابىدا كۆزدە تۇتقان شەرئى مەنادىن چىقىرىۋەتتى. ئىسلامدا دۈشمەننى ئەڭ قاتتىق قورقۇتىدىغان ئىش ـ اللہ يولىدا جىهاد قىلىش ئۇقۇمى ۋە اللہ يولىدا جىهاد قىلىش ئەقىدىسىدۇر. ئۇلار مۇشۇ بۈيۈك چۈشەنچىنى بۇرمىلاش، ئۇممەتنى بۇ خىزمەتتىن توسۇش، مۆئمىنلەرنىڭ نەزىرىدىكى قوغدىنىش، تاقابىل تۇرۇش، روھىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش ئۈچۈن، جىهادنى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر، تۇيغۇلىرىدىن يوق قىلىۋېتىش، يولىدا ئۆزلىرىنىڭ كۆپلىگەن ئىقتىسادلىرىنى، جانلىرىنى ۋە ئېلان ـ تەشۋىقاتلىرىنى سەرپ قىلىشتا، ھېچ ئىككىلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلار: «يولغا قويۇلغان جىهاد ۋەتەنگە تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان يات دۈشمەنلەرگە جىهاد قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەمما ۋەتەنگە تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغۇچى، دىن، يۈز ـ ئابرۇي، بارلىق ھۆرمەتلەرگە تاجاۋۇز قىلغۇچى، كۇفرىلىق، زالىملىق جەھەتتە ئېغىرراق بولغان يەرلىك مۇرتەد دۈشمەنلەرگە ئۇرۇش قىلىش دۇرۇس ئەمەس. بۇنداق يەرلىك دۈشمەنلەرگە ئۇرۇش قىلىش جىهاد ئەمەس. ئۇلارغا قارشى جىهاد قىلىش پىتنىدۇر، يوق پىتنىنى قوزغاتقان كىشىگە اللہ لەنەت قىلىدۇ.» دەيدۇ.

ئۇلار يەنە شۇنداق دەيدۇ: «جىهاد دېگەن ۋەتەن يولىدا بولىدۇ. ۋەتەندىن يات دۈشمەنلەرنى قوغلاپ چىقىرىش بىلەن بولىدۇ. ئەمما ئەقىدىنى، ئىسلام پىرىنسىپلىرىنى دەپ جىهاد قىلىش قالاقلىق، ئارقىدا قالغانلىق، تىرۆرلۇق بولىدۇ.»

ئۇلار يەنە شۇنداق دەيدۇ: «ۋەتەنلەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، بېسىۋالغان سىرتقى يات دۈشمەنلەرگە ئۇرۇش قىلىش، ھۆكۈمدارلارنىڭ رۇخسىتى بىلەن بولىدۇ.» (ھۆكۈمدار دېگەندىن ـ كافىر، مۇناپىق، مۇرتەد، تاغۇتلاردىن تەشكىل تاپقان ھۆكۈمدارلارنى كۆزدە تۇتىدۇ.)

ئۇلار يەنە شۇنداق دەيدۇ: «ھۇجۇم قىلىش جىھادى خاتا، جاھانگىرلىك قىلىپ، دۈشمەنلىك قىلىشتۇر ۋە باشقىلارنىڭ ئىشىغا يولسىز ئارىلاشقانلىقتۇر. بۇ ئەركىنلىككە ۋە دۆلەت كېلىشىمىگە قارشى.» (خۇددى ئۇ يەردە دۈشمەنلەر ھۆرمەتلەيدىغان دۆلەت كېلىشىمى باردەك.)

ھېچ بىلمىدىم، مەن كافىر دۈشمەنلەرنىڭ پەلەستىن، ئىراق، ئافغانىستان، سومالى ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىگە ئۇرۇش قىلىشى قوغدىنىش جىھادىغا كىرەمدۇ؟ ياكى ھۇجۇم قىلىش جىھادىغا كىرەمدۇ؟ ئامېرىكا جەڭ كېمىلىرى، ئاۋىئاماتكىلىرىنىڭ ئىراققا، ئافغانىستانغا ئايروپىلان ۋە راكىتالىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن دېڭىز ـ ئوكياندىن ئۆتۈپ تۇرۇشلىرى قوغدىنىش جىھادىغا كىرەمدۇ ياكى ھۇجۇم قىلىش جىھادىغا كىرەمدۇ؟خالىساڭلار، ئىلگىرىكى، ھازىرقى ئەھلى سەلىب جەڭ تارىخىغا ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بېسىۋېلىش تارىخىغا مۇراجىئەت قىلىڭلار ۋە بىۋاستە شەكىلدە بىزنىڭ بۆگۈنگە قەدەر كۆپلىگەن رايونلاردا داۋاملاشقان خىرىستىئانلارنىڭ جەڭ تارىخىغا مۇراجىئەت قىلىڭلار. ئۇلار كىچىككىنە سەۋەبنى دەپ تىنچ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغان قۇشخانىلىرىدىن تېخى قايتىپ كەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ۋە بېسىۋېلىشلىرى قوغدىنىش جىھادىغا كىرەمدۇ؟ ياكى ھۇجۇم قىلىش جىھادىغا كىرەمدۇ؟ مەن بۇنى بىلمەيمەن. ئۇلارغا ھەق بولىدىغىنى باشقىلارغا ناھەق بولۇپ، ئۇلارغا ھالال بولغىنى باشقىلارغا ھارام بولامدۇ؟

دىننى بۇرمىلىغۇچىلار دۈشمەننىڭ خاھىشىنى دەپ دەرس پىروگىراممىا ۋە بەلگىلىمىلىرىدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىۋالغان دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش ئەقىدىسىنى چىقىرىۋەتتى. ۋە ئۈممەتنىڭ ئارزۇلۇق ئىستىقبالى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا، ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش ۋە شەيتان بىلەن جىھاد قىلىش ئىدىيىسىنىلا قالدۇرۇپ قويىدى. ئۇلار بۇ ئەڭ چوڭ جىھاد بولىدۇ. سىلەر مۇشۇنىڭغا ئېسىلىڭلار.

ئۇلار ھەمىشە شۇنداق دېيىشىدۇ: «ئىسلام دېگەن تىنچلىق دىنى دۈشمەن مۇسۇلمانلارنىڭ شىللىسىگە مىنىپ، ئۇلارنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئىچىدە قويۇپ پارە ـ پارە قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ جىم تۇرۇش كېرەك.»

كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنىڭدىن غاپىل قىلىۋاتقان، ئەمما دۈشمەنلەرنىڭ مۇشۇ ھەرىكىتىنىڭ سەمەرىسى بولغان ئاممىۋى قىرغىن ۋە قەتلىئام قىلىشلار تولىمۇ كۆپ.

ئۇلار يەنە شۇنداق دەيدۇ: جىھاد دېگەن خەلىپە مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن بولىدۇ. خەلىپە ۋۇجۇدقا كەلگۈچە مۇسۇلمان خەلقلەر زالىم، تاغۇتلارنىڭ قۇشخانىلىرىدا چارۋىلار بوغۇزلانغاندەك بوغۇزلىنىدىغان، قۇربانلىق بولۇپ كىتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئامالى يوق. مۇسۇلمانلارنىڭ تاياق ـ توقماقنىڭ ئەلىمىگە، تۈرمىلەرگە، ئوقلارغا، ئۆلۈشلەرگە چىداپ تۇرۇشتىن باشقا تاللىشى يوق.

ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى «جىھاد تونىلدىن چىققۇچە كۈتۈپ تۇرۇش كېرەك. تونىلدىن چىقىپ بولغۇچە ئويغانماي ئۇخلىغاچ تۇرساڭلار بولىدۇ.» دەيدىغان رافىزىلارنىڭ سۆزىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئۇلار بۇ سۆزى بىلەن ئىسلامنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئەمەل قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتتى. يەنە ئۇ بۇرمۇلىغۇچىلار شۇنداق دەيدۇ: الله يولىدا جىھاد قىلىش تىرورلۇق. تىرورلۇق دېگەن ئەيىبلىنىدۇ.

ئىسلام بەلگىلىگەندەك جىھادنى تىرىلدۈرگەن ئادەم تىرورچىمىش. ئۇنى تۇتىتىن يوقىتىش ئېچكىرى ۋە سىرتقى دۈشمەنىنىڭ ئورتاق نىشانى!.

بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ياشلار الله يولىدا جىھاد قىلىش، يۈز ـ ئابرۇي ۋە ئىززەتنى قوغداش ئۈچۈن قوزغىلىدۇ. پۈتۈن دۇنيا ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن ئادەم تاغۇتلانىڭ تىنچ ـ ئامان ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنى بېغىشلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ئەيىبلەپ، سۆكۈپ، باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى ۋە ئىسىملىرىغا قارا چاپلاپ تۇرىدۇ.

بۇ مۇسۇلمان ياشلارنىڭ قارشىسىدا يۈزمىڭلىغان ياشلار تاغۇت يولىدا ئۇنىڭ مەقسەت، نىشانلىرىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا قوزغىلىدۇ. تاغۇت قوشۇنغا قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمىشنى ھېچقانداق ئادەم ئىنكار قىلمايدۇ. بەلكى ھەممە تەرەپنىڭ، يەرلىك خەلق ۋە رەسمى ئورگانلار تەرىپىدىن ئالقىش، تەبرىكلەرگە ئېرىشىدۇ. (الله رەھمەت قىلغان كىشى بۇنىڭ سىرتىدا.)

ھەتتا الله يولىدا جىھاد قىلىش سەت كۆرۈنىدىغان، رەت قىلىنىدىغان، شەك بار، ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە قارشى چىققانلىق، خىيانەت دەپ قارالدى. تاغۇتلارنىڭ ھاكىمىيتىنى ۋە ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن تاغۇت يولىدا كۈرەش قىلىش بولسا ياخشى دەپ قارىلىدىغان، ماختىلىنىدىغان، قەھرىمانلىق، ئەركەكلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تاغۇتلار تەرىپىدىن مېدال، مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدىغان باتۇرلۇق دەپ سانىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈممەتنىڭ كۆپلىگەن ياشلىرى تاغۇتنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇش ۋە ئازغىنە ماناشنى دەپ تاغۇت يولىدا كۈرەشكە قاتنىشىش ئۈچۈن، كۆڭلىدە ھېچبىر سىقىلىش ھېس قىلماستىن بەس ـ بەستە تىزىمغا ئالدىرىشۋاتقانلىقنى ئۇچرىتىپ قالىمىز.

﴿ الَّذِينَ آمَنُواْ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ ﴾

**﴿ مۆئمىنلەر اللهنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ. كافىرلار تاغۇتنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار. (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر) شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر. ﴾ (نىسا، 76)**

ماڭا بىر تېمىنى چۆرىدىگەن يۈزلىگەن سوئاللار كەلدى، ئۇ بولسىمۇ «ياشلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخستىسىز الله يولىدا جىھادقا چىقسا بولامدۇ؟» مەندىن ھېچبىر ئادەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخستىسىز تاغۇت يولىدا كۈرەش قىلىشقا چىقسا بولامدۇ؟ ياكى تاغۇتلارنىڭ ئەسكەر سېپىگە تىزىملانسا بولامدۇ؟ دەپ سوراپ باقمىدى. چۈنكى، الله يولىدا جىھادقا چىقىش كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىختىلاپلىق مەسىلە ئىدى، تاغۇت يولىدا كۈرەش قىلىش ۋە تاغۇت ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇش بولسا الله رەھمەت قىلغاندىن باشقا ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدە، بىرلىككە كېلىنگەن، سوراش ھاجەتسىز بىر مەسىلىگە ئايلانغان.

جىھاد ۋە جىھادنىڭ ياردەمچىلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز. ئەپسۇسكى، ئۇلار يۇقاردا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ـ ئازغىنە مائاشنى دەپ دىنىنى ساتىدىغان ـ گورۇھلار ئۇچۇن ياردەمچى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار دۇشمەن ناھايىتى خۇشال بولىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ زور مەنپەئەتى دەپ قارايدىغان بەزىبىر خاتالىقلارغا سەل قارىغانلىقتىن، يۇقاردا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن گورۇھلارنىڭ ياردەمچىلىرى بولۇپ قالىدۇ. مۇجاھىدلارنى زىيانغا ئۇچراتقۇچى كۈچلەر، مانا بۇ خاتالىقلارنى قىلمىسا دۇشمەن ئۆزى قىلىپ، ئۇنى مۇجاھىدلارغا چاپلاپ قويىغان بولاتتى. ئۇلار شۇ قىلمىشى بىلەن مەقسەتكە يەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار شۇنداق قىلماقتا. ئۇلار سەل قارىغان خاتالىق مۇنداق:

ئۇلار قورال ئىشلەتمەيدىغان يەرگە قورال ئىشلىتىپ، قورال ئىشلىتىدىغان يەرگە ئىشلەتمىدى. ئۇلار قىلىش توغرا دەپ ئايرىلىپ بولغان ئىشلارنى قويۇپ، ئېنىق بولمىغان ئىشلارغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇلار دۇشمەن تەرەپتىن بىر نەپەر ياكى بىر قانچە نەپەر كىشىلەرنى دەپ بازار ـ مەھەللىلەردە ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىدىكى تىنچ كىشىلەرنى نىشان قىلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈردى، تەھدىت سالدى.

خاتا ھالدا «ئۆزىنى شەھىد قىلىش ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا ئۇلارنى قورقۇتتى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇ دۇشمەنلىرىدىن ھېچبىرىگە زەربە بېرەلمىدى. تىنچ ـ ئامان، بىغۇبار كىشىلەرنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى بىلەن نەتىجە تولىمۇ ئېغىر بولۇپ كەلدى. قىيامەت كۈنى ئۇلار بۇ قىلمىشىدىن قانداق جاۋابكارلىققا تارتىلىشىنى مەن بىلمەيمەن. بۇ گورۇھلارنىڭ چوڭ مەقسىتى ـ نېمە ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر تەسىر پەيدا قىلىش، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى قانداق چۈشەندۈرۈلىدۇ؟ ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە قانداق تەسىر پەيدا قىلىدۇ؟ بۇ ئۇلارغا مۇھىم ئەمەس. ئۇلار پەرۋامۇ قىلىپ قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئەمەللەرنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىگە نەزەر سېلىش تەلپىگە ۋە شەرئىي سىياسەت فىقھىسىگە ئەمەل قىلىش ۋە ھەربىر ئەمەل كەينىدىكى مەنپەئەت ۋە بۇزۇقچىلىقنى نەزەردە تۇتۇش تەلپىگە قارشى.

بۇ تۇركۇمدىكى كىشىلەرنىڭ بەلگىلىرى ـ ئۇلار يولغا قويۇلغان بولسۇن، يولغا قويۇلمىغان بولسۇن ھەربىر تۈكۈلگەن قانغا چاۋاك چېلىپ تەكبىر ئېيتىدۇ. قەلبنى شىپا تاپقۇزۇش ئۈچۈن قىساس مۇھەببىتىنى شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. مانا مۇشۇلار ئۆزلىرى بىلىپ ـ بىلمەي ئىسلامدىكى جىھاد چۈشەنچىسىنى قەبىھ كۆرسىتىدۇ. ھەتتا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا جىھاد چۈشەنچىسى ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە جىھاد نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان خاتا مەشغۇلات ۋە قالايمىقانچىلىق كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى مۇشۇ خاتا چۈشەنچىنى تەشۋىقات سۇپىتىدە مەيدانغا چىقىرىشقا، ئەنە شۇ خاتالىقلىرى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ يايراپ كېتىدىغان، شۇ خاتالىقلارغا ئۆزىنىڭ يالغان ـ ياۋىداقلىرىنى قوشىدىغان كافىر ـ مۇناپىقلار ھەمكارلاشتى ۋە بۇ خاتالىقلىرىنى ئۆزىنىڭ غەرەزلىك، نىجىس ئېلان ۋاستىلىرىغا رەڭ، تۈز بېرەلەيدىغان تەشۋىقات ئورنىدا ساندى. دەۋەت ۋە دەۋەتچىلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بەزىبىر غاپىل كىشىلەر ئەشۇ ئىشلارنى ئىسلامغا، جىھاد ۋە مۇجاھىدلارغا باغلاپ بۇ خاتالىقلارنىڭ نىسبىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

مۇشۇ نۇقتىدىن، بىز كىشىلەرگە جىھاد چۈشەنچىسىنى ئىسلام ئىرادە قىلغان بويىچە ئۆزگەرتمەي، يوققا چىقىرىۋەتمەي، ھەقنىڭ كىچىككىنە تەرپىنىمۇ يوشۇرماي پەيغەمبەر ﷺغا چۈشۈرۈلگەندەك، ھايات رېئاللىقىدا ئۇممەت ئۇنىڭ بىلەن ياشاشقا ئەرزىگۈدەك بايان قىلىشقا مەجبۇرمىز.

نىجىس پاكتىن ئايرىلىپ، ھەق ئاقلىنىپ، باتىل يوقلىشى ئۈچۈن (باتىل يوقىلىپ بولدى.) بىز بۇ جىھاد چۈشەنچىسىگە يېپىشۋالغان شۇبھىلەرنى ۋە قالاق بۇزغۇنچىلارنىڭ خاتا چۈشەندۇرۇشلىرىنى يوققا چىقىمىز. ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن بىز بۇنى تۆۋەندىكى بۆلەكتە بۇ مەزمۇنلارنى تەپسىلي بايان قىلىمىز.

ﷲ ئۆزى توغرىغا ئۇچراشتۇرۇپ ياردەم بېرىدۇ.

**﴿ لِّيَهْلِكَ مَنْ هَلَكَ عَن بَيِّنَةٍ وَيَحْيَى مَنْ حَيَّ عَن بَيِّنَةٍ ﴾**

**﴿...ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى.﴾ (ئەنفال، 42)**

**جىھادنىڭ مەنىسى ـ**

جىھاد دېگەن كۈرەش قىلىش، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىش، دۈشمەننى چېكىندۇرۇش يولىدا پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىش بولۇپ، كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىش، چېكىدىن ئېشىش، ئۆزىنى ھالاك قىلىش، ۋەيران قىلىش بولىدۇ. كۈچى يېتىدىغان دائىرىدىن كەم قويسا سۇسلۇق قىلغانلىق ۋە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ.

**﴿ وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ ﴾**

**﴿ دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قۇلۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. ﴾** (ئەنفال، **60**)

**﴿ مَا اسْتَطَعْتُمْ ﴾ ﴿ كۈچۈڭلار يەتكەنچە ﴾** دېگەن بۇ ئېشىپ كەتسمۇ بولمايدىغان، كەم قالسىمۇ بولمايدىغان ۋاجىپ تەكلىپتۇر. الله ھېچقانداق بىرىنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كۈچى يەتكەن ئىشلاردىن ھېساب ئالىدۇ.

**﴿ لا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْساً إِلَّا وُسْعَهَا ﴾**

**﴿ الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. ﴾** (بەقەرە، **286**)

**﴿ لا نُكَلِّفُ نَفْساً إِلَّا وُسْعَهَا ﴾**

**﴿ كىشىنى پەقەت كۈچى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىمىز. ﴾** (ئەئراف، **42**)

**﴿ فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ ﴾**

**﴿ تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللەغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. ﴾** (تەغابۇن، **16**)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مەن سىلەرنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇسام، كۈچۈڭلار يەتكەنچە قىلىڭلار.»**

**جىھادنىڭ تۈرلىرى ـ**

جىھاد جان بىلەن، مال بىلەن، سۆز بىلەن بولىدۇ. جان ۋە مال بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ دەلىلى:

**﴿ انْفِرُوا خِفَافاً وَثِقَالاً وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ ﴾**

**﴿(ئى مۆئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بۇلۇڭلار، ئوگۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بۇلۇڭلار، ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز بۇلۇڭلار ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار. اللهنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۇچۇن ياخشىدۇر.﴾ (تەۋبە، 41)**

﴿ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ ﴾

**﴿ اللهنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر. ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۇچۇن بۇ ياخشىدۇر.﴾ (سەف، 11)**

پەيغەمبەر ﷺنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ بۇنىڭ دەلىلى: **«كىمكى الله يولىدا جىھادقا چىقىدىغان كىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بەرسە ئۆزى جىھاد قىلغاندەك بولىدۇ.»**(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

سۆز بىلەن تىل بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ دەلىلى:

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۆئمىن قولى بىلەن تىلى بىلەن جىھاد قىلىدۇ.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۇشرىكلارغا ماللىرىڭلار، قولۇڭلار، تىلىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار.»**

جىھادنىڭ ئۈچ تۈرلۈك بولىدىغانلىقى بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان؛

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«جىھادنىڭ ئەبزەلراقى زالىم پادىشاھ قېشىدا ھەق سۆزلەش.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«جىھادنىڭ اللهقا ياخشى كۆرۈلىدىغانراقى زالىم پادىشاھقا ھەق سۆزنى قىلىشتۇر.»**

جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئەڭ ئەبزىلى ۋە اللهنىڭ نەزىرىدىكى دەرىجىسىنىڭ ئالىيراقى ـ جان بىلەن، مال بىلەن، تىل بىلەن جىھاد قىلىشتۇر. بۇ ئۈچىنى بىللە قىلالايدىغان ئادەم ئاز. بىز اللهنىڭ پەزلى مەرھەمىتى بىلەن بىزنى ۋە سىلەرنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قىلىشنى سورايمىز. الله خالىغان ئىشلارنى قىلىشقا قادىردۇر.

## جىھادنىڭ غايىسى ـ

ئىسلامدىكى جىھادنىڭ غايىسى ـ اللەنىڭ سۆزىنى ئالى قىلىش، كافىرلارنىڭ سۆزى تۆۋەن قىلىش ئۈچۈن الله يولىدا بولغان بولۇش، جىھاد باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاشلا الله رازىلىقى، اللەقا يېقىنلىشىش تەلەپ قىلىنىدىغان، الله مۇجاھىدلارغا تەييارلىغان مول ساۋابلارنى مول ساۋابلارغا ئېرىششنى ئۈمىد قىلىپ قىممەت، ئەتىۋارلىق نەرسىلىرىنى سەرپ قىلىش بىلەن بولىدىغان، ئىبادەت ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا ئەمەلدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللەنىڭ سۆزىنى ئالى قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان ئادەم الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ.»**

ئەمما كافىرلارنىڭ ياكى تاغۇتلارنىڭ سۆزىنى ئالى قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان ئادەم تاغۇت يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ. (تاغۇتلارنىڭ سۆزى ـ تاغۇتنىڭ ھۆكۈمى، قانۇن ـ نىزامى، دەستۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). يەنى بۇ كىشى بۇ ھەقىقەتتىن باش تارتالمايدۇ. يەنى بۇ ئادەم تاغۇت يولىدا ئۇرۇش قىلغۇچى دېگەن ھۆكۈمدىن باش تارتالمايدۇ. گەرچە ئۇ ئادەم ئۆز ئەمىلىنى يالغاندىن جىھاد، مۇجاھىد دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، نەرسىنى ئۆز ئىسمىنىڭ غەيرى بىلەن ئاتاش ئۇنىڭ ھەقىقى سۈپىتىنى يوققا چىقىرالمايدۇ.الله:﴿ **الَّذِينَ آمَنُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ** ﴾ ﴿ **مۇئمىنلەر الله يولىدا جىھاد قىلىدۇ.** ﴾ دېگەندەك، دۈشمەن ئۇلارغا ھەرقانچە سەت لەقەملەرنى قويسىمۇ بۇ مۇئمىنلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ۋە ئۇلارنىڭ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغۇچى دېگەن سۈپىتىنى يوققا چىقىرالمايدۇ. ﴿ **وَالَّذِينَ كَفَرُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ** ﴾ ﴿ **كافىرلار تاغۇت يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ.** ﴾ گەرچە ئۇلارغا تاغۇتلارنىڭ تەشۋىقاتلىرى، سېھىرلىگۈچى ۋاستىلىرى ئالقىش ياغدۇرىدىغان سۈپەتلەر بىلەن ئاتىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەقىقى سۈپىتى بولغان تاغۇت يولىدا ئۇرۇش قىلىش دېگەن سۈپەتنى يوققا چىقىرالمايدۇ.

﴿ **الَّذِينَ آمَنُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ فَقَاتِلُوا أَوْلِيَاءَ الشَّيْطَانِ إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفاً** ﴾

**﴿ مۆئمىنلەر اﷲنىڭ يولىدا جىهاد قىلىدۇ. كافىرلار تاغۇتنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار. (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر) شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر. ﴾ (نىسا، 76)**

اﷲنىڭ سۆزى دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ـ

اﷲنىڭ ھۆكۈمى، شەرىئىتى، ئەمىر ـ پەرمانى دېگەنلىك بولۇپ، مۇشۇ مەنالارنىڭ ھەممىسى **«اﷲنىڭ سۆزى»** دېگەن ئۇقۇمغا كىرىپ كېتىدۇ. اﷲ بۇيرۇغان، ھۆكۈم قىلغان، ئۆز بەندىلىرىگە يولغا قويغان، رۇخسەت قىلغان ھەر بىر ئىش اﷲنىڭ كەلىمىسى بولۇپ، اﷲنىڭ كەلىمىسىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان ئادەم، اﷲنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن اﷲ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ.

**جىهادنىڭ مەقسىتى ـ**

ئىسلامدىكى جىهادنىڭ مەقسىتى تۆرلۈك بولۇپ، اﷲ ئۇنى دەپ ئۇرۇش قىلىشقا ۋە ئۇنى قوغداشقا رۇخسەت بەرگەن ھەربىر نەرسىدۇر. دىن، قان، يۈز ـ ئابرۇي، مال، چەككەن زۇلۇم ئۈچۈن قىساس ئېلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنلىرىگە ئوخشاش ئىززەت ۋە ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ئورنى بولغان جايلارنى قوغداش (ئۇ ئورۇنلارغا تاجاۋۇز قىلىش ـ ھوقۇق ۋە ھۆرمەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ۋەتەنلىرى ۋە شەھەرلىرى تىنچ ـ ئامان بولماي تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمەت ۋە ھوقۇقلىرى تىنچ ـ خاتىرجەم بولالمىغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنلىرىنى قوغداش ئىسلامدىكى جىهادنىڭ مەقسەتلىرىدىندۇر.) ئىسلامدىكى جىهادنىڭ مەقسەتلىرىدىندۇر.

ئالىملار مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنلىرىدىن بىر غېرىچ يەرگە تاجاۋۇز قىلىنسا، ئۇ زېمىننى قوغداشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بايان قىلىدۇ.

**﴿ أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ ﴾**

**﴿ ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. اﷲ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. ﴾ (ھەج، 39)**

اللہ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ مەقستى ـ اللہ بۇيرۇپ رۇخسەت بەرگەن ئىشتا اللہقا ئىتائەت قىلىش بىلەن اللہنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش ۋە زالىم ـ زوراۋانلارنىڭ زۇلمىنى مەزلۇم بەندىلىرىدىن چېكىندۈرۈش ھەرىكىتىدۇر.

**﴿ وَمَا لَكُمْ لا تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ وَالْوِلْدَانِ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْ هَذِهِ الْقَرْيَةِ الظَّالِمِ أَهْلُهَا وَاجْعَلْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ وَلِيّاً وَاجْعَلْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ نَصِيراً ﴾**

**﴿ (ئى مۆئمىنلەر !) سىلەرگە نېمە بولدىكى، اللہنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر. ۋە (دۇئا قىلىپ): «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن. ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل. ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل.» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر. ﴾** (نىسا، **75**)

بۇ ئايەتتىكى اللہ يولىدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ مەقستى ـ ئاجىزلارنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇشتۇر.

**﴿ وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنْتَصِرُونَ ﴾**

**﴿.....ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا..... ﴾** (شۇرا، **39**)

بۇ يەردىكى اللہ يولىدا ئورۇش قىلىشنىڭ مەقستى ـ ھەققە ياردەم بېرىپ، زوراۋانلىقنى يوقىتىشتۇر.

**﴿ وَإِنْ طَائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا فَإِنْ بَغَتْ إِحْدَاهُمَا عَلَى الْأُخْرَى فَقَاتِلُوا الَّتِي تَبْغِي حَتَّى تَفِيءَ إِلَى أَمْرِ اللَّهِ ﴾**

**﴿ ئەگەر مۆئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى اللہنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ﴾** (ھۇجۇرات، **9**)

بۇ يەردىكى اللہ يولىدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ مەقستى ـ تاجاۋۇز قىلغۇچى زوراۋان گۇرۇھنىڭ دۈشمەنلىكىنى تاجاۋۇز قىلىنغۇچى گۇرۇھتىن قايتۇرۇشتۇر.

**﴿ وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ لِلَّهِ فَإِنِ انْتَهَوْا فَإِنَّ اللَّهَ بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ ﴾**

**﴿ پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ﷲ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ﴾** (ئەنفال، **39**)

بۇ يەردىكى ﷲ يولىدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ مەقسىتى ـ زېمىندا پىتنە، شېرىك، زۇلۇم ـ زوراۋانلىق، بۇزۇقچىلىق يوقاپ بەندىلەرنىڭ ئىتائىتى، بويسۇنۇشنى شېرىكسىز يېگانە ﷲقىلا بولىشى ئۈچۈندۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا جىهادنىڭ غايىسى بىر، جىهادنىڭ مەقسىتى ئۆزگىرىش بىلەن ئۆزگەرمەي مۇستەھكەم تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان كۆپلىگەن ئايەتلەر بار. ئۇ جىهادنىڭ غايىسى ﷲنىڭ ساۋاب، ئاتا ـ ئېھسانىنى ئۈمىد قىلىش، ﷲقا ئىتائەت قىلىش، ﷲنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈش، دۈشمەنگە ئۇرۇش قىلىشتىكى سۆزگە بويسۇنۇش بىلەن ﷲ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىشتۇر.

جىهادنىڭ مەقسىتى تۈرلۈك بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن غايە ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «**مېلىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم شەھىد، جېنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم شەھىد، دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم شەھىد، ئەھلى ـ ئائىللىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم شەھىد. زۇلۇمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم شەھىد.**»(نەسەئى)

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىندىكى: «**بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ﷲنىڭ ئەلچىسى، بىر ئادەم مېنىڭ مېلىمنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ كەلسە قانداق قىلىمەن؟ ـ دېدى، پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنىڭغا مېلىڭنى بەرمە، ـ دېدى، ئۇ ئادەم: ئەگەر مەن بىلەن ئۇرۇشسىچۇ؟ ـ دېدى، پەيغەمبەر ﷺ : سەنمۇ ئۇرۇش قىل، ـ دېدى، ھېلىقى ئادەم: ئەگەر مېنى ئۆلتۈرىۋەتسىچۇ؟ ـ دېدى، پەيغەمبەر ﷺ : سەن شەھىد، دېدى. ھېلىقى ئادەم: مەن ئەگەر ئۇ**

**ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ؟ ــ دېدى، پەيغەمبەر ﷺ : ئۇ ئادەم دەۋزەختە بولىدۇ، ــ دېدى.»** **(مۇسلىم)**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ناھەق مېلى ئېلىۋېلىنماقچى بولغان ئادەم ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد.»**

ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېدى: «گەرچە ئىككى دەرھەم بولسىمۇ مېلىنى قوغدايدۇ.»

مۇشۇ نەرسىلەرنى دەپ ئۇرۇش قىلىش ــ جىھادنىڭ مەقسەت ۋە سەۋەبلىرىدىندۇر. ۋە الله رۇخسەت بەرگەن جىھادتۇر. مانا بۇ نەرسىلەرنى قوغداش اللهنىڭ كەلىمىلىرىدىندۇر. مۇشۇ نەرسىلەرنى دەپ ئۇرۇش قىلىش الله يولىدا جىھاد قىلغانلىقتۇر.

جىھادنىڭ غايىسى بىلەن مەقستى ئۆز ــ ئارا قارىمۇ ــ قارشى ئەمەس. ئەمما جىھادنىڭ مەقستىنى جىھادنىڭ غايىسى ئورنىدا قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ۋەتەن يولىدا، مال، يۈز ــ ئابرۇي، ئەھلى باللىرىنى دەپ زۇلۇمدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ۋە جىھادنىڭ باشقا مەقسەتلىرى تۈپەيلىدىن جىھاد قىلىمىز دېسەك بۇ خاتا بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى جىھادنىڭ مەقستىنى غايە ئورنىغا قويىۋالغانلىق بولىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ تىلى مۇشۇنداق سۆزلەشكە كۆنۈپ قالدى. شەرىئەتتە توغرا سۆز پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزى بولۇپ، بىز الله يولىدا دىنىمىزنى، ئائىلىمىزنى، مېلىمىزنى، ئىززەت ــ ھۆرمىتىمىزنى، باللىرىمىزنى قوغداش ياكى زۇلۇمدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز، ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشىمىز لازىم. جىھادنىڭ غايىسى بىلەن مەقستى ئارىسىنى ئايرىپ چۈشىنىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم. ۋە جىھادنى باشلىغاندا مۇشۇ جىھادنىڭ غايىسىگە دىققەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىشنىڭ ئاقىۋىتى زۇلۇم، شېرىككە ئاپىرىپ قويىدۇ. مەقسەتنى غايىنىڭ ئورنىدا قويۇپ، غايىنى مەقسەتنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

مانا بۇ قىلمىش بەزى كىشىلەرنى «مۇشۇ نەرسىلەرنى دەپ ئۇرۇش قىلىش ــ ئۇ دۇنيا ئىشلىرىدىن دىنىي ئىشلاردىن ئەمەس، بۇ نەرسىلەرنى دەپ ئۇرۇش قىلىشنى الله يولىدا، اللهنىڭ سۆزىنى ئالى قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانلىق دېگىلى بولمايدۇ.» دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشتىن توسۇپ قويىدى. شۇ ۋاقىتتا سەل قاراش يۈز بېرىپ ھۆرمەت،

يۈز ـ ئابرۇيلار تۆكۈلۈپ ھوقۇقلار قولدىن كېتىپ، جەمئىيەتنى زۇلۇم قاپلاپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللار، باللاردىن مىڭلىغانلىرنى قۇربان قىلىۋاتقان كۆپلىگەن قىرغىنچىلىقلار بولدى. مۇشۇنداق قۇربان بولۇپ كېتىشنىڭ سەۋەبى: جىھادنىڭ غايىسى بىلەن مەقسىتىنىڭ ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار جىھاد مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشتىن، ئۆزىنىڭ بىچارە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ياردەم بېرىشتىن باش تارتتى. ۋە ئۇلارغا كۆرۈنگەندەك جەڭ دىنى جەڭ ئەمەس، شۇنىڭغا ئەگىشىپ جەڭ ئۇلارغا مۇھىم ئەمەس، دەپ قارىلىپ قالغانلىقتىن ئۇلار قىرغىنچىلىقلارغا قاراپ قول قوۋۇشتۇرۇش بىلەن بولدى قىلدى. بوسنىيە گېرتىسى گوۋىنا، كوسوۋۇ، چېچىنىيە، ئافغانىستان، سۇرىيە، فەلەستىن، ئىراقلاردا يۈز بەرگەن، ئاخىرىدا سۇمالىدا، سۇمالى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغۇچى خرىستىئانلار غوزغىغان قىرغىنچىلىق خەۋەرلىرى بىزنىڭ قۇلاق، كۆزلىرىمىزدىن يىراق ئەمەس.

## جىھادنىڭ سەۋەبلىرى ـ

ھەممە كىشى شەيتاننىڭ، شەيتاننىڭ قوشۇنىنىڭ بارلىقىغا، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. يامانلىقمۇ مەۋجۇت يامانلىق قىلغۇچىلارمۇ مەۋجۇت. يامانلىق قىلغۇچىلار زېمىننى خاراب قىلىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن كىشىلەرنى رەببىگە ئىبادەت قىلىشتىن. توسۇپ ئۇلارنى تاغۇتقا ئىبادەت قىلىشقا مەجبۇرلاشتىن ھېچ زېرىكمەي، ھېرىپ قالمايدۇ.

ئۇلارنى ئەنە شۇ ھەرىكەتلىرى ئۆلۈم ـ يىتىم، زوراۋانلىق قىلىش، ئىدىيىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىكى تېررورلۇققا قىستىسمۇ ئۇلار بىر مىنۇتمۇ ئىككىلىنىپ قالمايدۇ.

ئۆزىنىڭ غەرىزىنى دەپ شەھەر، دۆلەتلەرنى ۋەيراق قېلىشتىنمۇ يانمايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى جىنايەت، ئۆلۈم ـ يىتىم، بۇزۇقچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشتىن چەكلەيدىغان مەدەنىيەت قارىشى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ غەرىزىدىكى غايە ـ بۇزۇق غايە ۋە ۋاستىلىرىنى ئاقلايدۇ. بۇ ئەمەلىي رېئاللىق بولۇپ، بۇنى ئەقلى ۋە نەقلى دەلىللەر ۋە كۆرۈنۈپ تۇرغان رېئاللىق شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، الله كۆزى ۋە قەلبىنى كور قىلغاندىن باشقا ئادەملەر بۇنى بىلەلەيدۇ.

﴿ وَلا يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّى يَرُدُّوكُمْ عَنْ دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُوا ﴾

**﴿ ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قۇلىدىن كەلسىلا، سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. ﴾** (بەقەرە، **217**)

﴿ وَقَالَ الَّذِينَ اسْتُضْعِفُوا لِلَّذِينَ اسْتَكْبَرُوا بَلْ مَكْرُ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ إِذْ تَأْمُرُونَنَا أَنْ نَكْفُرَ بِاللَّهِ وَنَجْعَلَ لَهُ أَنْدَاداً ﴾

**﴿ بوزەك قىلىنغانلار چوڭچىلىق قىلغانلارغا: « ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (سىلەرنىڭ بىزگە كېچە ـ كۈندۈز قىلغان ھىيلە ـ مىكرىڭلار (بىزنى ئىماندىن توستى.) ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىزنى اللەنى ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتۇڭلار. » دەيدۇ. ﴾** (سەبە، **33**)

مانا مۇشۇ نۇقتىدىن زېمىندىكى كىشىلەرنىڭ تىنچ ـ ئامان ھالدا، ئىمان بىلەن يامانلىقتىن، پىتنە ـ پاساتتىن يىراق ھالدا ھايات كەچۈرۈشىنى قوغداش ئۈچۈن الله يولىدا جىھاد قىلىش يولغا قويۇلدى. يامانلىق ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ تارىلىپ كېتىشىنى ۋە ياخشى كىشىلەرگە تەسرى يۇقۇپ قىلىشتىن چەكلەش ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن جىھاد يولغا قويۇلدى.

كىشىلەرنى كىشىلەرگە ۋە شېرىككە قولچىلىق قىلىشتىن، بەندىلەرنىڭ يېگانە رەببىگە ئىبادەت قىلىشقا، باتىل دىنلارنىڭ زۇلۇم ـ زۇلمىتىدىن مەجبۇرلىشىدىن ئىسلامنىڭ ئادىللىقى، كۆيۈمچانلىقى ۋە نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن الله يولىدا جىھاد قىلىش يولغا قويۇلدى.

﴿ وَقَاتِلُوا الْمُشْرِكِينَ كَافَّةً كَمَا يُقَاتِلُونَكُمْ كَافَّةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ ﴾

**﴿ مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر. ﴾** (تەۋبە، **36**)

﴿ وَلَوْلا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيراً وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ ﴾

**﴿ ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللەنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان**

**مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى. كىمكى اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە اللە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. اللە ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.﴾** (ھەج، **40**)

**﴿وَلَوْلا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَفَسَدَتِ الْأَرْضُ وَلَكِنَّ اللَّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ﴾**

**﴿اللە ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى، بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى. (يەنى خاراپلىققا يۈزلىنەتتى.) لېكىن اللە (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.﴾**(بەقەرە، **251**)

اللەنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېئمىتى اللە يولىدا جىھاد قىلىش ۋە جانلىرىنى، ئىززەت ـ شەرىپىنى، ئۇلار تۇرىۋاتقان زېمىننى بۇزۇقچىلىق، ۋەيرانچىلىق، خارابلىقتىن قوغداشقا رۇخسەت بەرگەنلىكتۇر.

ئويلىنىپ بېقىڭلار! ئەگەر ئىسلام اللە يولىدا جىھاد قىلىش شوئاردىن ۋاز كەچسە، يەر يۈزىدە ئەزان ئېيتىلىدىغان مەسچىتلەر قالامدۇ؟ ياكى قورقماستىن «رەببىم اللە» دېيەلەيدىغان بىرەر بەندە بولارمۇ؟ ياكى جىنى، مېلى، دىنى، ئابرۇيىغا ھېچبىر يامانلىق يەتمەستىن، خاتىرجەم ھالدا ماڭالايدىغان بىر ئايال بولارمۇ؟ ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددىساتلىرى ۋە اللە بەلگىلەپ بەرگەن پائالىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى تاپقىلى بولارمۇ؟

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللەنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالى بىر كېمىگە تەڭ چىققۇچىغا ئوخشاش. بەزىلەر ئۈستىدىن، بەزىلەر ئاستىدىن ئورۇن ئالىدۇ، ئاستىدىكىلەر سۇ ئالماقچى بولسا ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتىدۇ. ئەگەر ئاستىدىكىلەر: تۇرغان يېرىمىزدىنلا تېشىپ سۇ ئالغان بولساق ئۈستىدىكىلەرگە ئازار بەرمەس ئىدۇق دېسە. ئۈستىدىكىلەر ئۇلارنىڭ كىمىنى تېشىشكە يول قويسا، ھەممىسى بىللە غەرق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنى ئۇنداق قىلغىلى قويمىسا ھەممىسى بىللە قۇتۇلىدۇ.»**

مۇشرىك، بۇزغۇنچىلارنىڭ ئەھۋالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى، سەن ئۇلارنىڭ بۇزۇقچىلىق، خاراب قىلىش، جىنايەت ئۆتكۈزۈش، دىنسىزلىقلىرىنى، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق دېگەندەك

يالتىراق شوئار ئاستىدا ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈسەن، ئەگەر ئۇلار قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا مەيلى دەپ قويۇلسا جەمئىيەتتىكى بارلىق ياخشىلار ۋە يامانلار بىللە ھالاك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى چەكلەنسە ياخشىلارمۇ ۋە باشقىلارمۇ ھەممىسى بىللە قۇتۇلۇپ قالىدۇ. مانا مۇشۇ ھەدىستىكى مىسالغا ئوخشاش.

**جىھادنىڭ شەرتلىرى ـ**

ئىسلامدا جىھاد قىلىشنىڭ ئۈچ شەرتى بار، ئۇ ئۈچ شەرتسىز جىھاد قوبۇل بولمايدۇ. ۋە ئىسلام يولغا قويغان جىھاد بولمايدۇ. بىرىنچى: جىھاد الله رازىلىق ئۈچۈن خالىس بولۇش، اللهنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەن بولۇش، الله مۇجاھىدلارغا تەييارلىغان كاتتا ئەجىرنى تەلەپ قىلىش، رىيا، شۆھرەتخۇرلۇقنى ئۈمىد قىلماسلىق لازىم.

جىھاد بولسا ئىبادەت مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئەمەل بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى شەرتى ئىخلاس قىلىش. شۇ جىھاد بىلەن اللهقا يېقىنلىشىشتۇر. ئەگەر ئىخلاس يوقاپ كەتسە، ئەمەلنىڭ ئەجىرىمۇ يوقاپ كېتىدۇ.

**﴿ وَلا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَداً ﴾**

**﴿...ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن.﴾** (كەھف، **110**)

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: **«بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ﷺغا مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم غەنىيمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، بىر ئادەم شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا قايسى بىرى الله يولىدا بولىدۇ؟.** پەيغەمبەر ﷺ **: اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ. ـ دېدى.»**

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: **«**پەيغەمبەر ﷺ **دىن شۇنداق سوئاللار سورالدى: قەھرىمانلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان، يۇرتۋازلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلغان، كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشىنىڭ قايسىسى الله يولىدا بولىدۇ؟.** پەيغەمبەر ﷺ **: اللهنىڭ سۆزىنى ئالى قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان ئادەم الله يولىدا بولىدۇ، ـ دىدى.»** (مۇسلىم)

ئەبا ئۇمامەتىل باھىلىدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى: **«بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ئەجىر ئىزدەپ ۋە شۆھرەت قازىنىشنى ئىزدەپ ئۇرۇش قىلغان ئادەمگە قانداق ئەجىر بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ئەجىر بولمايدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئۈچ قېتىم سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر بولمايدۇ، ـ دەپ ئۇنىڭغا مۇنداق قوشۇپ قويدى: اللە ئۆزى ئۈچۈن خالىس بولۇپ، اللەنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەندىن باشقا ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مەن شېرىكلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشىدىن بىھاجەتمەن، كىم مەن ئۈچۈن بىر ئەمەلنى قىلىپ، مەندىن باشقىلارنى شېرىك قىلسا، مەن ئۇ كىشىدىن ۋە ئۇ كىشى شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن بىزارمەن.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللە يولىدا ئۇرۇش قىلىپ بىر ئارغامچىغا چاغلىق نەرسىگە ئېرىشىشنى نىيەت قىلىپ قالسا، ئۇ ئادەم نىيەت قىلغان نەرسىسى بار.»**(نەسەئى)

شۇنداق بولىشى ئەمەللەر نىيەتكە قاراپ بولىدۇ. ھەر بىر ئىنسان نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ.

ئىككىنچى شەرت: جىھاد سۈننەتكە ئۇيغۇن بولىشى لازىم. جىھادتا شەرىئەت تەلىماتلىرىغا ئەگىشىش سۈپىتى ئەمەلىيلىشىشى كېرەك. كۆڭۈل خاھىشىغا توغرا كەلمىسىمۇ شەرىئەت رۇخسەت بەرگەن كىشىگە قىلىچ ئۇرۇپ، شەرىئەت قىلىچ ئۇرماسلىقنى ۋاجىپ قىلغان نەرسىگە ئۇرماسلىق لازىم. مەسىلەن: دۈشمەن تەرەپتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ بۇرۇن ـ قۇلاقلىرىنى كېسىۋەتمەسلىك كېرەك. قىساس ئېلىش، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش يۈزىسىدىن بۇرۇن ـ قۇلاقلىرىنى تىلىۋېتىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. يەنى توغرىدۇر. ئەپۇ قىلىش، سەۋرچان بولۇش پەزىلەتلىك ياخشى ئىشتۇر.

﴿ وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُمْ بِهِ وَلَئِنْ صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِلصَّابِرِينَ ﴾

**﴿ ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار. (يەنى**

**ئاشۇرۇۋەتمەڭلار) ئەگەر سەۋر قىلساڭلار. (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار،) بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر.﴾ (نەھل،126)**

**﴿ وَقَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ وَلا تَعْتَدُوا إِنَّ اللَّهَ لا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ ﴾**

**﴿ سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىهاد قىلىڭلار. تاجاۋۇز قىلماڭلار. تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.﴾ (بەقەرە،190)**

الله يولىدا جىهاد قىلغۇچى ئۆز كۆڭۈل خاھىشىنى توسۇپ، شەرىئەتكە ئەگىشىشنى ئۈستۈن تاللىغان كىشىدۇر.

**﴿ وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ وَنَهَى النَّفْسَ عَنِ الْهَوَى*فَإِنَّ الْجَنَّةَ هِيَ الْمَأْوَى ﴾**

**﴿ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ.﴾ (نازىئات،40 ـ 41)**

ئەمما قىلىچنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئىشلەتكەن، جىهادقا ئۆز خاھىشى بويىچە يول ئالغان ئادەم ياكى كۆڭلىنى قاندۇرۇش، ئىنتىقام ئېلىش ھېسسىياتىغا ئاۋاز قوشۇپ، الله بۇيرۇغانغا ۋە چەكلىگەنلەرگە رىئايە قىلمىغان قىلىچنى ئىشلىتىش لازىم بولغان يەرگە ئىشلەتمەي، ئىشلەتمەسلىك كېرەك بولغان يەرلەرگە ئىشلەتكەن ئادەمدىن كىچىك باللار، قېرىلار، ئاياللار ۋە باشقا الله ۋە رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قېنىغا كېپىللىك بەرگەن، ھۆرمىتىنى ساقلىغان كىشىلەر ساقلىنىپ قالالمايدۇ. مانا بۇ ئادەم اللهنىڭ ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىي بولۇپ، مۆئمىن مۇجاھىدلارنىڭ يولىغا ئەگەشمىگەن ئازغۇن، ئازدۇرغۇچى، ئۆز خاھىشىغا چوقۇنغۇچى كىشى بولىدۇ. ئۇنداق كىشىنىڭ ئەمىلىنى جىهاد ۋە مۇجاھىدلارغا نىسبەت بېرىش توغرا ئەمەس. بۇ ئادەمنىڭ ئۇرۇشى چېكىدىن ئاشقۇچى خاۋارىجلار ۋە باشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى بۆلگۈچىلاردىن بولغان خاھىشپەرەسلەرنىڭ ئۇرۇشىغا ئوخشايدۇ.

مىقداد ئىبنى ئەسۋەد ﷺ تىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: **«مىقداد ﷺ مۇنداق دېدى: ئى رەسۇلۇللاھ، مەن كافىرلاردىن بىرىسىگە ئۇچرىشىپ قالسام، مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ مېنىڭ بىر قولۇمنى كېسىۋەتسە، مەندىن دەرەخ كەينىگە ئۆتىۋېلىپ پاناھلانسا، ئاندىن مەن الله ئۈچۈن**

**تەسلىم بولدۇم ، ــ دېگەندىن كېيىن ئۆلتۈرسەم بولامدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنى ئۆلتۈرمە ، ــ دېدى ، مەن دېدىم: ئى رەسۇلۇللاھ مىنىڭ قولۇمنى كېسىۋېتىپ بولۇپ شۇ گەپنى دېسە ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسەم بولمامدۇ؟ ــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتمە ، ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۇ سېنىڭ ئورنۇڭدا ، يەنى قېنى ساقلانغۇچى ، ھالال قىلىنغان بولىدۇ. سەن ئۇ سۆزنى دېيىشتىن ئىلگىرىكى ئۇنىڭ ئورنىدا بولىسەن.»**(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

شەرىئەت ئۆز سۆزىنى ئوتتۇرغا قويۇپ ھۆكۈمىنى چىقارغان ۋاقىتتا كۆڭلىنى قاندۇرۇش ، ئىنتىقام ئېلىش ، ئۆز خاھىشىغا ئەگىشىشكە يول يوق .

**﴿ فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴾**

**﴿. . .پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن ، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن . ﴾** (نۇر ،**63**)

**﴿ فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجاً مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيماً ﴾**

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە ــ تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە ، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولىسمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. ﴾** (نىسا ،**65**)

ئۈچىنچى شەرت: جىھاد الله ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بەرگەن يوللۇق مەقسەت ئۈچۈن بولىشى كېرەك.

ئەمما جىھاد قىلىشتىكى مەقسەت الله رۇخسەت بەرمىگەن يولسىز مەقسەت ئۈچۈن بولسا مەسىلەن: گۇرۇھۋازلىق قىلىپ ، ۋەتەننى دەپ ، پارتىيىنى دەپ ، ياكى ھەققەت ۋە باتىلدىكى بىر رەھبەرنى دەپ ئۇرۇش قىلىش ، ياكى بىدئەتچىلەر تەرەپتارىدا بولۇش. باتىلغا ، زالىمغا ياردەم بېرىش ، تاغۇتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ياردەم بېرىش ، شۇنىڭغا ئوخشاش باتىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش قاتارلىقلار رەت قىلىنىدىغان بولۇپ ، گەرچە ئۇلار ئۆزىدە ئىخلاس شەرتىنى

ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياخشىلىقنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، اللە يولىدىكى جىھاد قىلىشقا تەۋە بولمايدۇ. كۆپلىگەن ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغۇچىلار بولۇپ ئۇلار ياخشىلىقنى اللە يولىغا قويغاندىن باشقا تەرەپتىن ئىزدىگەنلىكى ئۈچۈن ياخشىلىقنى تاپالمايدۇ. زېمىندا كۆپلىگەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار بولۇپ ئۆزىنى ياخشى ئىش قىلدۇق دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

﴿ الَّذِينَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ يَحْسَبُونَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُونَ صُنْعاً ﴾

**﴿ ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر. ﴾** (كەھف ،**104**)

خاۋارىجلار توغرىسىدا پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇيدۇ، كېكىردىكىدىن ئۆتمەيدۇ، دىندىن ئوق ياچاقتىن چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇتپەرەسلەرنى قويۇپ قويىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلار بىلەن ئۇچرىشالىغان بولسام ئىدىم، ئۇلارنى ئاد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرگەن بولاتتىم.»** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مۇشۇنداق بولىشى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ياخشى ئىش قىلدۇق دەپ ئويلايدۇ، ئۇلار خىزمىتىنى اللە يولىدىكى جىھاد دەيدۇ. ئەمما ئۇلار دىندىن ئوق ياچاقتىن چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«يېقىندا مىنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈش بولىدۇ، بىر قەۋملەر بولۇپ ئۇلار گەپنى ياخشى قىلىدۇ. لېكىن ناچار ئىش قىلىدۇ. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ كېكىردىكىدىن ئۆتمەيدۇ. ئوق ياچاقتىن چىقىپ كەتكەندەك دىندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئوق قايتىپ كەلمىگەندەك دىنغا قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇلار ئەڭ يامان كىشىلەردۇر. ئۇلارنى ئۆلتۈرىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمگە خۇش مۇبارەك بولسۇن. ئۇلار اللەنىڭ كىتابىغا چاقىرىدۇ. ئەمما ئۇ يامان كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايدۇ. ئۇلارغا ئۇرۇش قىلغان ئادەم اللەقا يېقىندۇر . ئۇلارنىڭ بەلگىسى چۇشۇرىتىۋېتىشتۇر.»**

ئىبنى زەھھاك «بىدئەت ۋە ئۇنى چەكلەش» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ ئۇبەيدەتىبنى ھۇزەيفەدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى: «بىر ئادەم ھۇزەيفەتۇل يەمانىنىڭ قىشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: اللە رىزالىقى

ئۈچۈن غەزەپلىنىپ، باشقىلارغا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر قىلىچ ئۇرغان بولسا ئۇ ئادەم جەننەتتى بولامدۇ؟ دەۋزەخمۇ؟ ئەبۇ مۇسا: جەننەتتە بولىدۇ، دېدى. ھۇزەيفە: بۇ ئادەمدىن چۈشۈنۈشلىك سوراشنى تەلەپ قىلغىن. ئاندىن ئۇنىڭغا چۈشۈنۈشلىك جاۋاب بەرگىن؟ ـ دېدى. ئەبۇ مۇسا: سبحان الله سەن نېمە دېدىڭ؟ ـ دېۋىدى، ھېلىقى ئادەم: بىر ئادەم الله رىزالىقى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ، باشقىلارغا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر قىلىچ ئۇرغان بولسا ئۇ ئادەم جەننەتتى بولامدۇ؟ ـ دېدىم، دېدى. ئەبۇ مۇسا:جەننەتتى بولىدۇ، دېدى. ھۇزەيفە: بۇ ئادەمدىن چۈشۈنۈشلىك سوراشنى تەلەپ قىلغىن. ئاندىن ئۇنىڭغا چۈشۈنۈشلىك جاۋاب بەرگىن؟ ـ دېدى. بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئۈچىنچى قېتىمدا ھۇزەيفە ئەبۇ مۇساغا: چۈشىنىشلىك بولمىدى، ـ دېدى. ئاندىن ھېلىقى ئادەمنى چاقىرىپ: توختا! ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلىچى بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ بېشى ئۈزۈلگىچە چاپسا، ئاندىن قىلىچ ئۇرغۇچى توغرىنى تېپىپ، توغرىلىق ئۈستىدە ئۆلتۈرۈلسە جەننەتتە بولىدۇ. ئەگەر توغرىنى تاپالمىسا دەۋزەختە بولىدۇ. مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەم! سەن سورىغان مۇشۇ مەسىلىدە خاتالىشىپ نۇرغۇن كىشى دەۋزەخكە كىرىپ كېتىدۇ. دېدى.»

ھەسەنۇلبەسرى ئېيتتى:بىدئەت ئۈستىدە تۇرۇپ قىلىچ كۆتۈرۈۋالغان كىشىلەرنى دېمەكچى.

**جىھادنىڭ قىسىملىرى ـ**

الله يولىدىكى جىھاد ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ؛ بىرسى قوغدىنىش جىھادى، يەنە بىرسى ھۇجۇم قىلىش جىھادى.

قوغدىنىش جىھادى ـ مەيلى ئەسلى كافىر بولسۇن، مەيلى مۇرتەد بولۇپ كەتكەن كافىر بولسۇن ـ كافىر، دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالسا، شۇ ۋاقىتتا دۈشمەن تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان شەھەردىكى مۇسۇلمانلارغا شەھەر ۋە خالايىقلارنى قوغداش ئۈچۈن دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار شەھەرنى قوغداشتىن ئاجىز كەلسە، تاجاۋۇز قىلىنغان شەھەرگە يېقىن مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارمۇ پەرز كۇپايىنى ئەمەلىيەتكە چىقىرالمىسا، تاجاۋۇز قىلغان دۈشمەننى چېكىندۈرۈشتە، پەرز كۇپايە ئەمەلىيەتكە چىققانغا قەدەر يېقىندىكى كىشىلەرگە ۋاجىپ بولىدۇ.

قوغدىنىش جىھادى ناھايىتى مۇھىم بولغانلىقى، كىچىكتۈرۈشنى قوبۇل قىلالمىغانلىقى مۇشۇ جىھاد پەرز بولغانلارغا جەڭگە كىرگەندىكى، سەپكە ھازىر بولغانلارنىڭ ھۆكۈمى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇ جىھادتىن ئايرىلىپ قىلىشىغا ياكى قېچىشىغا بولمايدۇ. شۇنداقلا بىرەر شەرتمۇ كەتمەيدۇ، بەلكى دۈشمەنگە جىھاد قىلىش ئۈچۈن پىيادە، ئۇلاغلىق، يالغۇز ھالدا ياكى جامائەت بىلەن ھەر بىرىنىڭ ئىمكانىيىتى يەتكەنچە مۇسۇلمان ھاكىم رۇخسەت قىلسۇن ـ قىلمىسۇن ئۇرۇشقا چىقىش ۋاجىپ بولىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال قوغدىنىش جىھاد ئىنتىزامىغا ۋە جىھادنىڭ ئىتائەت قىلىنىدىغان ئەمرى بولۇشقا قارشى كەلمەيدۇ. ئەمىر قوغدىنىش جىھادىدا تېخىمۇ مۇھىم ، لېكىن تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە جىھاد قىلىش ۋە ئۇ دۈشمەننى چېكىندۇرۇش ئۈچۈن ئەمىرنىڭ بولىشى شەرت قىلىنمايدۇ.

ئىبنى تەيمىيە فەتىۋاسىدا مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەن مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلغان بولسا، ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلار ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرىمىغان ياردەم بەرگۈچىلەرگىمۇ مۇسۇلمانلارنى قوغداش ۋاجىپ بولىدۇ.»

﴿ وَإِنِ اسْتَنْصَرُوكُمْ فِي الدِّينِ فَعَلَيْكُمُ النَّصْرُ إِلَّا عَلَى قَوْمٍ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُمْ مِيثَاقٌ ﴾

**﴿ ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك. ﴾** (ئەنفال، 72)

پەيغەمبەر ﷺ مۇسۇلمانغا ياردەم بېرىشكە بۇيرىدى. مەيلى ئۇ كىشى ئۇرۇشقا تىزىملانغان بولسۇن ياكى تىزىملانمىغان بولسۇن، ھەر بىرى جان ـ مېلى بىلەن ئىمكانىيىتى يەتكەنچە، ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن، پىيادە ياكى ئۇلاغلىق بولسۇن ياردەم بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. خۇددى دۈشمەن خەندەك كۈنىسى مۇسۇلمانلارنى نىشان قىلغاندا، ئۇلارنى ئولتۇرۇۋالغۇچى، چىققۇچى دەپ ئايرىغان، دۈشمەننى قوغلاپ بېرىپ ھۇجۇم قىلىش جىھادىدا جىھادنى تەرك ئېتىشكە رۇخسەت بەرگەندەك، الله ئۇ جىھادنى تەرك ئېتىشتە بىرەر مۇسۇلمانغا رۇخسەت بەرمىگەن بەلكى پەيغەمبەر ﷺ دىن خەندەك جىھادىدا رۇخسەت سورىغانلارنى ئەيىبلىدى.

﴿ يَقُولُونَ إِنَّ بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ إِنْ يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَاراً ﴾

**﴿ ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم: « ئى يەسرىبلىكلەر! بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار!» دېيىشەتتى. ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم: « بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا» دېيىشىپ پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى. بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ. ﴾ (ئەھزاب، 13)**

مەن شۇنداق دەيمەن: ئىبنى تەيمىيەنىڭ «ھۇجۇمغا ئۇچرىمىغانلارغا» دېگەن سۆزى ھۇجۇم قىلىنغانلارغا يېقىن جايدىكى مۇسۇلمانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئاندىن كېيىن دائىرە كېڭىيىپ دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى چەكلىيەلمىسە، پەرز كۇپايە ئەمەلىيەتكە چىققانغا قەدەر شۇلارغا ئەڭ يېقىن جايدىكى مۇسۇلمانلارغا جىھادقا چىقىش ۋاجىب بولىدۇ.

شۇنداق بولىشى، يېقىن جايدىكى مۇسۇلمانلارغا، ھۇجۇمغا ئۇچرىغان شەھەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمى تەدبىقلىنىدۇ. يېقىندىكى كىشىلەر يىراقتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا ياردەم بېرىشكە تېزراق قادىر بولالايدۇ.

ئىبنى قۇدامەتىلمەقدىسى «كافي» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «كافىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىرىنى بېسىۋالسا، شۇ شەھەردىكى مۇسۇلمانلارغا كافىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا چىقىش پەرز ئەيىن بولىدۇ. ماكانلىرىنى، ماللىرىنى ساقلاش ئۈچۈن ئايرىلىپ قىلىشقا موھتاج بولغان، ئەمىر چىقىشتىن توسقان كىشىدىن باشقا بىرەر كىشىنىڭ ئايرىلىپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. **﴿ انْفِرُوا خِفَافاً وَثِقَالاً ﴾ ﴿ (ئى مۆئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بۇلۇڭلار، ئوگۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بۇلۇڭلار، ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز بۇلۇڭلار ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار. ﴾** (تەۋبە، **41**) چۈنكى شۇ شەھەردىكىلەر جىھاد سېپىگە ھازىر بولغۇچىلارنىڭ قاتارىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا جىھاد پەرز ئەيىن بولىدۇ. »

مەن دەيمەنكى؛ ئىبنى قۇدامەنىڭ «شەخسلەرگە ۋەزىپە بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئومۇمي پىلاننىڭ ئىچىدىكى ئەمىر چىقىشتىن توسقان كىشى» دېگەن سۆزى جىھادنىڭ مەنپەئەتى ياكى ئەمىر توغرا دەپ قارىغان كۈچلۈك مەنپەئەت سەۋەبىدىن چىقىشتىن توسىدۇ. مانا بۇنداق چەكلەشتە گۇناھ يوق. ئەمما ئەمىر پەقەت ئۆز خاھىشى بويىچىلا ياكى مۇسۇلمانلارنى

ياردەمسىز قالدۇرۇش ئۈچۈن چەكلىگەن بولسا، ئۇنداق ئەمرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ياراتقۇچىغا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ، ئىتائەت دېگەن ياخشىلىقتا بولىدۇ.

ھۇجۇم قىلىش جىھادى ـ مۇسۇلمان مۇجاھىدلار ئىسلامى دۆلەت چېگرىسىنىڭ سىرتىدىكى دۇشمەن دىيارىغا دۇشمەننى قوغلاپ بېرىپ قىلىدىغان جىھادتۇر.

مۇشۇ خىل جىھاد ئۈچۈن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بەزىسى ئىمام ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىنىڭ رۇخسەت بېرىشىنى شەرت قىلدى.

توغرىسى شۇكى ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى ۋە ھاكىمىنىڭ رۇخستى، مۇسۇلمانلار ئىمامىنىڭ ھۆكۈمى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى كىشىلەرگە لازىم بولىدۇ. ئۇ ھاكىمىنىڭ ھىمايىسى ۋە ھۆكۈمى ئاستىدا ياشايدىغان ئادەم دۇشمەننى قوغلاپ بېرىپ جىھاد قىلىشتا شۇ ھاكىمدىن رۇخسەت سورىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما ئۇ ھاكىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە دۆلىتىنىڭ سىرتىدا ياشايدىغان ئادەم ھاكىمدىن رۇخسەت سورىمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئادەم ئۆزى يالغۇز بولغان تەقدىردىمۇ ھۇجۇم قىلىش جىھادى ئۈچۈن ماڭىدۇ. ئەمىر ياكى مۇسۇلمان ھاكىم يوق ۋاقىتتىكى ئەھۋالمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز ـ ئۆزىگە ئەمىر بولىدۇ. يوق ئەمىردىن رۇخسەت سورىغىلى بولمايدۇ.

قوغدىنىش جىھادى ۋە ھۇجۇم قىلىش جىھادىنى ئەمىر يوق ۋاقىتتا، ئەمىر بولغانغا قەدەر قىلماسلىق كېرەك!، دېگەن سۆز توغرا ئەمەس. شۇنداق ئىسپاتلاندىكى ساھابە ئەبۇ بەسىر ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان مۇسۇلمانلار ئەمىرىنىڭ رۇخسىتىسىز، قۇرەيش كافىرلىرىنىڭ كارۋانلىرىنى ئىزدەپ بېرىپ ئۆزلىرى ھۇجۇم قىلاتتى.

مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى مۇسۇلمانلارغا قۇرەيشلەر ئالدىدا رىئايە قىلىش كېرەك بولغان ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنىڭ شەرت، كېلىشىملىرىگە، ئەبۇ بەسىر ﷺ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇسۇلمانلارغا رىئايە قىلىش شەرت ئەمەس ئىدى. بۇنداق بولىشى ئەبۇ بەسىر ﷺ شۇ ۋاقىتلاردا مەدىنە مۇنەۋۋەردە قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىرتىدا ياشايتتى. ئەبۇ بەسىر ﷺ نىڭ جىھادى ھەرىكتى ئىسلامى دۆلەت چېگرىسىنىڭ سىرتىدا بولغان، شۇڭلاشقا پەيغەمبەر

ﷺ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلماي بەلكى: **«بۇنىڭ بىلەن باشقا كۆپ كىشىلەرمۇ بولغان بولسا جەڭنى تېخىمۇ قىزىتاتتى»**. دېگەن.

مانا بۇ سۆز مەخلۇقلارنىڭ خوجىسى، مۇجاھىدلارنىڭ ئىمامى تەرىپىدىن مۇشۇ بۇيۈك قەھرىماندىن ھەيران قىلىش سۆزىدۇر.

قۇرەيش كافىرلىرى مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى مۇسۇلمانلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىنىڭ، ئەبۇ بەسىرگە تەدبىقلانمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھۆدەيبىيە سۈلھىسى تەلەپ قىلغان تىنچ ـ ئامانلىق كېلىشىمى بىلەن مۇئامىلە قىلمىدى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مىنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە تاكى قىيامەتكىچە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدىغان، غەلبە قىلغۇچى بىر گۇرۇھ كىشىلەر بولىدۇ»**. (مۇسلىم)

ئەبۇ داۋۇتنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مىنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدىغان، ئۇلارنى دۈشمەن تۇتقانلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئاخىرى مەسىيھىد دەججال بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان بىر گۇرۇھ كىشىلەر بولىدۇ»**.

ھەدىستىكى «طائفة» (گۇرۇھ) دېگەن سۆز لۇغەت ۋە شەرىئەتتە بىر ياكى بىردىن كۆپرەك كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

﴿ إِنْ نَعْفُ عَنْ طَائِفَةٍ مِنْكُمْ نُعَذِّبْ طَائِفَةً بِأَنَّهُمْ كَانُوا مُجْرِمِينَ ﴾

**﴿ سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار. سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كافىر بولدۇڭلار. سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز. ﴾** (تەۋبە، **66**)

ئەپۇ قىلىنغان گۇرۇھ ـ ئۇ بىر ئادەم (مۇخاشىنى ئۇمەيىر) مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازابلانغان گۇرۇھ بىر ئادەم دەپمۇ، ئىككى ئادەم دەپمۇ قارىلىدۇ. «گۇرۇھ » دېگەن سۆزنىڭ بىر ياكى بىردىن كۆپرەك كىشىلەرگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى كۆردۇق.

جىھاد ــ ھەدىسنىڭ تېكستى بىلەن تۆۋىنى بىر شەخستىن تەشكىللەنگەن گۇرۇھ بىلەنمۇ داۋاملىشىدۇ. مۇشۇ ئايەت بىلەن مەسىلە ئېنىقلانغاندىن كېيىن. جىھادنىڭ توغرا بولىشى ۋە جىھادنى باشلاش ئۈچۈن ئىمام ياكى ھاكىمنىڭ بولىشىنى قانداقمۇ شەرت قىلغىلى بولسۇن؟.

ئىبنى ھەزلى مۇنداق دېگەن: «ئەمىر بىلەن ئۇرۇش قىلىنغاندەك پاسىق ئەمىر بىلەن بولسۇن ياكى پاسىق ئەمەس ئەمىر بولسۇن، كۆپچىلىك بىلەن ۋە جەڭچىلەر بىلەن كافىرلارغا ئۇرۇش قىلىنىدۇ. ئەگەر كۆچى يېتىپ قالسا، ئىنسان ئۆزى يالغۇز تۇرۇپمۇ كافىرلارغا ئۇرۇش قىلىدۇ».

**بىر مەسىلە: قوغدىنىش جىھادىدا ئايال ئېرى، ئىگىلىرىنىڭ رۇخستىسىز جىھادقا چىقسا بولىدۇ؛** دىگەن سۆز بەزى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا راۋاج تېپىپ قاپتۇ.

بۇ قۇرئان ھەدىستىن دەلىلى يوق، ئاجىز سۆز، مەن ياخشىلىق، پەزىلەت بىلەن گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىردىكى كىشىلەرنىڭ بۇ سۆزنى دېگەنلىكنى بىلمەيمەن. بەلكى خەندەك ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەندەك دەلىل بۇنىڭ قارشىسىدا. كۇفرى،مۇشرىك قەبىلە، گۇرۇھلىرى مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئۇرۇش قىلغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئاياللارنىڭ مۇشرىكلارغا ئۇرۇش قىلىپ، مەدىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇشقا چىقىشنى تەلەپ قىلمىدى. بەلكى ئەرلەر بىلەنلا بولدى قىلىپ: **«بىزنىڭ ئۆيىمىز ئوچۇقچىلىقتا»** دەپ يالغان ئېيتقان مۇناپىقلار بولغان تەقدىردىمۇ ھېچبىرىگە رۇخسەت بەرمىدى. ئۇلار مۇشۇ سۆزى بىلەن مەجبۇرىيەتنى ئۆتەشتىن قاچماقچى ئىدى.

الله ئۇلارنىڭ سۆزىنى يالغان دەپ مۇنداق دېدى:

﴿ إِنَّ بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ إِنْ يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَاراً ﴾

**﴿ ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم: «ئى يەسرىبلىكلەر! بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار!» دېيىشەتتى. ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم: « بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا » دېيىشىپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى. بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس. ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ. ﴾ (ئەھزاب، 13)**

ئاياللار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كىچىك باللىرى قورغاندا خاتىرجەم تۇردى.

رافى ئىبنى خەدىير رضي الله عنه مۇنداق دېدى: **«بەنى ھارىسنىڭ قۇرغانىدىن مۇستەھكەمراق قۇرغان يوق ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئايال ۋە كىچىك باللارنى شۇ قۇرغانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ مۇنداق دېدى: ئەگەر بىر ئادەم سىلەرگە تېگىش قىلماقچى بولسا قىلىچ سوقۇشتۇرۇڭلار. ئاياللارنىڭ قېشىغا نەجدان دېگەن بىر كىشى ئات ئۈستىدە كەلدى. قۇرغاننىڭ تام تۈۋىدە تۇرۇپ: ئاياللار مىنىڭ قېشىمغا چۈشۈڭلار ياخشىلىق تاپىسلەر، ـ دېدى. ئاياللار قىلىچلىرىنى سوقۇشتۇردى. پەيغەمبەر ﷺنىڭ ساھابىلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قۇرغانغا ئالدىراپ كەلدى. بەنى ھارىس قەبىلىسىدىن زەھىير ئىبنى رافىئ دېگەن ئادەم: ئى نەجدان، ئاشكارا مەيدانغا چۈش، ـ دېدى. ئۇلار ئاشكارا دۇئىلغا چۈشتى. زەھىير نەجداننىڭ ئېتىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى.»** لېكىن بۇ يەردە دۈشمەن ئايالغا يېقىن بولۇپ قالسا. مەيلى قوغدىنىش جىھادى بولسۇن ياكى ھۇجۇم قىلىش جىھادى بولسۇن ئايال ئۆزىنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدىكى: **ئۇممۇ سۇلەيم ھۇنەيىن كۈنى يېنىدا بىر خەنجەر ئېلىۋالدى. ئەبۇ تەلھە كۆرۈپ: ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇممۇ سۇلەيمدە خەنجەر بار ئىكەن، ـ دېۋىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالغا: خەنجەرنى نېمە قىلىسىز ـ ،دېدى. ئۇ ئايال: بۇنى ئېلىۋالدىم، مۇشرىكلاردىن بىرەرسى يېقىنلاشسا قارنىنى يېرىۋېتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈپ كەتتى.** مۇشۇ ھەدىس ئۇقتۇرغاندەك ئاياللارنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشى دۇرۇس دېگەندەك بىرخىل مەنىنى ئۇقتۇرسا، قوغدىنىش جىھاد ھالىتىدە ئېرى ۋە ئىگىلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز جىھادقا چىقىشى ۋاجىپ دېگەن سۆز دەلىلگە ئاساسلانمىغان باشقىچە بىر خىل سۆزدۇر. بۇنىڭ دەلىلى يوق.

### شۇبھە: ھۇجۇم قىلىش جىھادى بىلەن قوغدىنىش جىھادى ئارىسىنى ئايرىش

بەزى دەۋەتچى ۋە زىيالىيلار ئارىسىدا ھۇجۇم قىلىش جىھادى بىلەن قوغدىنىش جىھادى ئارىسىنى ئايرىش، ئورۇنلىرىنى بەلگىلەش ۋە ئۇ ئىككى جىھادنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە ۋە ھۇجۇم قىلىش جىھادى ھاكىمنىڭ رۇخسىتىنى سوراشقا موھتاج بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مىسىر، سۇرىيە، كەشمىر، سەئۇدىدىكى مۇسۇلماننىڭ ئىراق، پەلەستىن، ئافغانىستان، سومالىدىكى جىھادقا

قاتنىشىشى دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇ شەھەرلەر بۇ كىشىنىڭ شەھىرى ئەمەس، ئۇ شەھەرلەردىكى جىهاد مەزكۇر كىشىگە نىسبەتەن ھۇجۇم قىلىش جىهادى بولۇپ، ئۇ شۇ شەھەرنىڭ ھاكىمىنىڭ رۇخسىتىگە موھتاج بولىدۇ. دېگەن سۆزلەر ناھايىتى قاتتىق ئىختىلاپ قوزغىلىدۇ.

بىز بۇ شۇبھىلەرگە بىر قانچە تەرەپتىن جاۋاب بېرىمىز؛

بىرىنچى: ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرگەندە بارلىق ئۇممەتكە كافىر دۈشمەننىڭ تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى، بەزى رايونلاردا دۈشمەنلەر ئەشۇ رايون ۋە شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارغا تاجاۋۇز قىلىشتا بىرلەشكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇممەت قوغدىنىش جىهاد باسقۇچلىرىنىڭ ئاخىرلىشىپ كافىر، مۇرتەد تاجاۋۇزچى دۈشمەننى مۇسۇلمانلار شەھىرىدىن قوغلىۋەتكەنگە قەدەر، پۈتۈن شەھەردىكى جىهاد ھۇجۇم قىلىش جىهادى ئەمەس، قوغدىنىش جىهادى ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

ئەنە شۇ ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىش جىهادى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە سۆز ئاچساق بولىدۇ. ئەمما قوغدىنىش جىهاد باسقۇچىنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپ، ھۇجۇم قىلىش جىهادى توغرىسىدا سۆز ئېچىپ ئۇزۇن گەپ قىلىش بۇ بىھۇدىلىك، پايدىسىز، ۋاقىتنى زايە قىلىۋەتكەنلىك دەپ قارىلىدۇ.

ئىككىنچى: ئەگەر ھاكىمدىن رۇخسەت سوراش دېگەن سۆزدىن مۇشۇ زاماندىكى تاغۇت ھاكىملار كۆزدە تۇتۇلسا، دۈشمەن بىلەن جىهاد قىلىشتا رۇخسەت سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن، شۇنداق دېگەنلەر بىلەن جىهاد قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇلارمۇ دۈشمەن، دۈشمەنلەرنىڭ قولچوماقچىلىرى، ياردەمچىلىرى، شايكىلىرىدۇر. قانداقمۇ جىهاد قىلىشتا دۈشمەن ۋە ئۇنىڭ شايكىلىرىدىن رۇخسەت سورالسۇن؟ بۇ ئەقىل ۋە نەقىلگە قارشى.

ئۈچىنچى: مۇشۇ ئۇممەتنىڭ اللەنى قويۇپ، دوستلۇق ۋە ئادا ـ جۇدالىق ئورنىتىلىدىغان شەھەرلىرى ئارىسىدىكى ياسالما چېگرا ـ پاسىللار مۇسۇلمانلار ئارىسىنى بۆلۈۋەتكەن. الله پاكىت چۈشۈرمىگەن جاھىلىيەتلەرچە، گۇرۇھۋازلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەندەك ئىشلار بىرىنچىدىن؛ تاغۇت ۋە كۇفرى ھۆكۈمدە خىيانەت ۋە شايكىلىقتا گەۋدىلەنگەن، ئىچكىرى دۈشمەننىڭ

ھەمكارلىقى بىلەن بولغان سىرتقى دۈشمەننىڭ ياسالمىچىلىقى ۋە ھىيلە ـ مىكرىدىندۇر. دۈشمەننىڭ چېگرا ـ پاسىللىرى بۇزۇق. ئىككىنچىدىن: ئىسلام بۇنداق ياسالما چېگرىلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇ چېگرالاردىن ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدىن بىر پۈتۈن ئادا ـ جۇدادۇر. رايون ۋە دۆلەتلىرى ئوخشىمىسىمۇ، ئىسلام ئۇممەتنى مۇستەھكەم بىناغا ئوخشاش قىلدى. بەزىسى ـ بەزىسنى چىڭىتىدۇ. ئۇ ئۇممەتنى ئەقىدە، ئىسلامى قىممەت قاراش ۋە پىرىنسىپلار بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇ ئۇممەتنىڭ بىر قىسمىغا تاجاۋۇز قىلىش، ھەممىگە تاجاۋۇز قىلىش بىلەن ئوخشاش. مۆئمىنلەر بىر تەنگە ئوخشايدۇ. بىر ئەزا ئاغرىپ قالسا ئۇيقۇسىزلىق، بىئاراملىقتا قالغان ئەزالامۇ شۇنىڭغا ئەگىشىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۇسۇلمانلار ئۆز ـ ئارا قېنىغا كامالەتلىك قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ تۆۋەن كىشلىرىمۇ ئەھدە ـ ۋەدىسىنى ئۆتكۈزەلەيدۇ. ئاددىي كىشلەرمۇ پاناھلىق بىرەلەيدۇ. ئۇلار باشقىلار ئالدىدا بىر قولغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ كۈچلۈكى ئاجىزلىرىغا، تىز ھەرىكەت قىلالايدىغانلىرى ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارغا ياردەم بىرىدۇ، مۆئمىن كافىرنىڭ بەدىلىگە ئۆلتۈرەلمەيدۇ. ۋە ئەھدىلەشكەنلەر ئەھدە بار ۋاقىتتا ئۆلتۈرەلمەيدۇ»**.(ئەبۇ داۋۇد)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۇسۇلمان ئىنسانغا ئابرۇيى تۆكۈلىدىغان، ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىدىغان ئورۇندا ياردەم بەرمىگەن ئادەمنى، الله ياردەمگە موھتاج بولىدىغان ئورۇندا ياردەمسىز قويىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ئابرۇيى تۆكۈلىدىغان، ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىدىغان ئورۇندا ياردەم بەرسە، الله ئۇ كىشىگە ياردەمنى ياخشى كۆرۈدىغان ئورۇندا ياردەم بىرىدۇ»**.(ئەبۇ داۋۇد)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۆئمىن باشقا مۆئمىنلەرگە سىپلىشتۈرغاندا، جەسەتنىڭ باشتىكى ئورنىغا ئوخشاش. باش بەدەنگە يەتكەن ئاغرىقلارغا دەردلەنگەنگە ئوخشاش، مۆئمىن باشقا مۆئمىنگە يەتكەن مۇسىبەتكە دەردلىنىدۇ»** .

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۆئمىنلەرنى بىر ـ بىرگە كۆيۈنۈش دوستلىششتا، ھېسداشلىق قىلىششتا بىر تەنگە ئوخشاش كۆرىسەن، ئۇنىڭدىن بىر ئەزا ئاغرىپ قالسا، قالغان ئەزالار ئۇيقۇسىز قىلىش، ۋە قىزىشتا ئۇ ئەزاغا ئەگىشىدۇ»**. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۆئمىنلەر بىر ئادەمگە ئوخشاش. ئۇنىڭ بېشى ئاغرىسا ھەممە يېرى ئاغرىيدۇ»**.(مۇسلىم)

باشقا مۆئمىنلەرنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى، تىلى، رەڭگى، ۋەتەن، شەھەرلىرى ئوخشىمىسىمۇ، بىر ئادەمدەك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان تېكىستلەر كۆپ **«مۆئمىنلەر بىر ئادەمگە ئوخشاش ئۇنىڭ بېشى ئاغرىسا ھەممە يېرى ئاغرىيدۇ»**.

مۇسۇلماننىڭ مۇشۇ كۆرسەتمىلەرگە رازى بولۇپ، ئەمەل قىلىشى زۆرۈر. بۇ نېمە دېگەن بۈيۈك كۆرسەتمىلەر ــ ھە!. ئەمما تاغۇت، كافىر ھاكىملىرىنىڭ، خىيانەتچى ھاكىملارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ زىيالىي دەۋەتچى ۋە ئوردا شەيخلىرىدىن بولغان تەشۋىقاتچىلارنىڭ كۆرسەتمىلىرى نېمىدېگەن ناچار كۆرسەتمە. ئۇ تەشۋىقاتچىلار مۇنداق دەيدۇ: «ئىراقتا يۈز بەرگەن ئەھۋال ئىراققا خاس، پەلەستىن، ئافغانىستان، سومالى، چېچىنيەدە يۈز بەرگەن ئەھۋال شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارغا خاس. باشقا ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشىمىز لايىق ئەمەس. بۇ ۋەتەن دوستلۇقىغا ئەمەل قىلىش ۋە ھەربىر ئىنسان ئۆز ۋەتەن، شەھەر چېگرىسىغىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋەتەن ئايرىمچىلىقى مۇشۇنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت ئىشىغا ئارىلاشماسلىق كېرەك».

فرانسىيىلىك ۋە باشقا قايىدىن كەلگەن ھىجابلانغان مۇسۇلمان ئاياللارغا قارشى ئۆزىنىڭ زالىم ئاساسى قانۇنىنى يولغا قويدى. ئەزھەر شەيخلىرىدىن تارتىپ (بۇلار تاغۇتنىڭ موللىلىرى) ھەممىسى: بۇ دېگەن ئىچكىرى ئىش، فرانسىيىگىلا خاس، بىزنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقىمىز يوق، ھازىرقى ۋەتەن ئېتىقادى باشقا دۆلەتتىكىلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.» دېيىشتى.

ئۇلار بۇ سۆزى بىلەن ئىسلام قېرىنداشلىقى، ئىسلامدىكى دوستلۇق ــ جۇدالىق ئېتىقادىنى يوق قىلىۋەتتى.

**جىھادنىڭ ھۆكۈمى ـ**

جىھاد ئۈچ ئورۇندا پەرز ئەيىن بولىدۇ. تاجاۋۇزچى دۈشمەن، مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىگە بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، ئىمام ياكى مۇسۇلمان ھاكىم مۇسۇلمانلارنى جىھادقا چىقىشقا سەپەرۋەر قىلسا شۇ ۋاقىتتا جىھاد پەرز ئەيىن بولىدۇ.

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ أَرَضِيتُمْ بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الْآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ ﴾

**﴿ ئى مۆئمىنلەر ! سىلەرگە الله يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت ) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس نەرسىدۇر. ﴾** (تەۋبە ،**38**)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«جىھادقا سەپەرۋەر قىلىنساڭلار چىقىڭلار.»** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

شۇنىڭدەك ئىككى قوشۇن ياكى جامائەت ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئۇچراشقان ۋاقىتتا جىھادتا مۇستەھكەم تۇرۇش ئۈچۈن سەپتە ھازىر بولغان كىشىگە پەرز ئەيىن بولىدۇ.

جەڭدىن قېچىش مۇشۇ ئورۇندا چوڭ گۇناھتۇر، جەڭدىن قېچىشنى ئىسلام، يەتتە ھالاك قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن دەپ سانىدى.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلدى: **«يەتتە ھالاك قىلغۇچىدىن يىراق تۇرۇڭلار، شۇنىڭ قاتارىدىن جەڭ كۈنى ئارقىسىنى قىلىپ قېچىش.»**(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا زَحْفاً فَلا تُوَلُّوهُمُ الْأَدْبَارَ . وَمَنْ يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلَّا مُتَحَرِّفاً لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزاً إِلَى فِئَةٍ فَقَدْ بَاءَ بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ وَمَأْوَاهُ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ ﴾

**﴿ ئى مۆئمىنلەر ! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار. (يەنى قاچماڭلار) . كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى**

**قىلىدىكەن، (يەنى قاچىدىكەن) ئۇ ھەقىقەتەن اﷲنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ جايى دەۋزەخ بولىدۇ. دەۋزەخ نېمىدېگەن يامان جاي!﴾ (ئەنفال،15 ـ 16)**

مانا مۇشۇ ئۈچ ئورۇندىن باشقا، جىھادنىڭ ھۆكۈمى پەرز كۇپايە بولۇپ، بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار قىلسا باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ.

**﴿ وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنْفِرُوا كَافَّةً فَلَوْلا نَفَرَ مِنْ كُلِّ فِرْقَةٍ مِنْهُمْ طَائِفَةٌ لِيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنْذِرُوا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ ﴾**

**﴿ مۆئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس. (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى.) ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنى ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ اﷲدىن قورقۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (جىھاد قىلىشقا) چىقمىدى؟﴾ (تەۋبە،122)**

**جىھادنىڭ مەيدانلىرى ـ**

اﷲ يولىدىكى جىھادنىڭ مەيدانلىرى جەڭ، ئۇرۇش مەيدانى ۋە جەڭ سەۋەبلىرى تولۇق بولغان ئورۇندۇر. ئەمما ئىمان، كېلىشىم ، ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ساھەلىرى قىلىچ ئىشلىتىش ۋە ئۇرۇش قىلىش دۇرۇس بولمايدىغان تىنچ ـ ئامانلىق ساھەلىرىدۇر. دېمەك، جەڭ ۋە ئۇرۇش ساھەلىرىنىڭ ھۆكۈم ۋە شەرئى تېكىستلىرى بولغاندەك كېلىشىم ۋە ئامانلىق ساھەلىرىنىڭمۇ ھۆكۈم ۋە شەرئى تېكىستلىرى بار.

جەڭ ۋە ئۇرۇش ساھەلىرىنىڭ شەرئى تېكىست، ھۆكۈملىرىنى كېلىشىم ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ساھەلىرىگە تەتبىقلاش زۇلۇم، زوراۋانلىق ۋە نادانلىق ھېسابلىنىدۇ. كېلىشىم ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ساھەلىرىنىڭ ھۆكۈم ۋە تېكىستلىرىنى جەڭ ۋە ئۇرۇش ساھەلىرىگە تەتبىقلاش بۇمۇ ھەم زۇلۇم، زوراۋانلىق دەپ سانىلىپ ئاقىۋەتتە سۇسلۇققا ئاپىرىپ قويىدۇ.

بىر بۆلۈك كىشىلەر نادانلىقى ياكى شەخسى بىر غەرەز تۈپەيلىدىن، يۇقىرىقى ھۆكۈملەرنىڭ ئارىسىنى قارىشلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بەزى ھۆكۈملەرنى بىكار قىلىنىپ كەتكەن دەپ قارايدۇ. اﷲ توغرىغا ئۇچراشتۇرغان كىشى جەڭ ۋە ئۇرۇش ساھەلىرىنىڭ تېكىستلىرىنى ھەم كېلىشىم ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ساھەلىرىنىمۇ ياخشى ئايرىيالايدۇ.

مۇسۇلمانلانىڭ شەھەر ۋە كىشلەرنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان مۇسۇلمانلارغا باشقا دۆلەتلەر بىلەن تۈزگەن كېلىشىملەر ئارىسىدىن جەڭ ۋە ئۇرۇش مەيدانلىرىنى، تىنچلىك ۋە كېلىشىم ساھەلىرىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان مۇسۇلمان ئىمام رەئىس بولىدىغان ئىسلامى دۆلىتى يوق بولىۋېدى. جەڭ ۋە ئۇرۇش مەيدانلىرىنى، تىنچلىق ۋە كېلىشىم ساھەلىرىنى ئايرىشتا قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىگە ئەمىر بولىۋالدى. رىئاللىق، مەنپەئەت، ھەرىكەت جەريانىدا ھاكىم ياكى ئىتائەت قىلىنىدىغان ئەمىر قېشىغا بارماستىن، دۈشمەننى ئۆز ئالدىغا ئايرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئۈممەت ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان مۇشۇ قىيىن شارائىتتا، بىز ئىختىلاپ قوزغايدىغان، بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن مۇشۇ مەسىلىنى ئېنىق بەلگىلەشكە تىرىشىمىز.

بىز ئىسلام شەرىئەت نەزەرىيىسىدىن جىھاد، جەڭ، ئۇرۇش مەيدانلىرىنى ھەربىر مۇسۇلمانغا ـ مەيلى ئۇ مۇسۇلمان قەيەردە ياشىسۇن، قانداق كىشى بولسۇن ـ نىسبەتەن كېلىشىم، تىنچ ـ ئامانلىق مەيدانلىرىنى ئېنىق كۆرستىپ بېرىمىز.

**بىرىنچى:** قايسى ئىسلام شەھىرىگە كافىر ـ مەيلى ئەسلى كافىر بولسۇن ياكى مۇرتەد كافىر بولسۇن ـ دۈشمەن باستۇرۇپ كىرگەن بولسا، ئەنە شۇ ھەربىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن جەڭ ۋە جىھاد مەيدانىدۇر. بۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىگە جەڭچى كافىرلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدۇ.

**ئىككىنچى:** ئىسلامى بولمىغان ھەممە دۆلەت جەڭ قىلىنىدىغان دۆلەتتۇر. ئۇ دۆلەتكە ـ جەڭ قىلىنىدىغان دۆلەت ئارىسىدىكى كېلىشىم، سۈلھى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ـ جەڭ قىلغۇچى كافىرلارغا يۈرگۈزۈلگەن ھۆكۈم يۈگۈزۈلىدۇ.

ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇ كېلىشىملەرنى ئىجرا قىلىدىغان، ئوخشاش دەرىجىدە يۇقرا ۋە خەلق ئۈنىگە ئېسىلىدىغان دۆلىتى تېپىلمايدۇ.

مانا بۇ سۆز قېرىلارغا، ئايال ـ بالىلارغا ۋە شۇ شەھەردىكى جەڭ ۋە ئۇرۇشقا ئالاقىسى يوق كىشىلەرگە جەڭچى كافىرلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشنى، جەڭچى كافىرنى نىشان قىلغاندەك نىشان قىلىشنى نەزەردە تۇتمايدۇ. ئىسلام شەرىئىتى بۇنداق قىلمىشتىن چەكلىدى.

**ئۈچىنچى:** جەڭ قىلىنىدىغان دۆلەتكە تەۋە بولغان، ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ھەرقانداق بىر شەخس ياكى كوللىكتىپ.

مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىرىگە كىرىشىم ۋە ئۇلارغا خاس بولغان ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئامانلىق ـ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئامانلىق دېگەن كىشىلەر تونۇيدىغان پاسپورت، شۇ پاسپورت بولغاندا دۆلەتلەرگە كىرىشكە رۇخسەت بېرىلىدۇ. مانا بۇ پاسپورت شەخس ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانلىقنىڭ، كىرىشمىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ ـ بىلەن كىرەلەيدۇ. شۇنداق كىرسە، ئۇلار ئۆزلىرى تۈرسمۇ ئامانلىققا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. جەڭچى كافىرلارنىڭ ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېكسكۇرسىيە قىلىنىدىغان شەھەر تىنچ ـ ئامانلىق كېلىشىم شەھىرى ھېسابلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان يەھۇدىي، ناسارا ياكى ئاتەشپەرەسلەردىن ئىبارەت ئاز سانلىق كىشىلەر بىلەن سودا ـ سېتىق، مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلار تىنچ ـ ئامانلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلار ئۆزى بىلەن بىرگە ياشىغان مۇسۇلمانلار بىلەن ئىجتىمائىي كېلىشىمدە بولۇپ، ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىش ياكى ئۇلار ئەھدە، شەرتلىرىنى بۇزمىسا جەڭچى كافىرلارغا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇلار ئەھدىنى بۇزسا جەڭچى كافىرلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەيىبلىنىدىغىنى مۇسۇلمانلار ئەمەس، يەھۇدىي، ناساراالار بولىدۇ.

**تۆتىنچى:** مۇسۇلمانلاردىن قايسىبىر شەخس ياكى جامائەت جەڭ قىلىنىدىغان شەھەرگە، شۇ شەھەرگە خاس بولغان كېلىشىم، ئامانلىق بىلەن كىرسە مۇشۇ شەخس ۋە جامائەتكە نىسبەتەن، شۇ شەھەر ئەھدە ـ كېلىشىم، تىنچ ـ ئامانلىق دىيارى دەپ قارىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاشۇ شەھەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشى ياكى ئۇ شەھەرگە جەڭچى كافىرلارنىڭ شەھىرىگە قىلىنىدىغان ھۆكۈملەرنى قىلىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى شۇ مۇسۇلمانلار بىلەن ئەنە شۇ شەھەر، دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنى شۇنداق قىلىشتىن چەكلەيدىغان ئالاھىدە كېلىشىم بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭدەك ئىسلامى بولمىغان جەڭ قىلىنىدىغان دۆلەتتە ياشاشقا رازى بولغان ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار مۇشۇ دۆلەت بىلەن ئالاھىدە ئىجتىمائىي كېلىشىم ئورناتقان بولسا، شۇ

كېلىشىمدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتكە قاراپ ئىش كۆرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلار ياشاۋاتقان دۆلەت ياكى جەمئىيەت ئۇلارغا نىسبەتەن كېلىشىم ياكى تىنچ ـ ئامانلىق دىيارى ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار مۇشۇ دۆلەتتە ئالدامچىلىق قىلىش ياكى ئۇلارغا چەكچى كافىرلارغا ئوخشاش ھۆكۈم چىقىرىش توغرا بولمايدۇ. مانا بۇ دۆلەت بىلەن كېلىشىم تۈزگەن مۇسۇلمانلارغىلا خاس ھۆكۈم.[1]

**بەشىنچى:** قايسىبىر ئىسلامى ئىمارەت ۋە ئىسلامى دۆلەت دۈشمەنلەشكەن دۆلەت بىلەن سۈلھى، كېلىشىم تۈزگەن بولسا، سۈلھى ـ كېلىشىم شۇ دۆلەت، ئىمارەت ۋە ئۇنىڭ ھىمايىسىدە، ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان پۇقرالارغىلا تەدبىقلىنىدۇ. باشقا شەھەردىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي خەلىپىسى باشقا دۈشمەن دۆلەت بىلەن مۇئەييەن سۈلھى تۈزگەن بولسا، سۈلھى ۋە كېلىشىمگە ئەگىشىپ كېلىدىغان يەنە بىر تەرەپنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى شۇ خەلىپىگە ئەگىشىدىغان ۋىلايەت ۋە شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە تەدبىقلىنىدۇ.

مۇشۇ تەپسىلات بىلەن ئىسلام نەزەرىيىسىدىن ھەربىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ـ مەيلى ئۇ مۇسۇلمان قەيەردە ياشىسۇن، ياكى قانداق بولسۇن، مەيلى يالغۇز ياكى ئىسلامى ئىمارەت، جەمئىيەت دائىرىسىدىكى ئادەم بولسۇن ـ جەڭ، ئۇرۇش ۋە كېلىشىم، تىنچ ـ ئامانلىق مەيدانى ئېنىقلىنىدۇ.

الله يولىدىكى مۇجاھىد ئۆزىنىڭ جىھادىدا جەڭ قىلىش كېرەك بولغان چەكچى دۈشمەننى ئىزدەپ، شۇنىڭغىلا ئوق ئېتىش كېرەك بولغاندەك، ئۇنىڭ جىھادى ئۈچۈن جەڭ، ئۇرۇش مەيدانلىرىنى ئىزدەپ، ئۇنى كېلىشىم، تىنچ ـ ئامانلىق ساھەلىرىدىن ئايرىپ، ھەر بىرىگە چېكىدىن ئاشۇرىۋەتمەستىن، سۇسلۇق قىلماستىن شۇ مەيداندىكى ئۆز ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەمما ئىككى مەيداننى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ ھۆكۈمدە ئوخشاش دەپ قاراپ قالسا، ئۇ ھەقتىن يىراقلىشىپ، زۇلۇمغا چۈشۈپ قالىدۇ.

[1] (كافىر دۆلەتلەرگە پاسپورت بىلەن كىرگەن مۇسۇلمان ئۈچۈن پاسپورت ۋە ۋىزىنى ئەھدە ـ كىلىشىمى دەپ قاراش پەقەت مۇئەللىپنىڭ شەخسى قارىشىغىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ ـ ت)

**ئەسكەرتىش ـ**

جىھادتا دۇرۇس بولغان ئىشلار، ۋاجىپ بولغان ئىشلارغا ئوخشمايدۇ، مەنپەئەت ۋە بۇزۇقچىلىقلارغا، مۇشۇ ئىشنى قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرگە قاراش كېرەك. مەنپەئەت زىياندىن يۇقىرى بولسا مەنپەئەتلىك ئىشنى قىلىمىز، ئەگەر زىيىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ مەنپەئەتتىن يۇقىرى بولسا بىز ئۇ ئىشتىن توختايمىز. يۇقىرى مەنپەئەت رويابقا چىققانغا قەدەر ئۇ ئىشنى كېچىكتۈرىمىز. ئۇ ناھايىتى مۇھىم بىر مەنادا بولۇپ، جەڭ مەيدانىغا كىرگەن ۋاقىتتا ھوشيار تۇرۇش كېرەك .

بىز بۇ مەزمۇنلارنى «جىھاد ۋە شەرئى سىياسەت» دېگەن كىتابتا تەپسىلىي بايان قىلدۇق. قۇرئان، ھەدىسنىڭ مەزمۇنى يۇقاردا بىز دېگەن مەنانى ئۇقتۇرىدۇ.

**جىھادنىڭ ئەھمىيتى ـ**

الله يولىدىكى جىھادنىڭ ئەھمىيتى ئۈچ تەرەپتىن گەۋدىلىنىدۇ.

**بىرىنچى:** جىھاد اللهقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىش بولىدۇ. مۆئمىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ.

﴿ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ ﴾

**«سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. »**(بەقەرە، **216** ـ ئايەتنىڭ بىر قسمى)

يەنى ئۇلارغا ئۇرۇش پەرز قىلىندى.

﴿ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ ﴾

**﴿ سىلەرگە (رامزان روزىسى) پەرز قىلىندى. ﴾** (بەقەرە، **183** ـ ئايەتنىڭ بىر قسمى)

مەن بىرىنچى **«پەرز قىلىندى»** بىلەن ئىككىنچى **«پەرز قىلىندى»** نى بىلىپ تۇرۇپ، ئايرىپ چۈشەنگەن كىشىلەردىن ھەيرانمەن. ئۇلارغا اللهنىڭ **«سىلەرگە ئۇرۇش پەرز قىلىندى»** دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ بەرسەڭ، ئۇلار سەن بىلەن ناھايىتى مۇنازىرىلىشىپ الله پاكىتى بىلەن چۈشۈرگەن جىھاد پەرزىنى قىلىشقا ھەرخىل شەرتلەرنى، باھانە ـ سەۋەبلەرنى قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇرۇشتىن قاچماقچى.

﴿ يَقُولُونَ إِنَّ بُيُوتَنَا عَوْرَةٌ وَمَا هِيَ بِعَوْرَةٍ إِنْ يُرِيدُونَ إِلَّا فِرَاراً ﴾

**﴿ ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم: « ئى يەسرىبلىكلەر! بۇ يەردە تۇرماي قايتىڭلار! » دېيىشەتتى. ئۇلاردىن يەنە بىر گۇرۇھ ئادەم: « بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا » دېيىشىپ پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى. بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس. ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ. ﴾** (ئەھزاب، **13**)

سەن ئۇلارغا **«رامزان پەرز قىلىندى»** دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەرسەڭ، ئۇلار رامزاننىڭ پەرزلىكىگە مۇنازىرىسىز تەسلىم بولىدۇ. ۋە رامزان ئېيى كىرىشنىڭ ئالدىدا ھەرخىل يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئەكىلىپ، تەييارلىق قىلىدۇ. بۇ رامزان ئېيى ئەمەس بەلكى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان دۇشمەن كېلىدىغاندەك.

**﴿ إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْداً عَلَيْهِ حَقّاً فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ ﴾**

**﴿ شۈبھىسىزكى، الله مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ.) (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اللهنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە اللهدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اللهدىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق.) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار. بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.﴾** (تەۋبە، **111**)

سودا پۈتتى، الله ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىنى، ئىنساننى ئۆز يولىدا جىھاد قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ، ھۆرمەتلىگەنلىك يۈزىسىدىن سېتىۋالدى. سودا پۈتۈپ بولدى. سودىنىڭ شەرتى قايتۇرماسلىق، قايتۇرىۋالماقچى بولغان ئادەمگە: «سودا پۈتۈپ بولدى، قايتۇرۇش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. مەجبۇرلانماي، ئىختىيارىي ساتقان نەرسىنى قايتۇرىۋالالمايسىلەر. ئەگەر قايتۇرىۋالىمىز دەيدىكەنسىلەر سودا بۇزۇلىدۇ. بىكار بولۇپ كېتىدۇ. سىلەر مۆئمىنلىك سۈپەتتىن چىقىپ كېتىسىلەر. الله جان ـ ماللىرىنى جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالغان مۆئمىنلەرنىڭ قاتارىدىن سانالمايسىلەر» دەپ قويۇڭلار.

**ئىككىنچى:** الله يولىدا جىهاد قىلىش ئارقىلىق زېمىندا ئەزىز بولۇش، باش بولۇش، قۇدرەت تېپىش، ئىبىسىل ياشاش..قاتارلىقلارغا ئېرىشكىلى، ۋە ئىززەت ــ شەرىپىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشتىن، دىنىنىڭ مەقسەتلىرىگە تاجاۋۇز قىلىنىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

دىنىنىڭ مەقستى: دىننى ساقلاش، ئەقلىنى ساقلاش، جاننى ساقلاش، يۈز ــ ئابرۇينى ساقلاش، نەسلىنى قوغداش، مېلىنى قوغداشتۇر. جىهادقا سەل قاراش دىنىنىڭ مەقستىگە سەل قارىغانلىق بولىدۇ.

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اسْتَجِيبُوا لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُمْ ﴾

**﴿ ئى مۆئمىنلەر! الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. ﴾** (ئەنفال،24)

بىزنى پەيغەمبەر ﷺ بۇيرۇغان ۋە چاقىرغان بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتا ئەزىزلىك ۋە ئىززەت بار. بىزنى پەيغەمبەر ﷺ الله يولىدا جىهاد قىلىشقا چاقىردى، بەلكى ئالىملار اللەنىڭ: ﴿ إِذَا دَعَاكُمْ لِمَا يُحْيِيكُمْ ﴾ **﴿ پەيغەمبەر سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان نەرسىگە چاقىرسا ﴾** دىگەن سۆزىنى: سىلەرنىڭ ھەقىقى ھاياتىڭلار بولغان الله يولىدا جىهاد قىلىشقا چاقىرسا، دەپ تەپسىرلىدى.

ئىبنى زۇبەير ؓ: «خارلىقىڭلاردىن كىيىن ئەزىز قىلغان، بىچارىلىكىڭلاردىن كىيىن كۈچ بەرگەن، سىلەرنى بوزەك قىلغان دۈشمىنىڭلاردىن قوغدىغان جەڭگە چاقىرسا» دەپ تەپسىرلىدى.

ئىبنى ئىسهاق: «ئۇلارنىڭ دىنىنى جانلاندۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى ئالى قىلىدىغان جىهادقا چاقىرسا» دەپ تەپسىرلىدى.

الله مۇنداق دىدى: ﴿ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَكُمْ ﴾ **﴿ سىلەرگە جىهاد پەرز قىلىندى، سىلەر ئۇنى ئۆچ كۆرۈسىلەر ﴾** ئۇ جىهادقا بەزىبىر دەرد ــ ئەلەم، جاراھەت، ئەھلى ــ باللىرىدىن ۋە كۆنگەن ئادەتلىرىدىن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن، لېكىن ﴿ وَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئاً وَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ ﴾ **﴿ سىلەر بىر نەرسىنى ئۆچ كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر ﴾** الله يولىدىكى جىهادتا سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كۆپلىگەن مەنپەئەتلىك ياخشىلىقلار بار. ﴿ وَعَسَى أَنْ تُحِبُّوا شَيْئاً ﴾ **﴿ سىلەر بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن ﴾** ئۇ سىلەرنىڭ جىهادنى تاشلاپ، دۇنياغا، دۇنيا لەززەتلىرىگە ۋە ئويۇن

تاماشالىرىغا بېرىلىشىگىلاردۇر. بۇ ﴿ وَهُوَ شَرٌّ لَكُمْ ﴾ ﴿ئەمەلىيەتتە سىلەر ئۈچۈن ياماندۇر﴾ ئۇ جىھادنى تەرك ئېتىشتە ئېغىر يامانلىق، زور دەرىجىدىكى بۇزغۇنچىلىق بار. ﴿ وَاللَّهُ يَعْلَمُ ﴾ ﴿ الله بىلىدۇ ﴾ سىلەرنىڭ مەنپەئەت، پايداڭلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى الله بىلىدۇ. اللەنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولۇپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار. ﴿ وَأَنْتُمْ لا تَعْلَمُونَ ﴾ ﴿ سىلەر بىلمەيسىلەر ﴾ (بەقەرە، 216)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «**الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار، جىھاد جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىك بولۇپ، الله شۇ جىھاد بىلەن غەم ـ قايغۇنى كەتكۈزىدۇ**».

جىھاد قىلغانلارغا قارىتا اللەنىڭ ھۇزۇرىدا بۈيۈك ئەجىرلەر بار. جىھادنىڭ پەزىلىتىنى ئۇقتۇرىدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر مۇجاھىدلار ئۈچۈن تەييارلىغان مول ساۋابلارنى ساناپ تۈگىتىپ بولالمايمىز. بىر قىسمىنى سۆزلەش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز؛

﴿ وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْراً عَظِيماً* دَرَجَاتٍ مِّنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُوراً رَّحِيماً ﴾

**﴿ الله ماللىرىنى،جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى، جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغفىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى. الله مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر. ناھايىتى مېھرىباندۇر. ﴾** (نىسا، 95 ـ 96)

﴿ الَّذِينَ آمَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِندَ اللّهِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ ﴾

**﴿ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر. ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ﴾** (تەۋبە، 20)

﴿ إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْداً عَلَيْهِ حَقّاً فِي التَّوْرَاةِ وَالْأِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ ﴾

**﴿ شۈبھىسىزكى، اﷲ مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار اﷲ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ، (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ.) (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اﷲنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە اﷲدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اﷲدىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق.) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار. بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.﴾** (تەۋبە، **111**)

﴿ وَلا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتاً بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ . فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِمْ مِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴾

**﴿ اﷲ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن. بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اﷲنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ. (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزقلاندۇرۇلۇپ تۇرىلىدۇ). ئۇلار اﷲنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر. ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ.﴾** (ئالى ئىمران، **169 ـ 170**)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«بىر كىشىنىڭ اﷲ يولىدىكى جىھادتا بىر سائەت تۇرۇشى، ئاتمىش يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ئارتۇق.»**

بىر ئادەمنىڭ اﷲ يولىدىكى جىھاد سېپىدە تۇرۇشى، اﷲنىڭ نەزىرىدە ئاتمىش يىل ئىبادەتتە تۇرۇشتىن ئەۋزەلدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اﷲ يولىدا بىر سائەت تۇرۇش، قەدىرى كېچىسى ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ قېشىدا تۇرغاندىن ئەۋزەلدۇر».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللە يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى، كېچىسى سۈسلىشىپ قالماي دائىم ناماز ئۇقۇپ، كۈندۈزى قالدۇرماي رامزان تۇتقان كىشىگە ئوخشايدۇ.»**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللە يولىدىكى جىھادتا بىر كۈن ئەتىگەنلەش ياكى بىر كۈن كەچلەش دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللە يولىدىكى جىھادتا ئىككى قەدىمىنى چاڭ ـ توزان باسقان كىشى دەۋزەخكە ھارام بولىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللە يولىدا بىر كۈن قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».**

ئەنەس ئىبنى مالىك رضي الله عنه مۇنداق دېدى: **«پەيغەمبەر ﷺ قاراۋۇللۇقتىن سورىلىۋىدى، مۇنداق دېدى: مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدا قوغداپ كېچىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ئادەمگە، كەينىدىكى ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتقان ئادەمنىڭ ئەجرى بولىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللە يولىدا بىر كېچە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش، مىڭ كېچە قىيامدا تۇرۇپ، روزا تۇتقاندىن ياخشى».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ھەرقانداق ۋاپات تاپقۇچىنىڭ ئەملى ئاخىرلىشىدۇ. لېكىن قاراۋۇلنىڭ ئەملى قىيامەت كۈنىگىچە ئۆسىدۇ ۋە قەبرە ئازابىدىن خاتىرجەم قىلىنىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«جەننەتتە يۈز دەرىجە بار، اللە ئۇ دەرىجىلەرنى ئۆزى يولىدا جىھاد قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلىدى. ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىسى ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ ئارىسىدەك كېلىدۇ».** (بۇخارى)

كەئىب ئىبنى مۇررە مۇنداق دېدى: **«مەن پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: دۈشمەنگە بىر ئوق تەگكۈزگەن ئادەمنى اللە بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ. ئابدۇراھمان ئىبنى نەھھام ئى رەسۇلۇللاھ: دەرىجە دېگەن نېمە، ـ دەپ سورىۋىدى؟ پەيغەمبەر ﷺ: ئاناڭنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسى ئەمەس، ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىسى يۈز يىللىق مۇساپە، ـ دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دېدى: بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىپ جىھادقا باراۋەر كېلىدىغان بىر ئەمەلگە مېنى باشلاپ قويسىلا، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: مەن ئۇنداق ئەمەلنى بىلمەيمەن، ـ**

دەپ بولۇپ، مۇنداق دېدى: مۇجاھىد جىھادقا چىقىپ كەتكەن كۈندىن باشلاپ، مەسجىدنىڭگە كىرىپ سۈسلىشىپ قالماي قىيامدا تۇرۇپ، ئىپتار قىلماي روزا تۇتۇشقا كۈچۈڭ يېتەمدۇ؟، ھېلىقى ئادەم: كىممۇ شۇنداق قىلالىسۇن، ــ دېدى» .(بۇخارى)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللە يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى مۇجاھىد قايتىپ كەلگەنگە قەدەر اللەنىڭ ئايىتىگە ئىتائەت قىلىپ، سۈسلىشىپ قالماي قىيامدا تۇرۇپ، روزا تۇتقۇچىغا ئوخشايدۇ» .(مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللە يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى روزا تۇتقۇچى، قىيامدا تۇرغۇچى، اللەتىن قورققۇچى، رۇكۇ قىلغۇچى، سەجدە قىلغۇچىغا ئوخشايدۇ» .

ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە كىشىلەرنىڭ مەرتىۋە جەھەتتىكى ياخشىسىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ بىز: شۇنداق قىلسىلا، ــ دېدۇق، پەيغەمبەر ﷺ : ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر اللە يولىدا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقان كىشىدۇر» .

ئەبۇ سەئىد رضي الله عنه پەيغەمبەر ﷺ دىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «قىيامەت كۈنى اللەنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ياخشى جىھاد ــ ئاۋۋالقى سەپكە كىرىپ ياكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئارقىغا قارىمىغان كىشىدۇر. ئەنە شۇلار جەننەتنىڭ ئالى ھۇجۇرلىرىدا خۇشاللىنىپ يۈرىدۇ، سېنىڭ رەببىڭ ئۇلارغا كۈلۈپ قارايدۇ، رەببىڭ بىر قەۋملەرگە كۈلۈپ قارىسا ئۇلاردىن ھېساب ئېلىنمايدۇ» .

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇنداق رىۋايەت قىلدى: «اللە ئۆز يولىدا جىھادقا چىققان كىشىگە ئۆزى كېپىل بولىدۇ. اللە شۇنداق دەيدۇ: ئۇ بەندىنى مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىش، ماڭا ئىمان كەلتۈرۈش، مېنىڭ ئەلچىلىرىمنى تەستىقلاشلا ئۆيىدىن چىقاردى. ئۇ بەندىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى ئۇنى چىققان ئۆيىگە ئەجىر، غەنىيمەت بىلەن قايتۇرۇشقا ئۆزۈم كېپىلمەن. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات اللە بىلەن قەسەمكى، اللە يولىدا يارىلانغان بىر جاراھەت قىيامەت كۈنى يارىلانغان ۋاقىتتىكى ھالەتكە ئوخشاش كېلىدۇ، رەڭگى قان رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات اللە بىلەن

**قەسەمكى، ئەگەر مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كېلىپ قالمىغان بولسا، ھەرگىزمۇ اللە يولىدا ئۇرۇش قىلغان ئەسكەرنىڭ ئارقا سېپىدە تۇرمايتتىم. لېكىن مەن ئۇلارنى مىندۇرۇپ قويىدىغان كەڭرى ئۇلاق تاپالمايمەن. ئۇ مۇسۇلمانلارمۇ تاپالمايدۇ. ئۇلارغا مەندىن ئايرىلىپ قېلىش ئېغىر كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات اللە بىلەن قەسەمكى، مەن اللە يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى، يەنە ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى، يەنە ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى ياخشى كۆرەتتىم».** (مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللە يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشىم پۈتكۈل چۆل ـ جەزىرە، شەھەر، ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولۇشتىنمۇ ماڭا ياخشى كۆرۈلىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللەنىڭ نەزىرىدە شېھىد ئۈچۈن ئالتە خىسلەت بار. تۇنجى قېنى ئاققان ۋاقىتتا ئۇنى اللە كەچۈرۈۋېتىدۇ. جەننەتتىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ، قەبرە ئازابىدىن پاناھلىق بېرىلىدۇ. چوڭ قورقۇنچ (مەھشەرگاھتىكى) تىن خاتىرجەم بولىدۇ. ئىمان تونى كىيگۈزۈلىدۇ، ھۆر ـ پەرىلەر جۈپ قىلىنىدۇ. يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن يەتمىش كىشىگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ».**

بۇنىڭدىن باشقا جىھادنىڭ ئۇلۇغلۇقنى ئۇقتۇرىدىغان، اللە مۇجاھىد بەندىلىرى ئۈچۈن تەييارلىغان كاتتا ئەجىر، يۈكسەك مەرتىۋە بارلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان كۆپلىگەن دەلىللەر بار. تەسىر قىلىدىغان قەلبى بار ئادەم ئاخىرەت يۇرتىنى كۆزلىگەن كىشىگە سۆزلىگەنلىرىمىز يېتەرلىكتۇر.

**جىھادنى تەرك ئېتىشنىڭ ئاقىۋەتلىرى ـ**

جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكتىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ۋەيران قىلغۇچى ئىشلار ۋە خەتەرلىك ئاقىۋەتلەر يۈز بېرىدۇ.

**﴿ قُلْ إِنْ كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ ﴾**

**﴿ ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىندىشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشتىن**

قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن اللەدىن، اللەنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە اللەنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى (يەنى اللەنىڭ ئازابى ۋە ئىنتىقامى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى اللەنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ.﴾ (تەۋبە، 24)

﴿ إِلاَّ تَنْفِرُوا يُعَذِّبْكُمْ عَذَاباً أَلِيماً وَيَسْتَبْدِلْ قَوْماً غَيْرَكُمْ وَلا تَضُرُّوهُ شَيْئاً وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ﴾

﴿ ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. سىلەر اللەغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر.﴾ (تەۋبە، 39)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر جىھاد قىلىشنى تەرك ئېتىدىكەن، الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئازاب چۈشۈرىدۇ.»

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەر سودا ـ سېتىققا بېرىلىپ، كالا قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ يەر تېرىشقىلا رازى بولۇپ، جىھادنى تەرك ئەتسەڭلار، الله سىلەرگە خارلىقنى يۈتتۈرىدۇ. سىلەر تاكى دىنىڭلارغا قايتقانغا قەدەر خارلىقنى سىلەردىن تارتىۋەتمەيدۇ».

يەنى جىھادىڭلارغا قايتقانغا قەدەر، سىلەر جىھادنى قويۇپ، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالماڭلار دېمەكچى. ھەدىستىكى جىھاد ـ دىن دەپ ئاتالدى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە بارلىق مىللەتلەر خۇددى ئاچ قالغان كىشىلەر بىر لوقما تائامغا ئولاشقاندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. ساھابىلەر: شۇ كۈنلەردە سانىمىزنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق بولامدۇ؟ ـ دېدى، پەيغەمبەر ﷺ : بەلكى سىلەر شۇ كۈندە سانىڭلار كۆپ، بىراق سەلدىكى كۆپۈككە ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. الله دۈشمىنىڭلاردىن قەلبىدىن سىلەردىن قورقۇشنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ. سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا بوشاڭلىقنى تاشلايدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ! بوشاڭلىق دېگەن نېمە؟ ـ دېيىشتى، پەيغەمبەر ﷺ : دۇنيانى ياخشى كۆرۈش. ئۆلۈمنى ئۆچ كۆرۈش، ـ دېدى».

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىمكى جىھاد قىلماي، جىھاد قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكمەي ئۆلۈپ كەتسە مۇناپىقلىقنىڭ بىر شېخىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«جىھاد قىلمىغان، جىھاد قىلغۇچىنى تەييارلىمىغان، جىھاد قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ياخشى ئورۇنباسار بولمىغان كىشىنى اللە قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن يۈرىكىنى ئېزىۋېتىدىغان خاپىلىققا گىرىپتار قىلىدۇ».**

مۇسۇلمانغا ئۈچ خىل تاللاش بار، تۆتىنچىسى يوق.

ياكى ئۆزى جىھاد قىلغاي، ياكى جىھاد قىلغۇچىنى تەييارلىشىپ بەرگەي، ياكى جىھاد قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ياخشى ئورۇنباسار بولغاي. ئەگەر شۇنىڭ بىرەرسىنى قىلالمىسا ئۇنىڭغا ئاخىرقى يوللا قىلىپ قالىدۇ. ئۇ ئاخىرقى يول ــ شۇ ئادەمگە ۋە شۇ ئادەم ياشىغان شەھەرگە يۈرەكنى ئەزگۈدەك خاپىلىقنىڭ چۈشۈشىدۇر. ئۇ خاپىلىقنىڭ ماھىيىتى، مىقدارى، تۈرى، تەسىرىنى اللە ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر مۇسۇلماننى اللە يولىدا بىۋاستە جىھاد قىلىشتىن چەكلەيدىغان ۋاقىتلىق ئاجىزلىق يۈز بېرىپ قالسا ئىككىنچى باسقۇچقا يۆتكىلىدۇ. ئۇ ئىككىنچى باسقۇچ: تەييارلىق قىلىش، ۋە ئاجىزلىق ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى كەتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلىش باسقۇچىدۇر. چۈنكى ئاجىزلىققا تەسلىم بولۇش، ئاجىزلىقنى يوقىتىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزۈن ۋاقىت باھانە قىلىپ تۇرىۋېلىش توغرا بولمايدۇ. جىھادنىڭ ھەممە كىشىگە ئېنىق بولغان تەكلىپ، تۈرلىرى بار. جىھاد دۈشمەنگە قارشى ياردەمگە ئېرىشىپ، غەلبە قىلىش ياكى اللە يولىدىكى شەھىدلىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىززەت ئارىسىدا ئايلىنىپ تۇرىسىمۇ، ئۇ جىھانىڭ مۇشەققەتلىرى ۋە بەدەللىرىنى ئىنكار قىلمايمىز.

جىھادنىڭ مۇشەققەت ۋە بەدەللىرى ھەرقانچە چوڭ بولسۇن ۋە ئۇ ھەقتە نېمىلەر دېيىلسۇن، بۇ مۇشەققەت ۋە بەدەللەر جىھادنى تەرك ئېتىشتىن كېلىپ چىققان غاپىللىق، خورلۇق ۋە بەدەللەرگە قارىغاندا ھېچنىمە ئەمەس.

سىلەر جىھادنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قورقۇپ، ئۇنى تەرك ئەتكەن، زالىم، تاغۇتلارغا تايانغان خەلقلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك قان ــماللىرىنى تاغۇت يولىدا قۇربان قىلىۋېتىپ، بىر لوقما

تائامغا زار بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە ئۇزۇن مۇددەت خورلۇق، ئىنتىزارلىق ئىچىدە تۇرغان خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئويلىنىپ بېقىڭلار! تاغۇتلار ئۇلاردىن يەنىمۇ قۇربانلىق بېرىپ، ئۆزىنىڭ شەھۋەت ۋە خاھىش داستىخانلىرىدا جان پىدا قىلىشنى تەلەپ قىلىشتىن بولدى قىلمايدۇ. بۇ پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزىنىڭ ئەمىلىيتىدۇر

**«جىھادنى تەرك ئەتسەڭلار الله سىلەرگە خورلۇقنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ، دىنىڭلارغا قايتقىنىڭلارغا قەدەر ئۇ خورلۇقنى كۆتۈرىۋەتمەيدۇ».**

**جىھاد مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ!**

ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى، تارىختىن بۇيان، ھازىرقى مۇشۇ كۈنگە قەدەر كىشىلەرنى ساراسىمىگە سالغۇچى پىتنە ـ پاساتچىلار جىھاد ئەمىلىنى يوقىتا چىقىرىپ، الله چۈشۈرمىگەن ھۆججەت ۋە چەكلىمىلەر بىلەن جىھاد ئەمىلىنى قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چەكلەشكە ئۇرۇندى.

ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى، تارىختىن بۇيان ھازىرقى مۇشۇ كۈنىمىزگە قەدەر كىشىلەرنى ساراسىمىگە سالغۇچى پىتنە ـ پاساتچىلار شىئە ۋە رافىزىلار باشچىلىقىدا جىھاد ئەمىلىنى يوقىتا چىقىرىپ، الله چۈشۈرمىگەن ھۆججەت ۋە چەكلىمىلەر بىلەن جىھاد ئەمىلىنى قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چەكلەشكە ئۇرۇندى. ئۇلار شۇنداق دەيدۇ: جىھاد پەقەت تونىلدا تۇرىۋاتقان پاك كىشى بىلەنلا بولىدۇ. ئۇنىڭ تونىلدىن چىقىشى ئۇزۇن بولۇپ قىلىۋىدى، كىشىلەر ئۇلارنى كۈتۈپ ھېرىپ قالدى. ئۇلارغا ھۆمەينى بارلىق ھوقۇق بېرىلگەن، ھازىر بولمىغان، كۈتۈلگەن كىشىنىڭ سالاھىيتىنى بېرەلەيدىغان بىر ئالىمنىڭ دوستى سۈپىتىدە، ھىندىستاندىكى قادىنىيە ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ئەھمەد غۇلام بىلەن بىرگە ئوتتۇرغا چىقتى. ـ ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ـ ئەھمەد غۇلام ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە ئىسلامدىكى جىھاد ھۆكۈمى مەنسۇخ بولۇپ كەتتى دېدى. ئۇ جىھاد ئەمىلىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى ئىلگىرىكى شەرىئەتتىن دەپ ساندى. ھىزبۇت تەھرىرمۇ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دىن، ھاياتىدىن جىھادنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ھىزبۇت تەھرىرمۇ **60** يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئەقىدە، ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان، ئۇلارنىڭ يولىدىن چىققان خەلىپە مەيدانغا كەلگەنگە قەدەر جىھادنى تۇرغۇن شەكىلگە كىرگۈزۈپ

قويدى. ئۇلار شۇنداق دەيدۇ: بۇ خەلىپىنىڭ قىيامەتكىچە جىھادقا رۇخسەت بېرىش ھەققى بار. ئۇلار بىر مەزگىل جىھاد شوئارنى كۆتۈرۈپ چىققان، ئاندىن ئۇ جىھاد ۋە مۇجاھىدلاردىن چېكىنىپ چىقىپ، ئۇ جىھادنى دېموكراتىيىگە ئالماشتۇرۇۋەتكەن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» نىڭ دولقۇنىغا نىسبەت بېرىلگەن ھەرىكەت بىلەن بىرگە ۋە جىھادنى ھازىرقى زاماندىكى تاغۇت ھاكىملارنىڭ رۇخسىتىگە باغلاپ ئۇلار رۇخسەت بەرگەندىلا جىھاد قىلغىلى بولىدۇ، دەيدىغان رۇخسەت بەرمىسە جىھاد قىلغىلى بولمايدۇ دەيدىغان پادىشاھلارنىڭ غالچىلىرى ئاتالمىش مولىلار بولغان زامانىۋى مۇرجىئىلار بىلەن بىرگە ئۇزلىرىگە ئاجىزلىق ۋە مۇجرىم جاللاتلارنىڭ زۇلۇملىرىغا سەۋرى قىلىش چۈشەنچىسى بىلەن تەسەللى بەردى. ئۇ تاغۇت ھۆكۈمرانلارنىڭ الله يولىدا جىھاد قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى قانداق ئۈمىد قىلغىلى بولىدۇ؟ ــ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ تاغۇت ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزى دۈشمەن، شۇنداقلا جىھاد قىلىنىشنىڭ ئوبىكتى تۇرسا ــ ئۇلار مۇشۇ گېپى ۋە شەرتى بىلەن الله يولىدىكى جىھادنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى، ۋە تاغۇت، زالىملارنىڭ بۇيرۇقىسىز جىھاد قىلغان ئادەملەرنى جىنايەتچى دېدى.

بىز ئۇلارغا شۇنداق دەيمىز: يالغان ئېيتتىڭلار. جىھاد قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ. ئىلاھىم، سىلەر يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتكەيسىلەر. سىلەر جىھاد يولىدا مېڭىۋاتقان كارۋانلارغا قاۋاۋاتقان ئىتقا ئوخشايسىلەر. ئىت قاۋار، كارۋان يۈرەر.

ئۈممەت شۇنچە ۋەھشىي بوغۇزلىنىپ، قىرىلىپ، پاك قانلار سەل كەبى ئېقىۋاتسا، سىلەر يەنە كۈتۈپ، پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ، كىشىلەرگە يالغان گەپ قىلىۋاتىسىلەر. سىلەر كۈتىۋېرىڭلار. ئۇخلاڭلار ياكى ئۇيغۇنۇڭلار ھەق ئۆلچىمىگە ھېچ تەسىر كۆرسىتەلمەيسىلەر. سىلەر الله مۇنداق سۈپەتلىگەن كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن سىلەر؛

**﴿ لَوْ خَرَجُوا فِيكُمْ مَا زَادُوكُمْ إِلَّا خَبَالاً وَلَأَوْضَعُوا خِلالَكُمْ يَبْغُونَكُمُ الْفِتْنَةَ وَفِيكُمْ سَمَّاعُونَ لَهُمْ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِالظَّالِمِينَ ﴾**

**﴿ ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىرلىكتە چىققان بولسا، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە ـ پاساتنى كۆپەيتەتتى. ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى.**

**ئاراڭلاردا ئۇلار ئۇچۇن تىك ـ تىڭلايدىغانلار بار. الله زالىملارنى (يەنى مۇناپىقلارنىڭ ئىچى ـ تېشىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر. ﴾ (تەۋبە ،47)**

**﴿ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ ﴾**

**« . . .سىلەر تاكى اللەنىڭ ئەمرى (يەنى اللەنىڭ ئازابى ۋە ئىنتىقامى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى اللەنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ.﴾ »(تەۋبە ،24)**

سەلىمە ئىبنى نۇفەيلىل كەندى مۇنداق دېدى: **«مەن پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتىم. بىر ئادەم: ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەر ئاتنى خورلىدى. يەنى ئاتنى ئاددىي كۆرۈپ تاشلىۋەتتى، ئۇلار قوللىرىنىمۇ تاشلاپ قويدى. ئۇلار: ئەمدى جىھاد يوق. جەڭنىڭ ئېغىرلىقلىرى تۈگىدى ،دەۋاتىدۇ، ـ دېدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە يۈزلىنىپ: ئۇلار يالغان ئېيتىپتۇ، ھازىر جىھادنىڭ ۋاقتى كەلدى. مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە ھەق ئۈستىدە تۇرۇپ جىھاد قىلىدىغان بىر ئۇممەت بولىدۇ، الله ئۇ ئۇممەت ئۈچۈن بىر بۆلۈك قەۋملەرنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىپ بېرىدۇ. قىيامەت كۈنىگە قەدەر، الله ئۇلارغا ئۇلاردىن رىزىق بېرىدۇ. ئاتنىڭ پېشانىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق پۈتۈلىدۇ، ـ دېدى».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«قىيامەت بولغانغا قەدەر مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر دىن ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە بىر بۆلۈك كىشىلەر قىيامەت كۈنىگىچە ھەق ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدۇ. غەلىبە قىلىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئۇممىتىمدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر اللەنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدۇ. اللەنىڭ بۇيرۇقى كەلگەنگە قەدەر ئۇلارنى ياردەمسىز قويغان، ئۇلارغا قارشىلاشقان كىشى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئۇلار كىشىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺنىڭ **«ھەمىشە بولىدۇ»** دېگەن سۆزى، ئۇزۇلۇپ قالماي داۋاملىشىشنى ئۇقتۇرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپە ئىمامى بولسۇن ياكى بولمىسۇن ھەر زاماندا جىھاد قىلغۇچى، غەلبە قىلغۇچى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، شۇنى بىلگەنلەر بىلىدۇ،

بىلمىگەنلەر بىلمەي قالىدۇ، شەرئى ھەقىقەتكە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. مۇشۇنداق غەلىبە قازانغۇچى گۇرۇھقا خۇش مۇبارەك بولسۇن، ئۇ كىشىلەرگە سەممىي ياردەم نەسىھەت قىلغان ۋە شۇ كىشىلەرنى قوغدىغانلارغا خۇش مۇبارەك بولسۇن، ئۇلارغا خىيانەت قىلىپ، ياردەمسىز قويغان، كافىر دۇشمەنلەرنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا يامان ئورۇنباسار بولمىغان كىشىلەر زىيان تارتىپ ئۈمىدسىز قالسۇن.»

# 9 ـ شەھىدلىك

ﷲ يولىدا شەھىد بولۇش بۈيۈك ، شەرەپلىك ئۇتۇق ۋە يۈكسەك مەرتىۋىدۇر . بۇ شەھىدلىككە مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرى تەلپۈنۈپ ، بەسلەشكۈچىلەر مۇشۇنىڭ بىلەن بەسلىشىدىغان ياخشى ، تاللانغان كىشلەرلا ئېرىشەلەيدىغان مەرتىۋىدۇر . شۇنداق تۇرۇپ ، بۇ شەھىدلىك چۈشەنچىسى بۇرملاشتىن ۋە خۇنۇكلەشتۈرشتىن ساقلىنالمىدى . ئۇلار شەھىدلىك دېگەن نامنى ئورۇنسىز يەرلەردە ئىشلەتتى . ﷲ پاكىت چۈشۈرمىگەن جاھىلىيەت بايرىقى ئاستىدا ، تاغۇتلار يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كىشلەرگە قوللاندى . ئۇلارنى ئۆلۈپ كەتسە ئەھلى جەننىتى بولىدۇ دەپ قاربدى ، ئۇ كىشىنى شەھىد ۋە شەھىدنىڭ ئەجىرى بولىدۇ دەپ جەزملەشتۈردى . ئۇلارنىڭ بۇرملاش ۋە يالغانچىلىقلىرى مۇشۇ دائىرىدىلا توختاپ قالماستىن ، بۇرملاش ۋە يالغانچىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان بىر بۆلۈك كىشلەر شۇ دەرىجىدە جۈرئەتلىك ۋە نومۇسسىز بولۇپ كەتتىكى ، ﷲ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشلەردىن شەھىدلىك ھۆكۈمىنى يوق قىلدى . ئازغۇن جامائەت ۋە خاۋارىجلارغا ئوخشاش ، كىشلەرنى جىھادتىن نەپرەتلەندۈرۈش ، ﷲ يولىدىكى شەھىد بولۇشتىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ، ﷲ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشنى ناھايىتى قەبىھ لەقەملەر بىلەن سۈپەتلىدى .

ئۆلچەملەر ئۆزگىرىپ كەتتى ، ھۆكۈملەر ئۆزگەردى ، تاغۇتلار يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ماختىنىشقا ، مەڭگۈلۈك جەننەتكە لايىق بولىدىغان شەھىد ، قەھرىمانلاردىن سانىلىدىغان بولۇپ قالدى .

ﷲ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئەيىبلىنىشكە ، جەھەننەم ئوتىغا ، دەردلىك ئازابقا لايىق بولىدىغان كىشى دەپ قارالدى . خۇددى ئىش ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكىدەك ، ھۆكۈمنى ﷲنى قويۇپ ئۇلار چىقىرىدىغاندەك! ئۇلار چىقارغان ھۆكۈم نېمىدېگەن يامان؟ .

يەنە بىر تۈرلۈك كىشلەر ، ﷲقا ئالدىراقسانلىق قىلدى ، ئوتلۇق ئىشتىياق بىلەن سەۋرسىزلىك قىلدى . ۋە شەھىد ئېرىشىدىغان بۈيۈك ئورۇن ﷲنىڭ ھۇزۇرىدىكى مۇقىم نېمەتكە قىزىقىپ ، ئۆز جېنى بىلەن رەببىگە ئالدىراپ قالدى . شەھىدلىكنى ئىزدەش ئۈچۈن ﷲ پاكىت چۈشۈرمىگەن كەمچىل ، خاتا ، قىڭغىر يولدا مېڭىپ قالدى . شەھىدلىكنىڭ شەرتى

ئەمىللەشمىگەن، چەكلىمىلەر يوقمىغان ھالەتتە تۇرۇپ، ئاشۇ يول بىلەن جەننەتكە ماڭىدىغان يول قىسقىرايدۇ دەپ ئويلىدى. ۋە ئۆزىنى ياخشى قىلدۇق دەپ ئويلاپ قالدى.

ھەدىس قۇدۇسىدا مۇنداق كەلدى: **«بەندەم ئۆز جېنى بىلەن ماڭا ئالدىراپ قالدى. مەن بەندەمگە جەننەتنى ھارام قىلدىم»**.(بۇخارى)

ھەدىسنىڭ گەرچە سەۋەبى بولسىمۇ تېكىستى ئومۇمىي مەنادا كەلدى. بۇ اللهقا ئالدىراپ قالغانلىق ھېسابلىنىدىغان، ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى؛ بۇ خىل خاتالىقتا پەتىۋا بېرىپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇچىلارنىڭ ئاۋازى ئۈستۈن بولدى، قارشىلاشقانلارنى قورقۇتتى، نەتىجىدە يېرتىق تېخىمۇ چوڭىيىپ، ياماش تەسكە توختايدىغان ھالەتكە بېرىپ يەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن شەھىد دېگەن مۇشۇ بۈيۈك نامغا ۋە اللهنىڭ شەھىدلەر ئۈچۈن قىلغان ۋەدىسىگە لايىق بولىدىغان ھەقنى تونۇشۇن ئۈچۈن شەھىدلىك چۈشەنچىسى ھەققىدىكى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان مەسىلە ھۆكۈملەرگە ئالاقىدار سۆزنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىمىز؛

﴿ لِيَهْلِكَ مَنْ هَلَكَ عَنْ بَيِّنَةٍ وَيَحْيَى مَنْ حَيَّ عَنْ بَيِّنَةٍ ﴾

**﴿...ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى...﴾** (ئەنفال،**42**)

**شەھىد ـ** شەھىد دېگەن الله يولىدا، سۈننەت ئۈستىدە تۇرۇپ اللهنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر. ئەمما الله يولىدا بولۇپ خاۋارىجلار ۋە باشقا بىدئەتخۇرلار ئۇرۇشىغا ئوخشاش بىدئەت ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلسە، سۈننەتكە ئەگىشىش ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇنلىشىش شەرتى دەخلىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ۋە ئۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان يوللۇق مەقسەت يوق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشى شەھىد ھېسابلانمايدۇ ، كۆپىنچە كىشىلەر مۇشۇ يولدا ئۆلتۈرۈلۈپ ئۆزىنى ياخشى قىلدۇق دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

**شەھىدنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ـ**

الله، اللهنىڭ پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن شەھىد دەپ ئاتالدى. شەھىدنىڭ مەنىسى ھەققىدە شۇنداق دېيىلدى: ئۇ جەننەت نېمەتلىرىدىن رىزىق

بىرىلىدىغان ئۆلمەيدىغان، تىرىك بولغانلىقى ئۈچۈن ـ خۇددى ئۇ ئادەم باردەك ـ ئۇ ئادەم شەھىد دەپ ئاتالدى.

رەھمەت پەرىشتىلىرى ئۇنىڭغا يورۇق بەرگەنلىكى ئۈچۈن شەھىد دەپ ئاتالدى. ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر اللەنىڭ بۇيرۇقىدا، ھەق گۇۋاھلىق بىلەن تۇرغانلىقى ئۈچۈن شەھىد دەپ ئاتالدى. الله ئۇنىڭغا تەييارلاپ بەرگەن ھۆرمەتنى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر كۆرگەنلىكى ئۈچۈن شەھىد دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئادىل پەزىلەتلىك، ئىشى ياخشىلىق بىلەن تامام بولغانلىقى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ قىلمىشىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە، پەيغەمبەرلەرنىڭ رەببىنىڭ ۋەزىپىسىنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكە رۇخسەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن شەھىد دەپ ئاتالدى.

﴿ وَكَذَلِكَ جَعَلْنَاكُمْ أُمَّةً وَسَطاً لِتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ وَيَكُونَ الرَّسُولُ عَلَيْكُمْ شَهِيداً﴾

**﴿ شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق.﴾** (بەقەرە، **143**)

﴿ وَجَاهِدُوا فِي اللَّهِ حَقَّ جِهَادِهِ هُوَ اجْتَبَاكُمْ وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ مِلَّةَ أَبِيكُمْ إِبْرَاهِيمَ هُوَ سَمَّاكُمُ الْمُسْلِمِينَ مِنْ قَبْلُ وَفِي هَذَا لِيَكُونَ الرَّسُولُ شَهِيداً عَلَيْكُمْ وَتَكُونُوا شُهَدَاءَ عَلَى النَّاسِ﴾

**﴿ اللەنىڭ يولىدا (پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە، جىھاد قىلىڭلار. الله (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى. (ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەت ۋە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى سىلەرگە خاس قىلدى.) سىلەرگە دىنىدا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى. (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى.) (بۇ) ئاتاڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر. (بۇ توغرا دىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى مەھكەم ئۇچلاڭلار.) الله سىلەرنى ئىلگىرى (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرىكى كىتابلاردا) مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. قۇرئاندىمۇ**

**شۇنداق ئاتىدى. (الله) پەيغەمبەرنى سىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا ۋە سىلەرنى كىشىلەرگە گۇۋاھ بولۇشقا (تاللىدى).** ﴾ (ھەج، 78)

شەھىدلىك دېگەن ئۇممەتنىڭ ئىچىدىن تاللانغان ئەڭ ياخشى، ئادىل كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. مۇشۇ مەنالار شەھىد ئۇچۇن ئىشلىتىلسە بىر ـ بىرىگە قارشى كەلمەيدۇ.

**شەھىدنىڭ تۈرلىرى**

ئىسلامدىكى شەھىدنىڭ تۈرلىرى بىر قانچە تۈرلۈك بولۇپ. الله يولىدىكى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەنلەرمۇ شەھىد، تۆۋەندىكى كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ ـ ئۇ ئادەم كېسىلىگە سەۋر قىلىپ اللەتىن ساۋاب ئۈمىد قىلغان بولسا ـ شەھىد: ۋابا كېسىلى، قورساق ئاغرىقى ـ قورساق ئېسىلىپ كېتىش، ئىچى سۈرۈش، قورساقتا بولىدىغان كېسەللەر ـ ، سىل كېسىلى، كۆكرەك ياللۇغى، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئايال، بىر نەرسە بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، شۇنىڭدەك الله يولىدا جىھادقا چىقىپ ئۇرۇش قىلماستا يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن ۋە الله يولىدىكى شەھىدلىكنى سەمىمىي ئارزۇ قىلىپ كۆرپە ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ كەتكەن كىشى. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەيغەمبەر ﷺ شەھىد دەپ ئاتىدى. ئۇلارغا شەھىدنىڭ ئەجرى بولىدۇ، دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«شەھىد بەش تۈرلۈك بولىدۇ. ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى، قورساق ئاغرىقى تارتقان كىشى، غەرق بولۇپ كەتكەن كىشى، تام بېسىۋالغان كىشى، الله يولىدا شەھىد بولۇپ كەتكەن كىشى.»**(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ۋابا كېسىلى ھەربىر مۇسۇلمان ئۇچۇن شەھىدلىكتۇر».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ۋابا كېسىلى الله خالىغان كىشىگە ئەۋەتىدىغان ئازاب بولۇپ، ئۇنى الله مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلىپ بېرىدۇ. ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆز شەھىرىدە سەۋرى قىلىپ تۇرسا، ئۆزىگە الله ئۇنىڭغا تەقدىر قىلغان نەرسىنىڭ يېتىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ ئادەم ئۇچۇن شەھىدنىڭ ئەجرى بار.»**(بۇخارى)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ۋابا كېسىلى دېگەن تۆگىنىڭ بېزىگە ئوخشاش بىر خىل بەز بولۇپ، ئۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچى شەھىدكە ئوخشايدۇ، كېسەلدىن قاچقۇچى جەڭدىن قاچقۇچىغا ئوخشايدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«شەھىدلەر، ۋابا كېسىلى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتكەنلەر كەلتۈرۈلىدۇ. ۋابا كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغانلار بىز شەھىد بولۇپ كەتتۇق دەيدۇ. ئاندىن ئۇلارغا دېيىلىدۇ: قاراپ بېقىڭلار ئەگەر بۇلارنىڭ جاراھىتى شەھىدلەرنىڭ جاراھىتىگە ئوخشاش بولسا، قېنى ئىپاردەك پۇرىسا، ئۇلار شەھىدلەرگە ئوخشاش چىقىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ۋابا كېسىلى ، غەرق بولۇپ كەتكەنلەر، قورساق ئاغرىقى كېسىلى، كۆيۈپ كەتكەنلەر، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار، مىنىڭ ئۇممىتىمنىڭ شەھىدلىرىدىندۇر».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«قورساق ئاغرىقى، ۋابا كېسىلى، تام بېسىۋالغانلار، يىرتقۇچ ھايۋان يەپ كەتكەنلەر، غەرق بولۇپ كەتكەنلەر، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر، كۆكرەك ياللۇغى كېسەللىكى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەر شەھىدتۇر».**

ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېدى: **«بىز ئابدۇللا ئىبنى رەۋاھەنى يوقلاپ كىرىۋىدۇق ئۇ بىھوش ياتقانىكەن. بىز شۇنداق دېدۇق: ساڭا اللّٰه رەھمەت قىلسۇن، بىز بۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتمەسلىكىنى ياخشى كۆرۈمىز، شەھىد بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق، بىز شۇنداق دېيىشىۋاتقاندا پەيغەمبەر ﷺ كىرىپ كەلدى ھەم: سىلەر نېمىنى شەھىد دەيسىلەر؟ ـ دېدى. كىشىلەر ئولتۇرۇپ كەتتى: ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ھوشىغا كېلىپ: پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەمسىلەر؟ ـ دېگەندىن كېيىن ئۆزى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: بىز ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى شەھىد دەپ قارايمىز. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: ئۇنداقتا مىنىڭ ئۇممىتىمنىڭ شەھىدلىرى ئاز بولۇپ قالىدۇ. ئۆلتۈرۈلگەنلەرمۇ شەھىد، ۋابادا ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ شەھىد، غەرق بولۇپ كەتكەنلەرمۇ شەھىد، تۇغالماي ئۆلۈپ كەتكەن ئايالمۇ شەھىد».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللّٰه يولىدا ئۆلۈپ كىتىشلا شەھىد بولامدۇ؟، ئۇنداقتا مىنىڭ ئۇممىتىمنىڭ شەھىدلىرى ئاز بولۇپ قالىدۇ. تىغ بىلەن زەخىملەندۈرۈلۈپ ئۆلۈپ كەتكەن**

**كىشى شەھىد، قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شەھىد، ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شەھىد، بالىسى قورسىقىدا بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شەھىد، غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شەھىد، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىمۇ شەھىد، كۆكرەك ياللۇغى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن كىشىمۇ شەھىد».**

راشىد ئىبنى ھۇبەيشتىن رىۋايەت قىلىنىدى: **«پەيغەمبەر ﷺ ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كىردى، مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ شەھىدلىرىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى، كىشىلەر جىمىپ كەتتى، ئۇبادە مېنى يۆلەپ قويۇڭلار، ـ دېدى. كىشىلەر ئۇنى يۆلەپ قويدى. ئاندىن ئۇبادە: سەۋرى قىلغۇچى ساۋاب ئۈمىد قىلغۇچى كىشى شەھىدتۇر، ـ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنداقتا مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ شەھىدلىرى ئاز بولۇپ قالىدۇ. اللە يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شەھىد، ۋابا كېسىلىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، غەرق بولۇپ كەتكەن كىشى، قورساق ئاغرىقىدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشى، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شەھىد».**

بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ خىزمەتكارى ئەبۇلئاۋام: «ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن، سىل كېسىلى بىلەن ئۆلگەن ئادەم شەھىد دېگەننى قوشۇپ قويدى».

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«اللە يولىدا ئۆلۈپ كەتكەندىن باشقا شەھىد يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ. قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتكەن، غەرق بولۇپ كەتكەن، كۆكرەك ياللۇغى كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، تام بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن، قورسىقىدىكى بالىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شەھىدتۇر».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىمكى اللە يولىدا ئۆلتۈرۈلىدىكەن ئۇ شەھىد، اللە يولىدا ئۆلگەن كىشىمۇ شەھىد».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىمكى سەممىيلىك بىلەن شەھىدلىكنى ئىزدىسە، ئەگەر شەھىدلىككە ئېرىشەلمىسىمۇ، شەھىدنىڭ دەرىجىسىنى بېرىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىمكى اللەتىن شەھىد بولۇشنى سەممىيلىك بىلەن سورىسا، گەرچە ئۇ كىشى كۆرپە ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇ كىشىنى اللە شەھىدلەرنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىمكى ﷲتىن چىن قەلبىدىن سەممىيلىك بىلەن شەھىدلىكنى سورىسا، ﷲ ئۇنىڭغا شەھىدنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ».**

ئۇنداق بولىشى ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق. ھەربىر ئىنسانغا نىيەت قىلغان نەرسىسى بار، ئىتائەت قىلىشنى نىيەت قىلىپ نىيىتىدە راستچىل بولسا، ئاندىن ئۇ كىشىنى ئىتائەت قىلىشتىن باشقىلار تەرەپتىن مەجبۇرلىنىش توسۇپ قويسا، مۇكەممەل ئىتائەت قىلغانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشەلەيدۇ. ﷲنىڭ سېخىيلىقى، ئېھسان رەھمىتىگە ھەمدىلەر بولسۇن،

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«سىلەر مەدىنىدە بىر تۈرلۈك كىشىلەرنى قالدۇرۇپ كەلدىڭلار، سىلەر قايسىبىر يولغا ماڭساڭلار، نېمىنى چىقىم قىلساڭلار، قايسى جىلغىلارنى كەزسەڭلار ئۇلار سىلەر بىلەن بولىدۇ. ساھابىلەر ئېيتتى: ئۇلار مەدىنىدە قالغان تۇرسا، قانداق بولۇپ بىز بىلەن بىللە بولىدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: ئۇلارنى قىيىنچىلىق توختىتىپ قويدى».** (بۇخارى)

چۈنكى ئۇلار ﷲ يولىدا جىھاد قىلىشنى سەممىي، راستچىل نىيەت قىلغان، لېكىن ئۇلارنى ئۆزرە سەۋەب توختىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەجىر، ساۋابتا ئۇلار ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن شەھىدلەرنىڭ ئەڭ ئالىيراقى كەينىگە قايتماي ﷲ يولىدىكى جىھادتا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«شەھىدلەرنىڭ ئالىيراقى ـ قېنى تۆكۈلگەن، ئېتى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر».**

**«پەيغەمبەر ﷺ دىن: قايسى ئۆلۈم شەرەپلىك دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ قېنى تۆكۈلگەن ئېتى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر. دېدى»**

نەئىم ئىبنى ھەمماد رىۋايىتىدە مۇنداق دېگەن: **«بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ دىن قايسى شەھىد ئەبزەلراق؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ دېدى: سەپكە كىرىپ ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئارقىسىنى قىلمىغان كىشىدۇر. ئۇلار جەننەتنىڭ ئالى ھۇجۇرلىرىدا يايرايدۇ، ئۇلارغا رەببى كۈلىدۇ، رەببىڭ دۇنيادىكى بىر بەندىگە كۈلسە ئۇلاردىن ھېساب ئالمايدۇ».** (ئەھمەد)

شەھىدلەرنىڭ سەردارى زالىم ئىمامنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ ئىمام ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكەن كىشىدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«شەھىدلەرنىڭ سەردارى ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىب ۋە زالىم ئىمامنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇپ ئىمام ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكەن كىشىدۇر»**.

جىنايەتچى تاغۇتلارنىڭ ئالدىدا جاسارەت بىلەن ئېيتىلغان بەزى ھەق سۆزلەرنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنۇمى قەتئى مەيداندىكى نەيزە قىلىچلارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازلىرى، ئوقلارنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ.

**الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدكە ئالاقىدار ھۆكۈملەر**

الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدكە باشقا ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلار شېرىك بولالمايدىغان ئالاھىدە ھۆكۈملەر بار؛

بىرىنچى: شەھىد يۇيۇلمايدۇ، ئېقىلغان قان بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇھۇد كۈنىدە: **«ئۇلارنى قېنى بىلەن دەپنە قىلىۋېتىڭلار، ئۇلار يۇيۇلمايدۇ.»** دېگەن.

ئىككىنچى: مۇمكىن بولسا يېقىلغان ئورۇندىن يۆتكىمەي شۇ يەرگە،ئۇستىدىكى كىيىم بىلەنلا دەپنە قىلىنىدۇ. ئىبنى ئاBBاس مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئۇھۇد كۈنىسى شەھىدلىرىدىن ساۋۇت دوبۇلغىلىرىنى سالدۇرىۋېتىشكە، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەنلا دەپنە قىلىشقا بۇيرۇغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئۇلارنى كىيىمى بىلەن يۆگەپ قويۇڭلار»**.

يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئۇلارنى ئۆز قېنى بىلەنلا يۆگەپ قويۇڭلار. الله يولىدا يارىلانغان جاراھەتنىڭ قېنى قان رەڭگىدە پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ»**.

جابىر ئىبنى ئابدۇللا دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇھۇدتا ئۆلۈپ كەتكەنلەر مەدىنىگە يۆتكەپ ئاپىرىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېقىلغان جايىغا قايتۇرۇلۇشقا بۇيرىدى. ھەم: **«ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى يىقىلغان جايىغا دەپنە قىلىڭلار.»** دېدى.

ئۈچىنچى:شەھىدنىڭ نامىزىنى ئوقۇش ۋاجىپ ئەمەس، پەيغەمبەر ﷺ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇسا گۇناھ يوق. پەيغەمبەر ﷺ بەزى شەھىدلەرگە ئوقۇغان. بەزىلىرىگە ئوقۇمىغان تاغىسى ھەمزىنىڭ نامىزىنى ئوقۇغان، ئۇھۇدتىكى شەھىدلەرنىڭ نامىزىنى ئوقۇمىغان.

ئەنەس رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ ھەمزىنىڭ قېشىدىن ئۆتتى، ھەمزىنىڭ بۇرۇن، قۇلاقلىرى كېسىۋېتىلگەن ئىكەن، ھەمزىدىن باشقا ئۇھۇدتىكى شەھىدلەرنىڭ نامىزىنى ئوقۇمىدى. شۇنىڭدەك مۇرتەدلەرگە قىلىنغان مۇئتە، قادىسىيە، يەرمۇك ۋە باشقا ئۇرۇشلاردا مىڭلىغان مۇسۇلمانلار شەھىد بولۇپ كەتتى. بىزگە ساھابىلارنىڭ ئۇلارنىڭ نامىزىنى ئوقۇغانلىقى يەتمىدى. شەھىدنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەسلىك سۈننەتكە سەلەف ـ سالىھلارنىڭ يولىغا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺنىڭ بەزى شەھىدلەرنىڭ نامىزىنى ئوقۇغانلىقى پەيغەمبەر ﷺنىڭ ناماز ۋە دۇئاسىنىڭ ئۇلۇغ بولغانلىقى ئۈچۈن شەھىد بولسىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ پەيغەمبەر ﷺنىڭ دۇئا نامىزىغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ پەيغەمبەر ﷺ غىلا خاس. پەيغەمبەر ﷺنىڭ دۇئاسى باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىغا ئوخشىمايدۇ.

**﴿ لا تَجْعَلُوا دُعَاءَ الرَّسُولِ بَيْنَكُمْ كَدُعَاءِ بَعْضِكُمْ بَعْضاً ﴾**

**﴿ (ئى مۆئمىنلەر !) پەيغەمبەرنى سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار.﴾ (نۇر، 63)**

**﴿ وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلاتَكَ سَكَنٌ لَهُمْ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴾**

**﴿ ئۇلارغا دۇئا قىلغىن. شۈبھىسىزكى سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ.﴾ (تەۋبە، 103)**

ھۆكۈملەر جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما جەڭدە نەيزە سانجىلىپ، ئاندىن مەيداننىڭ سىرتىغا ئېلىپ بېرىلسا، بىر قانچە كۈن ياشىغان بولسا، ئاندىن جەڭ مەيداننىڭ سىرتىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ئاخىرەتنىڭ شەھىدى بولۇپ، شەھىدكە خاس بولغان يۇقاردا سۆزلەنگەن ھۆكۈملەر ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، قورساق ئاغرىقى، ۋابا كېسىلى ، تام بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن، كۆيۈپ كەتكەن ۋە يۇقاردا سۆزلەنگەن باشقا شەھىدلەرگە جەڭ مەيداندا ئۆلۈپ كەتكەن شەھىدكە ئالاقدار بولغان ھۆكۈملەر يۈگۈزۈلمەيدۇ. باشقا ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش يۇيۇلۇپ، كېپەنلىنىپ ، نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ.

## شەھىدلىكنىڭ شەرتلىرى

ﷲ يولىدا شەھىد بولۇشنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك شەرتلىرى بولۇپ، بىرەر شەرتكە دەخلى يەتسە ئۇ ئادەمنىڭ شەھىدلىكى رەت قىلىنىدۇ. (قوبۇل بولمايدۇ.) ﷲنىڭ نەزىرىدىكى شەھىدلەرنىڭ دەرىجىسىگە لايىق بولىدىغان شەھىدلىك سىپىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى: شەھىد ئېتىقادى ساغلام مۇسۇلمان بولىشى كېرەك.** مۇشرىك، كافىر، مۇرتەد جىھادقا چىقىپ ئۆلتۈرۈلسە شەھىد بولمايدۇ. جىھادى پايدا بەرمەيدۇ. چۈنكى شېرىك بارلىق ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

﴿ إِنَّ اللَّهَ لا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ ﴾

**﴿ ﷲ ھەقىقەتەن ﷲغا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغفىرەت قىلمايدۇ. خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ. كىمكى ﷲغا شېرىك كەلتۈرىدىكەن چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ. ﴾** (نىسا، **48**)

﴿ وَلَوْ أَشْرَكُوا لَحَبِطَ عَنْهُمْ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ﴾

**﴿...ئەگەر ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى. ﴾** (ئەنئام، **88**)

﴿ وَقَدِمْنَا إِلَى مَا عَمِلُوا مِنْ عَمَلٍ فَجَعَلْنَاهُ هَبَاءً مَنْثُوراً ﴾

**﴿ بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز. ﴾** (فۇرقان، **23**)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ﷲ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن شىرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكنىڭ ئەمىلىنى قوبۇل قىلمايدۇ»

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«بىر ئادەم قىيامەت كۈنى دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ جەننەتكە كىرگۈزمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭغا: جەننەتكە مۇشرىك كىرمەيدۇ، ﷲ جەننەتنى ھەربىر مۇشرىكقا ھارام قىلغان، ــ دەپ نىدا قىلىنىدۇ، ئۇ ئادەم دەيدۇ: رەببىم بۇ مىنىڭ دادام، ئۇنىڭ**

**دادىسى قەبىھ سۈرەتكە، سېسىق پۇراققا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم دادىسىنى تاشلىۋېتىپ كېتىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«قىلىچ مۇناپىقلىقنى ئۆچۈرەلمەيدۇ».**

**بەك باتۇر دەپ سۈپەتلىنىدىغان بىر مۇشرىك بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلماقچى بولىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: اللە، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنەمسەن؟ ــ دەپ سورىۋىدى، ئۇ ئادەم: ياق، ــ دېدى، پەيغەمبەر ﷺ : قايتىپ كەت، مەن مۇشرىكتىن ياردەم ئالمايمەن، ــ دېدى».** (مۇسلىم)

**بېشىغا تۆمۈر نىقاب كىيگەن بىر ئادەم: ئى اللەنىڭ ئەلچىسى! ئۇرۇش قىلايمۇ ياكى مۇسۇلمان بولايمۇ؟ ــ دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ : مۇسۇلمان بولۇپ، ئاندىن ئۇرۇش قىل، ــ دېدى، ئۇ ئادەم مۇسۇلمان بولدى، ئاندىن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ﷺ : ئاز ئەمەل قىلىپ كۆپ ئەجىرگە ئېرىشتى، ــ دېدى.** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مۇشۇ شەرتلەر شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى؛ شەھىدتىن كۇفۇرلۇق، شېرىكتىن باشقا گۇناھ، خاتالىقلارنىڭ يوق بولىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. ھېچقانداق ئالىم بۇنداق دېمىدى.

ئېتىقادى دۇرۇس بولغان مۇسۇلمان شېرىك، كۇفۇرلۇق دەرىجىدە بولۇپلا قالماي، ھەرقانچە چوڭ گۇناھ قىلسىمۇ جىھادى، شەھىدلىكى، ياخشىلىقى، پايدا بېرىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھى ــ شەھىدلىك پەزىلىتى ۋە شەھىدلىكنىڭ ھۆكۈمىدىن چەكلىيەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«بىر ئادەم ئۆزىگە قارىتا گۇناھلىرىدىن قورقۇپ، جان مېلى بىلەن اللە يولىدا دۈشمەن بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلسا، ئاشۇ ئېغىزنى چايقىۋېتىش بولۇپ، گۇناھ ــ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ خالىغىنىدىن كىرگۈزۈلىۋېتىدۇ».**

مانا مۇشۇنىڭدا مۇجاھىدلارنىڭ ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئىتائەتمەن، ياخشى، تەقۋا بولىشى، ھايات ئىش ــ پائالىيەتلىرى گۇناھ ــ مەئسىيەتتىن خالىي، جىھادى قوبۇل بولىشى ئۈچۈن تۈنجى ئەۋلاد ساھابىلارغا ئوخشاش تەقۋادار، ئىتائەتچان بولۇشنى شەرت قىلغان كىشىلەرگە رەددىيە بېرىلىدۇ. مۇشۇ شەرت قۇرئانىنىڭ ئايەتلىرىگە قارشى بولۇپ، ئاقىۋەتتە

جىھادتىن يۈز ئۆرۈشكە ئاپىرىپ قويىدۇ. كىشلەرنى الله يولىدىكى جىھادتىن توسۇپ، مۇسۇلمانلار شەھىرىگە دۈشمەننى ئىگە قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۆلارنىڭ بۇ شەرتى ئەمىللەشتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئاجىزلاشتۇرۇش شەرتىدۇر. تۈنجى ئەۋلاد سەلەف ـ سالىھلار قىيامەت كۈنىگىچىلىك تارىختا ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانمايدىغان تەگداشسىز ئەۋلادلاردۇر، قۇرئان ياخشى ئەۋلاد بولغان ياخشى ئەسىر دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ياخشى ئەۋلادلارنى كىم تۇغۇپ بېرىدۇ؟ قەيەردىن كېلىدۇ؟ بۇنداق كىشلەر قىيامەت كۈنىگىچە كەلمەيدۇ.

يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزدىن تەقۋالىق، ئىتائەت، ئىسلاھات، تەربىيىۋى تەرەپكە سەل قاراش ئۇقۇمى چىقمايدۇ، مۇجاھىدلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە، ئەخلاقى پىرىنسىپلاردا يۇقىرى دەرىجىگە ئۆرلەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى زۆرۈر. بۇ تولىمۇ مۇھىم ئىش، بۇ جىھاد تەلەپ قىلىنغان تەييارلىقى ۋە ياردەم، غەلىبىنىڭ ئاساسى سەۋەبى بولۇپ بۇنىڭغا سەل قاراش توغرا بولمايدۇ، لېكىن تەقۋالىقنى مۇجاھىدنىڭ شەھىدلىكىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن شەرت قىلغىلى بولمىغاندەك، جىھادنىڭمۇ شەرتى قىلغىلى بولمايدۇ.

**ئىككىنچى: ئىخلاس؛** الله يولىدىكى شەھىدلىك الله رىزالىقى ئۈچۈن خالىس بولۇش، بۇيۈك ئەجرگە ئېرىشىش مەقسەت قىلىنغان بولىشى كېرەك. باشقىلارغا ئاڭلىتىش، كۆرستىش مەقسەت قىلىنسا بولمايدۇ. ئىخلاس ـ ھەر قانداق ئىبادەت ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلنىڭ شەرتىدۇر.

﴿ فَمَنْ كَانَ يَرْجُوا لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلاً صَالِحاً وَلا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَداً ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر. كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقەت بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابتىن قورقىدىكەن) ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن.» ﴾ (كەھف ،110)**

ئەبا ئۇمامەتىل باھىلىدىن رىۋايەت قىلىنىدىكى: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ئەجىر ئىزدەپ ۋە شۆھرەت قازىنىشنى ئىزدەپ ئۇرۇش قىلغان ئادەمگە قانداق ئەجىر بولىدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر بولمايدۇ، ــ دېدى. بۇنى ئۈچ قېتىم سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر بولمايدۇ، ــ دەپ ئۇنىڭغا مۇنداق قوشۇپ قويدى: اللّٰه ئۆزى ئۈچۈن خالىس بولۇپ، اللّٰهنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەندىن باشقا ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ.»

ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «بىر ئادەم، ئى اللّٰهنىڭ ئەلچىسى! بىر ئادەم دۇنيا ئۈچۈن جىھاد قىلغان بولسا قانداق بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنىڭغا ئەجىر بولمايدۇ، ــ دېدى، بۇ گەپ باشقىلارغا ئېغىر كەلدى، ئۇلار ھېلىقى ئادەمگە: پەيغەمبەر ﷺ دىن قايتا سورىغىن؟ بەلكى سۆزۈڭنى چۈشەندۈرەلمىگەنسەن، ــ دېيىشتى. ھېلىقى ئادەم: ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم مال ــ دۇنيانى كۆزلىگەن ھالدا اللّٰه يولىدا جىھاد قىلغان بولسا قانداق بولىدۇ؟ ــ دېدى، پەيغەمبەر ﷺ : ئەجىر بولمايدۇ، ــ دېدى، ئۇ گەپ كىشىلەرگە ئېغىر كەلدى، ئاندىن ئۇلار: پەيغەمبەر ﷺ دىن قايتا سورىغىن، دېدى. ھېلىقى ئادەم ئۈچىنچى قېتىمدا: بىر ئادەم مال ــ مۈلۈكنى كۆزلىگەن ھالدا اللّٰه يولىدا جىھادقا چىقسا قانداق بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنىڭغا ئەجىر بولمايدۇ، ــ دېدى».

ئەبۇ مۇسالئەشئەرىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلدى:«پەيغەمبەر ﷺ دىن سوئال سورالدى: بىر ئادەم بارتۇرلۇقنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، بىر ئادەم يۇرتۋازلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلسا، بىر ئادەم باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا قايسىسى اللّٰه يولىدىكى ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ : اللّٰهنىڭ كەلىمىسىنى ئالى قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان كىشىلا اللّٰه يولىدا ئۇرۇش قىلغان ھېسابلىنىدۇ» .(مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئەڭ ئاۋۋال كەلتۈرۈلىدىغان كىشى شەھىد قىلىنغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئادەم كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن اللّٰه ئۇ ئادەمگە بەرگەن نېمەتلەرنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەم ئېتىراپ قىلىدۇ. اللّٰه: سەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ ــ دەپ سورايدۇ، ئۇ ئادەم: سىلى يوللىرىدا شەھىد بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدىم، ــ دەيدۇ، اللّٰه: يالغان ئېيتتىڭ، سەن باتۇر

**دىيىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىدىكى ئۇ دۇنيادا دىيىلىپ بولدى. ئاندىن پەرىشتىلەرگە بۇيرۇق بېرىلىدۇ، ئۇ ئادەم يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دەۋزەخكە تاشلىنىدۇ».(مۇسلىم)**

يەنە بىر رىۋايەتتە: **«سىلى يوللىرىدا جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدىم. ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر جىھاد قىلدىم، ــ دەيدۇ. الله ئۇنىڭغا: يالغان ئېيتتىڭ، دەيدۇ. پەرىشتىلەرمۇ يالغان ئېيتتىڭ دەيدۇ، الله ئۇنىڭغا باتۇر دىيىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدىڭ، شۇ گەپ دىيىلىپ بولدى، ــ دەيدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىم ئاخىرەتنىڭ ئەمىلىنى دۇنيانى كۆزلەپ قىلىدىكەن، الله ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە نېسىۋىسنى بەرمەيدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم بولۇپ ئۇ مۇناپىق، ئۆز جېنى بىلەن، مىلى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، دۈشمەنگە ئۇچراشقان ۋاقىتتا الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدى. ئەنە شۇ مۇناپىق دەۋزەختە، قىلىچ ئۇنىڭ مۇناپىقلىقىنى ئۆچۈرەلمەيدۇ».**

**ئۈچىنچى: ئۇنىڭ ئۇرۇشى ۋە شەھىدلىكى سۈننەت ئۈستىدە بولىشى كېرەك.**

يەنى سۈننەتكە ئەگىشىش ــ يۇرتنى قاندۇرۇش، ئىنتىقام ۋە كۆڭۈل خاھىشىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشى كېرەك. مۇجاھىد بەلگىلىمىلەرگە ۋە ئەھدىلەرگە رىئايە قىلىپ، ئالدىماسلىق، خىيانەت قىلماسلىقى كېرەك. ئەمما كۆڭۈل خاھىشىنى كۆڭۈلنى قاندۇرۇپ، ئىنتىقام ئېلىشنى شەرىئەت، ھۆكۈمنىڭ ئۈستىدە قويغان، شەرىئەتتە قىلىچ ئۇرۇش دۇرۇس بولمايدىغانلارغا قىلىچ ئۇرۇپ، قىلىچ ئۇرۇش كېرەك بولغانلارغا ئۇرماي، شەرىئەتتە ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت بەرگەنلەرنى ئۆلتۈرمەي، مۇشۇ ھالەتتە تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلسە، الله يولىدىكى شەھىدلىك سۈپىتى يوقاپ كەتكەندەك، مۇجاھىدلىك سۈپىتىمۇ يوقاپ كېتىدۇ. الله شەھىد بولغانلار ئۈچۈن تەييارلىغان بۈيۈك مەرتىۋىدىن مەھرۇم قالىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇرۇش چېكىدىن ئاشقان خاۋارىجلارنىڭ ئۇرۇشى بولۇپ، ئۇلار ئىسلام ئەھلىگە ئۇرۇش قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «**ئۇلار ئىسلام ئەھلىگە ئۇرۇش قىلىدۇ، بۇتپەرەسلەرنى تەرك ئېتىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلار بىلەن ئۇچرىشالىغان بولسام ئىدىم، ئۇلارنى ئاد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرگەن بولاتتىم**».

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «**ئۇممىتىم ئىچىدە ئىختىلاپ ۋە بۆلۈنۈش بولىدۇ. ياخشى سۆزلەيدىغان، ناچار ئىش قىلىدىغان، قۇرئان ئوقۇيدىغان، كېكىردىكىدىن ئۆتمەيدىغان، دىندىن ئو ياچاقتىن چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدىغان مەڭگۈ دىنغا قايتالمايدىغان، ئەڭ يامان بولىدىغان بىر قەۋملەر بولىدۇ. ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن، ئۇلارمۇ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمگە خۇش مۇبارەك بولسۇن. ئۇلار اللەنىڭ كىتابىغا چاقىرىدۇ-يۇ ئۇزى ئەمەل قىلمايدۇ. ئۇرۇشقا ئۇرۇش قىلغان ئادەم اللەقا يېقىن بولىدۇ**».

مۇئاز ئىبنى ئەنەس ئەلجەھنى ﷺ دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى؛ ئۇ مۇنداق دېدى: «**مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن كۆپلىگەن ئۇرۇشلارنى بىللە قىلدىم، كىشىلەر ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىۋىدى. پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرگە مۇنداق دەپ جاكارچى ئەۋەتتى: ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان كىشىنىڭ جىھادى قوبۇل قىلىنمايدۇ**».

كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرگەن، جىھاد سەۋەبىدىن بولسىمۇ يوللاردا بۇلاڭچىلىق قىلغان ئادەم نە ئەھدىنامىگە رىئايە قىلمايدىغان، مۆئمىننى ھۆرمەت قىلمايدىغان، ئۆز پىكرىنى قوللايدىغانلارنىلا قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەر قانداقمۇ مۇجاھىدلار سېپىگە تىزىلالىسۇن؟ ئەگەر ئۇ ئادەم مۇشۇ ھالەتتە ئۆلتۈرۈلسە شەھىدلەر سېپىگە تىزىلالمايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «**مۆئمىنلەرگە ئازار بەرگەن كىشىنىڭ جىھادى قوبۇل بولمايدۇ**».

شۇنىڭغا ئوخشاش چېكىدىن ئاشقان مۇرجىئەلەر ساغلام ئەقىدىلىك مۆئمىنلەر ھەققىدە دېيىلگەن ئايەت ـ ھەدىسلەرنى جىنايەتچى، كافىر، تاغۇتلارغا تەدبىقلايدۇ، ئۇ كافىرلارغا جىھاد قىلىشتىن چەكلەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا كافىرلارغا ئىتائەت قىلىش، دوستلۇق ئورنىتىش، ئۇلارغا قارشى چىققان مۆئمىنلەرنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ياردەم بېرىشنى ۋاجىپ دەيدۇ. كىم مۇشۇ خاتا

چۈشەنچە بويىچە ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسۇن، ئۆلۈپ كەتسۇن مۇجاھىدمۇ ئەمەس، شەھىدمۇ ئەمەس. بەلكى تاغۇت يولىدا ئۇرۇش قىلغان كىشى ھېسابلىنىدۇ.

﴿ الَّذِينَ آمَنُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ فَقَاتِلُوا أَوْلِيَاءَ الشَّيْطَانِ إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفاً ﴾

**﴿ مۆئمىنلەر اﷲنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ. كافىرلار تاغۇتنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار. (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر.) شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر. ﴾ (نىسا، 76)**

سۈننەت ئۇستىدە تۇرۇپ شەھىد بولۇش، اﷲقا ئالدىراپ قىلىپ ئۆز-ئۆزىنى ئۆلتۈرمەسلىك، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا جىھاد ۋە مۇسۇلمانلارغا كېلىدىغان كۈچلۈك مەنپەئەت بولمىغان، ھالاكەتلىك ۋە ئۆلۈم ئورۇنلىرىغا بارماسلىق كېرەك. ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ بېرىپ قالسا، ئاندىن شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلۈپ كەتسە ئۇ ئادەم شەھىد بولمايدۇ، بەلكى ئېغىر خەتەر ئۇستىدە بولىدۇ.

﴿ وَلا تَقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيماً ﴾

**﴿...سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر-بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار. اﷲ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. ﴾ (نىسا، 29)**

﴿ وَلاَ تُلْقُواْ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ ﴾

**﴿...ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار... ﴾ (بەقەرە، 195)**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىمكى دولقۇنلاۋاتقان ۋاقىتتا دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭدىن زىممى ئاقلاندى. (ئۇنىڭدىن اﷲنىڭ جەننەتكە كىرگۈزۈش ۋەدىسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ).»**

شۇنداق بولىشى ئۆزىنى ھالاكەتلىك، خەتەرلىك ئورۇنلارغا ئاپىرىپ پايدىسىز خەتەرگە ئاتقانلىقى ئۈچۈندۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۇئمىننىڭ ئۆزىنى خارلىشى لايىق بولمايدۇ، ساھابىلەر: مۆئمىن ئۆزىنى قانداق خار قىلىدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ : تاقەت قىلالمايدىغان بالاغا ئۆزىنى دۇچار قىلىشتۇر».**

**ئۈچىنچى: ئۇ شەھىد بولىدىغان مەقسەت ئىسلامدا يولغا قويۇلغان ئىش بولىشى كېرەك.**

الله بەندىلىرىنىڭ جىھاد قىلىش ۋە تۆۋەندىكى نەرسىلەرنى قوغداپ شەھىد قىلىنىشنى رۇخسەت قىلدى؛ دىنىنى، ئابرۇيىنى، مېلىنى، جېنىنى، ئەھلى ـ بالىلىرىنى قوغداپ، مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان زۇلۇمنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ياكى الله قوغداشقا رۇخسەت قىلغان نەرسىلەرنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شەھىدتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شەھىدتۇر».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىمكى مېلىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد، كىمكى جېنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد، كىمكى دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد، كىمكى ئەھلى ـ بالىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىدتۇر».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىمكى مېلىنى قوغداش يولىدا زۇلۇم قىلىنغان ھالەتتە ئۆلتۈرۈلسە ئۇنىڭغا جەننەت بار».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىمكى زۇلۇمنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد».**

ئەمما كىمكى الله يولغا قويمىغان مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسە يەنى زالىم، تاغۇتلارنىڭ تەختى ـ راۋانلىرىنى، قانۇن ـ پىرىنسىپلىرىنى قوغداش ئۈچۈن، كۇفرى ـ شېرىكنى قوغداش ئۈچۈن، زۇلۇم قىلىش ئۈچۈن، جاھىلىيەت بايرىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلسە ياكى گۇرۇھۋازلىق، مىللەتچىلىك، يۇرتۋازلىق قىلىپ شۇ يولدا ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شەھىد ئەمەس بەلكى، ئۇ كىشىلەر دەۋزەختە بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىمكى قارىغۇلارچە گۇرۇھۋازلىق قىلىپ ياكى گۇرۇھۋازلىققا چاقىرىپ ياكى گۇرۇھقا ياردەم بېرىدىغان بىر بايراق ئۇستىدە ئۆلتۈرۈلسە ئۇنىڭ ئۆلۈمى جاھىلىيەتلەرچە ئۆلۈمدۇر. كىم مېنىڭ ئۇممىتىمگە قارشى چىقىپ، ئۇممىتىمنىڭ**

**ياخشى ـ يامىنىنى ئۇرۇشقا سالسا، مۆئمىندىن قولىنى يىغمىسا، ۋەدىگە ۋاپا قىلمىسا ئۇ مەندىن ئەمەس، مەن ئۇنىڭدىن ئەمەس».** (مۇسلىم)

**بەشىنچى: كەينىگە قايتماي ئىلگىرىلەپ ئۇرۇش قىلىش كېرەك.** جىھادتىن قاچقۇچى جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلسىمۇ، كەينىگە قايتقان ھالەتتە ئۆلتۈرۈلسە شەھىد بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا قاتتىق جازا بار، ئۇ ئادەم ناھايىتى ئېغىر گۇناھ ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولىدۇ.

**﴿ وَمَنْ يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلَّا مُتَحَرِّفاً لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزاً إِلَى فِئَةٍ فَقَدْ بَاءَ بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ وَمَأْوَاهُ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ ﴾**

**﴿ كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن) ئۇ ھەقىقەتەن اللەنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ جايى دەۋزەخ بولىدۇ. دەۋزەخ نېمىدېگەن يامان جاي! ﴾** (ئەنفال، **16**)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«يەتتە ھالاك قىلغۇچى ئىشتىن ساقلىنىڭلار، ئۇنىڭ جۈملىسىدىن جەڭ كۈنى ئارقىسىنى قىلىپ قېچىش.»**(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«يەتتە گۇناھ ئىشتىن ساقلىنىڭلار، ئۇنىڭ قاتارىدىن جەڭ كۈنى ئارقىسىنى قىلىپ قېچىش».**

ئەبۇ قەتادەنىڭ رىۋايىتىدە بىر ئادەم مۇنداق دېدى: **«ئى رەسۇلۇللاھ! مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم خاتالىقلىرىم كەچۈرۈم قىلىنامدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ : ھەئە، ئەگەر الله يولىدا سەۋرى قىلغان، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، كەينىگە قىلماي ئىلگىرىلىگەن ھالەتتە ئۆلتۈرۈلسەڭ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ـ دېدى ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ : نېمە دېدىڭ؟ ـ دېدى، ئۇ كىشى: ئەگەر الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم خاتالىقلىرىم كەچۈرۈم قىلىنامدۇ؟ دېدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ : ئەگەر سەۋرى قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان، كەينىگە قىلماي ئىلگىرىلىگەن ھالەتتە ئۆلتۈرۈلسەڭ كەچۈرۈم قىلىنىسەن، لېكىن قەرز كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، ماڭا جىبرىئىل شۇنداق دەپ بەردى».**

پەيغەمبەر ﷺنىڭ **«شەھىدلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئارقاڭنى قىلماي ئىلگىرىلىگەن»** دېگەن سۆزىنى تەكرار ئېيتقانلىقىنى ئويلىنىپ بېقىڭلار!

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«بىرىنچى سەپتە تۇرۇپ اﷲ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن، كەينىگە قاراپ سالماي ئۇرۇش قىلغان شەھىدلەر جەننەتنىڭ ئالى ھوجۇرلىرىدا بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئۇلارغا رەببى كۈلىدۇ، اﷲ مۆئمىن بەندىسىگە قاراپ كۈلسە ئۇنىڭدىن ھېساب ئالمايدۇ»**.

پەيغەمبەر ﷺنىڭ **«ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئارقىغا قاراپ قالمايدۇ.»** دېگەن سۆزىنى ئويلىنىپ بېقىڭلار! بۇ مۇستەھكەم تۇرۇش قاچماسلىقنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئەسەردە ئىبنى ئۆمەردىن مۇنداق كەلدى: ئىبنى ئۆمەر مۇئتە ئۇرۇشىدا ئىدى. ئىبنى ئۆمەر ئېيتتى: بىز جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپنى ئىزدىدۇق، بىز ئۇنى ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئىچىدە تاپتۇق ئۇنىڭ **50** نەچچە يىرىگە نەيزە ئۇرۇلغان، ئوق ئېتىلغان ئىكەن، ئۇ پەقەت كەينىگە قايتمىغانىكەن». (بۇخارى)

مۇجاھىد يەزىد ئىبنى شەجىرىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، - يەزىد شۇنچە ئەمەلچان كىشى ئىدى - ئۇ بىزگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: كىشىلەر ئۇرۇشقا سەپ تۈزسە ئاسمان ئىشىكلىرى، جەننەت ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ. دەۋزەخ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، ھۆر-پەرىلەر ياسىنىپ قارايدۇ، بىر كىشى ئىلگىرىلەپ ماڭسا ھۆر-پەرىلەر: ئى اﷲ ئۇنىڭغا ياردەم بەر، دەيدۇ. ئارقىسىنى قىلىپ قاچسا يۈزىنى يۆگۈشلىپ: ئى اﷲ ئۇنى كەچۈرۈم قىل دەيدۇ. ئاتا-ئانام پىدا بولسۇنكى، دۈشمەنلەرنى غەمگە سېلىڭلار، ھۆر-پەرىلەرنى خارلىماڭلار».

**ئەسكەرتىش -**

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن لەشكەر تارتىپ كىرىش، قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش، كۈچلىنىش ئۈچۈن باشقا مۇجاھىدلار سېپىگە قېتىلىش بۇ ئۇرۇشتىن قاچقانلىق ئەمەس، ئەگەر مۇجاھىد مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن چېكىنىپ چىققان ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈلسە اﷲنىڭ ئىزنى بىلەن شەھىد بولىدۇ.

﴿ وَمَنْ يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلَّا مُتَحَرِّفاً لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزاً إِلَى فِئَةٍ ﴾

**﴿ كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن) ئۇ ھەقىقەتەن اﷲنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. ﴾** (ئەنفال، **16**)

**شەھىدنى تونۇشتۇرۇش ـ**

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن قانداق كىشىنىڭ شەھىد بولىدىغانلىقىنى خۇلاسىلايمىز. بىز شەھىد دېگەن سۆزدىن جەڭدىكى شەھىدلەرنى كۆزدە تۇتىمىز، بىز مۇنداق دەيمىز:

شەھىد دېگەن الله يولىدا سۈننەت بويىچە، كەينىگە قايتماستىن، ئالغا ئىلگىرىلەپ يولغا قويۇلغان مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلاردۇر.

**شەھىدنىڭ پەزىلىتى ۋە شەھىد ئۈچۈن بولغان ھۆرمەت ئەجىر**

ئۆزىدە يۇقاردا سۆزلەنگەن شەھىدلىكنىڭ بەش شەرتىنى ئىشقا ئاشۇرغان ئادەم قىيامەت كۈنى شەھىدلىك ئورنىغا مۇناسىپ كېلىدىغان شەھىد بولىدۇ، ئۇ ئادەم توغرىسىدا قۇرئان، ھەدىستە شەھىدلەرنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىدىغان ۋە اللەنىڭ نەزىرىدىكى كاتتا ھۆرمەت ۋە ئەجىر ساۋابىنى بايان قىلىدىغان دەلىللەر بار؛

**﴿ وَلا تَقُولُوا لِمَنْ يُقْتَلُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتٌ بَلْ أَحْيَاءٌ وَلَكِنْ لا تَشْعُرُونَ ﴾**

**﴿ اللەنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شېھىتلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار. بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر. لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر. ﴾** (بەقەرە، **154**)

**﴿ وَلا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتاً بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ*فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِمْ مِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴾**

**﴿ الله يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ اللەنىڭ دەرگاھىدىكى رىزقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ. (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزقلاندۇرۇلۇپ تۇرىلىدۇ). ئۇلار اللەنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر. ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ. ﴾** (ئالى ئىمران، **169 ـ 170**)

﴿ إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْداً عَلَيْهِ حَقّاً فِي التَّوْرَاةِ وَالْأِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ ﴾

﴿ شۈبھىسىزكى، اللە مۆئمىنلەر دىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار اللە يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ.) (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اللەنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە اللەدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اللەدىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق.) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار. بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.﴾ (تەۋبە، 111)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەتتە يۈز دەرىجە بار، ئۇنى اللە ئۆز يولىدىكى مۇجاھىدلار ئۈچۈن تەييارلىدى، ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىسى ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدەك كېلىدۇ».

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللەنىڭ نەزىرىدە ياخشىلىق بار ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىپ، دۇنياغا قايتىشنى، دۇنيادىكى پۈتكۈل نەرسىلەر ئۇ ئادەمنىڭ بولىشىنى خۇش قىلىدىغان بىر بەندە يوق. لېكىن شەھىدلىكنىڭ پەزىلىتىنى، شۇنچە كاتتا ھۆرمەتنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن شەھىد دۇنياغا قايتىشنى، ئونلىغان قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ».(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئىبنى ئابباس رضي الله عنه تىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار مۇسىبەتدار بولىۋېدى. اللە ئۇلارنىڭ روھلىرىنى يېشىل قۇشنىڭ قورسىقىدا قىلدى. ئۇلارنىڭ روھلىرى جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىگە كېلىپ، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى يەيدۇ. ئەرشنىڭ سايىسىغا ئېسىلغان ھالەتتە ئالتۇن پانۇسلارغا جايلىشىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك ئارامگاھىنىڭ گۈزەل، پاكلىقىنى ئۇچراتقان چاغدا، ئۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزغا جىھادتىن يېنىۋالماسلىقى، جىھادقا قىزىقىشى ئۈچۈن بىزنىڭ تىرىك، جەننەتتىلا رىزىقلاندۇرۇلغانلىقىمىزنى كىم يەتكۈزىدۇ؟ ـ دەيدۇ، اللە مەن سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلارنى يەتكۈزەي. ـ دەيدۇ».

﴿ وَلا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتاً بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ ﴾

**﴿ الله يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن. بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اللەنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ. (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزقلاندۇرۇلۇپ تۇرىلىدۇ.) ﴾** (ئالى ئىمران، **169**)

مەسرۇق مۇنداق دېدى: بىز ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد ﷺ تىن بۇ ئايەت ھەققىدە سورىغان ئىدۇق، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد: بىزمۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن سورىغان ئىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئۇلارنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشنىڭ قورسىقىدا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەرشكە ئېسىقلىق پانۇسلىرى بار، جەننەتتىن خالىغان جايلارغا ئۇچۇپ بارالايدۇ، ئاندىن پانۇستا ئورۇن ئالىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا رەببى قاراپ: نېمىنى خالايسىلەر؟ ــ دەپ سورايدۇ، شەھىدلەر: بىز جەننەتتىن خالىغان جايلارغا ئۇچۇپ بارالايدىغان تۇرساق يەنە نېمىنىمۇ خالايتتۇق. ــ دەيدۇ. الله ئۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ، ئۇلار اللەتىن بىر نەرسە سورىمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ: ئى رەببىم بىزنىڭ جانلىرىمىزنى تەنلىرىمىزگە قايتۇرۇپ بەرسەڭ. سېنىڭ يولۇڭدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلسەك، ــ دەيدۇ. الله ئۇلارنىڭ باشقا ھاجىتى يوقلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەردى»**. (مۇسلىم)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مەن كېچىدە چۈشۈمدە ئىككى ئادەمنى كۆردۈم، ئۇلار مىنىڭ قېشىمغا كېلىپ مېنى بىر دەرەخكە ئېلىپ چىقتى، مېنى تولىمۇ گۈزەل، كەڭرى بىر ھويلىغا ئېلىپ كىردى. مەن ئۇنداق گۈزەل جاينى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ ئىككىيلەن ماڭا: بۇ شەھىدلەرنىڭ ھويلىسى، ــ دېدى»**. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«شەھىدكە اللەنىڭ دەرگاھىدا ئالتە تۈرلۈك خىسلەت بار. تۇنجى قېنى تۆكۈلگەندە الله ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، قەبرە ئازابىدىن پاناھلىق بېرىلىدۇ، ئېغىر قورقۇنچلۇقتىن خاتىرجەم قىلىنىدۇ، ئىمان تونى كىرگۈزۈلىدۇ، ھۆر ــ پەرىلەر جۈپلەپ بېرىلىدۇ، ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرىدىن يەتمىش ئادەمنى شاپائەت قىلالايدۇ»**.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدكە ﷲنىڭ دەرگاھىدا يەتتە خىسلەت بار، تۇنجى قېنى تۆكۈلگەندە ﷲ ئۇنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، جەننەتتىكى ئورنى كۆرستىلىدۇ. ئىمان تونى كىيگۈزۈلىدۇ، قەبرە ئازابىدىن پاناھلىق بېرىلىدۇ، قاتتىق قورقۇنچتىن خاتىرجەم قىلىنىدۇ. بېشىغا ھۆرمەت تاجى كىيگۈزۈلىدۇ، تاجنىڭ بىر تال ياقۇتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىنمۇ ياخشىدۇر، يەتمىش ئىككى ھۆر پەرى ھەمراھ قىلىپ بېرىلىدۇ، تۇغقانلىرىدىن يەتمىش ئادەمنى شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ».

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىد ئۆلۈمنىڭ ئاغرىقىنى چۈمۈلە چىقىۋالغانچىلىكلا ھېس قىلىدۇ».

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ﷲ يولىدىكى ئۆلۈم ھەممە نەرسىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، لېكىن قەرزى قىلىپ قالىدۇ».(مۇسلىم)

بىر ئادەم: ئى رەسۇلۇللاھ! مۆئمىنلەر قەبرىلىرىدە ئازابلىنىدىكەن شەھىد نېمىشقا ئازابلانمايدۇ؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: شەھىدلەرنىڭ بېشىدا قىلىچنىڭ چاقنىشى ئازابقا يېتەرلىكتۇر، ـ دېدى».

پەيغەمبەر ﷺ جىبرىئىلدىن ﴿ وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَنْ شَاءَ اللَّهُ ﴾ ﴿ سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى، ﷲ خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ (نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ. ﴾ (زۇمەر،68) دېگەن ئايەت ھەققىدە سورىدى. ﷲ ھوشسىز قىلمايدىغان كىشى كىم؟جىبرىئىل ئېيتتى: ئۇلار ﷲنىڭ شەھىد بەندىلىرى».

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆلگەنلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىر مۆئمىن ئادەم دۈشمەنگە ئۇچراشقان ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر جېنى، مېلى بىلەن ﷲ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. ئۇ سىناقتىن ئۆتكەن شەھىد بولۇپ ئۇ ﷲنىڭ ئەرشى ئاستىدا، ﷲنىڭ جەننىتىدە بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرمۇ شەھىدكە پەيغەمبەرلىك دەرىجىسى بىلەنلا ئارتۇق تۇرالايدۇ، يەنە بىرسى، گۇناھلىرىدىن قورقۇپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا جېنى، مېلى بىلەن ﷲ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنگە

**قەدەر جىھاد ئۇرۇش قىلدى، ئەنە شۇ گۇناھ ـ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرىدىغان كاپارەتتۇر، قىلىچ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇ جەننەتنىڭ خالىغان ئىشىكلىرىدىن كىرگۈزۈلىدۇ، جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى بار، جەھەننەمنىڭ يەتتە ئىشىكى بار، بەزىسى بەزىسىدىن چوڭ، يەنە بىرسى مۇناپىق كىشى بولۇپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا جېنى مېلى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇ دەۋزەختە بولىدۇ، قىلىچ مۇناپىقلىقنى ئۆچۈرەلمەيدۇ».**

**ئەسكەرتىش ۋە مۇھىم مەسىلىلەر ـ**

**بىرىنچى مەسىلە: بىر ئادەمنى گەرچە كۆرۈنۈشتە الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ چوقۇم شەھىد دېيىشكە بولمايدۇ؛** ئۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

**1)** مۇئەييەن بىر ئادەمنى شەھىد دەپ ھۆكۈم قىلىش، جەننەتكە كىرىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىش ئىلىمسىز، غەيبتىن سۆزلىگەنلىك، مۇئەييەن بىر شەخسنى شەھىد، جەننەتكە كىرىدۇ دەپ گۇۋاھلىق بىرىش پەيغەمبەردىن باشقا ھېچبىر ئادەمگە لايىق بولمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر بىر ئادەمنى شەھىد، جەننەت ئەھلىدىن دەپ گۇۋاھلىق بەرسە ۋەھيىدىن سۆزلەيدۇ.

﴿ وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى*إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى ﴾

**﴿ (ئۇ) ئۆز نەپسى ـ خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھىنىلا سۆزلەيدۇ ﴾** (نەجم، 3 ـ 4)

ئەگەر بىرەر كىشىنى «پالانى شەھىد، جەننەت ئەھلىدىن» دېيىش دۇرۇس بولسا ئۇ كىشى بىلەن پەيغەمبەرنىڭ ئارىسىدا پەرق قالمايدۇ. ئۇ كىشىنىڭ سۆزى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىگە شەھىد، جەننەت ئەھلىدىن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئوخشاپ قالىدۇ، ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ دەپ گۇۋاھلىقى بەرگەن كىشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بولماي قالىدۇ. ئۆز دىنىغا سەل قارىغاندىن باشقا ئادەم بۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا جۈرئەت قىلمايدۇ.

**2)** مۇشۇ مۇئەييەن شەخس شەھىدلىكنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتىدىن بىرەر شەرتكە دەخلى يەتكۈزگەن بولىشى مۇمكىن، ئۇنى الله بىلىدۇ، بولۇپمۇ قەلبكە ئالاقدار بولغان شەرتلەر ـ ئىخلاس شەرتىگە دەخلى يەتكۈزگەن بولسا ئۇنىڭ شەھىدلىكى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى ـ الله ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنى ئوبدان بىلىدۇ ـ كېچە قىيامدا تۇرۇپ كۈندۈزى روزا تۇتقان ئادەمگە ئوخشاش بولىدۇ»**.(بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ﷺ الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنى بىلىشنى سەممىيلىك، الله ئۈچۈنلا خالىس قىلىش سۈپىتىگە قاراتتى. خالىس قىلغانلىقىنى الله ئۆزىلا بىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، الله يولىدا بىر ئادەم جاراھەتلەنسە ـ الله ئۆز يولىدا جاراھەتلەنگەن كىشىنى ئوبدان بىلىدۇ ـ قىيامەت كۈنى جاراھەتنىڭ رەڭگى قان رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ»**. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

بۇخارى ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىدا، پالانى شەھىد دېگىلى بولمايدۇ دېگەن تېمىدا، سەھل ئىبنى سەئىدنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: **«پەيغەمبەر ﷺ ۋە مۇشرىكلار ئۇچرىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن جەڭ قىلىپ كەتتى، پەيغەمبەر ﷺ ئۆز قوشۇنى تەرەپكە مايىل بولدى، پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئىچىدە بىر كىشى بار ئىدى. كافىرلار بارغان ئېگىز ـ پەس، ھېچيەرنى قويماي ئارقىسىدىن بېرىپ ئۇرۇشتى، ئاندىن ساھابىلەر: بۈگۈن مۇشۇ كىشى مۇكاپاتقا ئېرىشكەندەك ھېچقايسىمىز ئېرىشەلمەيمىز، ـ دېيىشتى ، پەيغەمبەر ﷺ : ئەمما بۇ كىشى دەۋزەختە بولىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر: بۇ ئادەم دەۋزەخ ئەھلىدىن بولسا قايسىمىز جەننەتكە كىرەلەمىز؟ ـ دېيىشتى. كىشىلەر ئىچىدىن بىر ئادەم تۇرۇپ: مەن بۇ ئادەمنى ئىشنى تەكشۈرۈپ باقاي، ـ دېدى. ئۇ ئادەم بىلەن بىرگە چىقىپ، بارغان، تۇرغان يېرىدە بىللە بولدى. ھېلىقى ئادەم قاتتىق يارىلىنىۋىدى، ئۆلۈمنى ئۆزىگە ئالدىرىتىپ قىلىچىنىڭ سېپىنى يەرگە، بىسىنى كۆكرىكى ئاستىغا قويدى، ئاندىن قىلىچقا ئارتىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئاندىن تەكشۈرمەكچى بولغان ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا چىقىپ: مەن سىلىنىڭ اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكلىرىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ـ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ : نېمە دېمەكچىسەن، ـ دېدى. ھېلىقى ئادەم: سىلى بايا دەۋزەخ ئەھلىدىن بولىدۇ دېگەن سۆزلىرى كىشىلەرگە ئېغىر كېلىۋىدى، مەن ئىشنى ئېنىقلاپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىققانىدىم. ئۇ ناھايىتى قاتتىق يارىلاندى. ئاندىن ئۆلۈمگە**

**ئالدىراپ قىلىچىنىڭ سېپىنى يەرگە بىسىنى كۆكرىكىگە قويۇپ قىلىچقا ئارتىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، ـ دېدى، پەيغەمبەر ﷺ شۇ ۋاقىتتا مۇنداق دېدى: بىر ئادەم كۆرۈنۈشتە جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ئاقىۋەتتە دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ. بىر ئادەم كۆرۈنۈشتە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ، ئاقىۋەتتە جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ».**

بۇ ئادەم شۇنچە باتۇرلۇق بىلەن جىھاد قىلىپ ساھابىلەر ياخشى، جەننەت ئەھلىدىن دەپ ماختىغان تۇرۇقلۇق شەھىدلىكنىڭ بىر شەرتىگە دەخلى يەتكۈزۈپدى ـ ئۆلۈمنى ئالدىرىتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى ـ پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىنى دوزاخ ئەھلىدىن دەپ ھۆكۈم قىلدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىدۇكى؛ **بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە خەيبەرگە چىقتۇق. الله بىزگە خەيبەرنى فەتىھ قىلىپ بەردى، بىز مال ـ ماتا، كىيىم ـ تائام غەنىيمەت ئالدۇق، ئالتۇن ـ كۈمۈش غەنىيمەت ئالمىدۇق، بىز جىلغا تەرەپكە قاراپ يۈردۇق، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جۇزام قەبىلىسىدىن سوۋغا قىلىنغان بىر قۇلى بار ئىدى، ئۇ رىيائە ئىبنى زەيىد دەپ چاقىرىلاتتى، بىز جىلغىغا چۈشۈپدۇق، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھېلىقى قۇلى يۈك ـ تاقلىرىنى چۈشۈرگىلى تۇردى. ھېلىقى قۇلغا غايىبتىن ئوق تېگىپ جان تالىشىۋاتاتتى، بىز: ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ شەھىدلىكىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن، دېيىشتۇق، پەيغەمبەر ﷺ: ياق، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەم، خەيبەر كۈنىسى غەنىيمەتتىن ئېلىۋالغان بىر ئەدىيال ئۇنىڭغا ئوت بولۇپ ياندۇ»** .( مۇسلىم)

مۇشۇ ئادەم ئۆزىنىڭ شەھىدلىكىنى غەنىيمەتتىن خىيانەت قىلغان بىر ئەدىيال بىلەن بۇزۇۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ خەۋەر بەرگۈچە ساھابىلەر ئۇنى بىلمىگەنىكەن، يۇقىرىقى ئىككى ھەدىستە مۇئەييەن بىر ئادەمنى شەھىد، جەننەتكە كىرىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدىغانلىقى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جاۋابىدىن ئۇقۇلىدۇ، پەيغەمبەر ﷺ شەھىد ئەمەس دېمىدى، شەھىد بولمىغان كىشىنىڭ ھەممىسى دوزاختە بولمايدۇ، لېكىن دوزاختىكى كىشىنىڭ ھېچقاندىقى شەھىد بولمايدۇ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دوزاختە دېگەن جاۋابىتىن شەھىد ئەمەس، جەننەت ئەھلىدىن ئەمەس دېگەن مەنا ئۇقۇلىدۇ، بۇ مەڭگۈ دوزاختە بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. مۇناپىقلىق

قىلىپ جىھاد قىلغان كىشى شەھىد بولمايدىغانلىقى، قەلبىدىكى مۇناپىقلىقنى الله بىلەلەيدىغانلىقنى ئىلگىرى سۆزلەپ بولدۇق.

3) مۇئەييەن بىر ئادەمنى شەھىد، جەننەتى بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىش اللەنىڭ ئالدىدا باشقىلارنى ئاقلىغانلىق.

﴿ فَلا تُزَكُّوا أَنْفُسَكُمْ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنِ اتَّقَى ﴾

**﴿ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار. الله تەقۋادار بولغان ئادەمنى ئوبدان بىلىدۇ. ﴾** (نەجم ،32)

مۇشۇ يوللار مۇئەييەن بىر كىشىنى شەھىد دەپ ھۆكۈم قىلىشتىن چەكلەيدۇ، ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە نېمە دەپ ھۆكۈم قىلىمىز؟ ئۇلارنى توغرا ئاتاش قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالسا مەن دەيمەنكى:

بىز مۇئەييەن بىر شەخسنى شەھىد دەپ ئاتىماي تۇرالمىساق بىز ئۇنى شەھىد دەپ ئويلايمىز، الله ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ، شەھىد بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز، شەھىدلەر بىلەن بىرگە قىلىشنى اللەتىن سورايمىز دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىمىز كېرەك . بىز كېسىپ ئېيتساق بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىم قېرىندىشىنى ماختىماي تۇرالمىسا، ئەگەر شۇ ئىشلارنى شۇ ئادەمدىن بىلسە مەن پالانىنى مۇنداقمىكىن دەپ ئويلايمەن، الله ئالدىدا بىرسىنى ئاقلىمايمەن، مەن شۇنداقراقمىكى دەپ ئويلايمەن دىسۇن.»** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەمما مۇسۇلمانلارغا مۇئەييەن ئەمەس، ئومۇمىي جەھەتتىن ھۆكۈم قىلسا شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئومۇمىي كىشىلىرىگە مەسىلەن: پەلەستىندە الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلار، ئافغانىستان، چېچىنىيە، ئىراق، سومالىدا ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلار شەھىد ياكى پالانى، پوكۇنى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلار شەھىد ياكى بىز مۇسۇلمانلار تەرەپتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر جەننەتتە، كافىرلار تەرەپتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر دوزەختە دەپ ئىشلىتىش توغرا بولۇپ، مۇشۇنداق ئىشلىتىشنى ئۇقتۇرىدىغان دەلىللەر بولغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ يوق.

ئىبنى ھەجەر فەتھۇلبارىدا مۇنداق دېگەن: «مۇئەييەن بىر ئادەمنى شەھىد دەپ سۈپەتلەشتىن چەكلەش ئومۇمىي كىشىلەرنى شەھىد دېيىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ».

ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ اللهقا خاس ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار!

﴿ إِنِ الْحُكْمُ إِلَّا لِلَّهِ ﴾

﴿ بارچە ھۆكۈملەر پەقەت اللهغىلا مەنسۇپ. ﴾ (يۇسۇف، 40)

ھېچقانداق بىرسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھەققى يوق. الله شەھىد دەپ ھۆكۈم قىلغان ئادەم شەھىد بولىدۇ. ئەگەر زېمىندىكى كىشىلەر ئۇنىڭ قارشىسىنى سۆزلىسىمۇ ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە ئۆزگەرمەيدۇ. الله شەھىد ئەمەس ياكى دەۋزەختە دەپ سۈپەتلىسە ئۇ كىشى دەۋزەختە بولىدۇ. ئەگەر پۈتۈن زېمىندىكىلەر ئۇنى شەھىد دەپ سۈپەتلىسىمۇ ئۇ بىكار گەپ بولۇپ ھەقىقەتتىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ سىلەرنى جىنايەتكار تاغۇتلارنىڭ يالاقچى شايكىلىرىنى شەھىد، جەننەتتە، قەھرىمانلار دەپ سۈپەتلىشى الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن قەھرىمانلارنى ئازغۇن، دەۋزەختە، تېرورچىلار، كافىرغا چىقارغۇچىلار دەپ سۈپەتلىشى، ئۇندىن باشقا ئۇلارنىڭ نىجىس خاھىشلىرى پەيدا قىلغان لەقەملىرى سىنى قايغۇغا سالمىسۇن. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى رەت قىلىنىدۇ، قىممەت تەسىرى يوق بولۇپ ھەقىقەتتىن ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. سۈرە ياسىندا تىلغا ئېلىنغان ھۇبەيىبنى نەججارنىڭ قىسسىنى ئويلىنىپ بېقىڭلار؟ كافىرلار جامائىتى ئالدىدا ھەقنى جاكارلاپ، اللهقا ئىمان كەلتۈرۈشكە، پەيغەمبەرگە ئەگىشىشكە چاقىرىۋىدى پۈتۈن كافىرلار ھۇبەيىبگە بىردەك قارشى تۇرۇپ ئۇنى ئۇردى، تاش ئاتتى، ئوت يېقىپ، دەسسىدى، ئۇنى ئازابلاش ۋە ئۆلتۈرۈشتە ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللاندى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى مەقئىدىدىن چىقىپ كەتتى، كافىرلار بولسا ئازغۇنلۇق، ئۈچمەنلىك ۋە ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئىشىدىن خۇشاللىنىش ئىچىدە تۇرىدۇ. ھۇبەيىبنىڭ روھى بەدىنىدىن ياراتقۇچىسى تەرەپكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شۇ ۋاقىتتا الله بىۋاستە: جەننەتكە كىر، ـ دېدى يەنى سەن شەھىد، ساڭا گۇناھ يوق، سەن شەھىدلىك نېئمىتىگە ئېرىشتىڭ كافىرلارنىڭ ساڭا قىلغانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىنى مەسخىرە قىلىپ تىللاشلىرى ساڭا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، ـ دېدى. ھۇبەيىبنى نەججار جەننەتكە كىرىپ خۇشاللىق ۋە ياخشىلىقلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ

بەدىنىنى ئويناپ، پارە ـ پارە كېسىۋاتقانلىقىنى، ئۆز ئۈچمەنلىكىنى شۇ بەدەندىن چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

﴿ يَالَيْتَ قَوْمِي يَعْلَمُونَ بِمَا غَفَرَلِي رَبِّي وَجَعَلَنِي مِنَ الْمُكْرَمِينَ ﴾

**﴿ كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغفىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى هۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى، ـ دېدى ﴾** (ياسىن، 26)

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە كۇفرىلىقىدىن قول ئۈزۈپ مەن ئىمان كەلتۈرگەن ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرسىچۇ، ـ دېدى.

**ئىككىنچى مەسىلە: شەهىدلىكنى ئارزۇ قىلىش بىلەن شەهىد بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئاللاھتىن هاياتىنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىخلاس بىلەن ئۆز يولىدا شەهىد بولۇشنى، شەهىدلىك بىلەن هاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى سوراش ۋە شەهىدلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈچلۈك مەنپەئەت بولمىغان هالاكەت، ئۈلۈم ئورۇنلىرىغا بېرىش ئارىسىدا زور پەرق بار.** ئاۋۋالقىسى توغرا، يەنە بىرى توغرا ئەمەس، كۆپلىگەن كىشىلەر مۇشۇ ئىككى ئىش ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شەهىدلىكنى، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىش هەربىر مۆئمىننىڭ قىزىقىپ كۆڭلىگە پۈكۈشكە ئەرزىيدىغان ئىش،

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مىنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى!، مەن ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن تىرىلىپ يەنە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن تىرىلىپ يەنە ئۆلتۈرۈلسەم. ئاندىن تىرىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەبۇ هۇرەيرە بۇ گەپنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى».** (بىرلىككە كەلگەن هەدىس)

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۇهەممەدنىڭ جىنى ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى!، مەن ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى، يەنە ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى، يەنە ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىمەن».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش ماڭا پۈتۈن دۇنيادىكى بايلىق مىنىڭ بولىشىدىنمۇ بەكراق ياخشى كۆرۈلىدۇ».**

كۆچلۈك مەنپەئەت بولمىغان ئۆلۈم، ھالاكەت ئورۇنلىرىغا شەھىدلىكنى تەلەپ قىلىشقا ئالدىراپ بېرىش، بۇ دۇرۇس بولمايدىغان ئىش، مەسىلەن: ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۆلۈم سەۋەبلىرىنى ئاددىي سانىغان، دۈشمەن ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئوق ئاتقاندا ئۆزىنى ۋە كۆكرىكىنى دۈشمەنىنىڭ ئوقىغا تۇتقان، ئاندىن دۈشمەنگە ئاسان ئولجا بولغان كىشى زۆرۈر بولمىغان، كۆچلۈك مەنپەئەت بولمىغان ھالاكەتلىك ئورۇنلارغا ئۆزىنى ئاتقان ئادەم سەۋر ئاز بولغانلىقتىن، شەھىدلىكنى تەلەپ قىلىشقا ئالدىرىغانلىقى ئۈچۈن دۇرۇس بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ياكى شەھىد دەپ خاتا ئاتىلىپ قالغان، ئەمەلىي ھەرىكەتلەردە دۈشمەن تەرەپتىن تىلغا ئېلىنغۇدەك زەربە بولمىسىمۇ شەھىدلىككە ئالدىراپ، ئۆزىچە جەننەت تەرەپكە بولغان قىسقا يولدەك ئويلاپ ئۆز ـ ئۆزىنى پارتلىتىش. . . قاتارلىق ئىشلار دۇرۇس بولمايدۇ. بۇ ھەرىكەت سەۋەب قىلىش كۈچى يەتكەنچە تەييارلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان دەلىل، ئايەتلەرگە قارشى.

﴿ وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ ﴾

**﴿ دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار! ﴾** (ئەنفال، **60**)

﴿ وَلا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ ﴾

**﴿ ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار! ﴾** (بەقەرە، **195**)

﴿ وَلا تَقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيماً ﴾

**﴿ سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار! الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. ﴾** (نىسا، **29**)

﴿ وَلْيَأْخُذُوا حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ وَدَّ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْ تَغْفُلُونَ عَنْ أَسْلِحَتِكُمْ وَأَمْتِعَتِكُمْ فَيَمِيلُونَ عَلَيْكُمْ مَيْلَةً وَاحِدَةً وَلا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ إِنْ كَانَ بِكُمْ أَذىً مِنْ مَطَرٍ أَوْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَنْ تَضَعُوا أَسْلِحَتَكُمْ وَخُذُوا حِذْرَكُمْ ﴾

**﴿...ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن. كافىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.**

**(يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بۇلۇڭلار. اللّٰه ھەقىقەتەن كافىرلار ئۈچۈن خور قىلغۇچى ئازاب تەييارلىدى.** ﴾ (نىسا،**102**)

ئېھتىيات قىلىشنى قاتتىق تەكىتلەش ھەربىر مۇسۇلمان، مۇجاھىد دۈشمەنىنىڭ ئاسان ئولجىسى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن تەكرار كەلتۈرۈلدى. اللّٰهقا تەۋەككۇل قىلىش ئەقىدىسى، ئۆزىگە ياردەم بەرگەن كىشىگە اللّٰه ياردەم بېرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش ياردەم، غەلىبە سەۋەبلىرىنى قىلىشتىن ياكى دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرغاندا ئېھتىيات بىلەن تۇرۇشتىن چەكلىمەيدۇ. رەببانى كۆرسەتمىلەرگە سەل قاراپ، شەھىدلىككە ئالدىراپ قىلىپ ئېھتىيات قىلمىغان ئادەم گۇناھكار، ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغان كىشى ھېسابلىنىدۇ .

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ماڭا بەندەم ئۆز جېنى بىلەن ئالدىراپ قالدى، مەن ئۇ بەندەمگە جەننەتنى ھارام قىلدىم».** دېگەن ھەدىس اللّٰهقا ئالدىراپ قالغان، ئاندىن سەل قاراپ ياكى كەمچىلىك قىلىپ، ئۆلۈمنى قايتۇرۇش مۇمكىن بولغان قولىدىن كېلىدىغان سەۋەبنىمۇ قىلماي، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەب بولغان ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن اللّٰهقا ئالدىرىغانلىقتىن قىلمىسا ھەدىسنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماڭلار، ياخشى بولساڭلار كۆپرەك ياخشىلىق قىلىۋالارسىلەر، يامان بولساڭلار تەۋبە قىلىۋالارسىلەر».** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«بىرەرسىڭلار ئۆزىگە يەتكەن خاپىلىقنى دەپ ئۆلۈمنى ئۆزىگە ئارزۇ قىلمىسۇن».**

ھەتتا دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، ئەگەر ئۇچرىشىپ قالساق ياردەم، مۇستەھكەملىك سورايمىز. شۇنداق بولىشى مۇسۇلمانىنىڭ ئۆلۈپلا تۈگەشتىنمۇ چوڭراق بولغان ھاياتتا ناھايىتى بۈيۈك ۋەزىپىسى بار.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئى خالايىق! دۈشمەنگە ئۇچرىششنى ئارزۇ قىلماڭلار، اﷲتىن خاتىرجەملىك سوراڭلار، دۈشمەنگە ئۇچراشساڭلار سەۋرى قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر»**. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەگەر مەيدانغا يۈسۈپ كىرىشنىڭ دەلىلى قەيەردە دېيىلسە مەن دەيمەنكى:

يۈسۈپ كىرىش توغرا، لېكىن دۈشمەن ئىچىگە يۈسۈپ كىرگۈچى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا، جىھاد ۋە مۇسۇلمانلارغا، كۈچلۈك مەنپەئەت كەلتۈرىدىغان شەرتكە باغلىقتۇر. يۈسۈپ كىرىش توغرا دېگەن ئالىملار يۈسۈپ كىرگۈچىنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا كۈچلۈك مەنپەئەت كەلتۈرۈشنى شەرت قىلدى.

ئەمما پەقەتلا يۈسۈپ كىرىش مەنپەئەتسىز، يۈسۈپ كىرگۈچى دۈشمەننىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلۈش ئۈچۈنلا يۈسۈپ كىرىش بۇ توغرا ئىش ئەمەس. ھېچقانداق ئالىم بۇ گەپنى دەپ باقمىدى.

سەن شۇنى بىلگىنكى، سەۋرىنىڭ تۆگىشى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى: ئىنسانغا بالايى ـ مۇسىبەت چۈشۈۋەرسە بىئارام بولۇپ، اﷲقا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئالدىرىسا، خاپىلىققا قارىتا سەۋر قىلالمىغان بولىدۇ، يەنە بىرى، اﷲ شەھىد ئۈچۈن تەييارلىغان سۆيۈملۈك نەرسىلەردىن ئايرىلىشقا سەۋر قىلالماي، اﷲنىڭ ھۇزۇرىدىكى نېمەتلەرگە ئىشتىياق قىلىش ئەلىمگە چىدىيالماي، اﷲقا ئالدىراپ قىلىپ اﷲ يولغا قويمىغان تەرەپتىن ئۆلۈمنى ئىزدەش. بۇمۇ سەۋر قىلالمىغانلىق ھېسابلىنىدۇ .

ئەنەس مۇنداق دەيدۇ، مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: **«ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماڭلار»**. دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولسام ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلاتتىم. (بۇخارى)

بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۈيۈك ساھابىلىرىدىن، بىز بۇ زاماندا قانداقمۇ ئۆلۈمنى. ئارزۇ قىلماي تۇرالايلى! كىشىلەر بۇ زاماندا تولىمۇ ئېغىر سىناق ۋە ۋە قاتتىق قىيىنچىلىقتا تۇرۇپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇيۇ تاپالمايدۇ.

ھەدىستە: **«ھەتتا بىر ئادەم قەبرىستانلىقتىن ئۆتۈپ ۋاي ئىسىت! بۇنىڭ ئورنىدا مەن بولسامچۇ! دەيدىغان زامان كەلگەنگە قەدەر قىيامەت بولمايدۇ»**. (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مىنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات اﷲ بىلەن قەسەمكى، دۇنيا يوقالمايدۇ، ھەتتا بىر ئادەم بىر ئادەمنىڭ قەبرىسىدىن ئۆتۈپ يەرگە پۈچۈلۈنۈپ بۇ قەبرىدىكى ئادەم مەن بولۇپ قالسامچۇ دەپ قالىدۇ. ئۇ ئادەمدە دىن يوق، سىناق (بالايىئاپەت) لا بولىدۇ».**

ـ مانا بۇ سىناق قاتتىق بولۇپ كەتكەن قىيىنچىلىق، چىداپ بولالمايدىغان مەجبۇرلۇق خارلىقتا، سەۋر قىلىپ بولالماي ياشاۋاتقان بۇ زاماندا ـ پەتىۋا چىقارماقچى بولغان كىشىلەر اﷲتىن قورقۇپ شەھىد بولۇش دېگەن ئاتالغۇلار ئاستىدا ئۆزىنى ـ ئۆزى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلماسلىقى كېرەك. بۇ ئەمەلىيەتتە شەھىدلىك بولمايدۇ. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش دېگىنىمىز نەتىجىلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان، تەسىرى چەكلىك، ئۆزىنى قوشۇپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكەتلىرىدۇر.

## 10 ـ دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق ،مۇھەببەت ـ نەپرەت

دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق چۈشەنچىسىمۇ بۇرمىلىغۇچى، خاتا چۈشەندۈرگۈچىلەر قول ئۇزاتقان شەرئى چۈشەنچىلەرنىڭ بىرى. كىشىلەردىن بىر تۈركۈملىرى ئىسلامدىكى دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق ئەقىدىسىنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسانىيىتى، ئىدىيۋى كۈرەش ۋە ئەسكىرى كۈرەشلىرىگە قارىتا ناھايىتى چوڭ توسالغۇ دەپ قاراشتى. يەنى «مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنلىرى كېڭىيىش، ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەت، بايلىقلىرىغا ئىگە بولۇش ۋە ئىدىيۋى، مەدەنىيەت نەتىجىلىرىگە ئېرىشىشىگە يول يوق».

مۇسۇلمانلار اللە ئۈچۈن دوستلىشىش، اللە ئۈچۈن دۈشمەنلىشىشتىن ئىبارەت ساپ ئەقىدە بىلەن قوراللانغان شارائىت ئاستىدا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىدا كىڭەيمىچىلىك قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمەتلىرىگە، بايلىقلىرىغا، پىكرى ۋە مەدەنى قىممەتلىرىگە چىقىلىش ئىمكانىيىتى ئەسلا مومكىن بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن ۋە رېئال تۇرمۇشىدىن اللە ئۈچۈن دوست بولۇش، اللە ئۈچۈن دۈشمەن بولۇش ئەقىدىسىنى يوقوتۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باتىل ئەقىدىلەرنى ۋە اللەقا باغلانمىغان ئىجتىمائى ئالاقە رىشتىلىرىنى دەسسىتىشكە ھەركەت قىلىپ كەلدى ۋە كىلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى بۇ نەرسىلەرگە اللە ھېچقانداق پاكىت چۈشۈرمىگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك مەيدانىنى بەلگىلەيدىغان اللەنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن ياكى اللە بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلغان بۇ نەرسىلەر ئۇلار ئۈچۈن باتىل مەئبۇدلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەنە شۇ بۇتلار ئاتالغۇسى ئوخشىمىسىمۇ دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق، مۇھەببەت ـ نەپرەت نۇقتىسىدىن اللەنى قويۇپ چوقۇنىلىدىغان ئىلاھلارغا ئوخشاش كىشىلەرگە كۆرسەتمە بەرمەيدۇ، كىشىلەر ئەمەلىيەتتە اللەنىڭ دوستىغا دوست بولۇش، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ئەقىدىسى بىلەن قوراللىنىپ، اللە يولىدا دوستلىشىپ، ئادا ـ جۇدا بولىدۇ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ـ ئاتالغۇلىرى ئوخشىمىغان ئاشۇ بۇتلار يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقانلارنىڭ قارىشىدا ـ ئۇلار كىشىلەردىن اللە يولىدىكى دوستلۇق ـ دۈشمەنلىك چۈشەنچىسىدىكى سۇزۇكلۇكنى ۋە ھەقىقى

مەنىسىنى خىرەلەشتۈرۈپ، ئۇنى باشقا زېمىن ئەقىدە ـ ئالاقىلىرىغا ئالماشتۇرۇش لازىم ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئېقىم، مەزھەپ ئاتالغۇلىرى ئوخشىمىغان اللەنىڭ غەيرى ئۇچۇن دوستلۇق ـ دۈشمەنلىك، مۇھەببەت ـ نەپرەت ئورنىتىلاتتى، اللەنىڭ غەيرى ـ ۋەتەن بولسۇن، مىللەت، ئىرق، قەبىلە، ھاكىم، قانۇن بەلگىلىگۈچى ياكى رەھبەر بولسۇن، ياكى ئىنسان تۈزگەن قانۇن ـ دەستۇر بولسۇن، پارتىيە ـ تەشكىلات بولسۇن، شوئار ـ بايراق بولسۇن، كىرىس ياكى بۇت بولسۇن، كالا ياكى شەيتان بولسۇن، قەبرە ياكى ساراي بولسۇن، مەنپەئەت ياكى خاھىش بولسۇن ھەممىسى دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق، مۇھەببەت ـ نەپرەت ۋە ئىبادەت ئۇقۇمىغا كىرىپ كېتىش تەرەپتىن، اللەنى قويۇپ ياكى الله بىلەن قوشۇپ چوقۇنىدىغان، اللەنىڭ شەرىئىتىدە بىر خىل نام، بىر خىل سۈپەت بولغان «تاغۇت» دەپ ئاتىلىدىغان بۇتلاردۇر.

مانا مۇشۇ كىشىلەر ـ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ الله يولىدىكى دوستلۇق ـ دۈشمەنلىك ئەقىدىسىنى، الله يولىدا جىھاد قىلىش ئەقىدىسىنى ناھايىتى قاتتىق ئۈچ ئالدۇ. ئۇلار رادىكاللىق، چېكىتىش، كافىرغا چىقىرىش، پارتىلىتىش ھەققىدە سۆزلىگەندە ۋە تىنچلىق، چىقىشىپ ياشاش، ئارىلىشىش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، دىنلارنىڭ يېقىنلىقى ھەققىدە سۆز ئاچقىنىدا اللەنىڭ دوستىغا دوست بولۇش، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ئەقىدىسىگە چەك قويماقچى بولىدۇ. ئۇلار يۇقىرىقى ئىشلارنى سۆزلىگەندە كىشىلەرنى دىنىدىن نەپرەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى باشقا ئەقىدىگە چىقىرىۋېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇھىمى ئۇلار اللەنىڭ دوستىغا دوست بولۇش، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ئەقىدىسىدىن كىشىلەرنى ئۆزى خالىغان باشقا بىر ئەقىدىگە قايتۇرىۋەتمەكچى، كىشىلەر اللەنىڭ دوستىغا دوست بولۇش، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ئەقىدىسىدىن يىراقلاشسا باشقىسى ئۇلارغا مۇھىم ئەمەس.

**﴿ وَلاَ يَزَالُونَ يُقَاتِلُونَكُمْ حَتَّىَ يَرُدُّوكُمْ عَن دِينِكُمْ إِنِ اسْتَطَاعُواْ وَمَن يَرْتَدِدْ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُوْلَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَأُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ ﴾**

**﴿ ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرىۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كافىر پېتى ئۆلسە**

ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دەۋزەختۇر ئۇلار دەۋزەختە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. ﴾ (بەقەرە، 217)

﴿ وَإِذَا ذُكِرَ اللَّهُ وَحْدَهُ اشْمَأَزَّتْ قُلُوبُ الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِالْآخِرَةِ وَإِذَا ذُكِرَ الَّذِينَ مِن دُونِهِ إِذَا هُمْ يَسْتَبْشِرُونَ ﴾

﴿ يالغۇز الله تىلغا ئېلىنسا، ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىللىرى سىقىلىپ كېتىدۇ. اللهدىن باشقا مەبۇدلار تىلغا ئېلىنسا، ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىدۇ. ﴾ (زۇمەر، 45)

ئۇلارغا اللهتىن باشقا ۋەتەن، ئىنسانپەرۋەرلىك، مىللەت، ئېقىم، ئىنسان تۈزگەن قانۇنلار، تاغۇتلارنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە اللهنى قويۇپ دوستلۇق ـ دۈشمەنلىكنى ئورنىتىلىدىغان بۇتلار سۆزلەنسە سېنىڭ ئۇلارنىڭ بۇتلىرى ۋە ئەقىدىلىرىگە مايىل بولغانلىقىڭدىن شادلىنىپ كېتىدۇ.

يەنە بىر تۈرلۈك زىيالىي، ئىلىمنى يوشۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەن زالىملارنىڭ تەخسكەشلىرى زالىم ـ تاغۇتلارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ سۇسلاشتۇرۇش، ئىنسان تەبىئىتىنى چىرىكلەشتۈرۈشكە ئورۇندى، ئۇلار كىشىلەرگە اللهنىڭ دوستىغا دوست بولۇش، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش ئەقىدىسىنى ئاددىي كۆرسىتىپ ئۇنى قوشۇمچە مەسىلىلەرنىڭ قاتارىدىن، ئۇنىڭدا ئىختىلاپ، ئىجتىھات قىلىش توغرا بولىدۇ، خاتا كەتسىمۇ ھېچقىسى يوق، قارشىلىق ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن سەت بولمايدۇ. قارشىلىق قىلىش چوڭ دوستلۇقنىڭ تۆۋىنىدىكى دوستلۇق ۋە چوڭ كۇفرىلىقنىڭ تۆۋىنىدىكى كۇفرىلىق بولىدۇ، دېيىشتى.

ئۇلار مۇشۇنداق بۇرمىلاش ئارقىلىق ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ شەھەر، بايلىقلىرىغا دۈشمەنلىك قىلغۇچى تاغۇتلارنىڭ ھۆكۈمىنى ۋە زالىم تاغۇتلارنى دوست تۇتۇشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرمەكچى. ئۇلار ناھايىتى سۇسلاشتۇرۇپ ۋە كىشىلەرگە ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ كۆرسەتكەنلىكتىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچلىقى، ئامانلىقى، كېلىشىمگە كىرگەن كىشىگە ياخشىلىق، ئادىللىق، ئېھسان بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى ۋاجىپ قىلغان ئورۇندىكىلەرنى ۋە شۇ ھەقتە دېيىلگەن تېكىستلەرنى جەڭچى دۈشمەنلەرگە ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىلا چەكلىنىدىغان دوستلۇق ئۇقۇمىغا قارىتىپ، جەڭچى دۈشمەن بىلەن مۆئمىنلەر ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ھۆكۈم ۋە ھوقۇقتا ئوخشاش دەپ قارىدى.

ئۇلار ئۆزىمۇ ئازدى، باشقىلارنىمۇ ئازدۇردى، ئۇلار سەۋەبىدىن كۆپلىگەن كىشىلەرگە مۇسۇلمانلار قانداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك؟ تىنچ ـ ئامانلىقتا، ئەھدە ـ كېلىشىمگە كىرگەن غەيرى مۇسۇلمانلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئايرىش تەس بولۇپ قالدى.

بۇنىڭ قارشىسىدا يەنە بىر تۈرلۈك كىشىلەر بولۇپ ئۇلار دوستلۇق، ئادا ـ جۇدا بولۇشتا چېكىتىشتا، چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشكە ئورۇندى، ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئادىللىق، ئېھسان، ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى بىكار قىلىۋەتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھدە كېلىشىمگە كىرگەن، ھوقۇقى بار، شەرئى تېكىستلەردە ئۇ ھەقتە ھۆكۈم بولغان كىشىنىڭ ئارىسىنى، جىھاد قىلىپ قوغدىنىشقا ئەرزىيدىغان، قوپاللىق قىلىشقا لايىق بولىدىغان جەڭچى دۈشمەن بىلەن ئايرىمىدى. ھۆكۈم، ھوقۇقتا ئوخشاش قىلىۋەتتى. جەڭچى كافىر ھەققىدە دېيىلگەن تېكىستلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچ ـ ئامانلىق كېلىشىمگە كىرگەن كافىرلارغا قارىتىپ ناھەق زۇلۇم، زوراۋانلىققا چۈشۈپ قالدى، ﷲ زالىم ۋە زۇلۇمنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟

مۇشۇ گۇرۇھدىكىلەرنىڭ چېكىدىن ئېشىش ۋە چوڭقۇرلىشىپ كەتكەنلىكىگە شەرئەتتە غەيرى مۇسۇلمانلارغا ـ قوشنىدارچىلىق ھەققى، مۇشرىك ئاتا ـ ئانىغا ئوخشاش ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ھەققى بولغان كىشىلەرگە ـ ياخشىلىق، ئادىللىق، ئېھسان بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولىدىغان ئىشلارنى چەكلەنگەن دوستلۇق، دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ دوستلۇق بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىدى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى تار دائىرىگە كىرگۈزۈپ قويدى ۋە شەرئەتتە توغرا بولمايدىغان شەكىلدە كىشىلەرنى كافىر، پاسىق دېدى، دوستلۇق مەسىلىسىدە چېكىدىن ئاشقان مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن بولغان گۇناھكارلارغا ﷲ. ﷲنىڭ پەيغەمبىرى دۈشمەن تۇتقان مۇشرىكلاردەك مۇئامىلە قىلدى. بۇ بۇيۈك دوستلۇق ـ دۈشمەنلىك چۈشەنچىسگە چېكىدىن ئاشماستىن، سۇسلاشتۇرۇپ قويماستىن، ئىسلامدا بايان قىلىنغاندەك ئىزاھلاش لازىم بولۇپ قالدى.

دوستلۇق ـ دۈشمەنلىك تەۋھىدنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى، شەرتى ھېسابلىنىدۇ، ئىنسان بۇ ئېتىقادسىز دىندا ئىمانلىق بولالمايدۇ.

## ئۆز زاتىدىن ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغىنى يېگانە اللهتۇر.

شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى ـ ئىنسان نېمىگە يۈزلەنسۇن ياكى نېمىگە تەۋە بولسۇن ـ ھەربىر ئىنساننىڭ ئۇ ھەقتە دوستلىشىدىغان، ئۇنى دەپ ياخشى كۆرۈپ، ئۆچ كۆرۈدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇنى دەپ تىنچ ياشايدىغان بىر ياخشى كۆرۈدىغان نەرسىسى بولىدۇ. ئىنسان نېمە ئىشلارنى قىلمىسۇن مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدە قىلىدۇ. ياكى بىر نەرسىگە ئېرىشىش ياكى بىر نەرسىنى يوقىتىشنىڭ مۇھەببىتىدە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەقتە دوستلۇق، ئادا ـ جۇدالىق ئورنىتىلىدىغان ئەمەللەر ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنىدىغان ياخشى كۆرۈلگۈچى الله بولمىسا ئاتالغۇسى، ماھىيىتى، شەكلى، تۈرى ئوخشىمىغان اللهتىن باشقا بىر نەرسە بولىدۇ، ئۇ اللهتىن باشقا بىر سۈپەتتە ئورتاق بولغان بولىدۇ. ئۇ سۈپەت ھەممىسىنىڭ مەخلۇق بولغانلىقىدۇر. بىلىپ قويۇڭلاركى ياراتقۇچى اللهدۇر، ئەگەر سىز ياراتقۇچى، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى، مۇشۇ كائىناتنى ئۆزىنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن باشقۇرغۇچى اللهنى ياخشى كۆرۈپ، اللهنىڭ دوستىغا دوست بولۇپ، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولمايدىكەنسىز، باشقىلار تۇگۇل ئۆزىگە پايدا يەتكۈزۈشكىمۇ قادىر بولالمايدىغان بىچارە مەخلۇقلارنى ياخشى كۆرۈپ شۇنىڭ ئۈچۈن دوستلىشىپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادا ـ جۇدا بولىسىز، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئىككى خىل تاللاش يولى بار، ئۈچىنچى يول يوق. سىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇستەقىل ئىكەنلىكىڭىزنى ھېچبىر دىنغا، ھېچنەرسىگە تەۋە ئەمەسلىكىڭىزنى دەۋا قىلسىڭىزمۇ، ياكى اللهنىڭ دوستىغا دوست بولۇپ، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولىسىز، ـ شۇ ۋاقىتتا ھەقنىڭ بەندىسى بولالايسىز ـ ياكى مەخلۇقنى ياخشى كۆرۈپ مەخلۇق ئۈچۈن دوستلىشىپ، مەخلۇق ئۈچۈن ئادا ـ جۇدا بولىسىز. شۇ ۋاقىتتا ئۆزىڭىزنى مۇسۇلمان دەپ يالغاندىن دەۋا قىلسىڭىزمۇ باتىل كاتتا ئازغۇنلۇقنىڭ ئىچىدە ۋە تاغۇتنىڭ قۇلى بولىسىز.

نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بىز ئىلگىرى شۇنى سۆزلەپ بولدۇقكى؛ الله ياراتقانلىقى، مۇشۇ كائىناتتىكى ئىشلەرنى باشقۇرۇپ، ھەددى ـ ھېسابسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقى چوقۇنۇشقا ئەرزىيدىغان زات يېگانە زاتتۇر. مەخلۇقلار اللهسىز ياشىيالمايدۇ، ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بەندىلەر ئۈستىدە ھىچنەرسىنى شېرىك

كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىش ھەققى بار. ئىبادەت دېگەن تولۇق بويسۇنۇش ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ياخشى كۆرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ياخشى كۆرمىگەن بويسۇنۇش قوبۇل قىلىنمايدۇ. بويسۇنماي تۇرۇپ ياخشى كۆرگەنلىكىنى دەۋا قىلىسا زىندىق، كافىر بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىدىكى مۇھەببەتنىڭ شەرتى ـ الله، الله بولغانلىقى ئۈچۈنلا ۋە ئۇنىڭ گۈزەل، ئالىي ئىسىم ـ سۈپەتلىرى، بەندىلىرى ئۈستىدە ساناپ ـ تۈگەتكۈسىز پەزىلەت ۋە نېمەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈلگۈچى بولۇشى كېرەك. اللهتىن باشقىسى قۇل، مەخلۇق، ياخشى كۆرۈلگۈچى بولۇشى كېرەك. باشقىلارنى ھېچبىر سەۋەبسىز ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دوستلۇق ـ دۈشمەنلىك ئورنىتىشقا ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى ئۇ بىر يارىتىلغان قول، باشقىلار تۇگۇل ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىغىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. يەنە بىرى؛ دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق الله ئۈچۈنلا قىلىش دۇرۇس بولىدىغان ئىلاھنىڭ سۈپىتىدۇر. ئۆز ـ ئۆزىدىن ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىلاھ يېگانە اللهتۇر. اللهتىن باشقىسى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ، اللهنىڭ خاھىشى، مۇھەببىتىگە ئۇيغۇن ھالدا دوستلۇق ـ دۈشمەنلىك ئورنىتىش كېرەك. ئىنسان مەيلى كىمنى بولسۇن، نېمىنى بولسۇن ياخشى كۆرۈپ، ئۆچ كۆرۈندىغىنى جاكارلىغىنىدا ياخشى كۆرۈدىغىنىنى كۆرۈپ، ئۆچ كۆرۈدىغىنىنى ئۆچ كۆرۈپ دوستلىشىدىغان كىشى بىلەن دوستلىشىپ، دۈشمەنلىشىدىغان كىشىدىن ئادا ـ جۇدا بولسا، ھەق نېمە، ناھەق نېمە ئايرىماي كۆرەش قىلىپ خالىغانچە تىنچ ياشايدۇ، شۇنداق بولغىنىدا ئۇ ئېنىقلا مۇشۇ ئىنساننىڭ ۋە اللهنى قويۇپ مۇشۇ مەخلۇقنىڭ قۇلى بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئىنسان ئېغىزىدا مەخلۇققا قۇل بولغانلىقىنى ئاشكارىلىمىسىمۇ ۋە ئاشۇ ئېتىراپ قىلىشقا، ئەزالىرىنىڭ رۇكۇ، سەجدە قىلىپ ئېگىلىشلىرى ئەگەشمىسىمۇ يەنىلا ئۇ شۇ ئىنساننىڭ خار قۇلى بولۇشقا رازى بولىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ قەلبى ئاشۇ ئىنسان ياكى مەخلۇققا بويسۇنۇپ ئېگىلگەنلىكى ۋە ھەق ـ ناھەقتە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىقى، مەخلۇققا قۇل بولۇش جىنايىتىنىڭ چوڭ پاكىتىدۇر. بۇ ناھايىتى چوڭ زۇلۇمغا چۈشۈپ قىلىش جىنايىتى.

﴿ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ ﴾

**﴿. . .شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر! . . ﴾** (لوقمان13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

مانا بۇنداق كىشىلەرگە اللهنىڭ مۇنۇ ئايىتى ئۇيغۇن كېلىدۇ ،

﴿ وَمِنَ النَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ اللّهِ أَندَاداً يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللّهِ وَالَّذِينَ آمَنُواْ أَشَدُّ حُبّاً لِّلّهِ وَلَوْ يَرَى الَّذِينَ ظَلَمُواْ إِذْ يَرَوْنَ الْعَذَابَ أَنَّ الْقُوَّةَ لِلّهِ جَمِيعاً وَأَنَّ اللّهَ شَدِيدُ الْعَذَابِ ﴾

**﴿ بەزى ئادەملەر اﷲدىن غەيرىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) اﷲغا شېرىك قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنى (مۆئمىنلەرنىڭ) اﷲنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ. (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۆئمىنلەر اﷲنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر. زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ اﷲغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە اﷲنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى. (دۇنيادا اﷲغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى) ﴾ (بەقەرە، 165)**

﴿ قَالُوا وَهُمْ فِيهَا يَخْتَصِمُونَ*تَاللَّهِ إِن كُنَّا لَفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ*إِذْ نُسَوِّيكُم بِرَبِّ الْعَالَمِينَ ﴾

**﴿ ئۇلار دەۋزەختە جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: «اﷲ بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى (ئىبادەتتە) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق. ﴾ (شۇئەرا، 96~98)**

زالىملار شۇ كۈندە دەپ قالىدۇ: بىز سىلەرنى ياخشى كۆرۈپ، ئىتائەت قىلىشتا اﷲ بىلەن تەڭ كۆرۈپ قاپتىكەنمىز، بىز سىلەرنى اﷲنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ، اﷲقا ئىتائەت قىلغاندەك ئىتائەت قىلغانىكەنمىز، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىلەرنى اﷲقا شېرىك كەلتۈرگەنىكەنمىز دەپ قالىدۇ. قايسىبىر ئىنسان ياكى مەخلۇق دوستلۇق ـ دۈشمەنلىك ئورنىتىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى، ئۆزى ياخشى كۆرگەننى باشقىلارمۇ ياخشى كۆرۈپ، ئۆزى ئۆچ كۆرگەننى باشقىلارنىڭمۇ ئۆچ كۆرۈشى كېرەكلىكىنى، ئۆزى دۈشمەن تۇتقان كىشىنى باشقىلارنىڭمۇ دۈشمەن تۇتىشىنى تەلەپ قىلسا، بېرىلمىگەن نەرسە بىلەن تويۇنۇۋالغان، ئۆزىنى باشقىلارغا رەب، خۇداسىز چوقۇنىلىدىغان ئىلاھ دەپ جاكارلىغان بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى تاغۇت فىرئەۋىن ئۆزى ھەققىدە دېگەن سۆزىگە ئوخشاپ قالىدۇ:

﴿ فَقَالَ أَنَا رَبُّكُمُ الْأَعْلَى ﴾

**﴿ مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن، ـ دېدى. ﴾ (نازىئات، 24)**

﴿ وَقَالَ فِرْعَوْنُ يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ مَا عَلِمْتُ لَكُم مِّنْ إِلَهٍ غَيْرِي ﴾

**﴿ فىرئەۋن ئېيتتى: «ئى كاتتىلار! مەن ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھىڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ﴾** (قەسەس، **38**)

يەنى، مەن سىلەرنىڭ مەندىن باشقا ياخشى كۆرۈدىغان، ئىتائەت قىلىدىغان كىشىڭلار يوق، مەن ـ مەن بولغانلىقىم ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈلۈشۈم كېرەك. مېنى دەپ دوستلىشىپ ـ ئادا ـ جۇدا بولۇشۇڭلار كېرەك، مەن ـ مەن بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىتائەت قىلىشىڭلار كېرەك. سىلەرنىڭ ھايات ئىشلىرىڭلارغا ھۆكۈم قىلىدىغان مەندىن باشقا كىشى يوق.

قانداق ئادەم ئىنساننىڭ مۇشۇنداق ھوقۇقى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، ئۇ بىر تەرەپتىن ئۇ ئىنساننى رەب، ئىلاھ دەپ ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى ئۇنىڭغا چوقۇنۇش، شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن ۋەيران قىلىدۇ، ئەگەر ئىنسان بىر تەرەپتىن اللەنىڭ دوستىغا دوست بولۇپ، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، باشقا تەرەپلەردە اللەنىڭ غەيرىنى دەپ دوستلىشىپ ـ ئادا ـ جۇدا بولسا توغرا بولامدۇ؟ دەپ سورالسا مەن مۇنداق جاۋاب بېرىمەن:

مانا بۇ دەل شېرىكنىڭ ئۆزى شۇ، يەنى مۇھەببەت شېرىكى. ئۇ ئادەم بىر تەرەپتە اللەقا ئىبادەت قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتە اللەنىڭ غەيرىگە بويسۇنساق بولىدۇ دېگەن بولىدۇ. بۇ تۈپتىن بىر ـ بىرىگە قارىشى ئۇقۇم بولۇپ، بۇ مۆئمىننىڭ قەلبىدە بىرلىشەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئىمان بىلەن كۇفرى بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە جۇغلىشالمايدۇ».**

شۇنداقلا ئىنساننىڭ قەلبىدە الله يولىدىكى دوستلۇق، مۇھەببەت، ۋە اللەنىڭ غەيرى يولىدىكى دوستلۇق، مۇھەببەت جۇغلىشالمايدۇ. ئۇنداق جۇغلىشىپ قالسا، ئەمەلنى بىكار قىلىۋېتىدىغان شېرىك يۈز بېرىدۇ، الله شېرىكلەردىن بىھاجەتتۇر. بىر ئادەم اللەقا بىر ئەمەلدە شېرىك قىلسا، ئۇ بەندىنىڭ ئەمەلىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

**﴿ وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَداً ﴾**

**﴿...پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن. ﴾** (كەھف، **110**)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ﷲ ئۆزى ئۈچۈن خالىس بولغان، ﷲ رىزالىقى كۆزلەنگەن ئەمەلنىلا قوبۇل قىلىدۇ».**

ھەدىس قۇدۇسىدا ﷲ مۇنداق دېدى: **«مەن شېرىكلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشىدىن بىھاجەتمەن، كىم مەن ئۈچۈن بىر ئەمەلنى قىلىپ باشقىلارنى شېرىك قىلىدىكەن، مەن ئۇ ئادەمدىن ۋە ئۇ ئادەم شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىدىن بىھاجەتمەن».**

بۇ چۈشەنچە شەك ـ شۈبھە قىلىنماستىن توغرا چۈشىنىلىشى كېرەك، ياكى ﷲنىڭ دوستىغا دوست بولۇپ، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولىسەن، ھاياتىڭنىڭ ھەممە ئىشلىرىدا ﷲنى دەپ ياخشى كۆرۈپ ـ ئۆچ كۆرۈسەن. مانا شۇ ۋاقىتتا ﷲنىڭ سەممىي مۇسۇلمان بەندىلىرىدىن بولالايسەن، ياكى كىچىك ئىشلارغا قەدەر ﷲنىڭ غەيرى يولىدا دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق، مۇھەببەت ـ نەپرەت ئورنىتىسەن. شۇ ۋاقىتتا سەن ﷲنى قويۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن دوستلۇق، ئادا ـ جۇدالىق ئورناتقان مەخلۇقنىڭ، تاغۇتنىڭ قۇلى بولىسەن، شۇ مەخلۇقنى ﷲنىڭ ئىلاھلىق، رەبلىكىگە شېرىك قىلغان بولىسەن.

ﷲ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ، ﷲ ئۈچۈن ئۆچ كۆرۈش دېگەن ﷲ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈپ، ﷲ ئۆچ كۆرگەننى ئۆچ كۆرۈشۈڭدۇر. گەرچە كۆڭلۈڭ تارتمىسىمۇ سېنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىڭ ﷲ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس بولۇش، شەخسىيەتپەرەسلىك، رىياخورلۇق قىلىپ، مەنپەئەت ئۈچۈن دوستلۇق ئورنىتىشىڭ لايىق بولمايدۇ. سېنىڭ دوستلۇق، ئادا ـ جۇدا بولۇشىڭنىڭ يوللۇق بولۇشىغا ئىككى شەرت كېتىدۇ:

**بىرىنچى: ﷲ ياخشى كۆرگىنىگە ۋە ئۆچ كۆرگىنىگە ئۇيغۇن بولۇش؛** دېمەك ﷲ ياخشى كۆرگىنىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۆچ كۆرگەننى ئۆچ كۆرۈش، ﷲ دوست تۇتقاننى دوست تۇتۇپ، دۈشمەن تۇتقىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشۇڭ كېرەك .

**ئىككىنچى: مۇھەببەت ـ نەپرىتىڭ ﷲنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس بولۇش كېرەك.** بەزىدە مۇۋاپىقلاشساڭمۇ مەسىلەن: مۆئمىننى ياخشى كۆرۈپ، مۇشرىك كافىرنى ئۆچ كۆرسەڭ، لېكىن مۆئمىننى ياخشى كۆرۈشۈڭ دۇنياۋى مەنپەئەت، دۇنياۋى غەرەز ئۈچۈن بولۇپ قالسا، مۆئمىننى ياخشى كۆرۈپ، مۇشرىكنى ﷲ ئۆچ كۆرسىمۇ سېنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىڭ ﷲ رىزالىقى ئۈچۈن

بولمايدۇ، گەرچە سەن تىلىڭدا نېمىلەرنى دەۋا قىلساڭمۇ، اللەنىڭ دوستىغا دوست بولۇپ، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش سۈپىتىدىن چىقىپ كەتكەن بولىسەن، مانا بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەدىسىنىڭ مەقستى:

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ئىماننىڭ ئەڭ ئاساسى تۇتقۇسى ـ اللەنىڭ دوستىغا دوست بولۇپ، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش، الله يولىدا ياخشى كۆرۈپ، الله يولىدا ئۆچمەنلىك قىلىشىڭدۇر».**

مانا بۇ ئۇيغۇن بولۇش ۋە ئىخلاسمەنلىك دېگەن ئىككى شەرت بىلەنلا ئەمەللىشىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىم الله رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ، الله رازىلىقى ئۈچۈن ئۆچ كۆرسە، الله رازىلىقى ئۈچۈن بېرىپ، الله ئۈچۈن چەكلىسە ئىمانى مۇكەممەل بولىدۇ».**

كۆپلىگەن كىشىلەر كۆڭۈل خاھىشى ياكى باشقا مەقسەتلىرى ئۈچۈن بېرىپ، يالغاندىن الله ئۈچۈن بېرىپ، الله ئۈچۈن چەكلىدىم دەۋالىدۇ.

**﴿ لا يَتَّخِذِ الْمُؤْمِنُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَلَيْسَ مِنَ اللَّهِ فِي شَيْءٍ ﴾**

**﴿ مۆئمىنلەر مۆئمىنلەرنى قويۇپ كافىرلارنى دوست تۇتمىسۇن. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن ئۇ اللەنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ﴾ (ئالى ئىمران،28)**

اللەنىڭ **﴿ فَلَيْسَ مِنَ اللَّهِ فِي شَيْءٍ ﴾ ﴿ اللەنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ﴾** دېگەن سۆزىنى ئىبنى ھەجەر مۇنداق تەپسىرلىدى: ئۇ كىشى اللەنىڭ دىنىدىن يېنىپ كۇفرى دىنىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ اللەتىن ئادا ـ جۇدا، الله ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتكە يولۇقىدۇ؟

چۈنكى ئۇلار اللەنىڭ مۇھەببىتىگە ئۇيغۇنلاشماي، اللەنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كافىرلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئۇيغۇنلاشتى. اللەنى قويۇپ كافىرلار ئۈچۈن دوستلۇق، ئادا ـ جۇدالىق ئورناتتى. اللەقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، ئۇ كافىرلارغا ئىتائەت قىلىپ ئۇلارنى دوست تۇتتى.

ﷲقا كافىرلارنى مۇھەببەتتە شېرىك قىلدى. مانا بۇ ﷲنىڭ ھەققىگە ناھايىتى چوڭ زۇلۇم قىلغانلىق بولاتتى. يەنە ئۇ كىشىلەر مۆئمىنلەرنى قويۇپ كافىرلار بىلەن دوستلاشتى. كافىرلارغا ياردەمچى بولۇپ مۇسۇلمانلارغا قارشى كافىرلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ بەردى. مانا بۇ مۆئمىنلەرنىڭ ھەققىگە ئېغىر زۇلۇم قىلغانلىق بولاتتى. ئۇ كىشى كافىرلارنى دوست تۇتۇش سەۋەبىدىن ئېغىر ئىككى زۇلۇمغا ئورۇنغان بولىدۇ. بىرسى ﷲنىڭ ھەققىگە زۇلۇم قىلىش، يەنە بىرى مۆئمىن بەندىلىرىنىڭ ھەققىگە زۇلۇم قىلىش. ئۇ ئادەم مۇشۇنداق ئېغىر زۇلۇم قىلغانلىقتىن ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى.

**﴿ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ ﴾**

**﴿...سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ. ﴾ (مائىدە،51)**

ﷲنى قويۇپ كافىرلارنى دوست تۇتسا، مۆئمىنلەرگە قارشى ئۇلارغا ياردەم بەرسە، دوستلۇق ۋە كۇفرىلىقىدا شۇ كافىرلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ كېتىدۇ.

ئىبنى ھەزم مۇھەللا ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېدى: ﷲنىڭ **﴿ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ ﴾ ﴿ سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ. ﴾** (مائىدە،51) دېگەن سۆزى ئۇ ئادەم كافىرلار جۈملىسىدىن بولۇپ كېتىدۇ دېگەنلىكنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ھېچقانداق مۇسۇلمان ئىختىلاپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

**﴿ تَرَى كَثِيراً مِّنْهُمْ يَتَوَلَّوْنَ الَّذِينَ كَفَرُواْ لَبِئْسَ مَا قَدَّمَتْ لَهُمْ أَنفُسُهُمْ أَن سَخِطَ اللّهُ عَلَيْهِمْ وَفِي الْعَذَابِ هُمْ خَالِدُونَ*وَلَوْ كَانُوا يُؤْمِنُونَ بِالله والنَّبِيِّ وَمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مَا اتَّخَذُوهُمْ أَوْلِيَاء وَلَكِنَّ كَثِيراً مِّنْهُمْ فَاسِقُونَ ﴾**

**﴿ ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرىنىڭ كافىرلارنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆچ كۆرۈش يۈزىسىدىن، مۇشرىكلارنى) دوست تۇتقانلىقىنى كۆرۈسەن . ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان ئەمەللىرى نېمىدېگەن يامان! (بۇ ئەمەللەر) ئۇلارغا ﷲنىڭ غەزىپىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مەڭگۈ ئازابقا قالغۇچىلاردۇر. ئەگەر ئۇلار ﷲغا، پەيغەمبەرگە**

**نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتسا ئىدى، كافىرلارنى دوست تۇتمايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر. ﴾ (مائىدە، 80 ـ 81)**

ئۇلارنىڭ مۆئمىنلەرنى قويۇپ، كافىرلارنى دوست تۇتۇشقا ماقۇل كېلىشى ئۇلارنىڭ اللهقا بولغان ئىمانىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىل بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ۋە پەيغەمبەر ﷺغا رەببى تەرەپتىن چۈشۈرۈلگەن ھەققەتلەر ئۇلارنىڭ اللهقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرىمىز دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقىنى بايان قىلىشقا يېتەرلىك دەلىل بولىدۇ. دېمەك مۆئمىنلەرنى قويۇپ، كافىرلارنى دوست تۇتۇش ئۇلارنى كافىرلار سېپىگە كىرگۈزىدۇ. ئۆزىنى مۆئمىن دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «الله ئۆزىگە ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنى بايان قىلدى ۋە پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن نەرسە ـ قۇرئان ـ كافىرلارنى دوست تۇتماسلىقنى بۇيرۇق قىلدۇ، ئۇلارنى دوست تۇتۇپ قىلىش ئىماننىڭ يوقلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ».

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «يۇقاردا سۆزلەنگەن ئىمان ئۇلارنى دوست تۇتۇشقا يول قويمايدۇ، ئىمان ۋە كافىرلارنى دوست تۇتۇش بىر قەلبتە جۇغلاشمايدۇ. كافىرلارنى دوست تۇتۇش اللهقا ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلىق بولىدۇ».

**﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَتَّخِذُواْ الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاء بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللّهَ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ ﴾**

**﴿ ئى مۆئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ. الله زالىم قەۋمنى ھەققەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ. ﴾ (مائىدە، 51)**

مۇشۇ ئايەتتە ئۇلارنى دوست تۇتقان كىشىنىڭ مۆئمىن بولمايدىغانلىقى، بەلكى كافىرلاردىن بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى.

**﴿ أَفَحَسِبَ الَّذِينَ كَفَرُوا أَن يَتَّخِذُوا عِبَادِي مِن دُونِي أَوْلِيَاء إِنَّا أَعْتَدْنَا جَهَنَّمَ لِلْكَافِرِينَ نُزُلاً ﴾**

**«كافىرلار مېنى قويۇپ بەندىلىرىمنى مەبۇد قىلىۋېلىشسا بولىدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟ بىز جەھەننەمنى كافىرلارغا ھەقىقەتەن مەنزىلگاھ قىلىپ تەييارلىدۇق. ﴾ (كەھف، 102)**

بۇ بىر كايىپ، ئاجىزلاشتۇرۇش سوئالى بولۇپ، بۇ ئىنكار ۋە ھەيران قىلىشنى ئۇقتۇرىدۇ، يەنى كافىرلار ﷲنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىنى دوست تۇتالايمىز دەپ ئويلامدۇ؟ بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، ئەگەر ئىككى تەرەپ دوستلىشىپ قالسا، ئۇلارنى دوست تۇتقان كىشى ﷲنىڭ مۆئمىن بەندىلىرى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشى كېرەك بولىدۇ. ﷲنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىنى ﷲنى قويۇپ دوست تۇتۇش مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى مۆئمىن دېگەن ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىدە ﷲقا ئۇيغۇنلىشىدۇ. ﷲنىڭ دوستىغا دوست بولۇپ، دۈشمىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. مۇشۇنداق ئېتىقاد پىرىنسىپتىن چىقىپ كەتسە، ئىمان ۋە مۆئمىن جامائىتىدىن بىۋاستە چىقىپ كېتىدۇ. ئىمان بىلەن كافىرنى دوست تۇتۇش جۇغلىنىشى مۇمكىن دېگەن سۆز قارىمۇ ـ قارشى ئىككى نەرسە جۇغلىنىشى مۇمكىن دېگەنلىك ۋە قۇرئان يالغان دېگەن بولىدۇ. مۇشۇ مەنانى ﷲنىڭ ئايىتى ئىزاھلاپ بېرىدۇ:

﴿ وَالَّذينَ كَفَرُواْ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ إِلاَّ تَفْعَلُوهُ تَكُن فِتْنَةٌ فِي الأَرْضِ وَفَسَادٌ كَبِيرٌ ﴾

**﴿ كافىرلار (ياردەمدە ۋە مىراستا) بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر. ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ. ﴾ (ئەنفال، 73)**

ئى مۆئمىنلەر! كافىرلارنىڭ ئۆز ـ ئارا دوستلىشىشىغا، ئۇلاردىن ئايرىلىپ دوستلۇق ۋە ياردەم تۈرلىرىدە ئۇلار بىلەن ئارىلاشماسلىقىڭلار قىزىقمىساڭلار، ئۇلار بىلەن دوستلۇق، ياردەم، ھەمكارلىقتا ئۇلار بىلەن ئارىلاشساڭلار، ئۇلارنى دوست تۇتساڭلار، زېمىندا شېرىك تارقاپ كېتىدۇ، ۋە ئېغىر بۇزۇقچىلىق يۈز بېرىدۇ، ھەق ـ باتىلغا ئارىلىشىپ، ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەر ئارىلىشىپ، مۆئمىن، كافىرنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنى تونالمايدىغان دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق تارقىلىپ كېتىدۇ.

ئىبنى كەسىر مۇنداق دېدى: «ﷲ مۆئمىنلەر ئۆز ـ ئارا دوست دېدى، بۇ مۆئمىنلەر بىلەن كافىرلار ئارىسىدىكى دوستلۇقنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇشرىكلاردىن ئايرىلىپ، مۆئمىنلەرنى دوست تۇتمايدىكەن كىشىلەر ئارىسىدا پىتنە يۈز بېرىدۇ، پىتنە دېگەن

مۆئمىنلەر بىلەن كافىرلارنىڭ ئارلىشىشىدۇر، شۇنداق بولغاندا كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ دائىرىدە بۇزۇقچىلىق يۈز بېرىدۇ. اللهنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشاش.

﴿ وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ ﴾

**﴿ مۆئمىن ئەرلەر، مۆئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر. ﴾ (تەۋبە، 71)**

دوستلۇق، ھەمكارلىق، ياخشى كۆرۈش مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا بولىشى كېرەك. يەنە بىر قارشى تەرەپنىڭ دوستلۇق، ھەمكارلىقمۇ مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا بولىشى كېرەك .

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَتَّخِذُواْ الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاء بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ ﴾

**﴿ ئى مۆئمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرىنى دوست تۇتىدۇ. ﴾ (مائىدە، 51)**

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَتَّخِذُواْ بِطَانَةً مِّن دُونِكُمْ لاَ يَأْلُونَكُمْ خَبَالاً وَدُّواْ مَا عَنِتُّمْ قَدْ بَدَتِ الْبَغْضَاء مِنْ أَفْوَاهِهِمْ وَمَا تُخْفِي صُدُورُهُمْ أَكْبَرُ قَدْ بَيَّنَّا لَكُمُ الآيَاتِ إِن كُنتُمْ تَعْقِلُونَ ﴾

**﴿ ئى مۆئمىنلەر! ئۆزەڭلەردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار. ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بۇشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدا مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق. ﴾ (ئالى ئىمران، 18)**

الله مۇناپىقلار ھەققىدە مۇنداق دېدى.

﴿ الْمُنَافِقُونَ وَالْمُنَافِقَاتُ بَعْضُهُم مِّن بَعْضٍ ﴾

**«مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار (مۇناپىقلىقتا ۋە ئىماندىن يىراق بولۇشتا) بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. ﴾ (تەۋبە، 67)**

مۇناپىقلار دېگەن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا سۇيىقەست قىلىشتا كافىرلارنىڭ قېرىندىشى.

مانا بۇ اللهنىڭ پەرمانى ۋە اللهنىڭ ھۆكۈمى. مۆئمىن اللهنىڭ پەرمانىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. الله بىلەن قارشىلىشىپ، اللهنىڭ دوستىنى دۈشمەن تۇتۇپ، دۈشمىنىنى

دوست تۇتماسلىقى كېرەك. شۇ ئىشتا مەنپەئەت ئەمەس، زىيان، مەنپەئەت بار دېگەندىمۇ ئۇ مەنپەئەت ئۆمۈچۈك ئۆيىدىنمۇ ئاجىزراق.

﴿ مَثَلُ الَّذِينَ اتَّخَذُوا مِن دُونِ اللَّهِ أَوْلِيَاء كَمَثَلِ الْعَنكَبُوتِ اتَّخَذَتْ بَيْتاً وَإِنَّ أَوْهَنَ الْبُيُوتِ لَبَيْتُ الْعَنكَبُوتِ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ ﴾

**﴿ اللەنى قويۇپ، بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالغانلارنىڭ مىسالى ـ ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈكنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. (يەنى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيى ئۇنى ئىسسىق ـ سوغۇقتىن قوغدىيالمىغاندەك، ئۇلارنىڭ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىمۇ ئۇلارغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ). ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر. ئەگەر ئۇلار (بۇ ھەقىقەتنى) بىلسە ئىدى. (بۇتلارغا چوقۇنمايتتى.) ﴾ (ئەنكەبۇت، 41)**

﴿ وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْراً أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَن يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالاً مُّبِيناً ﴾

**﴿ اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. (يەنى اللە ۋە اللەنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ). كىمكى اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ. ﴾ (ئەھزاب، 36)**

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب مۇنداق دەيدۇ: «قېرىنداشلىرىم! اللەتىن قورقۇڭلار، دىنىڭلارنىڭ ئەسلىگە مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار. دىنىنىڭ ئەۋۋىلى، ئاخىرى، ئاساسى ـ لا اله الا الله محمد رسول الله دەپ گۇۋاھلىق بېرىشتۇر. مۇشۇ تەۋھىدنىڭ مەنىسىدىن بىلىڭلار، تەۋھىدنى ۋە تەۋھىد ئەھلىنى ياخشى كۆرۈڭلار، گەرچە ئۇلار يىراقتا بولسىمۇ ئۇلارنى ئۆز قېرىندىشىمىز دەپ بىلىڭلار، تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنىمۇ، ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ جېدەللەشكەن، ئۇلارنى كافىر دېمىگەن كىشىلەرنى ئۆچ كۆرۈڭلار. ياكى ئۇلار بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم بار، اللە مېنى ئۇلارغا تەكلىپ قىلمىدى، دېگەن بولسا، بۇ ئادەم اللەقا يالغاننى چاپلىغان بولىدۇ. اللە ئۇ ئادەمگە كافىرلارغا نىسبەتەن تەكلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىپ، گەرچە ئۇلار بىر تۇغقانلىرى، ئەۋلادلىرى بولغان تەقدىردىمۇ

ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى پەرز قىلدى. سىلەر ﷲقا شېرىك كەلتۈرمەي ۋاپات تېپىشىڭلار ئۈچۈن ﷲتىن قورقۇڭلار، ﷲقا ئىبىسلىڭلار. ئى ﷲ! بىزنى مۇسۇلمانلىق ھالەتتە ۋاپات تاپقۇزغىن! بىزنى سالىھلارغا قوشقىن!

**دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق ئەقىدىسى ۋە تەۋھىد گۇۋاھلىقى**

دوستلۇق ـ دۈشمەنلىك ئەقىدىسى ﴿ لا اله الا الله ﴾ دىگەن تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ لۇغەتتىكى ۋە ئەمەلىيەتتىكى تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭسىز بىر كىشىنىڭ دىنى ۋە ئىمانىدىن ئىغىر ئىچىش مومكىن ئەمەس. دېمەك ئىنسانىنىڭ تەۋھىد گۇۋاھلىقى ئىسلام بايان قىلغاندەك دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق سەممىيلىك بىلەن بويسۇنمىسا قوبۇل بولمايدۇ. توغرا بولمايدۇ. تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ **لا اله** دىگەن يوقلا چىقىرىشنى ئۇقتۇرىدىغان ئاۋۋالقى بۆلىكى ئادا ـ جۇدا بولۇش، ۋاز كېچىش، شېرىك ۋە مۇشرىكلاردىن چەك ـ چېگرىنى ئايرىش، ئۆزلىرىنى يالغاندىن ئىلاھ، رەب دەۋا قىلغان تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىشنى كۆرستىدۇ. يەنە ئۇ تاغۇتلارنى كافىر دەپ ساناش، ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش، ئۇلارنىڭ كۇفرى شېرىكىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇش، ﷲنى قويۇپ ياكى ﷲ بىلەن قوشۇپ تاغۇتلارنىڭ دوستلۇقى ۋە ئۇلارغا چوقۇنۇشقا كىرگەن ھەربىر كىشىنى ئۆچ كۆرۈشنى كۆرستىدۇ. تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ **الا الله** دىگەن ئىككىنچى بۆلىكى ياراتقۇچىنى، بىرىنچى بۆلەكتە كەلگەن يوققا چىقىرىش ئۇقۇمىدىن چىقىرىۋېلىپ، ﷲتىنلا جۇدا بولمايمىز، ﷲتىن ئايرىلمايمىز، ﷲقا ﷲنىڭ ئىبادىتىگە كافىر بولمايمىز، بەلكى ﷲنى دوستلۇق، مۇھەببەت، ئىبادەتكە خاس قىلىمىز، بىز ﷲ بىلەن قوشۇپ، بىرسىنى دوست تۇتمايمىز، چوقۇنمايمىز، ئىتائەت قىلمايمىز دىگەنلىكنى ئۇقتۇرىدۇ. تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى مۇشۇنداق چۈشۈندۈرۈشنىڭ قۇرئان، ھەدىستە دەلىلى بار.

ﷲنىڭ ﴿ **فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ** ﴾ ﴿ **كىمكى تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ** ﴾ دىگەن سۆزى ئادا ـ جۇدا بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تاغۇتنى ئىنكار قىلىش، تاغۇت قوشۇنلىرى ۋە چوقۇنغۇچىلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ لا اله دىگەن يوققا چىقىرىش تەرىپىدۇر. ﴿ **وَيُؤْمِن بِاللّهِ** ﴾ ﴿ **ﷲقا ئىمان كەلتۈرسە** ﴾ دىگەن ئايەت تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ الا الله دىگەن ئىسپاتلاش تەرىپى بولۇپ، ئۇ ﷲ ئۆزى يالغۇز ھەقىقى ئىبادەت

قىلىنىدىغان زاتتۇر، دوست تۇتۇلىدىغان، مۇھەببەت قىلىپ، ئىتائەت قىلىنىدىغان زاتتۇر. ۋە ئىبادەت ئۇقۇمى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەربىر ئىش ـ ھەرىكەت قارىتىلىدىغان زاتتۇر، دەپ ئېتىراپ قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىم ئاشكارا يوشۇرۇن تەرەپلەردە مۇشۇ تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ ئۇقۇمى بويىچە ئەمەل قىلىدىكەن ﴿ **فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَىَ** ﴾ ﴿**مۇستەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ.** ﴾ (بەقەرە، **256**)

مانا بۇ ﴿ لا اله الا الله ﴾ دىگەن تەۋھىد گۇۋاھلىقىدۇر. يۇقىرىقىدەك ئادا ـ جۇدا بولمىغان ۋە ئېتىراپ قىلمىغان كىشى ياكى اللهنى ئېتىراپ قىلىپ، تاغۇتلاردىن ئادا ـ جۇدا بولمىغان كىشى ئۇ مۇستەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولمايدۇ. يەنى تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى ئادا قىلغان بولمايدۇ، دىگەن مەنا چىقىدۇ.

اللهنىڭ: ﴿ **وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً** ﴾ ﴿ **بىز ھەربىر ئۇممەتكە ئەلچى ئەۋەتتۇق.** ﴾ ئۇلارنىڭ زېمىندا ئورۇنلاشتۇرۇش، خەلقلەرنى ئۇنىڭغا كەلتۇرۇش كىرەك بولغان ۋەزىپىسى ﴿ **أَنِ اعْبُدُواْ اللّهَ** ﴾ ﴿ **اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار!** ﴾ دىگەن سۆز بولۇپ، بۇ تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ ئىسپاتلاش تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ﴿ **وَاجْتَنِبُواْ الطَّاغُوتَ** ﴾ ﴿ **تاغۇتتىن يىراق تۇرۇڭلار!** ﴾ دىگەن سۆز يوققا چىقىرىش، ئادا ـ جۇدا بولۇش، چەك ـ چېگرا ئايرىش، تاغۇت ۋە ئۇنىڭ شېرىكىدىن يىراق تۇرۇش، تاغۇتقا چوقۇنىدىغان كىشىلەرگە كافىر بولۇش دىگەن يوققا چىقىرىش تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

اللهنىڭ ﴿ **وَالَّذِينَ اجْتَنَبُوا الطَّاغُوتَ أَن يَعْبُدُوهَا** ﴾ ﴿ **تاغۇتقا چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا** ﴾ دىگەن سۆزى يوققا چىقىرىش، يىراق تۇرۇش، تاغۇت ۋە ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى ئۇقتۇرىدۇ. ﴿ **وَأَنَابُوا إِلَى اللَّهِ** ﴾ ﴿ **اللهقا قايىتقانلارغا** ﴾ دىگەن سۆزى ھەقىقى ئىلاھ بولىدىغان، ئىبادەت قىلىنىدىغان زات اللهتۇر دىگەنلىكنى ئىسپاتلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەۋھىدنى يوققا چىقىرىش ۋە ئىسپاتلاش بىلەن ئەمەلىيلەشتۇرگەن كىشىلەرگە ﴿ **لَهُمُ الْبُشْرَى فَبَشِّرْ عِبَادِ** ﴾ ﴿ **ئۇلارغا خۇش ـ خەۋەر بار، خۇش ـ خەۋەر بەرگىن.** ﴾ (زۇمەر، **17**)

تارىختىن بۇيانقى پەيغەمبەر، ئەلچىلەرنىڭ دەۋەتى مۇشۇ يوسۇندا بولغان. بىر قەۋمگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ﴿**يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ** ﴾ ﴿ **ئى قەۋمىم! اﷲقا ئىبادەت قىلىڭلار.** ﴾ دېيىشكە بۇيرۇلغان، بۇ ئىسپاتلاش تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ﴿ **مَا لَكُم مِّنْ إِلَهٍ** ﴾ ﴿ **سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يوق** ﴾ دېگەن سۆز ئادا ـ جۇدا بولۇش، چەك ـ چېگرا ئايرىش، باتىل ئىلاھلار ۋە تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ﴿ **غَيْرُهُ** ﴾ ﴿ **اﷲتىن باشقا** ﴾ دېگەن چىقىرىۋېلىش سۆزى ھەقىقى مەئبۇد ۋە ھەقىقى ئىلاھ يېگانە اﷲتۇر دېگەن كۈچلۈك ئىسپاتلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (ئەئراف،59) چۈنكى تاغۇتنى ئىنكار قىلىشتا، ياراتقۇچى اﷲنى ئايرىپ چىقىرىۋەتمەستىن مۇتلەق يوققا چىقىرىش توغرا بولمايدۇ. اﷲتىن باشقا مەئبۇدلارنىڭ ھەممىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرماستىن ئىسپاتلاشمۇ توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ھېچبىر ئىلاھ يوق دېسە دىنسىزلارنىڭ سۆزىگە ئوخشايدۇ. اﷲقا ئىبادەت قىلىڭلار دېسە، بۇنىڭ سۆزىدە اﷲنىڭ غەيرىگە چوقۇنۇشتىن ئايرىلىش ئۇقۇمى چىقمايدۇ. شۇنداق بولغانكەن اﷲدىن باشقا مەئبۇد يوق دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ھەقىقى ئىبادەتنى اﷲقىلا خاسلاشتۇرۇش بۇ توغرا يولدۇر. اﷲ تەرەپكە دەۋەت قىلىش ﴿ لا اله الا الله ﴾ دىگەن گۇۋاھلىقتىكىدەك يوققا چىقىرىش ۋە ئىسپاتلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىشى كېرەك.

اﷲ تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:

﴿**قَدْ كَانَتْ لَكُمْ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ فِي إِبْرَاهِيمَ وَالَّذِينَ مَعَهُ إِذْ قَالُوا لِقَوْمِهِمْ إِنَّا بُرَءاؤا مِنكُمْ**﴾

﴿ **ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان (مۆئمىنلەر ) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئۈلگە بار. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: « ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ئادا ـ جۇدامىز».** ﴾ يەنى سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز دەيدۇ. چۈنكى شېرىككە كۆڭۈل باغلىغان مۇشرىكلاردىن ئادا ـ جۇدا بولماي تۇرۇپ شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا بولغىلى بولمايدۇ. ﴿ **وَمِمَّا تَعْبُدُونَ** ﴾ ﴿ **ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز.** ﴾ سىلەرنىڭ شېرىكىڭلار ۋە ئىبادىتىڭلاردىن ۋە سىلەر اﷲ بىلەن قوشۇپ ئىبادەتتە شېرىك قىلغان كىشىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز، ئايەت مۇشۇ يەرگىچىلىك يوققا چىقىرىش، شېرىك ۋە مۇشرىكلاردىن ۋە ﴿ **مِن دُونِ اللَّهِ** ﴾ ﴿ **اﷲنى قويۇپ** ﴾ چوقۇنىلىدىغان تاغۇتلاردىن، مەبۇدلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ. ﴿ **كَفَرْنَا بِكُمْ وَبَدَا بَيْنَنَا**

وَبَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةُ وَالْبَغْضَاءُ أَبَداً ﴾ ﴿ **سىلەرنى ئىنكار قىلدۇق، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ.** ﴾ مۇشۇنداق قىلىش مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مۇشرىكلارنىڭ ئۆزىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ چەك ـ چېگرا ئايرىشنى كۈچلەندۈرۈشتۇر. اللهنى قويۇپ چوقۇنىلىدىغان تاغۇت، مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ھەتتا ئىسىملىرىدىنمۇ ئادا ـ جۇدا بولماي تۇرۇپ شېرىكتىن ئايرىلغىلى بولمايدۇ. مۇشرىك، تاغۇتلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش دېگەن كىشىلەرنىڭ رېئال ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئېغىزدا سۆزلەپلا تاشلىۋېتىدىغان نەزىرىيە جەھەتتىكى پىكىرلا ئەمەس. ـ ئىمان ۋە مۇئمىنلەر بىلەن دوستلىشىش شەرت بولغاندەك ـ شېرىك ۋە مۇشرىكلاردىن، كۇفرى ۋە كافىرلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشمۇ شەرتتۇر.

مۇشۇنداق ئىنكار قىلىپ، ئادا ـ جۇدا بولۇش، چەك ـ چېگرا ئايرىشنىڭ نېمە غايە ۋە پىلانى بار؟ بۇ پەقەتلا ئىنسانىي ئىنساندىن ئۈستۈن قىلىش ياكى ئىنسانىي ئىنسانغا قول قىلىش ياكى دۇنياۋى مەنپەئەت مەقسەت قىلىنغانمۇ؟ ياق، بۇنىڭ ھېچبىرى مەقسەت قىلىنمىغان، بەلكى بىرلا ئىش مەقسەت قىلىنغان. ئۇ بولسىمۇ ﴿ **حَتَّى تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ وَحْدَهُ** ﴾ ﴿ **سىلەر يالغۇز بىر اللهغا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر** ﴾ (مۇمتەھىنە،4) مانا بۇ ئىسپاتلاش تەرىپى، يەنى يېگانە اللهنى ئىبادەت، مۇھەببەت، ئىتائەت، دوستلۇقتا. . . .ۋە ئىبادەت ئۇقۇمىغا كىرىدىغان ھەربىر تەرەپتە يېگانە اللهقىلا خاس قىلىڭلار، اللهقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، دېگەن بولىدۇ.

الله تەئەلا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ **وَإِذِ اعْتَزَلْتُمُوهُمْ وَمَا يَعْبُدُونَ** ﴾ ﴿ **سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر** ﴾ بۇ مۇشرىكلاردىن ۋە مۇشرىكلار چوقۇنىدىغان ئىلاھلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، ئايرىلىش ۋە يوققا چىقىرىش تەرىپىدۇر. ﴿ إِلَّا اللَّهَ ﴾ ﴿ **اللهدىن باشقا** ﴾ ئۇلار اللهقا ئىبادەت قىلىشتىن ئايرىلمايدۇ، چۈنكى الله ئىبادەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھەقىقى ئىلاھتۇر. مۇشرىكلاردىن ۋە مۇشرىكلار چوقۇنىدىغان ئىلاھلاردىن ئايرىلىپ، ئادا ـ جۇدا بولۇش الله قا قارىتىلمايدۇ، چۈنكى مۇشرىكلار اللهقا ساختا ئىلاھ ۋە تاغۇتلار بىلەن قوشۇپ چوقۇناتتى. ئاندىن ئايرىلىش ئادا ـ جۇدا بولۇشتىن ﴿ **إِلَّا اللَّهَ** ﴾ ﴿ **اللهدىن باشقا** ﴾ نى چىقىرىۋېلىش لازىم، يەنى بىز اللهنىڭ ئىبادىتىدىن ھەرگىز ئايرىلمايمىز، ئاشۇ ساختا ئىلاھلارنى تاشلاپ يېگانە اللهنى ئىبادەت، مۇھەببەت، ئىتائەت، دوستلۇقتا خاس

قىلمىز، مانا بۇ مەنا تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ ئىسپاتلاش تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ﴿ **فَأْوُوا إِلَى الْكَهْفِ** ﴾ ﴿ **غارنى پانا جاي قىلىڭلار.** ﴾

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: « **لا اله الا الله دىگەن، اللهنى قويۇپ چوقۇنىلىدىغان مەئبۇدلارنى ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ مىلى، قېنى ھۆرمەتلىنىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھىدىن ھېساب ئېلىش اللهنىڭ ئۈستىدە** ». (مۇسلىم)

﴿ لا اله الا الله ﴾ دېگەن تەۋھىد گۇۋاھلىقى، اللهنى قويۇپ ئىبادەت قىلىنىدىغان تاغۇتلارنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلاردىن ئادا ــ جۇدا بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىستىمۇ مۇشۇ شەرتنى تەكرارلاپ تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ اللهدىن باشقا مەئبۇدلاردىن تېنىپ، ئۇلاردىن ئادا ــ جۇدا بولغاندىلا پايدا بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «**مەن: ئى رەسۇلۇللاھ! الله سىلىنى بىزگە نېمە بىلەن ئەۋەتتى؟ ــ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: ئىسلام بىلەن، ــ دېدى. مەن: ئىسلامنىڭ بەلگىسى نېمە؟ ــ دېۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ : سەن ئۆزۈڭنى الله تاپشۇردۇم، ساختا ئىلاھلاردىن ئايرىلدىم دېيىشىڭ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىشىڭدۇر، ــ دېدى**».

پەيغەمبەر ﷺنىڭ: «**ساختا ئىلاھلاردىن ئايرىلدىم**». دېگەن سۆزى شېرىك ۋە مۇشرىكلاردىن يىراقلىشىپ، ئۇلاردىن ئادا ــ جۇدا بولدۇم دېگەن مەنانى ئۇقتۇرىدۇ. ئايرىلىش ئىنتايىن مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن ناماز ۋە زاكاتنىڭ ئالدىدا سۆزلەندى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «**مەن ئۆزۈمنى اللهقا تاپشۇردۇم**». دېگەن سۆزى تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ الا الله دىگەن ئىسپاتلاش تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «**ئايرىلدىم**» دېگەن سۆزى اللهنى قويۇپ چوقۇنىلىدىغان ساختا ئىلاھلاردىن ئادا ــ جۇدا بولۇش دېگەن لا اله دىگەن يوققا چىقىرىش تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس مۇنداق دېدى: «**قۇرەيش كاتتىباشلىرى بىر كۈنى ھىجرى (بەيتۇللانىڭ سىرتىدىكى يېقىن بىر ئورۇن) غا يىغىلدى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نى تىللىغا ئېلىشتى. ئۇلار: بىز بۇ ئادەمنىڭ قىلمىشلىرىغا شۇنداق چىداپ تۇردۇق، بىزنىڭ ئەقىللىق كىشىلىرىمىزنى دۆت قاتارىغا چىقىرىۋاتىدۇ، ئاتىلىرىمىزنى تىللاپ دىنىمىزنى ئەيىبلەۋاتىدۇ،**

**جامائىتىمىزنى بۆلۈپ ئىلاھلىرىمىزنى تىللاۋاتىدۇ، بىز شۇنداق ئېغىر بىر ئىشقا چىداپ تۇردۇق، دېيىشىپ تۇرغاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقتى، پەيغەمبەر ﷺ ئالدىغا قاراپ مېڭىپ بەيتۇللانىڭ تۈۋرۈكىنى سۆيدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قېشىدىن بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشقا ئۆتۈپ كەتتى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇلار بەزىبىر سۆزلەر بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نى مەسخىرە قىلىشتى، ـ ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى مۇشۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ چىرايىدىن بىلدىم دەيدۇ. ـ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتۈۋىدى، ئۇلار يەنە شۇنداق مەسخىرە قىلىشتى، ـ ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى مۇشۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ چىرايىدىن بىلدىم دەيدۇ. ـ پەيغەمبەر ﷺ مېڭىۋەردى، پەيغەمبەر ﷺ ئۈچىنچى قېتىم ئۆتكەندە، ئۇلار يەنە شۇنداق مەسخىرە قىلىشتى، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ : ئى قۇرەيش جامائىتى! ئاڭلاپ قويۇڭلار! جېنىم ئىلكىدە بولغان الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنى بوغۇزلاش ئۈچۈن كەلدىم، ـ دېدى. كىشىلەرگە پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزى تەسىر قىلدى، خۇددى ئۇلار بېشىغا ئۇچارلىق قونغاندەك تۇرۇپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ قايتىپ كەتتى، ئەتىسى ئۇلار يەنە ھىجىرگە يىغىلدى، مەن (ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئاس) ئۇلار بىلەن بىللە ئىدىم. ئۇلار بىر ـ بىرىگە مۇنداق دېيىشتى: سىلەر دېگەن ۋە ئۇ مۇھەممەد دېگەن سۆز ئىسىڭلاردا باردۇ؟ سىلەر ئۆچ كۆرۈدىغان ئىشنى ئاشكارا دېسىمۇ گەپ قىلماي ئۇنى قويۇۋەتتىڭلار، ئۇلار شۇنداق دېيىشىۋاتقاندا پەيغەمبەر ﷺ چىقىپ كەلدى، ئۇلار پەيغەمبەر ﷺغا بىر ئادەمدەك قوزغىلىپ قوپتى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نى قورشىۋېلىپ: ئۇ گەپلەرنى سەن دېدىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئۇلارغا پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئىلاھلىرىنى ۋە دىنىنى ئەيىبلىگەنلىك خەۋىرى يېتىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ : شۇ گەپلەرنى مەن دېدىم، ـ دېدى».**

زۆھرى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا ئىسلامغا چاقىرغان، الله ئۈچۈن ياش يىگىتلەر ۋە بىچارە كىشىلەردىن الله خالىغانلىرى چاقىرىققا ئاۋاز قوشقان. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ غا ئىمان كەلتۈرگەنلەر كۆپىيىپ كەتكەندىمۇ قۇرەيش كافىرلىرى پەيغەمبەر ﷺ دېگەن سۆزنى ئىنكار قىلمىغان، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نى كۆرسىتىپ ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىنىڭ يىگىتى ـ پەيغەمبەر ﷺ نى

دېمەكچى. ــ ئاسماندىن سۆزلەيدۇ دېيىشەتتى، يەنە شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ﷺ ئۇلار چوقۇنىۋاتقان بۇتلارنى ئەيىبلەپ، كۇفرى ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىلىرىنىڭ ھالاك بولۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلىگەنگە قەدەر ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ غا قارشى چىقمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى ئەيىبلىگەندە ئاندىن، ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ بىلەن قارشىلىشىپ ئۇنى دۈشمەن تۇتقاندى».

مەن ئېيتىمەن؛ مۇشكۈلات دائىم مەۋجۇت، الله زېمىندىكى كىشلەرنى ئىلىپ كەتكەنگە قەدەر بولىدۇ. دەۋەتچىلەر ئۆزىنىڭ دەۋىتىدە: اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار دېگەن دەۋەت بىلەنلا چەكلەنسە، ئۇلار بىلەن زېمىن تاغۇتلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش بولمايدۇ. بەلكى بارلىق ئاسانلاشتۇرۇش خىزمەتلىرى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بېرىلىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇلار دەۋەتنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىگە ئۆتسە (ئۆتىشى كېرەك.) يەنى ئۇلار سىلەرگە اللهتىن باشقا ئىلاھىڭلار يوق دېسە، تاغۇتلارنىڭ دىنىغا ئەيىب قويۇپ، ئۇلارنى ئىنكار قىلىپ، شېرىك ۋە مۇشرىكلاردىن، ئۇلار خۇدانى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان پۈچەك ئىلاھلاردىن ئادا ــ جۇدا بولسا، ئەنە شۇ ۋاقىتتا كۈرەش، قارشىلىق كۈچىيىدۇ. مۇشكۈلات ئېغىرلىشىدۇ، دەۋەتچىلەر قاراڭغۇ كامېرلارغا تاشلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەنلىرى ھەرخىل قىيىن، قىستاق ئۈسكۈنىلىرى ۋە دارلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئەنە شۇنداق قىيىنچىلىقلاردا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەقىقى ۋارىسلىرى بولغان كىشلەرلا مۇستەھكەم تۇرالايدۇ. مۇشۇنداق بۈيۈك ئىلىم، مىراسقا لايىق بولالايدىغانلارلا مۇستەھكەم تۇرالايدۇ. (پەيغەمبەرلەر تەڭگە، تىللا مىراس قالدۇرمىغان).

## چوڭ دوستلۇقنىڭ تۆۋىنىدىكى دوستلۇق

شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى؛ دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان دوستلۇق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى: دوستلۇق ــ ئادا ــ جۇدا بولۇش مەخلۇق ھەققىدە ئورنىتىلسا، ئۇ پەقەتلا ئۇ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھەق ــ ناھەقنى، توغرا ــ خاتانى ئايرىماي، ئۇ مەخلۇق نېمىنى ياخشى كۆرسە شۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇ نېمىنى ئۆچ كۆرسە شۇنى ئۆچ كۆرۈپ، شۇ مەخلۇق ئۈچۈنلا دوستلۇق ئورناتسا، ئەنە شۇ ۋاقىتتا دوست تۇتۇلغان مەخلۇق اللهنى قويۇپ چوقۇنىلىدىغان ئىلاھقا ئايلىنىپ

قالىدۇ. مۇشۇنداق دوستلۇق ئورناتقان ئادەم ھېلىقى مەخلۇققا چوقۇنۇپ، ھېلىقى مەخلۇقنى خۇدانى قويۇپ ئىلاھ كۆرگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى: ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى مۇشرىكلار ۋە كافىرلارغا ياردەم بەرسە، پۈتكۈل ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان دوستلىشىش بولىدۇ. زۇلۇم قىلىنغان كافىرنى زۇلۇم قىلغۇچى مۇسۇلماندىن ئايرىپ قويۇش بۇنداق دوستلىشىشقا كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھەقتە تۇرغانلىق بولىدۇ. زۇلۇم قىلىنغۇچىنىڭ دىنى ۋە تەۋەلىكى نېمە بولسۇن زۇلۇم قىلغۇچى گەرچە مۇسۇلمان بولسىمۇ ھەق تەرەپتە تۇرۇش، الله ئۇنىڭغا قىزىقتۇرغان، ماختىلىدىغان شەرئى تەلەپتۇر. اللهنىڭ مۇنۇ ئايىتىدە كەلگەندەك:

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُونُواْ قَوَّامِينَ لِلّهِ شُهَدَاء بِالْقِسْطِ وَلاَ يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلاَّ تَعْدِلُواْ اعْدِلُواْ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُواْ اللّهَ إِنَّ اللّهَ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴾

**﴿ ئى مۆئمىنلەر! اللهنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار. ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار. بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن. (دۇشمىنىڭلارغا) ئادىل بۇلۇڭلار. بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر. اللهدىن قورقۇڭلار. الله ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. ﴾ (مائىدە، 8)**

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُونُواْ قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاء لِلّهِ وَلَوْ عَلَى أَنفُسِكُمْ أَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالأَقْرَبِينَ ﴾

**﴿ ئى مۆئمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار. (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن) ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بۇلۇڭلار. الله سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر. ﴾ (نىسا، 135)**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«سېنىڭ قېرىندىشىڭغا زۇلۇم قىلغۇچى بولسۇن، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بولسۇن ياردەم بەرگىن. بىر كىشى ئېيتتى: ئى رەسۇلۇللاھ! زۇلۇمغا ئۇچرىغان**

**بولسىغۇ ياردەم بېرەرمەن. زۇلۇم قىلغان بولسا قانداق ياردەم بېرىمەن؟ پەيغەمبەر ﷺ : ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن چەكلىشىڭ ياردەم بېرىشتۇر.»** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

مۇشۇ ئىككى دوستلۇقتىن باشقىسى كىچىك دوستلۇققا كىرىدۇ. يەنى ئۇ دوستلۇق يۈز بېرىپ قالسا ئادەم گۇناھقا چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم دىنىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: ئۆزى تەۋە بولغان قەبىلە، شەھەر، ۋەتەن تەرەپتە تۇرۇپ غەزەپلەنگەن بولسا، يەنە شۇنىڭدەك ئۆز پارتىيىسى ئۈچۈن (ئىسلام پارتىيىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ت) ياكى ئۇستازى ئۈچۈن، ياكى ئۆزىنىڭ يولى، جامائىتى، مەزھىپىگە يان بېسىپ ياكى ئۆز خاھىشى ئۈچۈنلا زالىم قېرىندىشىغا ياردەم بەرگەن بولسا ياكى مالنى ياخشى كۆرۈش ئۇ ئادەمنى زالىم ـ زوراۋانلىققا ئاپىرىپ قويغان بولسا، بۇ شەكسىز خاتا دوستلۇق بولسىمۇ لېكىن دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان ئوچۇق ـ ئاشكارا كافىرلىق دەرىجىسىدە بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۆز ۋەتىنى ياكى تۇرغان شەھەرگە كۆيۈنۈش، ياخشى كۆرۈش تۇپەيلىدىن يان باسقان كىشى بىلەن جۇغراپىيىلىك ۋەتەننى دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق ئورنىتىلىدىغان ئەقىدە دەپ قارىغان كىشىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار. ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى دەپ قارىغان ئادەم، ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلەرنى شۇ ۋەتىنىگە قاراپ تەقسىملەپ، شۇ ۋەتەندىن قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئۆگىنىدۇ. ۋەتەننى ياخشى كۆرۈپ يان بېسىپ سالغانلىق چوڭ كۇفرلىق بولمايدىغان ۋەتەن ئۈچۈن كىچىك دوستلۇق ئورناتقانلىق ھېسابلانسا، ۋەتەننى ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى دەپ قارايدىغان ئادەم دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان، ئۇنى كافىر قىلىۋېتىدىغان ۋەتەن ئۈچۈن چوڭ دوستلۇق ئورناتقان بولىدۇ.

بۇخارى بوھتان ھادىسىسىدە مۇنداق بىر رىۋايەتنى بايان قىلدى: پەيغەمبەر ﷺ **مۇنداق دېگەن: «مىنىڭ ئۆيۈمدىكىلەر ھەققىدە (ئايالى ئائىشە ھەققىدە) كىم مەن ئۈچۈن ئازار بەرگەن كىشىدىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدۇ. (ئازار بەرگەن كىشى دېگەندىن ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە ھەققىدە دېگەن نىجىس سۆزنى مەقسەت قىلىدۇ.) الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئائىلەمدىكىلەرگە قارىتا ياخشىلىقنىلا بىلىمەن، ئۇلار بىر ئادەمنى ئائىشەگە چاپلاۋاتىدۇ. مەن ئۇ ئادەمنى ياخشى دەپ بىلىمەن. سەئىد ئىبنى مۇئاز ﷺ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەن ئىنتىقاملىرىنى ئېلىپ بېرەي. ئەگەر ئەۋسلىك قېرىندىشىمىز بولسا بوينىغا قىلىچ**

**ئۇراي، ئەگەر خەزرەجلىك قېرىنداشىمىز بولسا، سەن بۇيرۇغاننى قىلايلى. بۇ گەپ سەئىد ئىبنى ئۇبادە ؓ نىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. ـ ئائىشە: شۇنىڭدىن ئىلگىرى سەئىد ئىبنى ئۇبادە ياخشى ئادەم ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ قەبىلىۋازلىق غۇرۇرى ئۇستۈن كەلدى، چۈنكى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي خەزرەجنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى، دېگەن ـ سەئىد ئىبنى ئۇبادە ؓ مۇنداق دېدى: الله بىلەن قەسەمكى سەن ئۇنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن، ئۆلتۈرۈشكە كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيىر ؓ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: الله بىلەن قەسەمكى سەن يالغان ئېيتتىڭ. مۇناپىقنى دەپ جېدەللىشىدىغان مۇناپىق ئىكەنسەن، ئىككى قەبىلە كىشىلىرى قوزغىلىپ كەتتى. ھەتتا** پەيغەمبەر ﷺ **ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇلارنى بېسىقتۇردى».**

سەئىد ئىبنى ئۇبادەگە ئۇستۈن كېلىپ قالغان مۇشۇ غۇرۇر (بىر قەبىلىدىن بولغان مۇناپىقنىڭ كاتتىسى ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ھەققىدە) دوستلۇق ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ كىچىك دوستلۇق، دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ دوستلۇق ئەمەس، پەيغەمبەر ﷺ سەئىد ئىبنى ئۇبادە ؓ نى كافىر ياكى مۇرتەد دەپ ھۆكۈم چىقارمىدى. ۋە تەۋبە قىلىشقىمۇ مەجبۇرلىمىدى. بىز شۇنى ئېنىق بىلىۋالايمىزكى، مانا بۇنداق دوستلۇقلار مۇسۇلماندىن يۈز بېرىپ قالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن دىندىن چىقىپ كېتىدىغان چوڭ كافىر بولۇپ كەتمەيدۇ.

بۇخارى، مۇسلىمدا جابىرنىڭ مۇنداق بىر رىۋايىتى بار؛ جابىر مۇنداق دېدى: **بىز ئۇرۇشتا ئىدۇق، مۇھاجىرلار ئىچىدىن بىر ئادەم ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمنىڭ كۆتىگە تەپتى. ئەنسارىلاردىن بولغان ئادەم مۇنداق دېدى: ھەي ئەنسارىلار بارمۇ سىلەر؟ مۇھاجىرلار بارمۇ سىلەر؟. پەيغەمبەر ﷺ : بۇنداق جاھىلىيەتلەرچە چاقىرىشنى نەدىن تاپتىڭلار؟ ـ دېدى. ئۇلار: مۇھاجىرلاردىن بىر ئادەم ئەنسارىلارنىڭ كۆتىگە تەپتى، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ : قويۇڭلار بۇنداق بىمەنە گەپنى. ـ دېدى.**

ئۇلارغا پەيغەمبەر ﷺ **«بۇنداق جاھىلىيەت خاھىشلىرىنى تاشلاڭلار، ئۇ تولىمۇ يىرگىنىشلىكتۇر.»** دېدى. «بۇنداق گەپنى قىلىش كافىرلىق، مۇرتەدلىك» دېمىدى. ئۇلار قىلغان ئىش باتىل دوستلۇققا كىرىدۇ. قەبىلىگە يان بېسىش باتىل، لېكىن بۇ كىچىك دوستلۇقتۇر.

هاكىم ئابدۇراھمان ئىبنى ئەسئەد ئىبنى زورارەدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: **«ئۇلارنى مەدىنىگە ئەكەلگەن ۋاقىتتا ئەسىرلەرمۇ كەلتۈرۈلگەن ئىدى. ئۇلار تەرەپتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى زەمئىنىڭ قىزى سەۋدە ئەفرائىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قىشىدا بار ئىدى. ئەفرائىنىڭ ئىككى ئوغلى ئەۋف ۋە مۇئاۋىيەنىڭ قىشىدا ئىدى. بۇ ھىجاب پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋال، سەۋدە مۇنداق دېدى: «الله بىلەن قەسەم، بىز كەلگەن ۋاقىتتا مەن ئۇلارنىڭ قىشىدا ئىدىم. ئەسىرلەر كەلتۈرۈلۈپتۇ، دېيىشتى . مەن ئۆيۈمگە قايتتىم، ئۆيدە پەيغەمبەر ﷺ بار ئىكەن. ئەبۇ يەزىد، سۇھەيل ئىبنى ئەمرى ئۆينىڭ بىر بۆلۈكىدا ئىككى قولى بوينىغا ئاسقان، بوينىغا ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويۇلۇپتۇ. الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئەبۇ يەزىدنىڭ شۇ ھالىنى كۆرگىنىمدە ئۆزۈمنى تۇتالماي شۇنداق دەپ قالدىم: ھەي ئەبۇ يەزىد، ئۆزۈڭلارنى ئەسىرگە تۇتۇپ بەردىڭلارمۇ؟ تەسلىم بولماي مەردانىلارچە ئۆلۈپ كەتسەڭلار بولماسمىدى؟، مەن پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئۆيدىن چىققان: ئى سەۋدە الله، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئۇنداق گەپ قىلىۋاتامسەن؟، ــ دېگەن ئاۋاز بىلەنلا ھوشۇمنى تېپىۋالدىم. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەن ئەبۇ يەزىدنىڭ قولى ئارغامچا بىلەن بوينىغا باغلانغانلىقىنى كۆرگىنىمدە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي شۇنداق دەپ ساپتىمەن، ــ دېدىم».**

سەۋدەنىڭ «ئۆزۈڭلارنى ئەسىرگە تۇتۇپ بەردىڭلارمۇ؟ تەسلىم بولماي مەردانىلارچە ئۆلۈپ كەتسەڭلار بولماسمىدى؟» دېيىشى بىر قىتىملىق ئېزىپ بىرىش ئىدى. بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سەۋدىگە: بۇنى الله، اللهنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى دەۋاتامسەن دېيىشى بىلەنلا بولدى قىلىشى بۇنىڭ چوڭ دوستلۇقنىڭ تۈۋىنىدىكى كىچىك دوستلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى ئۈچۈن ياكى ھاجەتنى دەپ دوستلۇق ئىزھار قىلىپ قالسا، گۇناھكار بولۇپ ئىمانى كېمىيىدۇ. ئەمما كافىر بولمايدۇ».

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېدى: «مۇشۇ ئۇممەت ئىچىدىكى كىشىلەر كافىر، مۇشرىكلارنى، يەھۇدىيلارنى قىسمەن دوست تۇتۇپ قالغان بولسا، مەسىلەن: باتىل ئىش قىلغانلارنىڭ سۆز ۋە باتىل ھەرىكەتلىرىگە قىسمەن دوراپ ئەگىشىپ قالغىنىغا ئوخشاش، ئاشۇ قىلمىشى بويىچىلا جازاغا ئەيىبلىنىشكە ئۇچرايدۇ.»

ئىبنى تەيمىيەنىڭ شۇنىڭغا دېگەن سۆزىنى ئويلىنىپ بېقىڭ! يەنى ئۇنىڭ دوستلۇقى بويىچە ئەيىب ۋە جازاغا، مۇناپىقلىقنا دۇچ كېلىپ قالىدۇ. دېمەكچى. ھۆكۈم ۋە سىياسەت تەرەپتىن بىر پۈتۈن دوستلاشقانغا ئوخشمايدۇ.

## مۆئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى گۇناھكارلارنى دوست تۇتۇش

ئىمان زىيادە بولىدۇ، كېمىيىپ تۇرىدۇ، ئىتائەت بىلەن زىيادە بولۇپ، گۇناھ ـ مەئسىيەت بىلەن كېمىيىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىمان زىيادە بولسا ئىماننىڭ زىيادە بولىشىغا قاراپ، ئۇ ئادەمنى مۆئمىنلەرنىڭ دوست تۇتۇشى ئاشىدۇ. ئەگەر ئىمان كېمىيىپ ئاجىزلاپ كەتسە، مۆئمىنلەرنىڭ ئۇنى دوست تۇتۇشى بىۋاستە كېمىيىپ كېتىدۇ. مۆئمىنلەر ئۇ ئادەمنىڭ ئىمانى كېمىيىپ كەتكەنلىكى ۋە اللەنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ ئىتائىتىدىن يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ. ياخشى، تەقۋادار مۆئمىن، ناچار ئىشلارنى قىلغان زالىم مۆئمىن بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. ئاۋۋالقى ئىلگىرىلەپ كۈتكۈچىلەر ياخشى ئەمەلگە، يامان ئەمەلنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغانلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ.

**﴿ فَمِنْهُمْ ظَالِمٌ لِّنَفْسِهِ وَمِنْهُم مُّقْتَصِدٌ وَمِنْهُمْ سَابِقٌ بِالْخَيْرَاتِ بِإِذْنِ اللَّهِ ذَلِكَ هُوَ الْفَضْلُ الْكَبِيرُ ﴾**

**﴿ ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر. (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ.) بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر. (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ). ۋە بەزىسى اللەنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر. ﴾ (فاتىر،32)**

ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ئادەم نورمال يول تۇتقان ئادەم بىلەن، نورمال يول تۇتقان ئادەم ياخشىلىقتا ئىلگىرىلەپ كەتكەن ئادەم بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ.

**﴿ أَمْ حَسِبَ الَّذِينَ اجْتَرَحُوا السَّيِّئَاتِ أن نَّجْعَلَهُمْ كَالَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَوَاء مَّحْيَاهُم وَمَمَاتُهُمْ سَاء مَا يَحْكُمُونَ ﴾**

**﴿ يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان! ﴾** (جاسىيە، **21**)

يەنى ناچار قىلمىشلارنى قىلغان گۇناھكار مۇسۇلمان، ئىمان كەلتۈرۈپ، ياخشى ئەمەلنى قىلغان كىشى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ياخشى ئەمەلنى قىلىپ چوڭ گۇناھكارلاردىن يىراق تۇرغان تەقۋادار مۇئمىن دوست تۇتۇلغاندەك دوست تۇتۇلمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك الله، اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى دۈشمەن تۇتىدىغان مۇشرىككە قاتتىق بولۇپ، ئادا ـ جۇدا بولغاندەك ئۇ گۇناھكار مۇسۇلمان بىلەن ئادا ـ جۇدا بولمايدۇ. ئىتائەت ياكى گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن ئاشكارا قىلغىنى بويىچە ئارىدا قويۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ.

بۇنداق لايىقىدا مۇئامىلە قىلىشنى ئېلىم، ئىماندىن بۆيۈك نېسىۋىسى بار، ئۆزىنىڭ خاھىشىدىن الله ئۈچۈنلا ۋاز كەچكەن كىشىلەرلا قىلالايدۇ. مانا بۇ پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزىدىكى ھەقىقەتتۇر:

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«كىم الله رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ، الله رازىلىقى ئۈچۈن ئۆچ كۆرسە، الله رازىلىقى ئۈچۈن بېرىپ، الله ئۈچۈن چەكلىسە ئىمانى مۇكەممەل بولىدۇ»**.

ئىبنى تەيمىيە فەتۋادا مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمدە ياخشىلىق ـ يامانلىق، گۇناھ ـ مەئسىيەت، سۈننەت ـ بىدئەت جۇغلاشسا، ياخشىلىققا قاراپ دوستلۇق، ساۋابقا ئېرىشىدۇ. يامانلىققا قاراپ دۈشمەن تۇتۇلۇشقا لايىق بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: نامرات ئوغرىنىڭ قولى ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كېسىلىدۇ. ئەمما بەيتۇلمالدىن ئۇنىڭ ھاجىتىگە يېتىدىغان مال بېرىلىدۇ. مانا مۇشۇ ئەھلەسۈننە ۋەلجامائە بىرلىككە كەلگەن قائىدىدۇر.

مەن مۇنداق دەيمەن: ئىتائەت ۋە سۈننەت ئۈستىدە بولغانلىقا قاراپ دوست تۇتۇش، گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە بىدئەت ئۈستىدە تۇرغىنىغا قاراپ ئۇنىڭغا قاتتىق قول بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان

يەنە بىرى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ بولىشى، يەنە بىرسىنىڭ بولماسلىقىنى شەرت قىلمايدۇ. چەكتىن ئاشۇرىۋەتمەستىن ۋە سەل قارىماستىن ھەر ئىككىلىسىگە ھەققى تولۇق بېرىلىدۇ.

ئەمما ئىجتىھات قىلىپ خاتالىققا چۈشۈپ قالغان ئادەمگە نىسبەتەن ئىجتىھاتنىڭ ئەسلى توغرا سۈننەتكە ئاساسەن بولسا، شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئادەمگە قاتتىق قول بولۇپ رەددىيە بېرىش ئۇ سادىر قىلغان خاتالىق بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئىجتىھات قىلغان ئادەمنى ياخشى دەپ ئويلىشىمىز، ئۇنى دوست تۇتۇش ھەققىگە رىئايە قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئۇخشاش ئەجرگە ئېرىششىنى ئۇمىد قىلىمىز.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«ھاكىم ھۆكۈم قىلىپ، ئىجتىھات قىلىپ توغرىغا ئېرىشسە ئىككى ئەجىر بار، ئىجتىھات قىلىپ خاتا كەتكەن بولسا بىر ئەجىر بار».** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

پەيغەمبەر ﷺ **خالىد ئىبنى ۋەلىد ﷺ كە شۇنداق پوزىتسىيە تۇتقان، خالىد ﷺ بەنى خۇزەيمە قەبىلىسىدىن بولغان كىشىلەر «دىنىمىزدىن ياندۇق» دەپ «مۇسۇلمان بولدۇق» دېگەن سۆزنى سۆزلىيەلمىگىنىدە ئۇلارنىڭ «دىنىمىزدىن ياندۇق» دېگەن سۆزى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنى دۇرۇس قىلارمىكىن دەپ ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىدى. پەيغەمبەر ﷺ غا خالىد ﷺ قىلغان ئىشتىن خەۋەر بېرىلدى. پەيغەمبەر ﷺ قولىنى كۆتۈرۈپ «ئى الله! خالىد ﷺ قىلغان ئىشتىن ئۆزۈمنى ئاقلايمەن.» دەپ ئىككى قېتىم دېدى»** (بۇخارى)

پەيغەمبەر ﷺ خالىد ﷺ نىڭ قىلمىشىدىن ئۆزىنى پاك تۇتتى. خالىدتىن چەك ـ چېگرا ئايرىمىدى.

### دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئايرىۋېلىش

شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى ، كافىرلار ئىچىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ پاناھلىقىغا ۋە ئەھدە، كېلىشىمگە كىرگەن كىشىگە ياخشىلىق قىلىپ، كۆيۈنۈش كېرەك . ئۇ ئادەم الله ئاگلاشنى تەقدىر قىلغان بولسا اللهنىڭ كالامىغا ياخشى قۇلاق سېلىشى ئۈچۈن ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ھۆرمىتى ھەرقانداق دۈشمەنلىك ۋە ئازار ـ كۈلپەتتىن ساقلىنىپ، ئىسلام بۇيرۇغان ياخشى ئەخلاق ۋە پاناھلىق بېرىش بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك. شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارنىڭ

پاناھلىقى ۋە ئەھدە ، كېلىشىمگە كىرگەن كىشىگە ياخشى ئامانلىق بېرىلىپ ، ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىنىش كېرەك . ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىماسلىق كېرەك . خۇددى ئىسلامنىڭ بۈيۈك ئەخلاقى تەلەپ قىلغاندەك مېھرىبانلىق ۋە ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنىپ ، ياخشىلىقىغا ياخشى مۇئامىلە قايتۇرۇلۇشى كېرەك . سۆزلىگەنلىرىمىز يۇقاردا سۆزلىگەن دوستلۇق ۋە ئادا ـ جۇدا بولۇش ئەقىدىلىرىگە قارشى كەلمەيدۇ . بەزىلەر ئويلىغاندەك ، بىرسىنىڭ بولىشى يەنە بىرسىنىڭ يوق بولىشىنى شەرت قىلمايدۇ . شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى ، جەڭ مەيدانلىرىنىڭ ھۆكۈم ، ئەخلاق ، فىقھىلىرى ، تېكىستلىرى بار ، تىنچ ـ ئامانلىقنىڭمۇ ھۆكۈم ، ئەخلاق ، فىقھىلىرى ، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان تېكىستلىرى بار . شۇنىڭ ئارىسىنى جاھىل ، مەقسەتلىك بۇزغۇنچىلار ئارىلاشتۇرىۋەتىدۇ . جەڭ ساھەلىرىگە ئالاقىدارلىق ھۆكۈم ، تېكىستلەرنى تىنچ ـ ئامانلىق ساھەلىرىگە تەتبىقلاش توغرا بولمايدۇ . بىز ئۇنى بىر قانچە قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتكەن . مۇشۇ چۈشەنچىگە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلار دىققەت قىلماي ، زۇلۇم ـ زوراۋانلىققا ، ئالداشقا ، قاتتىق قول بولۇشقا چۈشۈپ قالدى . بەزىلەر چەكتىن ئاشسا ، بەزىلەر سەل قاراپ قالدى . ئىككىلىسى اللهنىڭ دىنىدا چەكلىنىدىغان ئەخلاق بولۇپ ئاقىۋىتى زىيانكارلىق ، مەغلۇبىيەت ، پۇشايمانغا ئىلىپ بارىدۇ .

# 11 ـ قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ۋە ئاجىزلىق چۈشەنچىسى

قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ـ ئۆزىنىڭ قائىدە شەرتلىرى بىلەن قوشۇپ توغرا ئىشتۇر. شۇنىڭدەك ئاجىزلىق باسقۇچىنىڭ كۈچلۈك قۇدرەت تاپقان ۋاقىتتىكىگە ئوخشمايدىغان ھۆكۈم، چۈشەنچىلىرى بار. لېكىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ۋە ئاجىزلىق چۈشەنچىلىرىگىمۇ، باشقا چۈشەنچىلەرگە ئوخشاشلا ئۆز خاھىشىغا بېرىلگۈچىلەر ۋە كېسەل قەلبلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىش، بۇرمىلاش يەتتى.

بىر تۈرلۈك كىشىلەر قائىدىسىز، چەك ـ چېگرىسىز ھالدا قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش چۈشەنچىسى ۋە قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىشتا ناھايىتى كەڭرى يول تۇتتى. ھەتتا ئۇلار ئۆزى ۋە باشقىلارنىمۇ مۇناپىقلىققا چۈشۈرۈپ قويدى.

قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش چۈشەنچىسىگە خاتا چۈشەنچە ۋە خاتا ھەرىكەتلەردىن مۇناپىقلىققا قوشۇلىدىغان خاتا چۈشەنچىلەرنى كىرگۈزۈپ قويدى. ئەشۇ يولنىڭ ئۇممەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا تەسىرى بولدى. ئۇممەت ئۆزىنىڭ ئەلچىلىكى ۋە ئۆزگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئۆتىيەلمىدى. كىشىلەر زالىم، تاغۇتلارنىڭ زۇلۇم ـ زوراۋانلىقى ۋە كۇفرىلىقىنى ئىنكار قىلالمىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھوقۇقلىرى ۋە دەپسەندە قىلىنغان ھۆرمەتلىرىنى قايتۇرۇپ ئالالمىدى. ھەتتا ئۆزىنى دەۋەتچى، ئالىم دەپ ئاتىۋالغانلار ياغلىمىلىق قىلىپ زالىملارغا تىز پۈكتى. ئۇلار ئادا ـ جۇدا بولۇش كېرەك بولغان كىشى بىلەن دوستلىشىپ، جاكارلاش كېرەك بولغان ھەقنى يوشۇردى .

شۇ سەۋەبتىن نادانلىق، زۇلۇم، قورقۇنچ، نامراتلىق تارقالدى. ھەتتا كىشىلەر ئاجرىيالمايدىغان مەجبۇرى بىر رىئاللىققا ئايلىنىپ قالدى. نادانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى توغرىلاشقا ئورۇنۇش ساراڭلىق، ئۆزىنى چاغلىماسلىق، ئۆزىنى ھالاك قىلىشنىڭ قاتارىدىن سانالدى.

يۈقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ئاتالغۇسى ۋە ئاجىزلىق چۈشەنچىسى ئاستىدا تاماملاندى.

بۇلارغا قارشى يەنە بىر تۈرلۈك كىشىلەر بولۇپ شەرئەتتىن ۋە كىشىلەر رىئاللىقىدىن، قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ۋە ئاجىزلىق چۈشەنچىسىنى يوققا چىقارماقچى بولدى. ئۇلار كەڭ دائىرىنى تارلاشتۇرۇپ، ئۆزى ۋە باشقىلارغا لايىق بولمايدىغان ئىشتا چىڭ تۇرۇۋەتتى. ئۇلار چېكىدىن ئېشىش ۋە چوڭقۇرلاشقا ئۆزى بىلىپ بىلمەي چۈشۈپ قالدى. ۋە ئاجىزلىق، مەجبۇرلىنىش شارائىتىدا، قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش رۇخسىتىگە يول قويغان ئادەملەرگە يامان ھۆكۈم چىقاردى. بۇنىڭدىن باشقا مەسىلىلەرگە ئوخشاش مەسىلە چەكتىن ئېشىش ۋە سەل قاراش ئارىسىدا بولۇپ قالدى، شۇڭا بىز بۇ چۈشەنچىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ مەسىلىدىن چوڭقۇرلىغۇچىنىڭ چوڭقۇرلىشىنى، سەل قارىغۇچى ۋە ئىشنى كىچىكلىتىۋەتكۈچىلەرنىڭ پەرۋاسىزلىقىنى يوقىتىشىمىز كېرەك . الله توغرىغا ئۇچراشتۇرغۇچى زاتتۇر.

قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ لۇغەت مەنىسى ئېھتىيات قىلىش، قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان قورقۇنچ، ئۇنىڭ شەرئى مەنىسى ـ مۇشرىك ۋە زالىملار تەرىپىدىن جان، يۈز ـ ئابرۇي، مالغا قارىتا جەزملەشتۈرۈلگەن بىر قورقۇنچ بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشرىكلار بىلەن كېلىشىپ ئۆتۈش ۋە تىلىنىڭ ئۇچىدا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ قويۇش، زىياننى چىكىندۈرىدىغان مىقداردا ئۆچ ـ ئاداۋەت، دۈشمەنلىكنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىپ قويۇشتۇر.

قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ـ ئاجىزلىق ۋە قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن قوغدالمىسا، جەزمەن بار بولغان بىر زىياندىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساس ئۈستىدە تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى ئاساسى ئىشنىڭ بىرى يوقالسا، قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش دېگەن ئىشمۇ يوقايدۇ. يەنى قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. كۈچ ـ قۇۋۋەت، شانۇ ـ شەۋكەت بار بولغاندا قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن پاناھلانغىلى بولمايدۇ. تىنچ ـ ئامان شارائىت بولسىلا بولمايدۇ. بەلكى كۈچ ـ قۇۋۋەتمۇ بولىشى كېرەك . الله تەئەلا مۇنداق دەيدۇ:

**﴿ لاَّ يَتَّخِذِ الْمُؤْمِنُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاء مِن دُوْنِ الْمُؤْمِنِينَ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ فَلَيْسَ مِنَ اللّهِ فِي شَيْءٍ إِلاَّ أَن تَتَّقُواْ مِنْهُمْ تُقَاةً وَيُحَذِّرُكُمُ اللّهُ نَفْسَهُ وَإِلَى اللّهِ الْمَصِيرُ ﴾**

**﴿ مۆئمىنلەر مۆئمىنلەرنى قويۇپ، كافىرلارنى دوست تۇتمىسۇن. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن ئۇ اللەنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزهار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. الله سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ. ئاخىر قايتىدىغان جاي اللەنىڭ دەرگاھىدۇر. ﴾** (ئالى ئىمران، **28**)

اللەنىڭ: **﴿ إِلاَّ أَن تَتَّقُواْ مِنْهُمْ تُقَاةً ﴾ ﴿ ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزهار قىلىشىڭلار بۇنىڭ سىرتىدا ﴾** دېگەن سۆزى ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. سىلەر ئۇلارنى دوست تۇتساڭلار بولمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ قالساڭلار، ھىجرەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن چىقىپ كېتىشكە قادىر بولالمىساڭلار، جېنىڭلار ۋە ھۆرمىتىڭلارغا نىسبەتەن ئۇلاردىن جەزمەن ئېنىق قورقۇپ قالساڭلار، مۇشۇ قورقۇش ئۇلارغا تىلىڭلاردا دوستلۇق ئىزهار قىلغاندىن كېيىنلا يوقالسا، ئاندىن شۇ ۋاقىتتا سىلەر ئۇلاردىن زىيان يوقايدىغان مىقداردا، ئاز ـ كۆپ قىلماي، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلارغا ياردەم بەرمەي، ئۇلارغا قەلبىڭلاردا دۈشمەنلىكنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ، تىلىڭلاردا دوستلۇق ئىزهار قىلساڭلار بولۇۋېرىدۇ. ئالىملار مۇشۇنداق تەپسىرلىدى.

ئىبنى جەرىر تەبرى: **﴿ إِلاَّ أَن تَتَّقُواْ مِنْهُمْ تُقَاةً ﴾ ﴿ ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزهار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ﴾** دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىرلىدى: ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ سىلەردىن جانلىرىڭلارغا نىسبەتەن ئۇلاردىن قورقساڭلار، تىلىڭلاردا دوستلۇق ئىزهار قىلساڭلار، ئۇلارغا دۈشمەنلىكنى يوشۇرساڭلار ۋە ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىنى باشقىلارغا تارقاتمىساڭلار ۋە ئەمەلى بىرەر ئىش بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلارغا ياردەم بەرمىسەڭلار مەيلى».

سۇدەي مۇنداق دېدى: **﴿ إِلاَّ أَن تَتَّقُواْ مِنْهُمْ تُقَاةً ﴾ ﴿ ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزهار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ﴾** دىگەن ـ ئۇلارنىڭ دىنىدا ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئىزهار قىلىپ، مۆئمىنلەردىن ئايرىلىشنى ئاشكارا قىلىپ قويۇش دېگەن بولىدۇ.

ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: ﴿ إِلاَّ أَن تَتَّقُواْ مِنْهُمْ تُقَاةً ﴾ ﴿ **ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا** ﴾ دېگەن ــ قەلبى ئىمان بىلەن تولغان ھالدا تىلدا سۆزلەپ قويۇش.

ئىبنى ئابباس يەنە مۇنداق دېگەن: «تىل بىلەن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش دېگەن ــ اللەقا ئاسىي بولغان ھالەتتە بىر ئىشنى سۆزلەشكە مەجبۇرلانسا، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆز جېنىغا قارىتا قورقۇپ قىلىپ، قەلبى ئىمان بىلەن تولغان ھالەتتە سۆزلىۋەتسە گۇناھ يوق، قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش تىل بىلەن بولىدۇ.»

ئەكرەمە ﴿ إِلاَّ أَن تَتَّقُواْ مِنْهُمْ تُقَاةً ﴾ ﴿ **ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا** ﴾ دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: مۇسۇلمانىنىڭ قېنىنى تۆكمەيدىغان، مېلىنى ھالال سانىمايدىغان ھالەتتە بولسا بولىدۇ.

ئىبنى كەسىر مۇشۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېدى: «بەزى شەھەرلەردە، بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ قالغان ئادەم قەلبىدە ئەمەس، سىرتقى تەرەپتىن ئۇلار بىلەن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش دۇرۇس».

بۇخارى ئەبۇ دەردائىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېدى: «بىز ئۇلارنىڭ يۈزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ قوياتتۇق، قەلبىمىز ئۇلارغا لەنەت ياغدۇراتتى».

سەرۋى ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن دېدى: «قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش تىلدا بولىدۇ، ئىش ــ ھەرىكەتتە بولمايدۇ».

ئەۋفىمۇ ئىبنى ئابباس ﷺ تىن رىۋايەت قىلىپ: « قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش تىلدا بولىدۇ» دېدى.

ئەبۇ ئالىيە، ئەبۇ شەئسائ، زەھھاك، رەبىئە ئىبنى ئەنەسلارمۇ شۇنداق دېگەن.

بۇخارى مۇنداق دېگەن: « قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ».

شەۋكانى تەپسىرىدە مۇنداق دېدى: «ئۇلاردىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا دەلىل بار. لېكىن ئۇ ئىچىدە (قەلبىدە) ئەمەس، سىرتىدا (تېلىدا) بولىدۇ».

**﴿ وَقَالَ رَجُلٌ مُّؤْمِنٌ مِّنْ آلِ فِرْعَوْنَ يَكْتُمُ إِيمَانَهُ أَتَقْتُلُونَ رَجُلاً أَن يَقُولَ رَبِّيَ اللَّهُ وَقَدْ جَاءكُم بِالْبَيِّنَاتِ مِن رَّبِّكُمْ ﴾**

**﴿ فىرئەۋن خاندانىغا مەنسۇپ ئىمانىنى يوشۇرىدىغان بىر مۆئمىن ئادەم ئېيتتى: «سىلەر 'پەرۋەردىگارىم الله' دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر ھالبۇكى ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدىن روشەن دەلىللەرنى ئېلىپ كەلدى. . . . ﴾ (غافىر، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)**

مانا مۇشۇ مۆئمىن كىشى ئاجىز بولۇپ قورقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىمانىنى فىرئەۋىن ۋە ئۇنىڭ جامائىتىدىن يوشۇراتتى. ئۇ ئادەم فىرئەۋىنىنىڭ قەۋمىدىكى يېقىن كىشىلىرىدىن سانىلاتتى. فىرئەۋىنىنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئىدى دەپمۇ دېيىلىپتۇ. ئۇ ئادەم فىرئەۋىن ۋە ئۇنىڭ زوراۋان كىشىلىرىدىن قورقۇپ ياشايتتى. ھەددىدىن ئاشقۇچىلار مۇسانى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋىدى **﴿ وَقَالَ فِرْعَوْنُ ذَرُونِي أَقْتُلْ مُوسَى ﴾ ﴿ فىرئەۋىن ئېيتتى: «مېنى قويۇۋېتىڭلار مۇسانى ئۆلتۈرىمەن.» ﴾** مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئىمانىنى يوشۇرغان مۆئمىن ئادەم الله ئۈچۈن غەزەپلەندى ۋە ئىمانى ئاشكارىلىنىپ قالسىمۇ، ئازار ـ كۆلپەت، ئۆلۈمگە دۇچ كېلىپ قالسىمۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن مۇھىم بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەقنى جاكارلاشنى تاللىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئۇ ئادەمنىڭ قۇربانلىق بېرىشىگە ئەرزىيتتى. شۇڭا ئۇ ئادەم زوراۋانلارنىڭ ئالدىدا ئۇنلۇك توۋلاپ **﴿ أَتَقْتُلُونَ رَجُلاً أَن يَقُولَ رَبِّيَ اللَّهُ ﴾ ﴿ رەببىم الله دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرەمسىلەر ؟﴾** دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۆئمىنىنىڭ ئۆزىنى خورلىشى لايىق ئەمەس، ساھابىلار ئېيتتى: ئۆزىنى قانداق خورلايدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ : بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان سىناقىقا ئۆزىنى دۇچار قىلىدۇ. دېدى».**

ئۆتكۈر ئىرادىسى يوق ئادەملەر رۇخسەت شارائىتىدا چېكىنىش ۋە كەسكىنلىك قىلىشى ئۆزىنى خورلىقىقا دۇچار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى قىلىپ قالسا، ئاغدۇرۇلۇپ مەغلۇپ بولىدۇ. ئۆزىنى قىيىنچىلىق، خورلۇققا دۇچار قىلىدۇ.

ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنىشچە: **« بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ دىن رۇخسەت سورىۋىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئادەمنى كۆرگەندە: ئەشىيرنىڭ قېرىندىشى بەك ئەسكى، ئەشىيرنىڭ ئوغلىمۇ بەك ئەسكى، دېگەن . ئۇ ئادەم ئولتۇرىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىغا خۇشچىراي ئاچتى. ھېلىقى ئادەم كەتكەندە پەيغەمبەر ﷺغا ئائىشە مۇنداق دېدى: ئى اﷲنىڭ ئەلچىسى! سىلى ھېلىقى ئادەمنى كۆرگەن چاغلىرىدا ئۇ ئادەم بەك ئەسكى دېگەن ئىدىلە، ئۇنىڭدىن كېيىن چىراي ئاچتىلا. پەيغەمبەر ﷺ : ئى ئائىشە! مېنىڭ بىرسىگە قاتتىق گەپ قىلغىنىمنى بىلەمسەن؟ كىشىلەرنىڭ اﷲنىڭ نەزىرىدە قىيامەت كۈنى مەرتىۋە جەھەتتە يامانراقى كىشىلەر ئۇ ئادەمنىڭ ئەسكىلىكىدىن، يامان گېپىدىن قورقۇپ باشقىلار ئۇنى تاشلىۋەتكەن ئادەمدۇر، دېدى».** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەبۇ دەرداﺋ مۇنداق دېگەن: «بەزى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ھىجىيىپ كۈلۈپ قوياتتۇق. بىزنىڭ قەلبلىرىمىز ئۇلارغا لەنەت ياغدۇراتتى».

مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفە مۇنداق دېدى: «اﷲ ئۇنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرغانغا قەدەر، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلمىسا بولمايدىغان كىشىگە ياخشى مۇئامىلە قىلمىغان ئادەم ھوشيار ئادەم ھېسابلانمايدۇ».

## قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش دىيارى ۋە ئۇنىڭ مۇھىتى

ئۇ ئاجىزلىق ۋە قورقۇش دىيارىدۇر. ئۇ دىياردا مۆئمىن ئاجىز، قورققۇچى بولۇپ قالىدۇ. مۆئمىنىنىڭ قورقۇشى، ئاجىزلىقى ھەقنى مۇكەممەل جاكارلاشتىن چەكلەپ قويىدۇ. بەزىدە ئۇ مۆئمىننى ھەقنىڭ قارشىسىنى دېيىشكە مەجبۇر قىلىپ قويىدۇ. ئۇ دىيارنىڭ ئىسلامى دىيارى ياكى كۇفرى دىيارى بولىشى شەرت ئەمەس. گاھىدا ئىسلامى دىياردىمۇ زۇلۇم يۈز بېرىپ ھاكىمىيەت پادىشاھقا، زۇلۇمغا ۋە زالىملارغا ياردەم بېرىدۇ. كىشىلەر زۇلۇم ۋە باتىل بىلەن سىنىلىدۇ، ھەججاجنىڭ زامانىسىدا كىشىلەرنى قۇرئان مەخلۇق دېيىشكە مەجبۇرلىغان، ئابباسىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە يۈز بەرگەندەك، شۇ نەرسە ئىسپاتلاندىكى، كاتتا ئالىملارنىڭ ئىچىدىن جىم تۇرىۋېلىشنى تاللىغانلار بولغان ۋە ئۆزىنى ئۆلۈپ ياكى زىندانغا چۈشۈشتىن قورقۇپ قۇرئان مەخلۇق دەپ قويغانلارمۇ بولغان.

بۇ ھەقتە شۇنداق بىر رىۋايەت بار: ئىمام ئەھمەد زىندانغا تاشلانغاندا بەشىر ئىبنى ھارىسنىڭ يارەنلىرى: ئى ئەبۇ نەسىر سەن چىقىپ، مەن ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ سۆزى ئۈستىدە دېسەڭ ياخشى بولاتتى، دېگەندە، بەشىر ئىبنى ھارىس ئېيتتىكى: مىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورنىدا تۇرۇشۇمنى خالامسىلەر؟ الله ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنى ھەرقايسى تەرەپتىن قوغدىسۇن! ئىمام ئەھمەد ئۆتكۈر ئىرادىدە بولۇپ، ھەقنى جاكارلاپ، ھەقنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغىنىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورنىدا تۇردى. مەن بۇ ئورۇندا تۇرۇشقا قادىر بولالمايمەن.

شۇنداقلا كۇفرى دىيارىدا بىر پۈتۈن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش كەتمەيدۇ. چۈنكى كۇفرى دىيارلىرىنىڭ ئىچىدە مۆئمىنىنىڭ ئاجىزلىق، قورقۇنچاقلىقى ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يوقاپ كېتىدىغان شارائىتمۇ بولىدۇ، نەجاشىنىڭ زامانىسىدا ھەبەشىستاندا يۈز بەرگەندەك.

ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ساھابىلەر ئۆزىنىڭ جېنى ۋە ھۆرمىتىگە قارىتا خاتىرجەم ئىدى، ئۇلار ئۆزىنىڭ دىنىنى شۇ ۋاقىتتا كۇفرى دىيارى بولغان ئۆز يۇرتىدىكىدىنمۇ بەكراق دىنىنى ئاشكارىلىيالايتتى. لېكىن ئۆز دىيارىنىڭ كۇفرىلىقى تولىمۇ ئېغىر بولۇپ، مۆئمىنلەرنى ئۆزىنى مۆئمىن دەپ تونۇشتۇرۇشتىن ۋە ئۆز ئىمانىنى ئاشكارىلاشتىن چەكلەيتتى. بىزنىڭ زامانىمىزدىمۇ بەزى غەرب ئەللىرىدىكى مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ دىنىنى يالغاندىن ئىسلام دەپ ئاتىۋالغان ئەسلى يۇرتىدىكىدىنمۇ كۆپ ياخشى شەكىلدە ئاشكارىلىيالايدۇ. مۇشۇنداق شارائىتقا ئىگە بولغان ئادەم ئىسلامى بولمىغان دۆلەتتە بولغانلىقى، تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتۇش توغرا بولمايدۇ.

ئۇ مۇسۇلمان كۇفرى دىيارىدا مۇسۇلمان بولغانلىقى ئېنىق ئاجىزلىق، قورقۇش ئاساسىغا ئۆزىدىن دىنىنى ئاشكارىلاش سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا چۈشكەن زۇلۇم ۋە ئەزىيەتنى قايتۇرۇۋېتىشتىكى ئاجىزلىق دائىرىسىگە قاراپ باقماستىن، قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتسا بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك مۇشۇ زۇلۇمنىڭ تۈرى، قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا چىداشقا بولغان قۇدرىتىگە قاراش كېرەك.

## قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ شەرت ۋە قائىدىلىرى

**1)** قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتۇش ئۈچۈن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش دىياردىن دىنىنى ئەڭ گۈزەل، مۇكەممەل شەكىلدە ئاشكارىلىيالايدىغان تىنچ ـ ئامانلىق دىيارىغا يۆتكىلىشتىن جەزمەن ئاجىز كېلىش شەرت.

ئەگەر ئۇ ئادەم قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش دىياردىن، تىنچ ـ ئامانلىق دىيارىغا يۆتكىلىشكە قادىر تۇرۇپ يۆتكەلمىسە، ئۇ ئادەم قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش بويىچە ئىش قىلسىمۇ، ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

**﴿ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ أَرْضِي وَاسِعَةٌ فَإِيَّايَ فَاعْبُدُونِ ﴾**

**﴿ ئى مۆئمىن بەندىلىرىم! مېنىڭ زېمىنىم ھەقىقەتەن كەڭدۇر ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار! ﴾**
**(** ئەنكەبۇت، **56)**

اللهنىڭ زېمىنىنى كەڭرى يارىتىشتىكى مەقسىتى بەندىلىرىنىڭ دىنىنى قورقماستىن، قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلماستىن تىنچ ـ ئامان بەرپا قىلىشتۇر.

**﴿ إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلآئِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُواْ فِيمَ كُنتُمْ قَالُواْ كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الأَرْضِ قَالْوَاْ أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُواْ فِيهَا فَأُوْلَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءتْ مَصِيراً ﴾**

**﴿ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: « (دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار » دەپ سورايدۇ. ئۇلار: « زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق » دەيدۇ. پەرىشتىلەر: « ھىجرەت قىلساڭلار اللهنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟ » دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! ﴾** (نىسا، **97)**

بۇلارنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن ئۆزرىسى قوبۇل بولمىدى. چۈنكى قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ۋە ئاجىزلىق دىياردىن ئىمان ۋە تىنچ ـ ئامانلىق دىيارىغا ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالايتتى. لېكىن ئۇلار دۇنياغا، ۋەتىنىگە قىزىققانلىقتىن ھىجرەت قىلمىدى. ئەمما ھىجرەت قىلالمايدىغان قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ۋە ئاجىزلىق دىياردىن تىنچ ـ ئامانلىق دىيارىغا

ھىجرەت قىلىشقا يول تاپالمىغان ھەقىقى ئاجىزلار يۇقىرىقى ئايەتتە كەلگەن قورقۇتۇشتىن ئايرىۋېلىنىپ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنغۇچىلاردۇر.

﴿ إِلاَّ الْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاء وَالْوِلْدَانِ لاَ يَسْتَطِيعُونَ حِيلَةً وَلاَ يَهْتَدُونَ سَبِيلاً﴾

**﴿ پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، بالىلاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ﴾** (نىسا، **98**)

بۇلار ئەگەر ھىجرەت قىلالمىسا گۇناھ يوق. زۆرۈر تېپىلسا قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن پاناھلانىسمۇ گۇناھ يوق.

**2)** ئاجىزلىق نىسپىي ئەھۋال. شۇنىڭدەك قورقۇشمۇ بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەم، بىر ئورۇن بىلەن يەنە بىر ئورۇن ئوخشىمايدىغان نىسپىي ئەھۋال. ئاجىزلىق، قورقۇش قانچە كۈچلۈك بولسا، كەڭرى شەكىلدە قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش رۇخسىتىنى قوللانسا بولىدۇ. يەنە ئاجىزلىق، قورقۇش قانچە ئازايسا، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى يوقىسا، قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ھاجىتىمۇ كېمىيىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ زۇلۇم باش ئورۇنغا چىققان بىر جايدا، بىر جەمئىيەتتە بىر ئادەمگە توغرا كەلگىنى، يەنە بىر ئادەمگە توغرا كەلمەيدۇ. ھەر بىرىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە، ھەر بىرى يۈلىنىدىغان تايانچىغا قاراپ، تايانچىسى يوق ياكى تايانچىسى ئاجىز ئادەمگە، كۈچلۈك تايانچىسى بار ئادەمگە دۇرۇس بولمىغىنى دۇرۇس بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ دەلىلى اﷲنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر:

﴿ فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ ﴾

**﴿ تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اﷲغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! ﴾** (تاغابۇن، **16**)

﴿ لاَ يُكَلِّفُ اللّهُ نَفْساً إِلاَّ وُسْعَهَا ﴾

**﴿ اﷲ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. ﴾** (بەقەرە، **286**)

**3)** قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش تىل بىلەن بولىدۇ. قەلبتە ئەمەس ياكى ئەزالار بىلەن ئەمەل قىلىشتا ئەمەس. چۈنكى قەلبنىڭ ئىشى ئىچكىرى ئىش بولۇپ، مەخلۇق ئۇ قەلبكە ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا قەلبتە قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمنى ئاقلىغۇچى يوق. كىم كەڭرى يول تۇتۇپ قەلبتە قورقۇپ

دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇ ئادەم شەكسىز مۇناپىقلىقتا چۈشۈپ قالىدۇ. ۋە قەلبىنى كۇفرىغا ئاچقان كىشىدىن بولۇپ قالىدۇ.

بىزنىڭ ئەمەلدە ئەمەس دېگەن سۆزىمىز قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش شارائىتلىرىدىمۇ مۇشرىك ۋە زالىملارنى ئەمەلى ئىش ـ ھەرىكەتتە دوست تۇتماسلىق كېرەك. مەسىلەن: مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن مۇشرىكلارغا ياردەم بەرسە بولمايدۇ، بۇ يەردە ئەمەلى ئىش ھەرىكەتتە دېگەن سۆزدىن ھەممە ئەمەلنى يوققا چىقارماقچى ئەمەسمىز. مەسىلەن: قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش شارائىتلىرى ئۇ ئادەمنى ئىسلامدىكى كىيىنىش پىرىنسىپىنى تۇتماسلىقتا ياكى ساقالنى قىسقا قويۇشقا، ياكى چۈشۈرۈۋېتىشكە قىستىغان بولسا ياكى ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش، بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئوقۇش ياكى زالىم ـ كافىرلارنىڭ ئالدىدا يۈزىگە كۈلۈپ قاراپ قويۇش ياكى كۆتۈۋېلىشقا قاتنىشىش... .شۇنىڭدەك ئىشلار بۇ قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش شارائىتىدا دۇرۇس ئىش. ئەمەلنى يوققا چىقىشى ـ بەزى سەلەفىلەر ئىشلەتكەندەك ـ بۇ تۇرلۇك ئەمەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ھەقىقەتەن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن مۇشرىك، زالىملارنى دوست تۇتۇپ قالماسلىقنى نەزەردە تۇتىدۇ.

شۇنىڭدەك، بىزنىڭ قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش تىل بىلەن بولىدۇ دېگەن سۆزىمىز، يەنى دوستلۇق تىل بىلەن بولىدۇ دېگەن سۆزىمىز ھېچۋاقىت تىل بىلەن بىر پۈتۈن دوستلاشسا بولىدۇ دېمەكچى ئەمەس.

تىل بىلەن مۇسۇلمانلارغا قارشى دوستلىشىش ـ مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىيىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ياكى تىل بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشكە ھەمكارلىشىشتەك ئىشلار ئۇ ئىككىسىنىڭ ھۆرمەتتە ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن تىل بىلەن دوستلىشىش دەپ ئاتالسىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتقان ئاجىز كىشى قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ياكى قېرىندىشىغا زىيان يەتكۈزۈش بىلەن مۇشرىكلارنىڭ زىيىنىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمان بىلەن قېرىندىشى ھوقۇق ۋە ھۆرمەتتە ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن.

شەيبانى تارىخى كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر زالىملار مۇسۇلمان ئەسىرگە: بىزگە پالانى مۇسۇلمان ئەسىرنى ئۆلتۈرۈپ بەر، بولمايدىكەن بىز سىنى ئۆلتۈرىۋېتىمىز؛دېسە ئەسەرلەردە ئۆلتۈرۈشتە قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يوق دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۇ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرسە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگەر ئۇلار ئۇ مۇسۇلماننىڭ قول ـ پۇتىنى باغلاشقا بۇيرىسا، ئەگەر قىلىچ ئۇرىدىغان قول ئاجىز بولسا، ئۇ مۇسۇلمان ئادەمگە سەن ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ بەر، بىز ئۇنى ئۇرايلى، ئەگەر شۇنداق قىلىپ بەرمىسەڭ بىز سىنى ئۆلتۈرىمىز دېسە، ئۇ مۇسۇلماننىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ئەگەر زالىملارنىڭ قولىدىن بىر ئەسىر قېچىپ كەتسە، ئۇنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىدىغان يەنە بىر ئەسىرگە بىزنى ئۇنىڭ قېشىغا باشلاپ ئاپارغىن، بولمىسا سىنى ئۆلتۈرىۋېتىمىز، دېسە ئۇ ئادەمنىڭ قىشىغا باشلاپ ئاپىرىش توغرا بولمايدۇ».

قۇرتۇبى تەپسىرىدە مۇنداق دېدى: «ئالىملار شۇنىڭغا بىرلىككە كەلدىكى، باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇرلانغان ئادەم ئۆلتۈرگىلى بارسا بولمايدۇ. ئۇ ئادەمنى مەجبۇرلانغان ئادەم ئۆلتۈرسە بولمايدۇ. يەنە ئۇ كىشىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكسە بولمايدۇ. ئۇ ئادەم ئۆزىگە كەلگەن بالايى ـ مۇسىبەتكە سەۋرى قىلىپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ، باشقىلارنى تۇتۇپ بەرمەسلىك، ﷲتىن دۇنيا ئاخىرەتتىكى خاتىرجەملىكىنى سوراش كېرەك .

مەن دەيمەنكى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن دۈشمەننىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئادەم ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئۇلار مۇسۇلمان ۋە مۇجاھىدلارنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويۇش بىلەنلا قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ئاستىغا كىرىۋېلىپ، زىياننى ئۆزىدىن چېكىندۈرۈشكە ئورۇنسا بەندىلەرگە زۇلۇم سالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىسلامدىكى توغرا قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش بولمايدۇ.

**4)** قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن زىيان ـ زەخمەتنى چېكىندۈرىدىغان مىقداردا شۇغۇللانسا بولىدۇ. ئۇ ئادەم قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتۇشتا تەلەپ قىلىنغاندىنمۇ كۆپرەك كەڭرى يول تۇتۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:زىيان ـ زەخمەت بەش ئېغىز سۆز بىلەن

يوقايدىغان بولسا، ئۇن ئېغىز گەپ قىلىش دۇرۇس ئەمەس. زۆرۈر بولمىغان گەپنى قىلىشقا قارىتا ھېسابقا تارتىلىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپ قىلىنغان ئىشلاردا دارىتما سۆزلەرنى قوللىنىشقا قادىر بولالىسا ۋە شۇ دارىتما سۆزلەرنى قوللىنىش بىلەن ئاشكارا سۆزلەرنى قوللىنىشتىن كۆپايىلەنسە چوقۇم دارىتما سۆزلەرنى قوللىنىش كېرەك. ئەگەر بۇنداق قىلمىسا گۇناھ بولىدۇ. ئەگەر دارىتما سۆزلەرنى ياخشى قوللىنالمىسا ياكى قوللىنىشقا قادىر بولالمىسا دارىتما سۆزلەرنى قوللىنىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. مەسىلىنىڭ دەلىلى اللەنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئاساسلىنىدۇ.

﴿ فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ ﴾

﴿ تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللەغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! ﴾ (تاغابۇن، 16)

قۇرتۇبى تەپسىرىدە مۇنداق دېدى: تەكشۈرگۈچى ئالىملار مۇنداق دېگەن: مەجبۇرلانغۇچى كۇفرى سۆزنى سۆزلىسە ئۇنىڭ تىلىدا دارىتما سۆزلا قوللىنىش دۇرۇس. دارىتما سۆزدە يالغانچىلىق بولمايدۇ. دارىتما سۆز يالغانچىلىقنى دۇرۇس قىلىدۇ. ئەگەردە دارىتما سۆز قىلمىسا كافىر بولۇپ كېتىدۇ.

مەن دەيمەن: قۇرتۇبى دېگەن سۆزگە مەجبۇرلانغۇچى ياكى سىنالغۇچى دارىتما سۆزلەرنى بىلىدىغان بولسا ئەمەل قىلىنىدۇ. سورالغان سۆزلەردە دارىتما سۆزلەرنى قوللىنىشقا قادىر بولالىسا ئەمەل قىلىنىدۇ. ئەمما دارىتما سۆزلەرنى ياخشى قوللىنالمىسا ياكى مەجبۇرلانغان ۋاقىتتا دارىتما سۆزلەر ئېسىگە كەلمىسە ئۇ ئادەمگە ئاشكارا سۆزنى قوللىنىشتا گۇناھ بولمايدۇ. بولۇپمۇ بىز ھازىر كىشىلەرگە ئەرەب تىلىدىن باشقا تىللار ئىشلىتىلگەن زاماندا ياشاۋاتىمىز. كىشىلەر دارىتما سۆزلەرنى قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ئەرەب تىلىدا ياخشى سۆزلىيەلمەيدۇ. اللە ئۆزى كۈچ ــ قۇۋۋەت بەرسۇن!.

**5)** قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش رۇخسەتتۇر. قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولنى تۇتۇش بايا سۆزلىگەن قائىدە، شەرتلىرى بىلەن دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولنى تۇتۇش ئەبزەلراقمۇ ياكى قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنى تاشلاپ كەسكىن ئىرادىلىك بولۇش ئەبزەلمۇ؟

مەن دەيمەنكى: قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتۇش ياكى ئۇنى تەرك ئېتىشتىن كۆزدە تۇتۇلغان مەنپەئەت ۋە زىيانغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتۇشنىڭ مەنپەئەتى ئۇنى تەرك ئېتىشنىڭ مەنپەئەتىدىن ئېشىپ كەتسە ۋە ئۇنى تەرك ئېتىشتە ئىنسان چىداپ بولغىلى بولمايدىغان پېتنىگە دۇچ كەلسە، قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتۇش ۋە كەسكىنلىكنى تەرك ئېتىش شەرىئەت ۋە ئەقىل نۇقتىسىدىنمۇ لايىقراقتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مەجبۇرلىنىش رۇخسىتىگە ئەمەل قىلىشنى تاللىغان ئەممار رضي الله عنه ھەققىدە مۇنداق دېدى: **«ئەممار رضي الله عنه ئىككى ئىش ئارىسىدا تاللاش بىرىلگىنىدە، ئىككى ئىشنىڭ توغرىراقىنى تاللىدى».**

ئەگەر ئىش ئەكسىچە بولسا يەنى مەنپەئەت قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتۇشنى تەرك ئېتىپ، كەسكىن يول تۇتۇشنىڭ مەنپەئەتى كۈچلۈك بولسا، كەسكىن بولۇشقا قادىر بولالىسا، كۈچى يەتمەيدىغان سىناقىقا دۇچ كەلمىسە، شۇ ۋاقىتتا كەسكىن يول تۇتۇش شەرىئەت ۋە ئەقىل نۇقتىسىدىنمۇ ئەبزەلراقتۇر. كەسكىن يول تۇتۇش مۇشۇ شارائىتتا لايىقراق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان دەلىل پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: **«ئۈچ ئىش تېپىلغان ئادەم ئىماننىڭ ھۇزۇرىنى ھېس قىلالمايدۇ. شۇ ئىشلارنىڭ بىرى كۇفرىغا قايتىشنى ئوتقا تاشلىنىشنى ئۈچ كۆرگەندەك ئۈچ كۆرۈش».** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەبۇ دەرداﺋ مۇنداق دېگەن: **«ماڭا** پەيغەمبەر ﷺ **توققۇز ئىشتا نەسىھەت قىلغان، شۇ ئىشلارنىڭ بىرى قايچا بىلەن كېسىلسەڭمۇ، ئوت بىلەن كۆيدۈرۈلسەڭمۇ اللهقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمە».**

بەزىلەر ئېيتقاندەك كەسكىن ئىرادىنى تۇتۇش ھېچبىر شەرتسىز لايىقراقتۇر، ياخشىراقتۇر دېگەن سۆز نەتىجە ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتتىن ۋە مەنپەئەت، بۇزغۇنچىلىقلارغا كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ كەسكىن يول تۇتۇش ئەبزەلراقتۇر دېگەن سۆز خاتا سۆز بولۇپ قۇرئان، ھەدىستە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

**6)** ئالىم گاھىدا قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتىدۇ. ئالىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىۋېلىنمايدۇ. رۇخسەت ئۆزىنىڭ شەرتى بىلەن باشقىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك ئالىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن ھەممە ئالىملار قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتىۋالماسلىقى لازىم. بەزىلەر يىراق تۇرۇپ كەسكىن ئىرادە بىلەن ئىش قىلىشى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. الله ئالىمنىڭ سەۋەبىدىن ھەقنى ئۈستۈن قىلىدۇ. ئىسلام ئۈممىتى ئازغۇنلۇق ئۈستىگە بىرلىككە كەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك ئىلىمنى يوشۇرۇش ياكى سۆزلىنىش، ئاشكارىلىنىش كېرەك بولغان ھەقنى يوشۇرۇشقا بىرلەشمەيدۇ. مۇشۇ ـ اللهنىڭ قۇرئاننى قوغداشنىڭ تەلەپ مەقسىتىدىن ھېسابلىنىدۇ.

﴿ إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ ﴾

**﴿ قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز. ﴾** (ھىجر، **9**)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«الله مېنىڭ ئۈممىتىمنى ئازغۇنلۇق ئۈستىگە جۇغلىمايدۇ. ئىلىمنى يوشۇرۇش، ھەقنى يوشۇرۇشقا ھېچقايسى شارائىتتا جۇغلاشمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ﷺ نىڭ ئۈممىتى ئۇنىڭدىن قوغدالغۇچى، ساقلانغۇچىدۇر».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ھەمىشە اللهنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىدۇ. ئۇلارغا قارشىلاشقانلار زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«الله مۇشۇ دىندا ھەمىشە كۆچەت تىكىدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىتائىتىدە ئىشلىتىدۇ».**

## مەسىلىلەر ۋە ئەسكەرتىش

**1)** يۇقاردىكى مەنالاردىن اللهنىڭ شەرىئىتىدىكى قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن شىئە، رافىزىلار شۇغۇللانغان ۋە باشقىلارنى ئۇنىڭغا چاقىرغان ۋە ئۇنى دىنىنىڭ ئاساسى دەپ قارىغان قورقۇپ، دوستلۇق ئىزھار قىلىش ئارىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ.

شىئەلەر قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلمىغان كىشىنىڭ دىنى يوق دەيدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزىدە تۇتىدىغىنى كۇفرىلىقنى، ئۆچمەنلىكنى، لەنەتنى قەلبىدە يوشۇرۇش ۋە ساھابە، تابىئىنلاردىن

ئىبارەت ئۈممەتنىڭ ياخشىلىرىنى كافىرغا چىقىرىشنى قەلبىدە يۈشۈرۈش، تىلدا ئىسلامنى ئاشكارا قىلىش.

بۇنداق قىلىش ھەقىقى مۇناپىقلىق ۋە كافىرلىق. شۇنىڭغا ئەگىشىپ شىئە، رافىزىلار ئۇ ھەقتە سۆزلىگەن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنى ئۆزىنىڭ يولغا قويۇلغان قائىدە ـ شەرتلىرى بىلەن بولغان قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈش توغرا بولمايدۇ.

**2)** مۇناپىقلىق بىلەن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ئارىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار، مۇناپىقلىق دېگەن قەلبتە كۇفرىلىقنى يوشۇرۇپ تىل ۋە ئەزالىرىدا ئىسلامنى ئاشكارا قىلىپ قويۇش. قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش بولسا، ئىماننى ۋە جەزمىيەتنى قەلبتە يوشۇرۇپ قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا قەلبتە ئورۇنلاشقان نەرسىنىڭ قارشىسىنى تىلدا ئاشكارىلاپ قويۇش دېگەنلىك بولىدۇ.

**3)** شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئاجىزلىق ھالەت باسقۇچلىرىنىڭ ھۆكۈم چۈشەنچىلىرى بار. قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ئاجىزلىقنىڭ ھۆكۈملىرىدىندۇر. كۈچ ـ قۇۋۋەت ھالەت باسقۇچلىرىنىڭمۇ ھۆكۈم، چۈشەنچىلىرى بار. كەسكىن بولۇش، كۈچلۈك بولغان ۋاقىتتىكى ھۆكۈمدۇر. ئىككى خىل باسقۇچنىڭ ئارىسىنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمى ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرىدىغان، خەتەرلىك ھالەتنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۆزىنى بۇنداق خەتەرلەر بىلەن تۇگەشتۇرمەسلىك كېرەك. ئىسلامدا قىلىدىغان ئىشلار كۆپ.

**4)** قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ئۆزىنىڭ شەرتلىرى بىلەن ئاز سۆز ياكى زالىملارغا كۈلۈمسىرەپ قويۇشقا ياكى ھاجەت مىقدارىدىكى ئازغىنە ئىشلارغا دەلىل بولىدۇ. لېكىن تاغۇت، زالىملارنى دەپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مۇنازىرىلىشىپ كېتىش، تاغۇتلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇزۇق قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى دەپ مۇنازىرىگە پىلان تۈزۈپ بېرىش ياكى ئۇنىڭغا مەنبەئە بولىدىغان كىتاب يېزىپ بېرىشتەك ئىشلارغا قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش پاكىت بولالمايدۇ.

قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ رۇخسەت دائىرىسىنى ھەرقانچە كېڭەيتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنداق قىلىشلارغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاجىزلىق ۋە قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش مۇھىتى ئەقىدە، تەۋھىدتىن ۋاز كېچىشكە، ئىسلام كەلتۈرگەن مۇستەھكەم

پىرىنسىپتىن چىقىپ كېتىشكە دەلىل بولالمايدۇ. شۇنداقلا بىدئەتخۇر، ئۆز خاھىشىغا بېرىلىدىغان بىدئەتچى، ئازغۇنلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ مېڭىشقىمۇ دەلىل بولالمايدۇ.

سىناق ۋە جىھاد شارائىتلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر قىسىم كىشىلەر زالىملارنىڭ يامان كۆزىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن اللە پاكىت چۈشۈرمىگەن يېڭى يوللارغا ۋە جامائەتلەر ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. ئومۇمەن جەھەيمىيە، مۇرجىئىلارنىڭ سوفىزىملىق، كوممۇنىزىملىق، يەنە شۇنىڭدەك دېموكراتىيە جەمئىيەتلىرىگە، ۋە ئىسلامغا دىمكۇراتىيىدىن پايدىلىنىپ خىزمەت قىلىدىغان جامائەتلەرگە، پارلامېنتلارغا كىرىۋالىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىگە دەلىل بولالمايدۇ.

**5)** ئاجىزلىق ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان كېسەللىك ھالىتى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالدىن چىقىرىۋېلىنغان بىر ھالەت، ئىسلام ئۈممىتى بۇ ئاجىزلىق ئۈستىدە جۇغلاشمايدۇ. ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپ، رازى بولۇش توغرا ئەمەس، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئۇنى چېكىندۇرۇپ يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. اللە ئۆزىنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىنى تەييارلىق قىلىشقا بۇيرىدى.

**﴿ وَأَعِدُّواْ لَهُم مَّا اسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدْوَّ اللّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِن دُونِهِمْ لاَ تَعْلَمُونَهُمُ اللّهُ يَعْلَمُهُمْ ﴾**

**﴿ دۇشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن اللەنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسلەر. ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، اللە تونۇيدۇ. سىلەرنىڭ اللەيولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ. (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ). ﴾** (ئەنفال، **60**)

مانا بۇ مۇسۇلمانلاردىن ئاجىزلىقنى كۆتىرىۋېتىش تەرەپتىندۇر. كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز مۆئمىندىن ياخشى ۋە اللەقا ياخشى كۆرۈلگۈچىراقتۇر. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاجىزلىقنى چېكىندۇرۇپ يوقىتىشقا قادىر تۇرۇپ ئاجىزلىق بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن ياشاش ياشاشقا رازى بولىدىغانلارغا يۈكلىنىدىغان گۇناھتۇر. ئاجىزلىقنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئاجىز، كۈچ ــ قۇۋۋەت

بولمىغاندا پاناھلىنىدۇ. بۇ ئاجىزلار ئۈچۈن رۇخسەت، قادىر بولغان كۈچلۈكلەرگە رۇخسەت ئەمەس. ئادەم ئۆزىگە شۇنداق سوئال قويۇشى كېرەك. مۇسۇلمانلار ئاجىزلىق ۋە قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش شارائىتىدا نېمە قىلىشى كېرەك؟ كېسەل رېئاللىقنى تەسلىم بولۇش دۇرۇسمۇ ياكى ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىش كېرەكمۇ؟

مەن شۇنداق دەيمەنكى: ئۇلارغا بىر قانچە تۈرلۈك ئىش كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ جۈملىسىدىن ئاجىزلىق سەۋەبلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ يېڭىدىن ئىسلامى توغرا ھاياتنى باشلاش ئۈچۈن كۈچى يەتكەنچە ئاجىزلىقنى چېكىندۈرۈپ، ئۇنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىش كېرەك. شۇنىڭ جۈملىسىدىن ماددىي، مەنىۋى تىرىشچانلىقلىرىنى تەييارلاش ۋە ئىشنى ياخشى پۇتكۈزۈش ئۈچۈن مەخپىيەتچىلىككە رىئايە قىلىش كېرەك. يەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىن خالىس تەۋھىد ۋە توغرا ئېتىقاد ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش، ئىقتىدارى يەتكەن بارلىق ئىشلارنى قىلىش، مەسىلەن: كىشىلەر ئارىسىدا دەۋەتنى كېڭەيتىش، ئۇلارنى خالىس تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش، ئەۋلادلارنى كۈچى يەتكەنچە ئىسلامى ئەدەب ـ قائىدىلەر بىلەن تەربىيىلەش، يەنە شۇنىڭدىن باشقا ئىمكانىيىتى يېتىدىغان ئىشلارنى قىلىش.

**6)** ئالىم باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى تۇتسا دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن ئالىم ئۆلگە ئورنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن كەسكىن بولۇش ئالىمغا لايىق بولغانلىقى ۋە شەرئى مەنپەئەت تۇپەيلىدىن، كەسكىن ئىرادىنى قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇش كېرەك.

**7)** قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش شارائىتىدا ياشاۋاتقان شەخس، بولۇپمۇ مۇجاھىد ياكى الله يولىدا سىناققا دۇچ كەلگەن كىشى گېزىتخانا ياكى ئېلان ۋاستىلىرىغا زالىم، تاغۇتلار بىلەن دوستلىشىپ، كىلىشىپ ئۆتتۈشكە يېتىدىغان خاتا بەزىبىر ئىشلارنى ئاشكارىلىغان بولسا، ئۇ ئادەم ھەققىدە كەڭ قورساق بولۇپ، ئۇ ئادەمنى كافىرغا چىقىرىۋەتمەسلىك كېرەك. ئۇنىڭ قىلمىشىنى خاتاغا چىقىرىپ، نەسىھەت قىلىپ مۇشۇنداق ئورۇنلاردا ئىشلىتىش دۇرۇس بولىدىغان شەرئى قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ دائىرىسىنى بايان قىلىپ بېرىشتە ھېچ گەپ يوق، لېكىن ئۇ ئادەمنى تىزلا كافىر ياكى جىنايەتچى دېيىش توغرا ئەمەس، دەپ قارايمەن. كافىر دېگەن ـ ئاددىي

گەپ ئەمەس، شەرئى تېكىست گۇمان، شۈبھى، ئېھتىماللىق ئورۇنلىرىدا كافىر دېيىشنى چەكلەيدۇ. بولۇپمۇ قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش ۋە مەجبۇرلىنىش شارائىتلىرىدا كافىر دېيىشنى چەكلەيدۇ. جىھاد ياكى ئىسلامى ھەرىكەت قوماندانلىرى گاھىدا قورقۇش، مەجبۇرلىنىش، تىرىۋىلۇق، سۈرگۈن قىلىنىش، ئاچارچىلىق، مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قالغان شارائىتتا سىياسىي ھەرىكەت ۋە تەشۋىقات خاراكتېرلىك ئىشلارغا قاراشقا قىستىلىپ قالىدۇ. مەسىلەن: زالىم، تاغۇتلارنىڭ بىرەرسىنىڭ چىرايىغا قەلبى نەپرەتكە تولغان ھالەتتە قاراپ كۈلۈپ قويسا بىز ئۇنى كافىر، مۇناپىق، ئىسلامدىن چىقىپ كەتتى دېيىشكە ئالدىرىماسلىقىمىز كېرەك. دوستلۇق ـ ئادا ـ جۇدالىق دەلىللىرىنى ئۇ ئادەمگە تەدبىقلىماسلىقىمىز كېرەك. الله بىزنى ۋە ئۇلارنى كەچۈرسۇن، ئىسلامى دەۋەت گۈلزارىدا خىزمەت قىلغۇچىلار بۇ ھالەتتىن يۈكسىلىشى كېرەك. بۇنداق ئىشلاردىن چېكىندىن ئاشقانلارلا خۇشال بولىدۇ.

**8)** قورقۇش ئېھتىماللىقى بولغان ئىشلاردا قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس. ئىنسان ئۆزىنى بەرداشلىق بىرەلمەيدىغان خەتەردە دەپ ئويلاپ قىلىپ قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن پاناھلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇ ئىنسان قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتۇشتىن ياكى ئۇنىڭ بىلەن پاناھلىنىشتىن بىھاجەت ئىدى. يىرىم خاتىرجەم جەمىيەتتە ياشايدىغان بىر قانچىلىغان مۇسۇلمانلار بار. ئۇ مۇسۇلمان شۇ جەھەتتە ئۆز رەببىگە توغرا شەكىلدە ئىبادەت قىلىش مومكىن بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ مۇسۇلمانغا زىيان ـ زەخمەتسىز، ئاشكارا ھالدا ھىدايەت يولىغا ئىسلىش مومكىن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرۇپ، ئۇ مۇسۇلمان جۇمە نامازلىرىنى، جامائەت نامازلىرنى تەرك ئېتىدۇ. ئاشكارا ھىدايەت يولىدا مۇستەھكەم تۇرمايدۇ. گۇمان قىلىنغاندەك قورقۇنچ ئۇچۇن ئۇ ئادەمنىڭ بۇنداق بولۇپ كىتىشىنىڭ سەۋەبى شەيتانى ۋەسۋەسىدۇر. يەھيا ئىبنى مەئىين ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل كىسەل ۋاقتىدا قىشىغا كىردى. ـ يەھيا ئىبنى مەئىين ئۆزىگە يول قويۇپ قۇرئاننى مەخلۇق دىيىشتە قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتقان كىشى ئىدى ـ ئۇ ئادەم ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە سالام قىلىۋىدى، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل سالام قايتۇرمىدى. يەھيا ئۆزرە ئېيتتى. ئەممارنىڭ ھەدىسىنى سۆزلىدى. ۋە الله مۇنداق دىگەن دېدى:

﴿ إِلاَّ مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالإِيمَانِ ﴾

**﴿ كىمكى اللەغا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئىماندىن يېنىۋالسا ـ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ، مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ـ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارى يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا، ئۇ اللەنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ. ﴾ (نەھل، 106)**

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل يۈزىنى باشقا ئۆرىۋالدى. يەھيا ئۆزرەم قوبۇل قىلىنمامدۇ دەپ چىقىپ كەتتى. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل: ئەممار ﷺ نىڭ ھەدىسى بىلەن ھۆججەت كەلتۈرىۋاتىدۇ تېخى. ئەممار ﷺ نىڭ ھەدىسىدە مۇنداق كەلگەن: مەن ئى اللەنىڭ ئەلچىسى ئۇلارنىڭ قىشىدىن ئۆتتۇم، ئۇلار سىلىنى تىللاۋاتىدۇ، مەن ئۇلارنى توستۇم، شۇ ۋاقىتتا ئۇلار مېنى ئۇردى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار مېنى ئۇردى. دېگەن . سىلەرگە: ئۇرىمىز، دېيىلسە گېپىڭلارنى دەۋاتىسىلەر. يەھيا ئېيتتى: مەن بۇ زېمىندا سەندىنمۇ ئالىمراق بىرسىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

قورقۇنچاقلىقتىن كېلىپ چىققان ئاجىزلىق ئاقلانمايدۇ. قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتۇشقا قىستىلىشمۇ ئاقلانمايدۇ. قورقۇنچاقلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئەمەلگە دەس تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. الله مۇنداق دېدى:

﴿ أَتَخْشَوْنَهُمْ فَاللّهُ أَحَقُّ أَن تَخْشَوْهُ إِن كُنتُم مُّؤُمِنِينَ ﴾

**﴿...ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار قورقۇشۇڭلارغا الله ئەڭ لايىقتۇر. ﴾ (تەۋبە، 13)**

**9)** بىز بىرەر جەمئىيەتنى قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش جەمئىيىتى دېيەلمەيمىز. يەنە شۇنىڭغا ئەگىشىپ قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتۇش كېرەك دېيەلمەيمىز. بىز ئىلگىرى شۇنداق دېگەنىدۇق. كۈچلۈكمۇ، ئاجىزلىقمۇ بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەم، بىر جامائەت بىلەن يەنە بىر جامائەت ئوخشىمايدىغان نىسبىي ئىشتۇر. ئاجىزغا توغرا كەلگىنى كۈچلۈككە توغرا بولمايدۇ. كۈچلۈككە ۋاجىپ بولغىنى ئاجىز كىشىلەرگە ۋاجىپ بولمايدۇ. كۈچلۈك تايانچىسى بار ئادەم ياكى جەمئىيەتتە يۇقىرى ئورنى بار ئادەم ئۇنداق بولمىغان كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ. بىرەر جەمئىيەتتە مەخپىي تۇرىۋاتقان، ۋاقىتلىق نوپۇس بىلەن تۇرىۋاتقان ۋە

پاسپورت بىلەن تۆرىۋاتقان ئادەم زالىملار بىردە بىر ۋاقىتتا ئۇنى تۇتۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولسا، يەرلىك خەلقلەرگە، شۇ شەھەرنىڭ ئۆزىدە ياشاۋاتقان كىشىگە ئوخشاش بولمايدۇ.

**10)** قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى كۇفرىلىقنى ئاشكارا قىلىش، ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋىنى زالىم، فاجىرلارنىڭ ئالدىدا يامانلىقىدىن قورقۇپ ئۇلارغا كۈلۈپ قويۇشتۇر. قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىنى تۇتۇش كېرەك بولغان ئورۇنلاردا يۇقىرى دەرىجىسىنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: تەبەسسۇم قىلىپ قويسا بولىدىغان يەردە كۈلۈش توغرا ئەمەس. قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىش يولىنى تۇتماقچى بولغان ئادەم ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ دەرىجىسىنى توغرا، ئېنىق بىلىشى كېرەك. ئاشۇرىۋەتمەستىن، كەملىتىۋەتمەستىن ئۆزىدىن ئازار ـ كۈلپەتنى چىكىندۈرۈشتە قانچىلىك دەرىجىگە موھتاج بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشى لازىم. شۇنىڭدەك جىددىي ئېھتىياجلىق بولمىغان ئەھۋالدا ياكى يېتىشى چوقۇم بولغان زىياندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىلدا كۇفرىلىقنى ئاشكارا قىلىپ قويۇشتا گەۋدىلەنگەن قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىنى ئىشلىتىپ پاناھلىنىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئېھتىماللىقى تۆۋەن بولغان زىيانلاردا كۇفرىلىقنى سۆزلەش ۋە قورقۇپ دوستلۇق ئىزھار قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىنى ئىشلىتىش دۇرۇس بولمايدۇ.

**والله تعالى أعلم.**

الله توغرىنى بىلگۈچىدۇر.

## عبد المنعم مصطفى حليمة
## " أبو بصير الطرطوسي "
## 1428/8/29 هـ. 2007/9/11م.
## www.abubaseer.bizland.com

